# مۇقەددىمە

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِيْنَ وَالصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ عَلَى سَيِّدِ الْمُرْسَلِيْنَ مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ اَجْمَعِيْنَ

امابعد: مۆھتەرەم ئۆلىمائى ئىزام ۋە قۇررائى كىرام، زېھنى مۇسەففا ۋە تەبئىي مۇجەللا لەرگە روشەن ۋە ھۇۋەيدا بولسۇنكى پېقىر ئاجىز ۋە قوسۇرۇمغا باقماي ‹‹مۇختەسەر سەھىھۇل بۇخارى››نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشنى ئىرادە قىلىپ ئىستىخارە دىن كېيىن شۇرۇ قىلىپ ئەلھال بىرىنچى دەپتىرى تەرجىمە ھۆسنى خىتامىغا يەتتى.

1. بۇ تەرجىمىدە ئىمكان قەدەر ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشىنىشىگە قۇلايلىق بولۇشىنى مەقسەت قىلىپ تەرجىمە قىلىندى. بۇنداقتا بەزى سۆز ئىبارىلەر دىگەندەك ئۆز جايىغا چۈشمەسلىكى مۇمكىن.
2. سۆزنى قىسقارتىپ ‹‹ پالانى ساھابىدىن رىۋايەت قىلىندى ›› دەيدىغان يەردە ‹‹ پالانى ساھابىدىن ›› دەپلا يېزىلدى. ‹‹ پالانى ساھابىدىن رىۋايەت قىلىندى دەپ ئوقۇلسا.
3. ناھايىتى ئاز بىر قىسىم يەرلەرگە ئىزاھات بېرىلدى .
4. بۇ تەرجىمىدە كەمچىللىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبئىي. ئىسلاھ قىلىپ ئوقۇشلىرى مەتلۇبدۇر (تەلەپ قىلىنىدۇ ). ئاللاھ ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ ھالىنى ئىسلاھ قىلغاي.
5. بۇ تەرجىمىنى قىلىش جەريانىدا ‹‹سەھىھۇل بۇخارى›› ۋە ‹‹فَتْحُ الْبَارِى شَرْحِ صَحِيحُ الْبُخَارِى›› ۋە ‹‹صَفْوَةُ التَّفَاسِير ›› ۋە لۇغەت كىتابلىرىدىن ئىستىفادە قىلىندى. (پايدىلاندى )

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە – كىرىش سۆز

اَلْحَمْدُ لله رَبِّ الْعَالَمِيْنَ وَالصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ عَلَى الْمَبْعُوث رَحْمَةً وَهِدَايَةً لِلْعَالَمِينَ .

ھەممە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالاملار ئالەملەرگە رەھمەت ۋە يولباشچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ﷺ غە بولسۇن.

اما بعد: الله تائالاغا ھەمد – سانا ۋە رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ئېيتقاندىن كېيىن شەك – شۈبھىسىزكى سۆزنىڭ راستىراقى الله تائالانىڭ سۆزىدۇر. تۆھپىنىڭ ئەڭ ياخشىراقى مۇھەممەد ﷺ نىڭ تۆھپىسىدۇر. شەكسىزكى الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابى( قۇرئاننى) زايە بولۇپ كېتىشتىن ۋە ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ساقلىدى. ۋە ئاسراپ ساقلاشقا كېپىل بولدى. ۋە ئەھلى ئىسلامغا تولۇق نېمەت بەرگەنلىكتىن مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى ، يۈرەك باغرىمىز رەسۇلۇللاھ ﷺ سۈننەتلىرىنى ئۇلار ئۈچۈن چىرىپ كېتىشتىن ۋە ئۆچۈپ يېپىلىپ قىلىشتىن ساقلىدى .

ئۇ سۈننەت ئۈچۈن ئەھلى ئىلىملەرنىڭ دىللىرىنى يادىغا ئېلىش ۋە جەمى قىلىش ۋە توپلام قىلىش ، ۋە نەقدى قىلىش ۋە كازززاپلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىدىن ۋە خاتا قىلغۇچىلارنىڭ خاتا قىلىپ قويۇشىدىن ساقلاش ئۈچۈن جەمئىي قىلدى. ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھۇ تائالانىڭ «« اَلْجَامِعُ الصَّحِيح »» ناملىق كىتابى ئۈممەتى مۇھەممەدىيەگە بەركىتى ۋە خەيرىيىتى ئەڭ كۆپ ، مەنپەئىتى ۋە ئۈنۈمدىكى مۆۋەپپەقىيەتلىك تىرىشچانلىقلىرى ئەڭ ئاشكارا كىتاب بولۇپ ئۈممەتلەر نىڭ ھەر- بىر تائىپىلىرى ۋە مىللەتلىرى ئارىسىدا كىتابۇللا ««قۇرئان »» دىن قالسىلا كىتابلارنىڭ ئەڭ سەھىھى ئىكەنلىكى قارارلاندى. ۋە كۆپلىگەن فىقھى ئۆلىمالىرى ۋە ھەدىس ۋە تەپسىر ئۆلىمالىرى ۋە تىلشۇناسلار ۋە باشقا ئالىملەر ئۇ «« اَلْجَامِعُ الصَّحِيح »» نىڭ تولۇپ تاشقان ئىلىم دېڭىزدىن تۈنجى قېتىم قانغىچە سۇ ئىچتى . ھەتتاكى زامان ئۇلارغا دېڭىزنىڭ كىيىچىكلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ۋە ئۇلەرگە دېڭىز كىچىكلىرىنىڭ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان كىشىگە موھتاج بولدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملەردىن نۇرغۇنلىرى سەھىھۇل بۇخارىنى قىسقارتتى . قىسقارتقۇچىلارنىڭ مەشھۇراقى ئىمام زۇبەيدە رەھمەھۇللاھدۇر.

بۇگۈن بىز ئۇنىڭ يورۇق مەنپەئەتلىك مۇختەسەرنى ( قىسقارتىلمىسىنى ) رەقەملىك ۋە فەھرەستلىك (مۇندەرىجىلىك) قىلغان ھالىتىدە غېرىب مەنىلىرىنى شەرھ قىلىش بىلەن بىرگە سىزلەرگە تەقدىم قىلىمىز. مەنىلىرىنىڭ زىيادىلىگىنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا ئاسانلاشتۇرۇپ

بېرىش ئۈچۈن ‹‹ھاپىز ئىبنى ئەلئەسقەلانى›› نىڭ ‹‹ فَتْحُ الْبَارِى›› ناملىق كىتابىدىكى ھەربىر ھەدىسنىڭ ئۆز جايىغا ئاگاھلاندۇردۇق؛ ۋە شەرھىسىنىڭ تەپسىلىي ‹‹ الحافظ بن العسقلانى›› نىڭ ئۇلۇق كىتابى ›› فَتْحُ الْبَارِى بِشَرْحِ صَحِيحُ الْبُخَارِى ›› دا باردۇر.

الله تائالانىڭ بىزنىڭ تېپىلىش خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرۈشنى سورايمىز . ۋە بىزنىڭ قىلغان گۇناھلىرىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىشنى تىلەيمىز. الله تائالا ناھايىتى مەغپىرەتلىك ۋە شەپقەتلىكتۇر.

بۇ مۇقەددىمىسىنى عماد عامر يازدى . رحمه الله.

# ئىمام زۇبەيدىنىڭ كىتابىنىڭ بېشىدىكى خۇتبىسى

بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى، چىرايلىق سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى ، كۆپ ياراتقۇچى ، ھىبە قىلغۇچى، رىزىق بەرگۈچى ، نېمەتكە لايىق بولۇشتىن ئىلگىرى نېمەتنى باشلاپ بەرگۈچى الله تائالاغا ھەممە ماختاشلار سابىتتۇر. ۋە ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى ھەممە ياخشى ئەخلاقنى تولۇقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ھەمدە مۇتلەق ھەممە مەخلۇقاتلاردىن ئۇلۇغ قىلغان، ھەتتاكى ئالەمدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدە قويغان ھەزرىتى رەسۇلۇللاھقا بولسۇن! ۋە ھەق يولدا كۆپ نەپىقە بېرىش بىلەن سۈپەتلەنگەن ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن ! ۋە ئەھلى تائەت بولغان يارەنلىرى ھەم رەھمەتكە تولسۇن! بۇ رەھمەت ئەتە- ئاخشامدا داۋاملاشسۇن! رەھمەت ۋە سالامى بىر- بىرىگە ئارىلاشسۇن !

اما بعد: بىلگىنكى جاھاندا چوڭ مۇھەددىسلەر پېشۋاسى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد بىنى ئىسمائىل بۇخارى رەھمەھۇللاھۇ تائالانىڭ ‹‹ الجامع الصحيح›› كىتابى ئىسلامدا تەسنىق قىلىنغان كىتابلارنىڭ ئۇلۇقراقى ۋە پايدىسى كۆپراغى بولۇپ لېكىن ئۇ كىتابدا تەكرار ھەدىسلەر بابلاردە پارچە – پارچە كەلتۈرۈلگەندۇر. بىرەر ئىنسان قايسى بابدىن بولمىسۇن بىر ھەدىسكە قارىماقچى بولسا ناھايىتى بەك تىرىشمىسا ۋە ئۇزۇن تەكشۈرمىسە ئۇ ھەدىسلەرگە يول تاپالمايدۇ. ئەمما ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھۇ تائالانىڭ مەقستى بۇنىڭ بىلەن ھەدىس يوللىرىنىڭ كۆپلىگىنى ۋە ئۇ ھەدىسنىڭ مەشھۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەقستىمىز سەھىھ بۇخارىدىكى ھەممە ھەدىسلەر سەھىھ بولغانلىقىدىن ئەسلى ھەدىسنىلا ئېلىشتۇر . ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ‹‹صَحِيحُ الْمُسْلِم ›› گە

قىلغان شەرھىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتتى : ئىمام بۇخارى ھەر تۆرلى بابلەردە ئوخشىمىغان (بىر ــبىرىگە ) ئوخشىمىغان بايانلەرنى زىكىر قىلدۇ. ئۇ بابلەردىن كۆبلەرنى مۇشۇ ھەدىس مۇشۇ بابقا ئەۋلا ئىدى دەپ ئىنسانىنىڭ چۈشىنىشىنى ئىلگىرىكى بابنىڭ غەيرىدە زىكىرى قىلدۇ. ئاندىن تالىپلەرگە ئۇ ھەدىسلەرنىڭ يوللىرىنى جەمئىي قىلىش ۋە ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىس يوللىرىدىن زىكرى قىلغانلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىش دىشۋار بولدۇ .

ئىمام نەۋەۋى يەنە شۇنداق دەيدۇ : مۇتەئەخخىر ( كېيىنكى ) مۇھەددىسلەردىن بىر جامائەتنى كۆردۈمكى ئۇلار بۇ ھەقتە غەلەت قىلدىلەر. سەھىھ بۇخارىدا بار ھەدىسلەرنى شۇ ھەدىسلەرنىڭ فەھمىگە ئىلگىرلىگۈچى گۇمانلىق جايلەرنىڭ غەيرىدە ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىنى يوققا چىقاردىلەر. ئىمام نەۋەۋىنىڭ سۆزى تۈگىدى.

ئىش ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەدىسلەرنى تەكرارسىز كەلتۈرۈشنى دوست تۇتتۇم. ۋە ھەدىسلەرنى مۇشەققەتسىز ئىلىش يېقىن بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسنادىنى ساقىت قىلدىم. ھەدىس تەكرار كەلسە ئۇنى تۇنجى قېتىمدا سابىت قىلدىم. ئەگەر ئىككىنچى جايدا زىيادە قىلغاندا پايدا بولسا ئۇ ھەدىسنى زىكرى قىلدىم. پايدا بولمىسا زىكرى قىلمىدىم. گاھىدا قىسقا ھەدىس كېلىدۇ . ۋە تېخى يەنە بىر رىۋايەتتە كەڭراق كېلىدۇ. ۋە ئۇنىڭدا ئەۋەلقىغا قارىغاندا زىيادىلىك بولسا ئىككىنچىسىدە پائىدە ئوشۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىنچىسىنى يېزىپ ئالدىنقىسىنى قالدۇرىمەن. ۋە ھەدىسنىڭ مۇتتەسىل سەنەدلىك ( بىر تۇتاش سەنەدلىك) بولغانلىرىنى زىكرى قىلىمەن. ئەمما سەنەدى ئۈزۈك ياكى مۇئەللەق (تەلىق ) بولغانلىرىغا توغرا بولمايمەن. ۋە شۇنىڭدەك ساھابىلارنىڭ ۋە ئۇلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ ھەدىسگە تەئەللۇقلىرى يوق ۋە يەنە ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىكرى يوق نەرسىنىمۇ زىكرى قىلمايمەن.

مەسىلەن : ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نىڭ بەنى سائىدىنىڭ سەقىفسىگە مېڭىپ بارغانىنىڭ ھېكايىسىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گەپ – سۆزلەرگە ئوخشاش. ۋە ئۆمەرنىڭ شەھىد بولۇش قىسسىسى ۋە ئۇنىڭ ئىككى يارانى ( رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرى ) بىلەن دەپنى قىلىنىش ھەققىدە بالىسىغا قىلغان ۋەسىيىتىگە ئوخشاش. ۋە ئۇنىڭ شۇرا ( مەسلىھەت ) ھەققىدە قىلغان سۆزىگە ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەيئەت قىلغىنىغا ئوخشاش. ۋە شۇنىڭدەك زۇبەيرنىڭ ئۆز ئوغلىغا قەرزىنى ئادا قىلىش ھەققىدە قىلغان ۋەسىيىتى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ( زىكرى ) قىلمايمەن.

ئاندىن ھەدىسنى كىم رىۋايەت قىلغانلىقى مەلۇم بولۇشى ئۈچۈن شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ساھابىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىمەن. غالىبەن ( كۆپىنچە ) شۇ ساھابىنىڭ لەۋزىنى لازىم تۇتىمەن.

ئېيتىدۇر ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ۋە بىر مەررە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ۋە بىر ۋاقتىدا ئېيتىدۇر ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسدىن ۋە شۇنىڭدەك ئىبنى ئۆمەردىن . ۋە بىر ۋاقتىدا ئېيتىدۇ ئەنەس ئىبنى مالىك دىن. مۇشۇنىڭ ھەممىسىدە ئىمام بۇخارىغا تابى بولىمەن (ئەگىشىمەن). ۋە بىر مەررە ئېيتىدۇ پالانى يەنى ساھابىدىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ۋە بىر

مەررە ئېيتدۇ ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە بەزى ۋاقتىدا ئېيتدۇ تەھقىق پەيغەمبەرﷺ ئېيتتى مۇنداق ، مۇنداق مۇشۇلارنىڭ ھەممىسدە ئىمام بۇخارىغا تابى بولمەن. بىر كىشى مۇشۇ كىتابدا ئىمام بۇخارىنىڭ لەۋزىگە خىلاپ ئوخشىمايدىغان نەرسىنى تاپسا ئۇمىدكى ئۇ نۇسخىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن . ئەلھەمدۇ لىللاھ ماڭا بۇ كىتابدا نۇرغۇن شەيخلەردىن مۇسەننىپ ( ئاپتور ) لارغا يېتىدىغان كۆپ ئىسناد (سەنەدلەر) باردۇر. مۇشۇ سەنەدلەرنىڭ جۈملىسىدىن مېنىڭ رىۋايەت قىلىشىم : شەيخىم ئەللامە نەپىسرۇددىن ئەبىررەبى سۇلايمان ئىبنىل ئەلەۋى رەھىمەھۇللاھۇ تائالا. مەن ئۇنىڭغا ئول كىتابنىڭ بەزىسىنى ئوقۇپ بېرىپ ۋە كۆپرەكىنى ئاڭلاپ ۋە قالغىنىغا ئىجازەت بېرىپ تەئىززە شەھرىدە ھىجرىيە 823 – يىلى. ئېيتتى ئۇ شەيخىم بىزلەرگە ئول ھەدىس بىلەن ئاتام ئىجازەت بېرىپ ۋە ئىمام كەبىر شەيخىمىز شەرەپۇل مۇھەددىسىن موسا ئىبنى ئەلىيۇل دەمەشقىي غەزۇلى نام بىلەن مەشھۇردۇرمەن . ئۇنىڭغا سەھىھۇل بۇخارىنىڭ ھەممىسىنى قىرائەت قىلىپ، ئول ئىككى شەيخ ئېيتتى بىزلەرگە ئۇ ھەدىس بىلەن خەبەر قىلدى شەيخ مۇسنەد مۇئەممەر ئەبۇلئەبباس ئەھمەد ئىبنى ئەبى تالىپ ھەججار ئەۋۋەلقى شەيخ ئىجازەت بېرىپ ۋە ئىككىنچى شەيخدىن ئاڭلاپ ( ئول سەنەدلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر) مىنىڭ ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشىم شەيخ سالىھ ئىمام ۋەلىيۇللاھ تائالا ئەبولفەتھى مۇھەممەد ئىبنۇل ئىمام ئەبى بەكرى ئىبنۇل ھۇسەينىل مەدەنىل ئوسمانىي ئۇ كىتابنىڭ كۆپرەكىنى ئۇنىڭدىن ئاڭلاپ ۋە ھەممىسگە ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىپ ، ۋە شەيخ ئىمام خاتمەتۇل الھۇففاز شەمسىددىن ئەبى الخير مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنو مۇھەممەد ئەلجەزەرىل دەمەشقىي ۋە قازى ئەللامە ھافىز تەقىيۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدىل فاسيي ئەششەرىفۇل ھەسەنىل مەككىي ئۇلۇق مەككىدىكى مالكىيە مەزھىپىنىڭ قازىسى ئۇ كىتابنىڭ ھەممىسگە ئۇلاردىن مۇئەييەن ئىجازەت ئېلىپ رەھىمەھۇمۇللاھۇ تائالا. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئېيتتىلەر: بىزلەرگە ھەدىس بىلەن خەبەر بەردى شەيخ ئىمام ھافىز شەيخۇل مۇھەددىسىن ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد بىننى سىددىق دەمەشقى ئىبنى رەسسام نام بىلەن مەشھۇر ئېيتتى : ئۇ زات بىزلەرگە ئۇ ھەدىس بىلەن خەبەر بەردى ئەبۇل ئابباس ئەلھەججار ۋە خەبەر بەردى ماڭا ئول ھەدىسى بىلەن ئەڭ يوقىرى ھالدا شەيخ ئىمام زەينۇددىن ئەبۇ بەكرى ئەلھۇسەين ئەلمەدەنى مەراغى شەيخ ئەبۇل فەتھىنىڭ ئوغلى ۋە قازىل قۇززات مەجدۇددىن مۇھەممەد بىننى ياقۇب ئەششىرازى ئامىمەتەن(پۈتۈنلەي) ئىجازەت بېرىپ بۇ ئىككى شەيخ ئېيتتىلەر بىزلەرگە ئول ھەدىس بىلەن ئوبۇلئاباس ئەلھەججار خەبەر قىلدى، ئېيتدى ئۇ خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئو ھەدىس بىلەن شەيخ سالىھ ھۇسەين ئىنى مۇبارەك زۇبەيدە ، ئېيتتى ئۇ خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئو ھەدىس[1] بىلەن شەيخ سالىھ ئەبۇل ۋەقتى ئەبدۇلئەۋۋەل ئىبنى ئىيسا ئىبن شۇئەيب ئەلھىرۋەيى ئەسسۇفى ئېيتدى ئۇ خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئو ھەدىس بىلەن شەيخ فەقىھ ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇھەممەد بىننل مۇزەففەر ئەدداۋۇدى ئېيتتى ئۇ خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئول ھەدىس بىلەن ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد بنى ھەمەۋەيسس

---

[1] جامع صحيح دىكى ھەدىس مۆاردا

سەرەخسىي ئېتنى ئول زات خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئول ھەدىس بىلەن[2] شەيخ سالىھ مۇھەممەد ئىنى يۇسۇف ئەلفەربەرىيى، ئېيتتى ئول زات خەبەر قىلدى بىزلەرگە ئو ھەدىس بىلەن ئىمامۇل كەبىر ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد بىنتى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئەلبۇخارى رەھمەھۇللاھ تائالا.

يۇقارىقى زىكىر قىلىنغان مۇھەددىس ئۆلىمالەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تۇرلى يوللار بىلەن ئىمام بۇخارىغە يېتىدىغان كۆپ سەنەدلەرى باردۇر. ۋە ماگىمۇ يوقارقى سەنەدلەردىن باشقا نۇرغۇنلىغان شەيخلەردىن ئالغان سەنەدلىرىم باردۇر. ئۇلارنى سانالسا سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. يوقارقى سەنەدلا مەشھۇر ۋە ئالى بولغانلىغى ئۈچۈن شۇنىڭغىلا قىسقارتتىم. ۋە بۇ مۇبارەك كىتابغە «« اَلتَّجْرِيْدُ الصَّرِيحُ لِأَحَادِيثِ الْجَامِعِ الصَّحِيح »» دەپ ئىسىم قويدۇم.

ۋە ئالللاھ تائالادىن بۇ كىتاب بىلەن مەنپەئەت بېرىشىنى ، ۋە بۇ كىتابنى ئۆز زاتى كەرىمى ئۈچۈن خالىس قىلىشىنى ۋە بارلىق مەقسەت ۋە ئەمەللەرنى ئىسلاھ قىلىشىنى تەلەپ قىلىنغۇچى ۋە سۆرالغۇچىدۇر.

ھەزرىتى خوجىمىزى مۇھەممەد ﷺ ۋە ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ۋە بۇ شۇرۇ قىلىش ۋاقتىدۇر . اِنْ شَاءَ اللهُ تَعَالَى

[2] مۇشۇ بەتتىكى ھەدىس بىلەن پۈتۈن بۇخارىدىكى ھەدىسلەر مۇراددۇر. يەنى بۇخارى ھەسسىسى ھەدىس قىلدى دىمەكتۇر.

بسم الله الرحمن الرحيم

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا

1ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى. ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتدۇر: شەكسىزكى ئەمەللەر نىيەت بىلەندۇر ، تەھقىق ھەربىر كىشىگە نىيەت قىلغىنى بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ ھىجرىتى (مەدىنىگە كۆچۈشى ) دۇنيا ئۈچۈن ياكى ئۆيلىنىدىغان خوتۇن ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى (رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدىن مەدىنىگە بارغىنى ) ھىجرەت قىلغان نەرسىسىگە (دۇنيا ياكى خوتۇنغا ) بولىدۇ. ( ساۋاب بولمايدۇ.)

2ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: تەھقىق ھارىس بىننى ھىشام رەسۇلۇللاھتىن ئۆزلىرىگە ۋەھى قانداق كېلىدۇ؟ـ دەپ سورىدى. پەس ئېيتتى : بەزى ۋاقىتتا قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك كېلىدۇ . ئۇ ماڭا قاتتىقراقدۇر. مەندىن مېنى باسقان ۋەھىنىڭ ئېغىرلىقى زائىل بولىدۇ ۋە ھال ئۇلكى ئۇنىڭدىن ئېيتقان نەرسىنى تۇتىۋالىمەن. ۋە بەزى ۋاقىتدا ماڭا پەرىشتە شەكىللىنىدۇ، دېگەن نەرسىنى تۇتىۋالىمەن.

ئېيتتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا : ئەلۋەتتە كۆردۈم مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە ۋەھى چۈشىدۇ ئاندىن ۋەھىنىڭ ئېغىرلىقى كۆتۈرۈلىدۇ ، ۋە تەھقىق ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ پېشانىسى تەرلەيدۇ.

3ـ ئائىشە ئۇممۇل مۆئمىنىن رَضِيَ اللهُ عَنْهُ دىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھقا ئەۋۋەل باشلانغان نەرسە ياخشى چۈشىدۇر. ئۇيقۇدا بىر چۈشىنى كۆرمەيتتى مەگەر ئۇ چۈش تاڭ يورۇغاندەك (ئۇچۇق ) كېلەتتى. ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خالىيلىق دوست تۇتۇلدى. ئاندىن غارى ھىراغە خالىي بولۇپ تەھەننۇس قىلىدىغان بولدى. تەھەننۇس دېگەن بىر قانچە كېچە ئۆيگە بارماي ئىبادەت قىلىش دېمەكتۇر . شۇنىڭغا ئوزۇق ئېلىۋالاتتى. ئاندىن خەدىچە قېشىغا كېلىپ ئالدىنقىغا ئوخشاش ئوزۇق ئالاتتى. ھەتتاكى غارى ھىرادىكى ۋاقىتدا ھەق كەلدى. پەس ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە كېلىپ ‹‹ئوقۇغىن ›› دېدى . ئېيتتى مەن قارى ئەمەس. ئېيتتى مېنى تۇتۇپ قاتتىق سىقتى، ھەتتاكى مەندىن مۇشەققەتكە يەتتى، ئاندىن قويۇپ بېرىپ ‹‹ئوقۇغىن ›› دېدى . ئېيتتىم مەن قارى ئەمەس. پەس مېنى تۇتۇپ ئىككىنچى قېتىم قاتتىق سىقىپ ھەتتا ماڭا ناھايىتى مۇشەققەت يەتتى. ئاندىن قويۇپ بېرىپ ‹‹ئوقۇغىن ›› دېدى :. پەس ئېيتتىم مەن قارى ئەمەس . پەس ئۈچىنچى قېتىم سىقىپ قويۇپ بەردى پەس ئېيتتى ‹‹ اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ .خَلَقَ الْإِنسَانَ مِنْ عَلَقٍ . اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ . الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ . عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ ››{سۈرە ئەلەق 14ـئايەت} يۈرەكلىرى تىترىگەن ھالدا ئۇ ئايەتلەر بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە پەس

خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد ؓ نىڭ قىشىغا بېرىپ مېنى يۆگەپ قويۇڭلار دېدى ، ھەتتا ئۇ رەسۇلۇللاھتىن قورقۇنۇش كەتتى . ئاندىن خەدىچىگە خەبەرنى يەتكۈزۈپ ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە قورقۇپ قالدىم دېدى . خەدىچە ئېيتتى. ھەرگىز قورقماڭ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئاللاھ سىزنى رەسۋا قىلمايدۇ، تەھقىق سىز سىلە- رەھىم قىلىسىز ، ئېغىر يۈكنى كۆتۈرىسىز، يۇقسىزگە كەسىپ قىلىپ بېرىسىز، مېھماننى زىياپەت قىلىسىز ، ھەرقانداق ياخشىلىقتا ياردەم قىلىسىز، ھەتتا رەسۇلۇللاھنى خەدىجەنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقەتە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ نىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ۋە ئۇ جاھىلىيەت ۋاقتىدا ناسارا بولۇپ كەتكەن ئىدى، ۋە ئىبرانى خەتلەرنى يازار ئىدى. ۋە ئىنجىلدىن ئاللاھ خالىغان نەرسىنى يازاتتى. ۋە كۆزى ئاجىزلاپ قالغان يېشى بەك چوڭ ئىدى، خەدىجە ئېيتتى تاغىڭىزنىڭ ئوغلىدىن گەپ ئاڭلاپ بېقىڭ . ۋەرەقە رەسۇلۇللاھقا دېدى نېمىنى كۆرۈسىز ؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ كۆرگەن نەرسىنى خەۋەر قىلدى . رەسۇلۇللاھقا ۋەرەقە ئېيتتى ئاشۇ جىبرىئىلدۇركى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ، كاشكى شۇ ۋاقتىدا كۈچلۈك بولسام كاشكى ھايات بولسام ۋاقتىكى سىزنى قەۋمىڭىز چىقىرىدۇ . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ئايا ئۇلار مېنى چىقارغۇچىمۇ ؟ ئېيتتى ۋەرەقە ھەئە؛ سىز كەلتۈرگەن نەرسىنى بىراۋ كەلتۈرمىدى مەگەر ئاداۋەت قىلىندى. ۋە ئەگەر تاپسا مېنى سىزنىڭ كۈنىڭىز ئەلۋەتتە كۈچلۈك ياردەم بېرىمەن. ئاندىن تۇرمايلا ۋەرەقە ۋاپات تاپتى ۋەھى سۇسلاشتى.

4- جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ؓ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھىنىڭ سۇسلاپ قالغانلىقىدىن سۆزلەپ ئۇل ئارادىكى مېڭىۋاتاتتىم بىناگاھ ئاسماندىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتەردىم . بىناگاھ غار ھىرادىن كەلگەن پەرىشتە ئاسمان ۋە زېمىن ئوتتۇرىسىدا بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇچىدۇر. پەس ئۇنىڭدىن قورقتۇم. قايتىپ كېلىپ مېنى يۆگەڭلار مېنى يۆگەڭلار دېدىم . چۈشۈردى ئاللاھ تائالا‹‹ ئى يۆگۈنۈۋالغۇچى پەيغەمبەر قوپقىل، پەس ئىنزار قىلغىل (ئاگاھلاندۇر ) پەرۋەردىگارىڭغا تەكبىر ئېيتقىن . ۋە كىيىمىڭنى پاك قىلغىل ۋە نىجاسەتنى (گۇناھنى ) تەرك قىلغىل ›› ﴿سۈرە مۇددەسسىر 1-5 – ئايەتكىچە ﴾. ئاندىن ۋەھى قىزىدى ۋە پەيدەر –پەيدەر (ئارقىمۇ – ئارقا) كەلدى.

5 – ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ ›› دېگەن قەۋلى ھەققىدە ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ تەنزىلدىن شىددەتنى ئىلاج قىلاتتى. ۋە ئىككى كالپۇكلىرىنى ھەرىكەتلەندۇرەتتى. ئېيتتى ئىبنى ئابباس مەنمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى كالپۇكلەرىنى مىدىراتقاندەك مىدىرتىمەن. ئاندىن نازىل قىلدى الله ﴿لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ﴾ ﴿سۈرە قىيامە 16-17- ئايەت ﴾ ‹‹ئېيتتى ئاللاھ تائالا: سەن قۇرئان بىلەن تىلىڭنى ھەرىكەتلەندۇرمىگىن، بىزگىدۇر ئۇنى جەمى قىلىش ۋە ئوقۇپ بېرىش ›› ﴿فَإِذَا قَرَأْنَاهُ

﴿فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ﴾ {قىيامە 18 – ئايەت} ئېيتتى : ‹‹ئۇنىڭغا قۇلاق سالغىن ۋە شۈك تۇرغىن ›› ﴿ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا بَيَانَهُ﴾ {قىيامە 19- ئايەت } ئاندىن تەھقىق بىزنىڭ ئۈستىمىزدىدۇر ئۇنى ئوقۇشۇڭ ››
رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇنىڭدىن كېيىن جىبرىئىل كەلسە قۇلاق سالىدىغان بولدى . جىبرىل كەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئوقۇغاندەك ئوقۇيدىغان بولدى
6- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ خالايىقنىڭ سېخىراقى ئىدى . بولۇپمۇ رامزان ئېيدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا يولۇققاندا بەك سېخىراق بولاتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ھەر كېچىسىدە يولۇقاتتى . قۇرئاندىن دەرس بېرەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ياخشىلىققا شامالدىنمۇ[3] بەكراق سېخى ئىدى.
7- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : تەھقىق ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدىكى تەھقىق ھىرەقلى ئەبۇ سۇفيانغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان كارۋىنى قۇرەيش كارۋانلىرى ئىچىدىكى شامغا تىجارەتكە كەلگەنلەر ئىدىلەر. ئۇ ۋاقىتدا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ سۇفيان ۋە قۇرەيشلەر بىلەن سۈلھى قىلغان ئىدى. ئۇلا ئىيلىيائە دېگەن جايدا ھىرەقلىنىڭ قېشىغا كەلدىلەر. ھىرەقلە ئۇلارنى قىچقاردى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا رۇمنىڭ چوڭلىرى بار ئىدى. ئاندىن ئۇلارنى ۋە تەرجىمانىنى چاقىردى . ئېيتتى ھىرەقلە : مۇشۇ مەن پەيغەمبەر دېگەن كىشىگە قايسىڭلارنىڭ نەسەبى يېقىنراقدۇر؟ ئېيتتى ئەبۇ سۇفيان مەن ئۇلارنىڭ يېقىنراقى دېدىم . ئېيتتى : ئۇ كىشىنى ماڭا يېقىن قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرىنى ئۇنىڭغا يېقىن قىلىڭلار. ئاندىن تەرجىمانىغا دېدىكى ئېيتقىن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ، تەھقىق بۇ ئادەمدىن ئۇ پەيغەمبەر توغرىلىق سورايمەن. ئەگەر ماڭا يالغانىنى ئېيتسا ئۇنى ئىنكار قىلىڭلار. ئەبۇ سۇفيان ئېيتتى: ۋەللاھى ( ئاللاھ بىلەن قەسەمكى) ئەگەر ماڭا يالغانىنى ئىختىيار قىلىشتىن ھايا قىلىش بولمىسا ئىدى ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ توغرىسىدا يالغان ئېيتار ئىدىم.
ئاندىن مەندىن سورىغان نەرسىنىڭ ئەۋۋەلى شۇدۇركى ئېيتتى : ئۇ كىشىنىڭ نەسەبى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا قانداق؟ ئېيتتىم مەن ئۇ كىشى بىزنىڭ ئىچىمىزدە نەسەبلىكدۇر .ئېيتتى بۇ سۆزنى سىلەردىن بىراۋ ئۇ كىشىدىن ئىلگىرى ئېيتقانمۇ؟ ئېيتتىم : ياق . ئېيتتى : ئايا ئاتا بوۋىلىرىدىن پادىشاھ بولغانمۇ؟ ئېيتتىم: ياق . ئېيتتى : خالايىقلارنىڭ كاتتىلىرى ئو كىشىگە ئەگەشتىمۇ ياكى ئاجىزلىرىمۇ؟ ئېيتتىم : ئاجىزلىرى : ئېيتتى: ئۇلار زىيادە بولۇۋاتامدۇ ياكى كېمىيىۋاتامدۇ ؟ ئېيتتىم: بەلكى زىيادە بولۇۋاتىدۇ . ئېيتتى: ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دىنىغا غەزەپ قىلىپ يانغانلار بارمۇ ؟ ئېيتتىم : ياق ، ئېيتتى : ئايا ئۇ كىشى يالغانچىلىق بىلەن تۆھمەت قىلامسىزلەر ئۇ كىشى دېگەن سۆزنى دېيىشتىن ئىلگىرى ؟ ئېيتتىم : ياق . ئېيتتى ؛ ئايا ئۇ كىشى ۋەدىنى بۇزامدۇ؟ ئېيتتىم: ياق ئۇ كىشى بىلەن كېلىشىم ئۈستىدە دۇرمىزكى ئۇ مۇددەتتە نېمە قىلىشنى بىلمەيمىز. ۋە ماڭا مۇشۇ كەلىمەنى كىرگۈزۈشتىن باشقا سۆز مۇمكىن بولمىدى. ئېيتتى : ئايا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ ؟ ئېيتتى : ئارى

3 قويۇپ بېرىلگەن شامالدىنمۇ سېخىراق ئىدى

قىلدۇق. ئېيتتى : ئۇرۇشۇڭلار قانداق بولدى ؟ ئېيتتىم : جەڭ بىز بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۆۋەتلىكدۇر. بىزدىنمۇ يېڭىدۇ.بىزمۇ ئۇنىڭدىن يېڭىمىز. ئېيتتى ئۇ كىشى سىزلەرنى نېمىگە ئەمر قىلىدۇ ؟ ئېيتتىم : ئېيتىدۇ: تەنھا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار . ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار ۋە ئاتا بوۋىلىرىڭلار ئىبادەت قىلغان نەرسىنى تەرك قىلىڭلار . ۋە بىزلەرنى ناماز ئوقۇشقا ۋە راستچىل بولۇشقا ۋە پاك بولۇشقا ۋە سىلە- رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ .

هىرەقلە تەرجىمانىغا ئېيتتى : ئۇنىڭغا ئېيتقىن : تەھقىق مەن پەيغەمبەرنىڭ نەسەبىدىن سورىدىم: سەن زىكىر قىلدىڭكى ئۇ كىشى ئىچىڭلاردا نەسەبلىكدۇر. ۋە شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنىڭ نەسەبىدە ئەۋەتىلىدۇ. ۋە سەندىن سورىدىمكى مۇشۇ سۆزنى ( پەيغەمبەرلىكنى) ئۇ كىشىدىن ئىلگىرى بىر كىشى دېگەنمۇ دەپ : سەن ياق دېدىڭ . ئېيتتىم ئەگەر بۇ كىشىدىن بۇرۇن بىراۋ بۇ سۆزنى قىلغان بولسا ئېيتار ئىدىم بۇ كىشى ئىلگىرى دېيىلگەن سۆزگە ئەگەشكەن ئادەم ئىكەن . ۋە سەندىن سورىدىمكى ئۇنىڭ ئاتا بوۋىلىرى ئىچىدە پادىشاھ بولغانلار بارمۇ ؟ سەن ياق دېدىڭ . ئەگەر ئاتا بوۋىلىرى ئىچىدە پادىشاھ بولغانلار بولسا ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىقىنى تەلەپ قىلغان ئادەم ئىكەن دەيتتىم . ۋە سەندىن سورىدىمكى بۇ كىشىنى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشتىن بۇرۇن يالغانچىلىق بىلەن تۆھمەت قىلامتىڭلار؟ سەن ياق دېدىڭ . ئەلۋەتتە تونۇيمەنكى تەھقىق ئۇ كىشى ئاللاھقا يالغان ئېيتىپ ۋە خالايىققا يالغان ئېيتىشنى تەرك قىلىدىغان بولمىدى. ( يەنى خالايىققا يالغان ئېيتمىغان ئىكەن ئاللاھقا يالغان ئېيتمايدۇ ) ۋە سەندىن سورىدىمكى خالايىقنىڭ كاتتىلار ئەگەشتىمۇ ياكى ئاجىزلىرىمۇ ؟ سەن ئاجىزلىرى ئەگەشتى دېدىڭ . ئاجىزلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ تابىلىرى ( ئەگەشكۈچىلىرى )دۇر . ۋە سەندىن تابىلەر ( ئەگەشكۈچىلەر ) زىيادە بولۇۋاتامدۇ ياكى كېمىيىۋاتامدۇ دەپ سورىغىنىمدا سەن زىيادە بولۇۋاتىدۇ دەپ جاۋاب بەردىڭ. ۋە ئىماننىڭ ئەمرى ( ئىشى ) ھەتتاكى تامام بولغۇچىلىك شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ۋە سەندىن سورىمىدىمكى بىراۋ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دىنىغا غەزەپ قىلىپ قايتىپ كەتتىمۇ؟ سەن ياق دېدىڭ . ئىمان خۇرسەندىلىگى ئۇنىڭ دىللىرىغا ئارىلاشقاندا شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ۋە سەندىن سورىدىمكى ئۇ ئەھدىنى بۇزامدۇ ؟ سەن ياق دېدىڭ . شۇنداق پەيغەمبەرلەر ۋەدىگە خىلاپ قىلمايدۇ. (ئەھدىنى بۇزمايدۇ) نېمىگە ئەمر(بۇيرۇيدۇ) قىلىدۇ دەپ سورىسام، ئۇ كىشى تەنھا ئاللاھ ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شېرىك قىلماڭلار دەپ ئەمر قىلىدۇ. ۋە سىزلەرنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن نەھى ( توسىدۇ) قىلىدۇ. ۋە سىزلەرنى نامازغا ۋە راستچىللىققا ۋە ئېپپەتلىك بولۇشقا ئەمر قىلىدۇ، دېدىڭ . ئەگەر سەن دېگەن سۆزۈڭ ھەق بولسا ئۇ پات پۇرسەتتە مۇشۇ ئىككى قەدىمىمنىڭ ئورنىغا ئىگە بولىدۇ. ۋە تەھقىق ئۇ پەيغەمبەرنىڭ چىقىشىنى بىلەتتىم . لېكىن سىلەردىن چىقىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمىغان ئىدىم. ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىشنى بىلسەم ئەلۋەتتە ئۇ زاتنىڭ دىدارىغا يېتىشكە تەكەللۇپ چېكەتتىم. ۋە ئەگەر ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىدا بولسام ئۇنىڭ قەدەملىرىنى يۇيار ئىدىم. ئاندىن دىھيەتۇل كەلبىدىن بۇسرانىڭ چوڭىغا ئەۋەتىلگەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەكتۇبلىرىنى چاقىردى. ئۇنى ھىرەقلىگە بەردى. ئۇ مەكتۇپنى ئوقۇدى . ئۇ مەكتۇبدا ‹‹ بىسمىللاھىر

رەھمانىر رەھىم. مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھدىن ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىدىن رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگە: ھىدايەتكە تابى بولغان ( ئەگەشكەن ) كىشىگە ئامانلىق . اما بعد : تەھقىق سىنى ئىسلام چاقىرىقى بىلەن چاقىرىمەن. مۇسۇلمان بول سالامەت قالارسەن . الله ساڭا ئەجرىڭنى ئىككى ھەررە ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈسەڭ سىنىڭ گەدىنىڭگە پۇتۇن دېھقانلارنىڭ گۇناھى بولىدۇ. ئى ئەھلى كىتاب بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئارىمىزدىكى ئورتاق كەلىمىگە كېلىڭلاركى ‹‹ بىر ئاللاھدىن باشقىغا ئىبادەت قىلمىغايمىز، ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى شېرىك قىلمىغايمىز. بىر- بىرىمىزنى خۇدا تۇتمىغايمىز. ئەگەر يۈز ئۆرۈسىلەر ئېيتىڭلار گۇۋاھ بۇلۇڭلاركى بىز مۇسۇلمانلاردۇرمىز. ››{ئال ئىمران 64- ئايەت} ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتتى: ئېيتتى ئەبۇ سۇفيان ھىرەقلە دەيدىغان سۆزنى دەپ ۋە مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا پاراڭ كۆپىيىپ ئاۋازلەر كۆتۈرۈلدى . ۋە بىز چىقىرۋېتىلدۇق. مەن ساھابىلىرىمگە ئېيتتىم: ئەلۋەتتە تەھقىق ئەبۇ كەبشەنىڭ ئوغلىنىڭ ئىشى ناھايىتى چوڭ بولىدىغان بولىدى ( يەنى رەسۇلۇللاھنى دېمەكچى ) ئۇنىڭدىن سېرىق رۇملۇقلار قورقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ زاھىر بولىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشەندىم. ھەتتا الله مېنى ئىسلامغا كىرگۈزدى .

ئىبنى ناتۇر ئىلىيائە نىڭ رەئىسى ۋە ھىرەقلە شامدىكى ناسارالارنىڭ رەئىسى ئىدى. ھەدىس قىلدۇكى تەھقىق ھىرەقلە ئىلىيائەگە كەلگەندە نەپسىللەرى بەدھال بولدى (ئەھۋالى ناچار بولدى ) ئۇنىڭ بەزى خاس يارەنلىرى ئېيتتىكى ھەيئەتلىرىنى ئۆزگەرگەن كۆردۇق.

ئىبنى ناتۇر ئېيتتى: ھىرەقلە كاھىن بولۇپ يۇلتۇزغا قارايتتى . ۋە خاس يارەنلىرى ئەھۋال سورىغاندا ئۇلارغا ئېيتتى: بۈگۈن كېچە يۇلتۇزغا قارىغاندا خەتنە پادىشاھى زاھىر بولغان كۆردۈم . مۇشۇ ئۈممەتتىن كىم خەتنە قىلىدۇ؟ ئېيتتىلەر : يەھۇدىيدىن باشقىسى خەتنە قىلمايدۇ، ئۇلەرنىڭ ئىشى سىنى غەم قىلدۇرمىسۇن ۋە سىنىڭ ئىلىكىڭدىكى شەھەرلەرگە مەكتۇپ يازغىن ئۆز شەھەرلىرىدىكى يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرسۇن . ئۇلار ئۆز ئىشلىرى ئۈستىدە تۇرغانلىرىدە ھىرەقلىنىڭ ھۇزۇرىغا غەسسان پادىشاھى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خەۋەرلىرىدىن خەبەر قىلىشقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن كىشى كەلتۈرۈلدى . ھىرەقلە ئۇ ئەلچىدىن خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن ئېيتتى: بېرىپ قاراڭلار ئۇ كىشى خەتنە قىلىنغۇچىمۇ يوق؟ ئۇلار ئۇ كىشىگە قاراپ ئېيتتى : ئۇ كىشى خەتنە قىلىنغۇچىدۇر ، ئۇ ئەلچىدىن ئەرەبلەر توغرىلىق سورىدى. ئۇ كىشى ئېيتتى: ئۇلەرمۇ خەتنە قىلدۇرۇلەر. ھىرەقلە ئېيتتى. مۇشۇ كىشى ئۈممەتتىنىڭ پادىشاھى تەھقىق ئاشكارا بولدى. ئاندىن ھىرەقلە ئۆزىنىڭ رۇمىيەدىكى ساھىبىگە خەت يازدى. ۋە ئۇمۇ ئىلىمدە ھىرەقلىغە ئوخشاش ئىدى. ۋە ھىرەقلە ھىمسەگە باردى. ۋە ھىمسەدە ئۇزۇن تۇرمايلار ئۆزىنىڭ ساھىبىدىن خەت كەلدىكى ئۇ رەئيىمۇ ( قارىشىمۇ) ھىرەقلىنىڭ رەئيىگە مۇۋاپىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقىشىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى رەئيىگە مۇۋاپىق خەت كەلدى. ئاندىن ھىرەقلە رۇمنىڭ كاتتىلىرىغا بىر زالغا كىرىشكە ئىزنى بەردى. ئاندىن ئىشكىنى تاقاشقا بۇيرىدى، تاقالدى. ئاندىن ئۆزى زالغا چىقىپ ئېيتتى : ئى رۇم

گۇرۇھى سىلەرنىڭ نىجاتلىق ۋە ھىدايەتتە ۋە سىلەرنىڭ ئىگىلىكىڭلار ( پادىشاھلىقىڭلار) نىڭ قولۇڭلاردا سابىت بولۇشىغا رىغبىتىڭلار بار بولسا مۇشۇ پەيغەمبەرگە ئەگىشىڭلار. ئۇلار ۋەھشىي ئېشەكلەر ئۈركىگەندەك ئىشىكلەرگە قاچتىلەر. ئۇلار ئىشىكنى تاقالغان تاپتىلەر. ھىرەقلە ئۇلارنىڭ ئۈركىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىماندىن نائۈمىد بولۇپ ئېيتتى : ئۇلارنى ماڭا قايتۇرۇڭلار مەن يوقارقى سۆزۈمنى دىيشىمدىكى سەۋەب سىزلەرنىڭ دىنىدا چىڭلىقىڭلارنى سىناش ئۈچۈن دېگەن ئىدىم . چىڭلىقىڭلارنى كۆردۈم . ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى . ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولدىلەر. ئاندىن ھىرەقلىنىڭ ئىشىنىڭ ئاخىرى شۇ بولدى.

# ئىماننىڭ كىتابى

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلدى دېگەن سۆزى توغرىسىدا

8- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئىسلامنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلدى. 1- ئاللاھ تائالادىن باشقا خۇدا يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىش . 2- نامازنى بەرپا قىلىش . 3- زاكاتنى بېرىش . 4- ھەج قىلىش . 5- رامزان روزىسىنى تۇتۇش.

## ئىمان ئىشلىرى توغرىسىدا

9 – ئەبۇ ھۇرەيرە ﷛ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچىدۇر ، ۋە ھايا ئىماندىن بىر شاخچەدۇر.

## مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قۇلىدىن ۋە تىلىدىن سالامەت قالغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى توغرىسىدا

10- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : مۇسۇلمان كىشىدۇركى سالامەت قالدى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن . ۋە مۇھاجىر كىشىدۇركى تەرك قىلدى ئاللاھ ئۇنىڭدىن نەھى قىلغان (توسقان ) نەرسىنى .

## ئىسلامنىڭ قايسى خىسلىتى ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

11- ئەبۇ مۇسا ﷛ دىن ئېيتتى ؛ ئېيتتىلار يا رەسۇلۇللاھ قايسى ئىسلام ئۇلۇغراقدۇر؟ ئېيتتى : كىشىدۇركى سالامەت قالدى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن.

## تائام بېرىش ئىسلامدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

12 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سورىدىكى ئىسلامنىڭ قايسى خىسلەتلىرى ياخشىدۇر؟ ئېيتتى تائام بەرگەيسەن ۋە تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىگە سالام بەرگەيسەن.

## ئۆز نەپسىگە دوست تۇتقان نەرسىنى بۇرادىرىگە دوست تۇتۇش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

13 ـ ئەنەس ﷺ پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : قەسەم زاتىنغكى نەپسىم ئۇل زاتىنىڭ ئىلكىدە ئىدى، مۆمىن بولمايدۇ بىرىڭلار ھەتتاكى دوست تۇتقاي بۇرادىرىگە ئۆز نەپسىگە دوست تۇتقان نەرسىنى.

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نى دوست تۇتۇش ئىماندىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

14 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ تەھقىق رەسۇلۇللاھ ﷺ قەسەم زاتىنغكى نەپسىم ئۇل زاتىنىڭ ئىلكىدە ئىدى، مۆمىن بولمايدۇ بىرىڭلار ھەتتاكى بولغايمەن دوستراق ئۇل بىراۋغە ئاتىسىدىن ۋە بالىسىدىن .

15 ـ ئەنەس ﷺ دىن ھەدىسنىڭ ئۆزىنى رىۋايەت قىلدى ۋە ئاخىرىدا ( ۋە خالايىقنىڭ ھەممىسىدىن ) دىگەن جۈملىنى زىيادە قىلدى.

## ئىماننىڭ شېرىنلىكى توغرىسىدا

16 ـ ئەنەس ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : ئۈچ خىسلەت بار كىشىكى ئۇنىڭدا ئۈچ خىسلەت بولسا ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تاپتى . 1ـ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇ كىشىگە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ غەيرىدىن دوستراق بولغاي. 2ـ بىر كىشىنى خۇدا ئۈچۈنلا دوست تۇتقاي . 3ـ كۇفرىگە قايتىپ كىتىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرگەي

## ئەنسارىلارنى دوست تۇتۇش ئىماننىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

17 ـ ئەنەس ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : ئىماننىڭ ئالامىتى ئەنسارىلارنى دوست تۇتۇش. ۋە نىفاقنىڭ ئالامىتى ئەنسارىلارنى دۈشمەن تۇتۇشدۇر.

18 ـ ئۇبادەتە ئىبنى سامىت ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەتراپلىرىدا بىر جامائە ساھابىلىرى بار ھالدا ئېيتتى: ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ۋە ئوغرىلۇق قىلماسلىققا ۋە بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋە قول پۇتۇڭلار ئارىسىدا بوھتان توقۇپ كەلتۈرمەسلىككە ۋە مەرۇپ (ياخشى ئىشدا ) ئاسىي بولماسلىققا شەرتى بىلەن ماڭا بەيئەت قىلىڭلار .سىلەردىن بىر كىشى بۇنىڭغا ۋاپا قىلسا ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھقىدۇر. ۋە

كېشىكى بۇنىڭدىن بىرەر گۇناھقا يېتىپ دۇنيادا جازالانسا ئۇ جازا ئۇنىڭغا كاپارەت بولىدۇ. ۋە كېشىكى يوقارقى ئىشلاردىن بىر ئىشقا يەتسە ئاندىن الله ئۇنى ياپسا ئۇ كىشى ئاللاھ تائالاغىدۇر. خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ. ۋە ئەگەر خالىسا ئۇنى ئازاب قىلىدۇ. بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ غە ئاشۇ شەرتكە بىنائەن بەيئەت قىلدۇق.

## فىتنىدىن قېچىش ‹‹ئىسلام دىن ›› ئىكەنلىكى توغرىسىدا

19ـ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىيى ﷺ دىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : يېقىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى مالى قوي بولغاي. ئۇ قوي بىلەن تاغنىڭ جىلغىللىرى ۋە يامغۇر ياققان جايلارنى ئەگىشىدۇ . شۇ ئارقىلىق ئۆز دىننى ساقلايدۇ.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ‹‹ مەن سىلەرنىڭ ئالمراقىڭلار›› دېگەن سۆزى توغرىسىدا

20ـ ئائىشە ﷺ دىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرنى ئەمىر قىلسا ئۇلار تاقەت قىلالىغۇدەك ئەمەللەرگە ئەمىر قىلار ئىدى. ساھابىلەر ئېيتتى: بىز ئۆزلىرىدەك ئەمەسمىز . ئاللا تائالا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلدى.ئاندىن غەزەپ قىلىدۇ ھەتتا غەزەپ ئۇنىڭ يۈزلىرىدە تونۇلىدۇ . ئاندىن ئېيتتىدۇ: مەن سىلەرنىڭ تەقۋادارراقىڭلار ۋە ئاللاھ تائالاغا ئالمراقىڭلار مەن.

## ئەھلى ئىماننىڭ ئەمەللەردە بىر ـ بىرىدىن ئارتۇقلۇقى توغرىسىدا

21ـ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىيى ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئەھلى جەننەت جەننەتكە ۋە ئەھلى دوزاخ دوزاخقا كىرىدۇ. ئاندىن الله ئېيتىدۇ . دىلىدا قىچا دانىسى مىقدارى ئىمانى بار كىشىنى دوزاختىن چىقىرىڭلار. ئۇلار قاپقارا بولغان ھالەتتە دوزاختىن چىقىدۇرلەر. ئۇلارنى ئابىھايات ئۆستەڭگە تاشلىنىدۇ. ئۇلار قىياندىن كېيىن ئۇنگەن مايسىدەك ئۇنۇپ چىقىدۇ. قارىمامسەن مايسا سېرىق يۆگىمەچ ئۇنىدۇ . ( يەنى يۆگىمەچ ئاجىز ئۇنىدۇ)

22ـ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىيى ﷺ ئېيتتى ؛ ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئول ئارالىقتىكى ئۇخلىغۇچىمەن خالايىقلارنى ماڭا توغرا قىلىنغان كۆردۈم . ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كوينەكلەر بار بەزىلىرىنىڭ كۆكسىگە يېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ تۆۋەندە. ۋە ماڭا ئۆمەر بىننى خەتتاب توغرا قىلىندى. ۋەھال ئولكى ئۈستىدىكى كوينەكنى سۆرەيدۇ. ئېيتتىلەر : نېمىگە تەۋىل قىلدىڭلا يا رەسۇلۇللاھ ؟ ئېيتتى: دىنغا تەۋىل قىلدىم.

## ھايا ئىمان جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

23ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنسارلاردىن بىر كىشىگە ئۆتتى . ۋەھال ئۇلكى ئۇ كىشى بۇرادىرىگە ھايا ھەققىدە نەسىھەت قىلىۋاتقان ئىدى. ئېيتتى: قوي ئۇنى. ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىن.

## ‹‹ئەگەر توبە قىلىسىلەر ناماز ئوتىسىلەر ۋە زاكاتنى كەلتۈرىسىلەر ئۇلارنىڭ يولىنى خالىي قىلىڭلار ›› سۈرە توبەنىڭ 5 ـ ئايىتى توغرىسىدا

24ـ ئىبنى ئۆمەر ﵁ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى ؛ خالايىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم ھەتتاكى ئۇلار‹ لَا اِلٰـهَ اِلَّا اللّٰهُ وَاَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللّٰهِ› دەپ گۇۋاھلىق بەرگەيلەر. ۋە نامازنى بەرپا قىلغايلار. ۋە زاكاتنى كەلتۈرگەيلەر. ۋاقتىكى ئۇلە شۇنى قىلسا مەندىن خۇنلەرنى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالدىلەر. مەگەر (لېكىن ) ئىسلام ھەققى بىلەن. ۋە ئۇلەرنىڭ ھېسابى ئاللاھ تائالاغدۇر.

## ‹‹ ئىمان ئەمەلدۇر ›› دېگەن كىشى توغرىسىدا

25 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سورالدى: قايسى ئەمەل ئەۋزەلدۇر؟ ئېيتتى : ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش . دېيىلدى ئاندىن قايسى ئەمەل ئەۋزەلدۇر؟ ئېيتتى : خۇدا يولىدا جىھاد قىلىش. دېيىلدى : ئاندىن قايسى ئەمەل؟ ئېيتتى قوبۇل قىلىنغان ھەجدۇر.

## ئىسلامنىڭ ھەقىقى بولماسلىقى توغرىسىدا

26 ـ سەئىد بىننى ئەبى ۋەققاس ﵁ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر جامائەگە ئاتا قىلدى (بىر نەرسە بەردى ) ۋە سەئىد ئولتۇرغۇچىدۇر. بىر كىشىنى تەرك قىلدىكى ئۇ كىشى مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ئەجىبلىگراقى ئىدى. ئېيتتىم مەن: ئى رەسۇلۇللاھ نېمەدۇر ئۆزلىرىگە پالانىدىن ( بەرمىدىلەر ). ئاللاھقا قەسەمكى ئۇنى مۆمىن دەپ گۇمان قىلىمەن. ئېيتتى : ياكى مۇسۇلمان دەپ گۇمان قىلساڭمۇ. ئازراق جىم تۇردۇم ئاندىن ماڭا ئۇ كىشىدىن بىلىدىغىنىم غەلىبە قىلىپ سۆزۈمگە قايتىپ ئېيتتىم : نېمىدۇر ئۆزلىرىگە پالانىدىن ( بەرمىدىلەر) . قەسەم ئاللاھغىكى ئۇنى مۆمىن گۇمان قىلىمەن. ئېيتتى : ياكى مۇسۇلمان دەپ گۇمان قىلساڭمۇ. ئازراق جىم تۇردۇم ئاندىن مېنىڭ ئۇ كىشىدىن بىلىدىغىنىم غەلىبە قىلىپ ئىلگىرىكى سۆزۈمنى قايتا دېدىم . ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتا سۆزىنى ئېيتتى ۋە دېدىلەركى ھەي سەئىد مەن ئەلۋەتتە بىر كىشىگە ئاتا قىلىمەن ۋە ھال ئۇلكى ئۇ كىشىنىڭ غەيرى ئۇنىڭدىن دوستراقدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنى

دوزاخقا دۇم چۈشۈرۈشىدىن قورقانلىقتىن ( ئۇنىڭغا بىرىش بىلەن كۇفرىغە يېنىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن دىلىنى ئىسلامغا تارتىمەن.)

## ئەرنىڭ نېمىتىگە كاپىر بولۇشىنىڭ ۋە كۇفرىنىڭ كۇفرىدىن تۆۋەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

27 – ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئـەنهۇما دىـن ئىيتـتى : ئىيتـتى پـەيغەمبەر ﷺ دوزاخـنى كۆرسـۈتۈلدىم . دوزاخ ئـەھلىنىڭ كۆپـراغى خوتۇنلـەردۇر . سـەۋەبى ئـۇلار كاپـىر بولىدۇلـەر. سـورالدى: ئايـا ئـاللاھ تائالاغا كاپـىر بولامدۇرلـەر؟ ئىيتتى: ئەرلىرىگە كاپـىر بولىدۇرلـەر. ۋە ياخشىلىققا تانىدۇلەر. ئەگەر ئۇ خۇتۇنلارنىڭ بىرىگە ئۇزۇن زامان ياخشىلىق قىلساڭ ئاندىن سەندىن ئازراق ئىشنى كۆرسە سەندىن ھەرگىز ياخشىلىق كۆرمىدىم دەيدۇ.

## گۇناھ قىلىش جاھىلىيەتنىڭ ئىشىدۇر. ۋە گۇناھ قىلىش بىلەن كاپىر بولمايدىغانلىقى لېكىن شىرك كەلتۈرۈش بىلەن كاپىر بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

28 – ئەبۇ زەر ﷺ دىن ئىيتتى : مەن بىر كىشى بىلەن تاكاللىشىپ قىلىپ ئۇنى ئانىسى بىلەن ئەيىب قىلدىم . پەيغەمبەر ﷺ ماڭا ئىيتتىكى ئى ئەبۇ زەر ئۇنى ئاناڭنى دەپ ئـەيىب قىلدىڭمۇ؟ سـىنىڭدە جاھىلىيـەتنىڭ ئەسـىرى بـاردۇر. سـىلەرنىڭ بۇرادەرـىڭلار سـىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلاردۇر. الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى. كىشىكى ئۇنىڭ بۇرادىرى قول ئاستىدا بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزى يەيدىغان نەرسىدىن تائام بەرسۇن. ۋە ئۆزى كىيىدىغان نەرسىدىن كىيدۈرسۇن . ۋە ئۇلارنى تاقەت قىلالمايدىغان نەرسىگە زورلىماڭلار. ئەگەر ئۇلار قىلىپ بولالمايدىغان ئىشقا زورلىساڭلار ئۇلارغا ياردەم قىلىڭلار.

## «« ئىككى گۇرۇھ مۆمىن ئۇرۇشۇپ قالسا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ (ياخشىلاڭلا) »» دىگەن ئايەت توغرىسىدا {سۈرە ھۇجۇرات 9 ـ ئايەت}

29 – ئەبۇ بەكرى ﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئىيتىدۇ: ئىككى مۇسۇلمان قىلىچلىـرى بىلـەن بىـر ـ بىرىگـە يولۇقسـا (ئۆلتۈرۈشسـە ) قـاتىل ( ئۆلتۈرگـۈچىمۇ ) ۋە ئۆلتۈرۈلگـۈچىمۇ دوزاقـتىدۇر. ئىيتـتىم مـەن : يـا رەسـۇلۇللاھ ئۇغـۇ قـاتىلدۇر، مـەقتۇل ( ئۆلتۈرۈلگۈچى ) نىمە سەۋەب بىلەن دوزاختا ؟ ئىيتتى : ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ قاتىلنى ئۆلتۈرۈشكە ئامراق ئىدى.

## زۇلۇم زۇلۇمدىن تۆۋەن يەنى خىلمۇ ـ خىل بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

30ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئول ۋەقتىكى نازىل بولۇپ ئىدى ﴿ وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ﴾ ( ئىمان ئېيتقان ۋە ئىمانلىرىنى شېرىككە ئارىلاشتۇرمىغان كىشىلەرگە ئازابتىن ئەمىن بولۇش مەنسۇپتۇر) {سۈرە ئەنئام 82ـ ئايەت } رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەسھابلەرى ئېيتتىلەر: قايسىمىز زۇلۇم قىلمىدى؟ . ئاندىن نازىل قىلدى الله ﴿إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ ‹‹ تەھقىق شېرىك كەلتۈرۈش چوڭ زۇلۇمدۇر›› {لوقمان 13 ـ ئايەت } يەنى بۇ يەردىكى زۇلۇمدىن شېرىك مۇرادۇر.

## مۇناپىقنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا

31ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچدۇر. سۆز قىلسا يالغان ئېيتىدۇ. ۋە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپ قىلىدۇ. ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ.

32ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: تۆت تۈرلى خىسلەت بار كىمكى ئۇنىڭدا تۆت خىسلەت بولسا پۈتۈن مۇناپىق بولىدۇ. ۋە بىر كىشىكى تۆت خىسلەتتىن بىرى بولسا ئۇنىڭدا نىفاقتىن بىر خىسلەت بولىدۇ ھەتتا ئۇنى تەرك قىلغۇچىلىك. ئىشەنچ قىلىنسا خىيانەت قىلىدۇ. سۆز قىلسا يالغان سۆز قىلىدۇ. ئەھدى قىلسا بۇزىدۇ. خۇسۇمەت قىلسا ئەپسانە گەپ قىلىدۇ.

## شىبى قەدىر ئىماندىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

33ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئىمان كەلتۈرۈپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ شىبى قەدىردە بىدار بولغان كىشىگە ئۇنىڭ ئۆتكەن گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

## جىھاد ئىماندىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

34ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : فى سەبىلىللاھ ( ئاللاھ يولىدا ) جىھادقا چىققان كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرۈپ ۋە پەيغەمبەرلىرىمگە تەستىق قىلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇنى نۇرغۇن ئەجىر بىلەن قايتۇرىمەن ( ئەگەر ھايات كەلسە ) ياكى ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن ( ئەگەر ئۆلسە) دەپ الله كېپىل بولدى . ئەگەر ئۈممىتىمگە مۇشەققەت كەلتۈرۈشۈم بولمىسا ئىدى، مەن بىرمۇ جەڭ قوشۇنىنىڭ ئارقىدا ئولتۇرۇپ قالمايتتىم . ۋە ئەلۋەتتە دوست تۇتتۇم مەن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەيمەن ئاندىن تىرىلگەيمەن ئاندىن يەنە ئۆلتۈرۈلگەيمەن ئاندىن تىرىلگەيمەن ئاندىن يەنە ئۆلتۈرۈلگەيمەن.

## رامزان كېچىلىرىدە بىدار بولۇش نەپلە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

35ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ئىمان كەلتۈرۈپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ رامزان كېچىسىدە بىدار بولغان كىشىگە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

## ساۋاب ئۈمىد قىلىپ رامزان روزىسىنى تۇتۇش ئىماندىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

36ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئىمان كەلتۈرۈپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ رامزان روزىسىنى تۇتقان كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

## دىنى ئىسلامنىڭ ئاسان ئىكەنلىكى توغرىسىدا

37 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى ؛ دىن ئاساندۇر ھەرگىز بىر كىشى دىندا قاتتىق تۇرمىدى مەگەر (لېكىن ) دىن ئۇ كىشىگە غالىب بولدى. شۇڭا ئوتتۇراھال قىلىڭلار. ۋە تولۇق كامىلراقىغە يېقىن قىلىڭلار. ۋە ساۋابقا خۇرسەندە بولۇڭلار . ۋە ئەتىگەن بىلەن، ۋە كەچ بىلەن ۋە كېچىنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئىبادەتنى دائىم قىلىشقا ياردەم تەلەپ قىلىڭلار ( يەنى ئەتىگەندىكى ۋە كەچتىكى بىر بۆلۈك بوش خۇرسەندىلىك ۋاقتىلىرىدە ئىبادەت قىلىڭلار دېمەكدۇر )

## ناماز ئىماندىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

38ـ بەررا ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ تۇنجى مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىدا ئەنسارىلەردىن بولغان چوڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدىلەر. ۋە بەيتۇل مۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ئون ئالتە ياكى ئون يەتتە ئايدەك ناماز ئوقۇدى . ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ قىبلىنىڭ بەيتۇللا تەرەپكە بولۇشنى خوش كۆرەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇنجى ئەسىر نامىزىنى بەيتۇللاھ تەرەپكە قاراپ ئوقۇدى . ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن جامائەتمۇ ئوقۇدى . رەسۇلۇللاھ بىلەن ناماز ئوقۇغان بىر كىشى چىقىپ مەسجىدتە رۇكۇ قىلىۋاتقان جامائەتلەرگە ئۆتۈپ ‹‹ئاللاھ بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مەككە مۇكەررەمە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇدۇم›› دېدى. بۇ جامائەتلەرمۇ ئۆز پېتى رۇكۇدا تۇرۇپ بەيتۇللاھ تەرەپكە ئۆرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇشى يەھۇدىيلارنى خۇرسەندە قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يۈزلەرنى بەيتۇللاغا ئۆرگەندىن كېيىن يەھۇدىيلار بۇنىڭغا ئىنكار قىلدى.

## كىشىنىڭ ئىسلامىنىڭ چىرايلىق بولۇشى توغرىسىدا

39 – ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىيى ﷺ دىن ئۇ زات رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. بىر بەندە مۇسۇلمان بولۇپ ئۇنىڭ ئىسلامى چىرايلىق ياخشى بولسا الله ئۇ بەندىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن ھەممە يامان – گۇناھلىرىنى كاپارەت قىلىدۇ.(ياپىدۇ). بۇنىڭدىن كېيىن قىساس بار. بىر ھەسسە ياخشىلىق ـ ساۋابلىق ئىش ئۆزىنىڭ ئوخشىشىنىڭ ئون باراۋەرىگىدۇر، يەتتە يۈز ھەسسىگىچىلىك. ۋە بىر گۇناھ ئۆزىنىڭ بىر باراۋىرىگىدۇر. (بىر گۇناھ بىر يېزىلىدۇ.) مەگەر (لېكىن ) الله ئۆتۈپ كەتكەن گۇناھ بۇنىڭ سىرتىدا. ( ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىدا )

## دىنىنىڭ ئاللاھ تائالاغا دوستىراقى دائىمراغى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

40 – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. قىشىدا بىر خوتۇن باردى . رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ خوتۇن كىم دەپ سورىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پالانى خوتۇن دەپ ئۇنىڭ كۆپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى زىكىر قىلدى. جانابىي رەسۇلۇللاھ ﷺ مەھ ‹‹توختا ›› سىلەر تاقەت قىلالىغۇدەك ئىشلارنى لازىم تۇتۇڭلار. ئاللاھىغا قەسەمكى الله مالال بولمايدۇ ھەتتاكى سىلەر مالال بولۇپ قالمىغىچىلىك. ۋە دىنىنىڭ دوستىراقى ئاللاھ تائالاغا ئۇ دىنىنىڭ ئىگەسى داۋاملىق قىلغان ئەمەلدۇر.

## ئىماننىڭ كەم ۋە زىيادە بولۇشى توغرىسىدا

41 – ئەنەس ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : لاالـەالاالله دېگەن ۋە ئۇنىڭ دىلىدە ياخشىلىقتىن ئارپا ۋەزنى مىقدارى بولغان كىشى دوزاختىن چىقىدۇ. لَااِلَـهَاِلَّااللّٰهُ دىگەن ۋە ئۇنىڭ دىلىدا بۇغداي ئېغىرلىقى مىقدارى ياخشىلىق بار كىشى دوزاختىن چىقىدۇ. ۋە دىلىدە زەررە مىقدارى ياخشىلىق بولۇپ لَااِلَهَاِلَّااللّٰهُ دېگەن كىشمۇ ئاخىر دوزاختىن چىقىدۇ.

42ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ﷺ دىن ئۇنىڭغا يەھۇدىدىن بىر كىشى ئېيتتى : ئى ئەمىرۇل مۆمىنىن سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردا بىر ئايەت باركى ئۇنى ئوقۇيسىلەر. ئەگەر ئۇ ئايەت بىز يەھۇدىلەرگە چۈشكەن بولسا بىز شۇ ئايەت چۈشكەن كۈننى ھېيت – بايرام قىلار ئىدۇق . ئەمىرۇل مۆمىنىن ئېيتتىكى ئۇ قايسى ئايەت؟ يەھۇدىي ئېيتتى : ﴿أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلَامَ دِينًا﴾سۈرە مائىدە 3ـ ئايەت } مەنىسى ‹‹بۈگۈن سىلەرگە دىنىڭلارنى كامىل قىلدىم. ۋە سىلەرگە نېمىتىمنى تامام قىلدىم. ۋە سىلەرگە ئىسلامنىڭ دىنىڭلار بولۇشىغا

رازى بولدۇم›› . ئۆمەر ﷺ ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ غا مۇشۇ ئايەتنىڭ نازىل بولغان ماكانىنى ۋە كۈننى تونۇدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ جۈمە كۈنى ئەراپاتتا تۇرغاندا چۈشكەن .

## زاكات بېرىش ئىسلامدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

43ـ تەلھەتە بىننى ئۇبەيدۇللاھ ﷺ دىن ئېيتىدۇ : رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا ئەھلى نەجدىدىن باشلىرى چۇۋۇق بىر كىشى كەلدىكى ئاھاڭىنى ئاڭلايمىز نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمەيمىز. ھەتتا بىزگە يېقىن كەلدى. بىناگاھ ئۇ كىشى ئىسلام دىن سورايدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ئىسلام دېگەن بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشدۇر. ئۇ كىشى سورىدى : ئايا ماڭا بەش نامازدىن باشقا ناماز بارمۇ؟ ئېيتتى : ياق. لېكىن نەپلە ئوقۇغايسەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ئىسلام بىر ئاي روزا تۇتۇشدۇر. ئېيتتى ئۇ كىشى ئايا ماڭا رامىزان روزىسىدىن باشقا روزا پەرزمۇ؟ ئېيتتى: ياق . لېكىن نەپلە روزا تۇتقايسەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا زاكاتنىڭ پەرزلىكىنى زىكىر قىلدى. ئېيتتى ئايا ماڭا پەرز زاكاتتىن باشقىسى ۋاجىبمۇ؟ ئېيتتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام : لېكىن نەپلە سەدىقە بەرگەيسەن . تەلھەتە ﷺ ئېيتتى : ئۇ كىشى قايتىشكى ئېيتىدۇ: ئاللاھقا قەسەمكى بۇنىڭغا كام ۋە زىيادە قىلمايمەن . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : ئەگەر ئۇ راست ئېيتسا نىجات تاپتى.

## جىنازىگە ئەگىشىش ئىماندىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

44ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ئىمان كەلتۈرۈپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ بىر مۇسۇلماننىڭ جىنازا نامىزىغا بىللە تۇرۇپ ئوقۇپ ئاندىن دەپنىدىن پارىغ بولغۇچىلىك ئەگەشكەن كىشى ئۇھۇد تېغىدەك ئىككى قىرات ساۋابقا ئېرىشىپ قايتىدۇ. نامازغا قاتنىشىپ دەپنىگە بارماي قايتقان كىشى بىر قىرات ساۋاب بىلەن قايتىدۇ.

## مۆمىن ئۆزى ئۇقمىغان ھالدا ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇشى توغرىسىدا .

45ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : مۇسۇلماننى دەشنەم قىلىش پاسىقلىقدۇر . مۇسۇلمان بىلەن ئۇرۇش قىلىش كۇفرىدۇر .

46ـ ئۇبادەتە بىننى سامىت ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ شبى قەدىر كېچىسى چىقتى . مۇسۇلمانلاردىن ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : مەن سىلەرگە قەدىر كېچىنى خەۋەر قىلغىلى چىققان ئىدىم. پالانى ۋە پالانى ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىدىن ئۇ شبى قەدىرنى ئىسىمدىن كۆتۈرۈلدى . ۋە دىلىمدىن كۆتۈرۈلگىنى ياخشى بولغۇسىدۇر. قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ يىگىرمە يەتتىنچى ۋە يىگىرمە توققۇزىنچى ۋە يىگىرمە بەشىنچى كېچىلىرى تەلەپ قىلىڭلار.

## جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە ئىمان ، ئىسلام ۋە ئىھساندىن سوئال قىلغانلىرى توغرىسىدا

47 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كۈنى خالايىق ئىچىدە ئاشكار تۇراتتى. بىر كىشى كېلىپ ئىمان نېمەدۇر ؟ دېدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىمان شۇدۇركى ئىمان كەلتۈرگەيسەن ئاللاھ تائالاغا ۋە پەرىشتىلەرگە ۋە پەيغەمبەرلەرگە . ۋە ئىمان كەلتۈرگەيسەن ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە . ئىيتتى : ئىسلام نېمەدۇر ؟ ئىيتتى: ئىسلام شۇدۇركى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغايسەن ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمىگەيسەن. ۋە نامازنى بەرپا قىلغايسەن. ۋە پەرز زاكاتنى بەرگەيسەن ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتقايسەن . ئىيتتى ئۇ كىشى : ئېھسان نېمەدۇر ؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىيتتى : ئېھسان شۇدۇركى ئىبادەت قىلغايسەن ئاللاھ تائالاغا گوياكى سەن ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك . گەرچە سەن ئاللاھ تائالانى كۆرمىسەڭ الله سىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئىيتتى : قىيامەت قاچاندۇر؟ ئىيتتى : قىيامەتتىن سورالغۇچى سورىغۇچىدىن ئالىمراق ئەمەس. ۋە ساڭا ئۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلەردىن خەبەر قىلىپ بېرەي. ۋاقتىكى تۇغسا دېدەك ئايال ئۆز خوجىسىنى (يەنى بالا ئانىسىغا خوجا بولسا ، نارازى قىلسا) ۋە ھەر خىل تۆگە باققۇچىلار ئۆي ئىمارەت سېلىشتا بەسلىشىپ پەخرى قىلىشسا قىيامەتنىڭ ئىلمىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بەش ئىشتادۇر. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. ﴿ إِنَّ اللَّهَ عِندَهُ عِلْمُ السَّاعَةِ﴾ مەنىسى‹‹ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدادۇر قىيامەتنىڭ ئىلمى ›› { سۈرە لوقمان 34ـ ئايەت}. ئاندىن ئۇ كىشى قايتىپ كەتتى . جانابىي رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار دېدى . ئۇلار ھېچنېمىنى كۆرمىدى. ئىيتتى: بۇ سوئال قىلغان كىشى جىبرىئىلدۇركى خالايىققا دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى.

## ئۆزىنىڭ دىنىنى نۇقساندىن پاك قىلغان كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

48ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ : ھالال ئاشكارىدۇر. ۋە ھارام ئېنىق ئاشكارىدۇر . ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپ كىشىلەر بىلمەيدىغان شۈبھىلىك نەرسىلەر باردۇر. شەك – شۈبھىدىن پەرھىز قىلغان كىشى ئۆز ئابرۇيىنى ۋە ئۆز دىنىنى قەتئىي ساقلىدى. ۋە شەك – شۈبھەگە چۈشۈپ قالغان كىشى پادا باققۇچىغا ئوخشايدۇكى چېگرانىڭ ئەتراپىدە يېقىندۇركى ئۇ چارۋىلار چېگرا ئىچىگە كىرىپ كەتكەي. ئاگاھ بولۇڭلاركى ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى باردۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى ئاللاھنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى چېگراسى الله ھارام قىلغان نەرسىلەردۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى بەدەندە بىر پارچە گۆش باردۇر. ئۇ ياخشى بولسا پۈتۈن بەدەن ھەممىسى ياخشى بولىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى ئۇ گۆش دىلدۇر.

## بەش نەرسنى ئادا قىلىش ئىماندىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

49 – ئىبنى ئابباس ﷺ دىن ئابدۇل قەيسنىڭ ئەلچىلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا كەلگەندە- بۇ قەۋملەر ياكى بۇ ئەلچىلەر كىم؟- دەپ سورىدى. ئۇلار- بىز رەبىئە قەبىلىسىدىن - دېدىلەر . ئېيتتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قەۋملەرگە ياكى ئەلچىللەرگە مۇبارەك بولسۇن . نا ئۈمىد بولمىغان، ۋە پۇشايمان قىلمىغان ھالدا. ئېيتتىلەر: يا رەسۇلۇللاھ ئۆزلىرى ھۇزۇرىغا ھەج ئايلىرىدىن باشقا ۋاقىتتا كېلىشكە قادىر بولالمايمىز. سىلە بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا مۇزەر كاپىرلىرىدىن بۇ مەھەللە بار . بىزلەرنى تەپسىلىي ئىشقا بۇيرۇسىلا .ئارقىمىزدا قالغانلىرىغا خەۋەر قىلىمىز. ۋە ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرىمىز. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ غە شارابلىرىدىن سوئال قىلدىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت ئىشقا بۇيرۇدى . ۋە تۆت ئىشتىن نەھى قىلدى. ئۇلارنى تەنھا بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە ئەمر قىلدى. ۋە ئېيتتى : بىلەمسىزلەر تەنھا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش نېمەدۇر ؟ ئېيتتىلەر: ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ئالىمدۇر. ئېيتتى : تەنھا ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر . ۋە نامازنى بەرپا قىلىشتۇر. ۋە زاكاتنى بېرىشتۇر . ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتۇر. ۋە غەنىيمەتتىن بەشتىن بىرىنى بەيتۇل مالغا بەرگەيسىزلەر. ۋە ئۇلارنى تۆت ئىشتىن نەھى قىلدى. (تۇستى) يېشىل كۆزا ۋە قاپاق ۋە چۆچەك- تەڭنە، ۋە قاراماي سۈرتۈلگەن سېۋەت ۋە سۇغۇلەرنى ئىشلىتىشتىن نەھى قىلدى.[4] ۋە ئېيتتى : يوقارقى مەسىلىلەرنى ئوبدان ياد ئېلىڭلار ۋە ئارقاڭلاردىكى ( يۇرتۇڭلاردىكى ) ئادەملەرگە خەۋەر قىلىڭلار.

## ئەمەل نىيەت بىلەن ئىكەنلىكى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا

50- ئۆمەرﷺ دىن ئەمەللەر نىيەت بىلەندۇر . دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنىپ كىتابنىڭ ئەۋۋەلىدە ئۆتتى . ۋە ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللاھ زىيادە قىلدى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ‹‹ اِنما لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى››دېگەن قەۋلىگە(سۆزىگە ) ‹‹ فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى اللهِ وَرَسُولِه فَهِجْرَتُهُ إِلَى اللهِ وَرَسُولِه ››(يەنى كىشىكى ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبىرىگە بولسا ئۇ كىشىنىڭ ھىجرىتى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە بولىدۇ.) ئاندىن بىر كىشىنىڭ ھىجرىتى يەتمەكچى بولغان دۇنياغا ياكى ئۆيلەنمەكچى بولغان خوتۇنغا بولسا ئۇ كىشىنىڭ ھىجرىتى نېمە ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا شۇنىڭغا بولىدۇ›› دېگەن ھەدىسنىڭ قالغىنىنى بايان قىلدى.

---

[4] ئۇلار بۇ قاچىلەردە ھاراق ئېچىتىدىغان ئىدىلەر.ھەمدە بۇ قاچىلەردە ھاراق ئىچىدۇر، شۇڭا بۇلاردىن نەھى قىلدى.

51ـ ئەبى مەسئۇد ﷺ دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىيتتى : ۋاقتىكى بىر كىشى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئەھلى ۋە ئايالللىرىغا نەپىقە بەرسە ، ئۇ نەپىقە ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقىدۇر .

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ‹‹دىن نەسىھەتتۇر›› دىگەن سۆزى توغرىسىدا

52ـ جەرىر بىننى ئابدۇللاھ ﷺ دىن ئىيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ غا ناماز بەرپا قىلىشقا ۋە زاكاتنى ئادا قىلىشقا ۋە ھەربىر مۇسۇلمانغا خەيرخاھلىق قىلىشقا بەيئەت قىلدىم .

53ـ جەرىر بىننى ئابدۇللاھ ﷺ ئىيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئىيتتىم : ئۈزلىرىگە ئىسلامغا بەيئەت قىلىمەن . رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا ھەر بىر مۇسۇلمانغا خەيرخاھلىق قىلىشنى شەرت قىلدى. مەن شۇنىڭغا قارىتا رەسۇلۇللاھ ﷺ غا بەيئەت قىلدىم.

# ئىلىمنىڭ كىتابى

## ئىلىمنىڭ پەزىلىتىنىڭ بايانى

54ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺدىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ قەۋملەرگە ھەدىس قىلىۋاتقاندا بىر سەھرايى ئەرەب ھۇزۇرىغا كېلىپ قىيامەت قاچان؟ دەپ سورىدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەدىس قىلىۋەردى.جامائەت ـرەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ ئۇنى كەرىھ كۆردى- دىيىشتى . ۋە بەزىلىرى ـبەلكى ئاڭلىمىدى- دىيىشتى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەدىسىنى تۈگىتىپ- قىيامەتتىن سورىغۇچى قىنى؟ ـدىدى . ئۇ كىشى مانا مەن يا رەسۇلۇللاھ دىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئىيتتى : ۋاقتىكى ئامانەت زايە قىلىنسا قىيامەتنى كۈت. ئۇ كىشى ئىيتتى ئامانەتنى زايە قىلىش قانداقتۇر؟ ئىيتتى: ۋاقتىكى ئىشنى نائەھلىگە تاپشۇرۇلسا قىيامەتكە مۇنتەزىر بول! (كۈت)!

## ئىلىم بىلەن ئاۋازنى كۆتۈرگەن كىشى توغرىسىدا

55ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئىيتتى : ـپەيغەمبەر ﷺ سەپەر قىلغان بىر سەپىرىمىزدە ئارقىدا قالدى. كېيىن يىتىپ كەلدى. ۋەھال ئۇلكى ناماز ۋاقتى يېقىن بولۇپ بىزا تاھارەت ئىلىپ بولۇپ پۇتلىرىمىزنى يۇيۇپ تۇراتتۇق. ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن نىدا قىلدىكى ۋاي ئازاب پاشنىلەرگە(تاپانلارغا) ئوتتىن. ئىككى مەررە(قېتىم) ياكى ئۈچ مەررە.[5] (يەنى يۇيۇلماي قالغان پاشنىلەرگە ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ.)

[5] ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم شۇنداق دەپ نىدا قىلدى

## ئىمام يارانلىرىگە ئۇلاردىكى ئىلىمنى سىناپ ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن مەسىلىنى ئوتتۇرىلىرىغا تاشلاش توغرىسىدا

56ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئىيتتى: ئىيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : دەرەخلەرنىڭ ئىچىدىن ياپرىقى چۈشمەيدىغان ۋە ئۇ مۇسۇلمانغا ئوخشايدىغان بىر دەرەخ بار. دەپ بىرىڭلار ماڭا قايسى دەرەخ ئۇ؟ خالايىقلار يىزا قىشلاقتىكى دەرەخلەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئىيتتى ئىبنى ئۆمەر : مىنىڭ كۆڭلۈمگە ئۇ چوقۇم خورما دەرىخى دىگەن خىيال چۈشتى. لىكىن هايا قىلدىم. ئاندىن خالايىقلار ـدەپ بەرسىلە نىمە دەرەخ ئۇ يا رەسۇلۇللاھ ـدىدى . ئىيتتى: ئۇ خورما دەرىخىدۇر.

## مۇھەددىسكە (ھەدىسشۇناسگە) توغرا بولۇش ۋە ئۇنىڭغا قىرائەت قىلىش توغرىسىدا

57ـ ئەنەس ﷺ دىن ئىيتتى : بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مەسجىددە ئولتۇرغۇچى ئىدۇق. تۆگىلىك بىر ئادەم مەسجىددە تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ تىزلامچا سىلىپ قويۇپ ئىيتتى : قايسىڭلار مۇھەممەد؟ پەيغەمبەر ﷺ جامائەت ئارىسىدا يۆلۈنۈپ تۇراتتى. ئىيتتۇق: مۇشۇ يۆلۈنۈپ تۇرغان ئاق كىشىدۇر . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئۇ كىشى ئىيتتى : ئەي ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب! ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىيتتى : ئىجابەت قىلدىم. ئۇ ئادەم سىلىدىن مەسىلە سوراشتا قاتتىق سورايمەن. ئۆز نەپسىلىرىدە ماڭا خاپا بولمىسىلا دىدى . ئىيتتى : ساڭا زاھىر بولغان نەرسىدىن سورىغىن. ئۇ ئادەم ئىيتتى: پەرۋەردىگارلىرى ۋە سىلىدىن ئىلگىرىكى زاتلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرىدىن سورايمەنكى ئايا ئاللاھ ئۆزلىرىنى ھەممە خالايىققا پەيغەمبەر قىلىپ ئىبەردىمۇ؟ ئىيتتى : ئارى خۇدا ئىبەردى. ئىيتتى : ئۆزلىرىدىن ئاللاھ بىلەن تەلەپ قىلىمەنكى ئايا الله سىلىنى بىر كىچە كۈندۈزدە بەش ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدىمۇ؟ ئىيتتى : ئاللاھھۇممە ئارى بۇيرۇدى . ئىيتتى : ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرىگە تەلەپ قويىمەنكى ئايا ئاللاھ سىلىنى بىر يىلدا مۇشۇ ئايدا روزا تۇتۇشقا بۇيرىدىمۇ؟ ئىيتتى : ئاللاھھۇممە ئارى بۇيرۇدى . ئىيتتى: ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلىمەنكى ئايا ئاللاھ مۇشۇ زاكاتنى بايلىرىمىزدىن ئىلىپ پىقىرلىرىمىزگە تەقسىم قىلىپ بىرىشكە ئەمىر قىلدىمۇ؟ ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئاللاھھۇممە ئارى ھەئە . ئۇ ئادەم ئىيتتى : سىلە كەلتۈرگەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈردۈم . مەن ۋە ئارقامدا (ۋەتەندە) قالغان جامائەتلىرىمنىڭ ئەلچىسى زىمام ئىبنى سوئلەبەدۇرمەن سەئىد بىننى بەكرى ئەۋلادىنىڭ بۇرادىرى.

58 – ئىبنى ئابباس ئەنھۇمادىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر پارچە خەتنى بىر كىشىگە ئەۋەتىپ ئۇ كىشىنى بۇ خەتنى بەھرەين كاتتىسغە بەرسۇن دەپ ئەمىر قىلدى. بۇ خەتنى بەھرەين كاتتىسى كىسراغا بەردى . كىسرا بۇ خەتنى ئوقۇپ يىرتىۋەتتى. ئىبنى ئابباس ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى بىتچىت قىلىنىپ گۇمران بولسۇن دەپ دۇئايى بەد قىلدى.

59ـ ئەنەس ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى ياكى يېزىشنى ئىرادە قىلغاندا دېيىلدىكى : ئۇ ئەھلى كىتابلار مۆھۈرى بېسىلمىغان مەكتۇپنى ئوقۇمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ‹‹ محمد رسول الله›› نەقىشلىك مۆھۈرنى تۇتتى.

60 – ئەبى ۋاقىدىل لەيسى ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مەسجىدتە خالايىقلار بىلەن بىللە ئولتۇرغۇچى ئىدى. ناگاھ ئۈچ كىشى كەلدى. ئىككىسى پەيغەمبەر ﷺ گە ئىقبال قىلىپ تۇردى. بىرسى قايتىپ كەتتى. ئېيتتى ۋاقىد راۋى: ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قاراپ تۇردى. ئەمما بىرسى ھەلقەدە بوش يەرنى كۆرۈپ شۇ يەردە ئولتۇردى. يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئارقىدا ئولتۇردى. ئەمما ئۈچىنچىسى ئارقىغا قايتىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ سۆزدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئېيتتى: سىلەرگە ئۈچ كىشىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئەمما ئۇلارنىڭ بىرى ئاللاھقا ئارام ئالدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئورۇن بەردى.( يەنى رەھمىتىگە ۋە رىزالىقىغە قوشتى) ۋە يەنە بىر ھايا قىلىپ ئارقىدا ئولتۇردى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن ھايا قىلدى. ( يەنى ئازاب قىلىشتىن ھايا قىلدى) ئەمما يەنە بىرى يۈز ئۆردى ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆردى .

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ‹‹بىسيار (بەزى) يەتكۈزۈلگۈچى بار ئاڭلىغۇچىدىن بەكراق ساقلىغۇچىراقدۇر›› دېگەن ھەدىسى توغرىسىدا

61ـ ئەبۇ بەكرى ﷺ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ تۆگىسى ئۈستىدە ئولتۇردى. ۋە بىر كىشى تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى ئاندىن ئېيتتى:

قايسى كۈن بۇ؟ بىز سۈكۈت قىلدۇق ھەتتا گۇمان قىلدۇقكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ كۈنگە باشقا ئىسىم قويىدىغان ئوخشايدۇ. ئېيتتى : ئايا نەھرى ( قۇربانلىق) كۈنى ئەمەسمۇ؟ ئېيتتۇق: ئارى شۇنداق . ئېيتتى : قايسى ئاي بۇ؟ بىز جىم تۇردۇق ھەتتا گۇمان قىلدۇقكى بۇ ئاينى باشقا ئىسمى بىلەن ئاتايدىغان ئوخشايدۇ. ئېيتتى : زۇلھەججە ئېيى ئەمەسمۇ؟ ئېيتتۇق : ئارى شۇنداق. ئېيتتى: خۇنۇڭلار(قېنىڭلار) ماللىرىڭلار ۋە ئابرۇيىڭلار ئاراڭلاردا ھارامدۇر خۇددى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىڭلار مۇشۇ ئايلىرىڭلار ھارام بولغىنىغا ئوخشاش. ئەلۋەتتە ھازىر بولغۇچىلار غائىبلەرگە (كەلمىگەنلەرگە) يەتكۈزسۇن. ھازىر بولغۇچى ئۆزىدىن بەكراق ساقلىغۇچى ياد ئالغۇچىغا يەتكۈزگىسىدۇر.

62ـ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىزلەرنىڭ مالال بولۇپ قىلىشىمىزنى كەرىھ كۆرۈپ ، بىزلەرنى كۈنلەردە ئارىلاپ ۋەز – نەسىھەت بىلەن يوقلاپ تۇراتتى.

63ـ ئەنەس ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئاسان قىلىڭلار ۋە تەس دىشۋار قىلماڭلار. ۋە خوشخەۋەر بېرىڭلار ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار .

## ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان كىشىنى فەقىھ (دىندا ئالىم) قىلىشى توغرىسىدا

64ـ مۇئاۋىيە ﷺ دىن ئىيتىتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئىيتىدۇ: الله بىر كىشىگە ياشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇ كىشىنى دىندا فەقىھ ئالىم قىلىدۇ. ۋە شەكسىز مەن تەقسىم قىلغۇچىدۇرمەن . ۋ ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئاتا قىلىدۇ. ۋە ھەرگىز زائىل بولمايدۇ ( دائىم بولىدۇ) مۇشۇ ئۈممەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە قائىم ( بەرپا ) بولغان ھالىتىدە. ھەتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ( قىيامەت ) كەلگۈچىلىك ئۇلارغا خىلاپ قىلغان كىشى ئۇلارغا ھەرگىز زىيان – زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ.

## ئىلىمدە فەھمى (چۈشىنىش ) توغرىسىدا

65ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئىيتىتى: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ ھوزۇرىدا ئىدۇق. خورما يېغى كەلتۈرۈلدى . پەيغەمبەر ﷺ ئىيتتى: دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە بىر دەرەخ بار. راۋى ھەدىسىنى يۇقىرىدا زىكرى قىلدى. بۇ رىۋايەتتە. ‹‹ بىناگاھ مەن قەۋملەرنىڭ كىچىكىراقىدۇرمەن. شۇڭا جىم تۇردۇم. ›› دېگەن سۆزنى زىيادە قىلدى.

66ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن ئىيتىتى : ئىيتىتى پەيغەمبەر ﷺ : يوق ھەسەت مەگەر ئىككى كىشىگە. بىرى كىشىدۇركى الله ئۇنىڭغا مال ئاتا قىلدى. ۋە ئۇ مالنى ھەق يولدا ئىشلىتىشكە ئىگە قىلدى. ۋە يەنە بىرى كىشىدۇركى الله ئۇنىڭغا ئىلىم – ھېكمەت ئاتا قىلدى. ئۇ كىشى ئۇ ئىلىم بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ۋە ئۇ ئىلىمنى خالايىققا تەلىم قىلىدۇ.( يەنى يوقارقى ئىككى خىل كىشىنىڭ پۇل –مالنى ھەق يولدا سەرپ قىلغىنىغا ۋە ئىلىم ئۆگىنىپ خەلققە تەلىم قىلغىنىغا قاراپ ماڭىمۇ الله پۇل – مال بەرسە ھەق يولدا ئىشلەتسەم، ۋە ئىلىم ئاتا قىلسا خەلققە تەلىم بەرسەم دىسە ھەسەت بولمايدۇ)

## پەيغەمبەر ﷺ ئىبنى ئابباس ﷺ غا ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا كىتابنى تەلىم قىلغىل دەپ دۇئا قىلغانلىقى توغرىسىدا

67ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتىتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى ئۆزىگە قوشۇپ (قۇچاقلاپ تۇرۇپ ) ئىيتتى: ئى بارا خۇدايا ئۇنىڭغا كىتابنى تەلىم قىلغىل.

## نارەسىدە بالىنىڭ ھەدىس ئاڭلىشى قاچان دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

68ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: مەن ئېشەككە مىنىپ كەلدىم ۋە مەن شۇ كۈنلەردە بالاغەتكە يېقىنلاشقان ئىدىم. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ مىنادا سۈترەسىز (تۈزدە) ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. مەن بەزى سەپلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم ۋە ئېشەكنى ئوتلىغىلى قويۇپ بەردىم. لېكىن ھېچ بىراۋ مېنى ئىنكار قىلمىدى.

69ـ مەھمۇد بىننى رەبىئ ﷺ دىن ئېيتتى: مەن بەش ياش ۋاقتىمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ يۈزۈمگە سۇغۇدىكى سۇدىن بىر مەررە چاچقانلىغىنى ئەقلىمدە تۇتتۇم.

## ئىلىمنى ئۆگىنىپ ئۆگەتكەن كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

70ـ ئەبۇ مۇسا ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: اللّٰه مېنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن ئىلىم ۋە ھىدايەتنىڭ مىسالى بىر كەڭرى زېمىنغا ياغقان كۆپ يامغۇرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ . ئۇ زېمىندىن ياخشى مۇنبەت سۇنى قوبۇل قىلىدىغان يەر بولۇپ نۇرغۇن گىياھ ، ئوت-چۆپلەرنى ئۈندۈرىدۇ . ۋە ئۇ زېمىننىڭ بەزىسى قاتتىق سۇ سىڭمەس بولۇپ سۇنى تۇتۇپ تۇردى. ئاللاھ ئۇ سۇ بىلەن ئىنسانلارغا مەنپەئەت بەردى. ئۇلار ئىچتى ۋە سۇغاردىلەر ۋە تېرىقچىلىق قىلدىلەر. ۋە يەنە ئۇ زېمىندىن بەزىسى تۈپ-تۈز سۇنىمۇ ساقلاپ تۇرالمايدۇ. ۋە گىياھلارنىمۇ ئۈندۈرالمايدۇ. مۇشۇ يوقارقى مىسال كىشىنىڭ مىسالىدۇركى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا ئالىم بولدى ۋە ئاللاھ مەن بىلەن ئەۋەتكەن نەرسە بىلەن ئۇ كىشىگە مەنپەئەت بەردى. ۋە ئىلىم ئۆگەندى ۋە ئىلىمنى ئۆگەتتى. ۋە بىر كىشىنىڭ مىسالىدۇركى بۇ ئىلىم –ھېكمەتكە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. ۋە مەن بىلەن ئىبىرىلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىدى .

## ئىلىمنىڭ كۆتۈرلىشى ۋا نادانلىقنىڭ ئاشكارا بولۇشى توغرىسىدا

71ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : قىيامەت ئالامەتلەردىندۇر شۇكى ئىلىم كۆتۈرۈلگەي ۋە نادانلىق سابىت بولغاي.(ئاشكارا بولىدۇ) ۋە ھاراق ئىچىلگەي ۋە زىنا ئاشكارا بولغاي.

72ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: ئەلۋەتتە مەن سىزلەرگە مەندىن كېيىن ھېچكىم ھەدىس قىلىپ بەرمەيدىغان ھەدىسنى دەپ بېرەي . رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر ئىلىمنىڭ ئازلىشى ۋە جاھالەتنىڭ ( نادانلىقنىڭ ) ئاشكارا بولىشى ۋە زىنانىڭ ئاشكارا بولىشى ۋە خوتۇنلارنىڭ كۆپ بولىشى ۋە ئەرلەرنىڭ ئاز بولۇشى ھەتتاكى ئەللىك خوتۇنغا بىر باشقۇرغۇچى بولىدۇ.

## ئىلىمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

73ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ. ئۇخلىغان ھالىتىمدە بىر قاچا سۈت كەلتۈرۈلدۈم . (چۈشۈمدە دېمەكچى ) سۈتنى ئىچتىم ھەتتاكى سىرابلىقنى (قېنىشىنى ) تىرناقلىرىمغا چىققانىنى كۆرۈمەن ( يەنى تىرناقلىرىمغىچە سۈتكە قاندىم) ئاندىن ئاشقانىنى ئۆمەر بىننى خەتتابقە بەردىم. ساھابىلەر ئېيتتىلەر : ئۇ سۈتنى نېمىگە تەۋىل قىلدىلا يا رەسۇلۇللاھ (ئۈرۈدىلە، تەبىر بەردىلە) ئېيتتى: ئىلىمگە.

## ئۇلاق ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە تۇرۇپ پەتىۋا بېرىش توغرىسىدا

74ـ ئابدۇللاھ بىننى ئەمرى بىننى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: پەيغەمبەر ﷺ ھەججەتۇل ۋىدا دا مىنادا توختىدى. ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مەسئەلە سورايدۇلەر. بىر كىشى كېلىپ ئېيتتى : زەبھى قىلىشنىڭ ئالدىدا ئۇقمايلا بېشىمنى چۈشۈرۈۋەتتىم. ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : زەبھى قىل گۇناھ يوق. يەنە بىر كىشى كېلىپ ئېيتتى: تۇيمايلا تاش ئېتىشنىڭ ئالدىدا زەبھى قىلدىم . ئېيتتى : تاش ئات ھەرەج يوق. پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان ھەج ئىبادەتلەردىن سورالسىلا قىل ھەرەج يوق دېدى .

## باش ۋە قول ئىشارىتى بىلەن پەتىۋاغە جاۋاب بەرگەن كىشى توغرىسىدا

75ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئىلىم قەبزى قىلىنىدۇ ( ئېلىپ كېتىلىدۇ ) . نادانلىق ئاشكارا بولىدۇ. ۋە ھەرەج كۆپ بولىدۇ. دېيىلدى . يا رەسۇلۇللاھ ھەرەج نېمەدۇر ؟ ئېيتتى يەنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. ۋە ئۆلتۈرۈشنى ئىرادە قىلغاندەك قىلىپ قولىنى ئۇرىدى. ( ھەرەج ـ ئۆلتۈرۈش كۆپ بولىدۇ)

76ـ ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى : ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ . ئېيتتىم : خالايىققا نېمە ئىش بولىدى؟ ئاسمانغا ئىشارەت قىلدى. ناگاھان خەلقلەر ئۆرە تۇرغۇچىدۇر. ئېيتتى: سۇبھانالالاھ : ئېيتتىم : ئەلامەتمۇ؟ بېشى بىلەن ھەئە دەپ ئىشارەت قىلدى. قورقتۇم ھەتتا كۆڭلۈم ئەمەسلەندى. بېشىمغا سۇ قۇيدۇم. پەيغەمبەر ﷺ ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتتى ۋە سانا ئېيتتى. ئاندىن ئېيتتى: ماڭا كۆرسىتىلمىگەن ھەممە نەرسىنى مۇشۇ ماقامدا كۆردۇم . ھەتتاكى جەننەت ۋە دوزاخنىمۇ كۆردۇم . ئاندىن ماڭا ۋەھى ئىبرىلدى. سىلەر قەبرەڭلاردا مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىگە ئوخشاش ياكى شۇنىڭغا يېقىن پىتنە قىلىنىسىلەر . سورىلىدۇ: سىنىڭ بۇ كىشىگە ( پەيغەمبەر ﷺ گە ) ئىلمىڭ نېمەدۇر ؟ ئەمما مۆمىن ياكى مۇقىن ( جەزم قىلىپ ئىشەنگۈچى) ئېيتىدۇ: ئۇ بىزلەرگە ھىدايەتنى ۋە ئوچۇق بايانىنى ( قۇرئانىنى ) كەلتۈرگەن مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ دۇر. ئۇ زاتقا ئىجابەت قىلدۇق ۋە ئەگەشتۇق. ئۇ مۇھەممەد ﷺ دۇر دەپ ئۈچ مەررە ئېيتىدۇ. دېيىلىدۇ : ياخشى ئۇخلىغىن سىنىڭ ئۇ زاتقا ئىشەنگۈچى ئىكەنلىكىڭنى بىلەر ئىدۇق. ۋە ئەمما مۇناپىق ياكى شەك قىلغۇچى بىلمەيمەن خەلقلەر بىر نەرسە دېگەننى ئاڭلاپ شۇلارنى دوراپ مەنمۇ بىر نەرسە دېگەن ئىدىم دەيدۇ.

## ئارىغا چۈشكەن مەسىلە ھەققىدە ۋە بالا ـ چاقىلارغا تەلىم بېرىش ھەققىدە سەپەر قىلىش توغرىسىدا

77ـ ئوقبەتە بىننى ھارىس ﷛ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ ئەبۇ ئىھاب بىننى ئەزىزنىڭ قىزىگە ئۆيلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ قېشىغا بىر خوتۇن كېلىپ ئوقبەنى ۋە ئۇ ئالغان خوتۇننى مەن ئېمىتكەن (ئىككىڭلار ئىمگەندەش) دېدى . ئوقبە سىنىڭ مېنى ئېمىتكىنىڭنى بىلمەيمەن ۋە نە ماڭا خەۋەرمۇ قىلمىدىڭ ـ دېدى . ئاندىن ئوقبە مەدىنىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا ئۇلاغلىق بېرىپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنداق دېيىلسە قانداق ئۇي تۇتىسەن؟ ئاندىن ئۇ خوتۇن بىلەن ئوقبە ئاجىراشتى. ۋە ئۇ خوتۇن ئوقبەدىن باشقا بىر ئەرگە نىكاھلاندى.

## ئىلىم ئۆگىنىشتە نۆۋەتلىشىش توغرىسىدا

78ـ ئۆمەر ﷛ دىن ئېيتتى: مەدىنەنىڭ يوقارقى مەھەللىسىدە بەنى ئۇمەييە بىننى زەيد قەبىلىسىدە ئەنسارىلەردىن بىر قوشنام بار ئىدى. بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا چۈشۈشدە نۆۋەتلىشەر ئىدۇق. بىر كۈن ئۇ چۈشەر ئىدى. بىر كۈن مەن چۈشەر ئىدىم . مەن چۈشكەندە شۇ كۈندىكى ۋەھى ۋە باشقا خەۋەرنى ئېلىپ كېلەتتىم. ۋە ئۇ قوشنام چۈشسىمۇ شۇنداق قىلار ئىدى. ئەنسارى قوشنام ئۆز نۆۋىتىدە چۈشتى. ۋە مېنىڭ ئىشىكىمنى قاتتىق ئۇردى. ۋە ئېيتتى: ئايا ئۇ ئۆيدە بارمۇ؟ مەن چۆچۈپ كەتتىم ۋە ئىشىككە چىقتىم. ئېيتتى: ناھايىتى چوڭ ھادىسە بوپتۇ. ئاندىن ھەفسەنىڭ قېشىغا كىردىم ئۇ يىغلاۋېتىپتۇ. ئېيتتىم مەن: سىلەرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ تالاق قىلدىمۇ؟ ئېيتتى: بىلمەيمەن. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كىردىم. ۋە مەن ئۆرە تۇرۇپ ئېيتتىم : ئايا خوتۇنلىرىنى تالاق قىلدىلەرمۇ ؟ ئېيتتى : ياق. ئېيتتىم مەن : ئاللاھۇ ئەكبەر .

## پەندە نەسىھەت ۋە تەلىم ـتەربىيە قىلىۋاتقاندا مەكروھ ئىشنى كۆرۈپ غەزەپ قىلىش توغرىسىدا

79ـ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى ﷛ دىن ئېيتتى: بىر كىشى ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ پالانى كىشى بىزلەرگە ناماز ئوقۇغانلىقتىن نامازنى تاپالماسلىقىقا يېقىن بولدۇم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شۇ كۈندىكىدەك نەسىھەتتە قاتتىقراق غەزەپ قىلغاننى كۆرمىدىم. ئېيتتى: سىلەر خەلقنى ئۈركۈتۈپ (قاچۇر) ۋاتقىچىمۇ؟ خالايىققا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغان كىشى يەڭگىل ئوقۇسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېسەل ۋە ئاجىز ۋە ھاجەت ئىگىسى بار.

80 ـ زەيد بىننى خالىد جۇھەنىي ﷛ دىن ئېيتتى: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن چۈشۈپ قالغان نەرسىدىن سورىدى. ئېيتتى: ئۇنىڭ بوغۇچىنى ياكى قاچىسىنى ۋە خالتىنى تونۇپ قوي، ۋە بىر يىلغىچە تونۇت. (ئېلان قىل) ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەت ئال. ئەگەر ئىگىسى كەلسە ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر. ئۇ كىشى ئېيتتى: يۈتۈپ كەتكەن تۆگىچۇ؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ غەزەپ قىلىپ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى. يا يۈزى قىزىرىپ كەتتى: ئېيتتى: سىنىڭ تۆگە

بىلەن نىمە ئىشلىك. ئۇ تۆگە بىلەن سۇ تۇلۇمى ۋە قاچىسى بار سۇغا كېلىدۇ. ۋە دەرەختىن ئوتلايدۇ. ئۇ تۆگىنى قوي. ئۇنىڭغا ئىگىسى يولۇقىدۇ. ( تاپىدۇ) ئۇ كىشى ئېيتتى: يۈتۈپ كەتكەن قويچۇ؟ ئېيتتى: سىنىڭ ياكى سىنىڭ بۇرادىرىڭنىڭ ياكى بۆرىنىڭ. ( يەنى تۆگىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ۋە ئوت يەيدىغان سۇ قاچىسى ۋە ئوت خالتىسى بار. ئۇسسىمايدۇ ئاچ قالمايدۇ دىمەكدۇر)

81- ئەبۇ موسا ﵁ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۇ زات كەرىھ كۆرىدىغان نەرسىلەردىن سورالدى. ئۇ زاتقا كۆپ سوئال قىلىنىپ ئىدى غەزەپ قىلدى ۋە ئېيتتى: مەندىن خالىغان نەرسەڭلارنى سوراڭلار. بىر ئادەم -ئاتام كىم ؟- دېدى . ئېيتتى: ئاتاڭ ھۇزافە . يەنە بىر ئادەم قوپۇپ -مېنىڭ ئاتام كىمدۇر ؟ يا رەسۇلۇللاھ - دېدى . ئېيتتى: ئاتاڭ شەيبەنىڭ مەۋلاسى سالىمدۇر. ئۆمەر ﵁ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇبارەك يۈزىدىكى غەزەپنى كۆرۈپ ئېيتتى : يا رەسۇلۇللاھ بىز ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە غە توبە قىلىمىز

## ھەدىسنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۈچ مەررە تەكرار دېيىش توغرىسىدا

82- ئەنەس ﵁ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ سۆز قىلسا ئۈچ مەررە قايتىلاپ ئېيتار ئىدى. رەسۇلۇللاھدىن ئۇ سۆز چۈشۈنۈلسۇن دەپ شۇنداق قىلار ئىدى. ۋاقتىنكى بىر جامائەتكە كەلسە ئۇلارغا ئۈچ قېتىم سالام قىلار ئىدى.

## ئەر كىشىنىڭ ئۆز قۇلىگە ۋە خوتۇن بالىلىرىگە تەلىم قىلىشى توغرىسىدا

83- ئەبۇ موسا ﵁ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئۈچ تۈرلى كىشىگە ئىككى تۈرلى ساۋاب بار. بىرى ئەھلى كىتابدىن بىر كىشىدۇركى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈردى ۋە مۇھەممەد ﷺ گىمۇ ئىمان كەلتۈردى. يەنە بىرى بىر قۇل بەندىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە خوجىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلدى. ۋە بىر كىشىكى ئۇنىڭ جىنىس تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان دېدىكى ( قۇلى) بولۇپ ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى ئەدەپ ئۆگىتىپ ۋە ياخشى تەلىم – تەربىيە بېرىپ ئازاد قىلىپ ئاندىن ئۆز جۇپتىلىققا ئالدى. ئۇ كىشىگە ئىككى ئەجىر ساۋاب بولىدۇ .

## ئىمامنىڭ خوتۇنلەرگە پەند- نەسىھەت قىلىشى توغرىسىدا

84- ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ بىلال بىلەن چىقتى . ۋە خوتۇنلەرگە ئاڭلىتالمىدى دەپ گۇمان قىلىپ ئۇ خوتۇنلەرگە نەسىھەت قىلدى. ۋە ئۇلارنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇدى . خوتۇنلەر ئالتۇن سۆكە ۋە ئۈزۈكلىرىنى تاشلاشقا باشلىدى. ۋە بىلال ئۆزىنىڭ كىيىمىنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتىدۇ. ( يەنى بىلالنىڭ ئېتىگىگە ئالتۇن زىبۇ –زىنىنەت بۇيۇملىرىنى تاشلىدى)

## ھەدىسكە ئامراق بولۇش توغرىسىدا

85ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن ئىبىتتى: ئىبىيتىمكى يا رەسۇلۇللاھ ئۆزلىرىنىڭ شاپائىتىگە قىيامەت كۈنى كىم سائادەتمەنراقدۇر؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىبىتتىلەركى : ھەي ئەبۇ ھۇرەيرە سەندىن ئىلگىرى ھېچكىم مەندىن بۇ ھەدىسدىن سوئال قىلمايدۇ دەپ گۇمان قىلغان ئىدىم. سىنىڭ ھەدىسكە ئامراقلىقىڭدىن . مىنىڭ قىيامەت كۈندىكى شاپائىتىمگە خالايىقنىڭ سائادەتمەنداراقى (بەختلىگراقى ) ئۆز دىلىدىن يائۆز نەپسىدىن خالىس لا الــه الا الله دىگەن كىشىدۇر .

## ئىلىمنىڭ قانداق قەبزى قىلىدىغانلىقى (ئېلىپ كىتىلىدىغانلىغى ) توغرىسىدا

86ـ ئابدۇللاھ بىننى ئەمرى ئىبنى ئاس ﵁ دىن ئىبىتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئىبىتىدۇ : ئاللاھ ئىلىمنى بەندىلەرنىڭ دىلىدىن ئېلىپ قەبزى قىلمايدۇ . لېكىن ئۆلىمالارنى قەبزى قىلىش بىلەن ئىلىمنى قەبزى قىلىپ كېتىدۇ. ھەتتاكى الله ئالىمنى قالدۇرمىسا خالايىقلار جاھىل (نادان تۇرۇك) رەئىسلەرنى تۇتىدۇ. ئۇلاردىن پەتىۋا سورالسا ئۇلار بىلمەي ئۆز رايىچە پەتىۋا بىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاھىل رەئىسلەر ئۆزىمۇ گۇمراھ بولىدۇ ۋە خەلقنىمۇ گۇمراھ قىلىدۇ. ( ئۆزلىرىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ)

## ئىلىم ئۆگىتىش ھەققىدە خوتۇنلەرگە ئالاھىدە بىر نۆۋەت قىلىش توغرىسىدا

87ـ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىي ﵁ دىن ئىبىتتى : خوتۇنلەر ئىبىتتىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەرلەر بىزلەرگە غەلىبە قىلدى. بىزلەرگىمۇ ئۆزلىرىدىن بىر كۈننى نەسىھەت قىلىشقا بەلگىلەپ بەرسىلە. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللارغا بىر كۈننى ۋەدە قىلدى. شۇ ۋەدە قىلغان كۈندە ئاياللارغا يولۇقتى . ۋە ئۇلارغا ۋەز – نەسىھەت قىلدى. ۋە ئۇلارغا ئەمرى-مەرۇپ قىلدى. ئاياللارغا قىلغان نەسىھەتىدە شۇنداق دېدىكى : سىلەردىن ئۈچ پەرزەنتىنى ئاخىرەتكە ئىلگىرلەتكەن (ئۇزاتقان ) خوتۇن بولسىلا ئۇ باللار ئۇلارغا دوزاختىن پەردە بولىدۇ. ئاياللار بىر خوتۇن ئىككى بالنى ئىلگىرلەتسىچۇ ـ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىبىتتى: ۋە ئىككىنى ئىلگىرلەتسىمۇ ئوتتىن پەردە بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ ھەدىسدە بالاغەتكە يەتمىگەن بولسا دېگەن رىۋايەت بار .

## بىر نەرسىنى ئاڭلاپ ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قايتا مۇراجىئەت قىلغان كىشى توغرىسىدا

88- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : كىشىكى ئاخىرەتتە ھېساب ئېلىنسا ئازاب قىلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى : ئېيتتىمكى ئايا الله ﴿فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا﴾ [ئىنشىقاق 8- ئايەت ] ‹‹ يەنى ئوڭ تەرىپىدىن نامە ئەمالى بېرىلگەن كىشى ناھايىتى ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ ›› دېمىدىمۇ ؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئۇ ئاسان ھېساب دېگەن – نامە ئەمالىنى ئوتتۇرغا قويۇشدۇر. ۋە لېكىن كىشىكى ھېسابىنى قاتتىق ئېلىنسا ھالاك بولىدۇ.

## ھازىرلەر غائىبلەرگە يەتكۈزۈش توغرىسىدا

89- ئەبۇ شۇرەيھ ﷺ دىن ئېيتتى: مەككە فەتھى بولغان كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىلغان سۆزىنى ئاڭلىدىمكى ئۇ سۆزنى ئىككى قۇلىقىم ئاڭلىدى ۋە ئۇ سۆزنى دىلىم تۇتۇپ ساقلىدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ سۆزنى قىلغاندا ئۇ زاتنى ئىككى كۆزۈم كۆردى- رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا سانا ئېيتتى. ئاندىن كېيىن ئېيتتى : مەككىنى الله ھارام قىلدى. ۋە ئۇنى خالايىق ھارام قىلمىدى . ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە ھالال بولمايدۇكى ئۇ مەككىدە خۇن تۆككەي ۋە نە ئۇ مەككىنىڭ دەرەخلەرنى كەسكەي. بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەككىدە ئۇرۇش قىلغانلىقى ئۈچۈن رۇخسەت تەلەپ قىلسا ئېيتقىلاركى الله پەيغەمبىرىگە ئىزنى بەردى. ۋە سىلەرگە ئىزنى بەرمىدى. ماڭىمۇ كۈندۈزى بىر سائەت ئىزنى بەردى ئاندىن مەككىنىڭ بۈگۈنكى ھۆرمىتى ئاخشامقى ھۆرمىتىگە ئەسلى ھۆرمىتىگە قايتتى . ۋە ئەلۋەتتە ھازىر بولغۇچىلار غائىبلەرگە (بۇ يەردە يوقلارغا) يەتكۈزسۇن.

## پەيغەمبەر ﷺ غە يالغاننى ئېيتقان كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

90 – ئەلى ﷺ دىن ئېيتتى : مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىدۇ: ماڭا يالغان ئېيتماڭلار . ماڭا يالغان ئېيتقان كىشى ئۆزىنىڭ ئورنىنى دوزاختىن تەييارلىسۇن.

91 – سەلەمەتە بىننى ئەكۋە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىدۇ: مەن دېمىگەن سۆزنى مېنى دېدى دەپ ماڭا تۆھمەت قىلغان كىشى ئۆز ئورنىنى دوزاختىن تەييارلىسۇن.

92 – ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئاتاڭلار ( ئات قويۇڭلار) ۋە مېنىڭ كۈنيىتىم (تەخەللۇسۇم) بىلەن كۈنىيەت قويماڭلار. (يەنى ئەبۇل قاسىم دەپ كىنايە تەرىقىدە ئات قويماڭلار ) ۋە مېنى چۈشىدە كۆرگەن كىشى چوقۇم مېنى كۆردى. چۈنكى شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمدە بولالمايدۇ. ۋە ماڭا يالغان ئېيتقان كىشى ئورنىنى ئوتتىن تەييارلىسۇن.

# ئىلىمنى يېزىش توغرىسىدا

93ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : الله مەككىدىن پىلنى يا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى توختاتتى. ۋە ئۇ مەككە ئەھلىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ۋە مۆمىنلەرنى ئىگىدار قىلدى. ئاگاھ بۇلۇڭلاركى مەككە ھېچكىمگە ھالال بولمىدى، مەندىن ئىلگىرى ۋە مەندىن كېيىنمۇ ھېچكىمگە ھالال بولمايدۇ. (يەنى مەككىدە خۇن تۆكۈش ھېچكىمگە ھالال بولمايدۇ. ۋە بۇرۇنمۇ ھالال بولمىدى) ۋە ئاگاھ بۇلۇڭلاركى ئۇ مەككە ماڭا بىر سائەتلا ھالال قىلىندى . ئاگاھ بۇلۇڭلاركى ئۇ ھالاللىق مۇشۇ سائەتتىلادۇر. مەككىنىڭ ھۆرمىتى شۇنداقدۇركى مەككە ھارامدۇر. تىكەنلىرى قىيىلمايدۇ. ۋە دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ . ۋە چۈشۈپ قالغان نەرسەنى ئىگىسىنى تەلەپ قىلىپ ئېلان قىلغۇچىدىن باشقا كىشىنىڭ ئېلىۋېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. مەككىدە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئىككى خىل قاراشنىڭ ياخشىراقى بىلەندۇركى يا دىيەت ( خۇن بەدەل پۇلى ) ئېلىنىدۇ. ۋە ياكى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ تۇغقانلىرى ئۇچۇن قىساس ئېلىنىپ بېرىلىدۇ . يەمەن ئەھلىدىن بىر كىشى كېلىپ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ماڭا يېزىپ بەرسىلە. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئەبى پالانىغا يېزىپ بېرىڭلار . قۇرەيشدىن بىر كىشى ئېيتتى: مەگەر ئىزخىرنى ( مەككە چىغى) نى ھالال قىلىپ بەرسىلە .پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مەگەر ئىزخىرنى ئورىسا دۇرۇستدۇر.

94ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كېسەللىرى ئېغىرلاشقاندا ئېيتتىلەركى ماڭا كىتاب (قەغەز) كەلتۈرۈڭلار ، سىلەرگە كىتاب يېزىپ بېرەي . ئۇنىڭدىن كېيىن گۇمراھ بولمايسىلەر( ئازمايسىلەر). ئۆمەر ﷺ ئېيتتىلەركى : رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كېسەللىرى غەلىبە قىلدى. ۋە بىزدە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بار. بىزگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر. خالايىقلار ئىختىلاپ قىلىشتىلەر. گەپ ـ سۆزلەر كۆپ بولدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : مەندىن قوپۇڭلار ۋە مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا تالاش – تارتىش قىلىش لايىق بولمايدۇ.

# كېچىدە ئىلىمنى بايان قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا

95ـ ئۇممە سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: بىر كېچە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوغۇنۇپ ئېيتتىكى سۇبھانالالاھ بۇگۈن كېچە نۇرغۇن پىتنىلەر نازىل قىلىندى . ۋە نۇرغۇن خەزىنىلەر ئېچىلدى. ھۇجرە ئىگىلىرىنى ( يەنى ئەھلى بەيتلەرنى ) ئويغۇتۇڭلار . دۇنيادا بىسيار (بەزى) كىيىم كىيگۈچى خوتۇنلەر بار ئۇلار ئاخىرەتتە يالىڭاچدۇر.

# ئىلىم ھەققىدە كېچىدە سۆزلىشىش توغرىسىدا

96ـ ئابدۇللاھ بىننى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھاياتىنىڭ ئاخىردا بىزلەرگە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى . ۋە سالام بېرىپ بولۇپ ئورە تۇرۇپ ئېيتتى:

قارىمامسىلەر مۇشۇ كېچەكلەرگە . ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا مۇشۇ كېچىدىن باشلاپ بۈگۈنكى زېمىن ئۈستىدىكى ھايات كىشىلەردىن بىرسىمۇ قالمايدۇ.

97ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئانامنىڭ ھەمشىرىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جۈپتىلىرى كىچىك ئاپام مەيمۇنە ھارسەنىڭ قىزى ئۆيىدە قوندۇم ۋە پەيغەمبەر ﷺ مەيمۇنەنىڭ كېچىلىك نۆۋتىدە قىشىدا ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ خۇپتەن نامازنى ئوقۇپ ئاندىن ئۆز مەنزىلىگە كېلىپ تۆت رەكەت ناماز ئوقۇدى ئاندىن ئۇخلىدى. ئاندىن قوپۇپ ئېيتتى: غۇلام چوڭ ئۇخلىدى، ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر كەلىمەنى دېدى . ئاندىن ئۆرە قوپتى. مەن سول تەرىپىدە تۇردۇم مېنى ئوڭ تەرىپىدە قىلدى. بەش رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ئاندىن ئۇخلىدى. ھەتتاكى چوڭ تىنىقلىرىنى ئاڭلىدىم ئاندىن نامازغا چىقتى.

## ئىلىمنى ياد ئېلىش توغرىسىدا

98ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: خەلقلەر ئەبۇ ھۇرەيرە ھەدىسنى كۆپ رىۋايەت قىلدىۇ دەيدۇ. ئەگەر كىتابۇللا ( قۇرئان ) دە ئىككى ئايەت بولمىغان بولسا بىرمۇ ھەدىسنى ھەدىس قىلمايتتىم . ئاندىن تىلاۋەت قىلدۇ. ﴿ إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَىٰ﴾ دىن ﴿الرَّحِيمُ ﴾ دىگەن ئايەتكىچە [سۈرە بەقەرە159ـ 160 ] مۇھاجىر بۇرادەرلەرىمىز بازارلاردە سودا سېتىقتا مەشغۇل ئىدى. ۋە ئەنسارى بۇرادەرلىرىمىز ئۆز مال – ۋارانلىرىغا مەشغۇل ئىدى. ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە قورسىقىنىڭ تويىشىغا قانائەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى لازىم تۇتار ئىدى. ۋە ئۇلار ھازىر بولمىغان نەرسىلەرگە ھازىر بولار ئىدى. ۋە ئۇلار يادىدا تۇتۇپ ئالالمىغان نەرسىنى يادىدا قالدۇراتتى.

99ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتىم يا رەسۇلۇللاھ مەن ئۆزلىرىدىن كۆپ ھەدىسنى ئاڭلايمەن ئۇنتۇپ قالىمەن. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : كىيىمىڭنى ياي . كىيىمنى يايدىم . ئىككى قولى بىلەن قاچىغا بىر نەرسە ئۇسقاندەك ئۇستى. ئاندىن ئۆزۈڭگە يىققىل دېدى . مەن يىغدىم شۇندىن كېيىن بىر نەرسىنى ئۇنتۇمىدىم .

100ـ يەنە شۇ زات ﷺ دىن ئېيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئىككى قاچا ئىلىمنى يادا ئېلىۋالدىم. ئەمما بىر قاچا ئىلىمنى خالايىققا چاچتىم . يەنە بىر قاچا ئىلىمنى خەلققە بايان قىلىپ چاچسام مۇشۇ كارەك كېسىلىدۇ .

## ئۆلىمالەر ھوزۇرىدا شۈك ـ جىم تۇرۇش توغرىسىدا

101ـ جەرىر بىننى ئابدۇللاھ ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ھەججەتۇل ۋىدا ( بەيتۇللاھ بىلەن خوشلىشىش ھەججى ) دە ئۇنىڭغا ئېيتتى : خالايىقنى شۈك تورغۇزغىل. ئاندىن ئېيتتى: بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ گەردىنىگە ئۇرۇپ مەندىن كېيىن كۇپپار بولۇپ ئارقىڭلارغا قايتماڭلار.

## خالايىقنىڭ قايسى ئالىمراق دەپ سورالسا ئالىمغە مۇستەھەپ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

102ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب ﷛ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: موسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل ئارىسىدا خۇتبە ئوقۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن سورالدى. خەلقنىڭ قايسى ئالىمراقدۇر؟ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: مەن ئالىمراق. شۇنىڭ بىلەن الله ئۇنى تەنقىد قىلدى. چۈنكى ئۇ ئىلمنى ئاللاھقا قايتۇرمىدى. الله ئۇنىڭغا ۋەھى ئىبەردى. مەجمەئىل بەھرەين( ئىككى دېڭىز قوشۇلغان ) يەردە بەندىلىرىمدىن بىر بەندە بار ئۇ سەندىن ئالىمراقدۇر. موسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: يا رەببى ئۇ بەندەڭنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭغا دېيىلدى . سېۋەتكە قاق بېلىقنى سېلىپ كۆتەرگىل. ۋاقتىكى ئۇ قاق بېلىقنى يۈتتۈرسەڭ ئۇ بەندە شۇ يەردە. موسا ئەلەيھىسسالام ۋە خادىمى يۇشەئ بىننى نۇن سېۋەتكە مەزكۇر بېلىقنى سېلىپ يول يۈردى . ھەتتاكى بىر تاشنىڭ قېشىغا كېلىپ باشلىرىنى قويۇپ ئۇخلاشتى. قاق بېلىق سېۋەتتىن سىيرىلىپ دېڭىزغە كىرىپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. بۇ ئىش موسا ئەلەيھىسسالام ۋە خادىمىگە ئەجەب ئىش بولدى. ۋە بۇ ئىككىسى بىر كېچە كۈندۈز يول يۈردى . تاڭ ئاتقاندا موسا ئەلەيھىسسالام خادىمىگە دېدى : ناشتىلىقىمىزنى كەلتۈرگىن . بىز بۇ سەپەردىن تولىمۇ مۇشەققەت تارتتۇق. ۋە موسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرەپتىن بۇيرۇلغان يەردىن ئۆتكۈچىلىك مۇشەققەت تارتمىغان ئىدى. ئۇنىڭغا خادىمى ئېيتتى: قارىمامسىز بىز تاش يېنىدا ئارام ئالغان يەردە بېلىقنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئېيتتى موسا ئەلەيھىسسالام : ئاشۇ بېلىق چۈشۈپ قالغان يەرنى تەلەپ قىلاتتۇق. بۇ ئىككىسى ئارقىسىغا ئىزمو- ياندىلەر. ھېلىقى تاشنىڭ يېنىغا يېنىپ بېرىپ ئىدى بىناگاھ بىر كىشى كىيىمگە يۆگەلگۈچىدۇر. يا ئېيتتى : كىيىمگە يۆگەلدى. موسا ئەلەيھىسسالام سالام قىلدى. ئېيتتى ( ھېلىقى بەندە) خىزىر ئەلەيھىسسالام : نەدە سىنىڭ زېمىنىڭدە سالام بار؟ ئېيتتى: موسادۇرمەن. خىزىر ئېيتتى: بەنى ئىسرائىلنىڭ موساسىمۇ؟ ئېيتتى موسا ئەلەيھىسسالام ھەئە. ئېيتتى موسا ئەلەيھىسسالام : ساڭا بىلدۈرۈلگەن ھىدايەتنى ماڭا تەلىم قىلىشىڭنىڭ شەرتى بىلەن ساڭا تابى بولايمۇ(ئەگىشەيمۇ) ؟ خىزىر ئېيتتى: سەن مەن بىلەن سەبىر قىلىشقا قادىر بولالمايسەن. ھەي موسا مەن ئاللاھ تائالا ماڭا تەلىم قىلغان ئىلىم بىلەندۇرمەنكى سەن ئۇنى بىلمەيسەن.ۋە سەن ئاللا تائالا ساڭا تەلىم قىلغان ئىلىم بىلەندۇرسەن. مەن ئۇ ئىلىمنى بىلمەيمەن. موسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى : ئىنشائاللاھ مېنى سەبىر قىلغۇچى تاپارسەن . ۋە مەن ھېچقانداق ئىشدا ساڭا ئاسىي بولمايمەن.شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى كىمە يوق دېڭىز بويىدا پىيادە يول يۈردىلەر.بۇ ئىككىسىگە بىر كېمە ئۆتتى. ئۇلار كېمىگە سېلىۋېلىش توغرىسىدا كېمىچىگە سۆز قىلدىلەر. خىزىر ئەلەيھىسسالام تونۇلدى . بۇلارنى ھەقسىز كېمىگە سېلىۋالدىلەر. بىر قۇشقاچ كېلىپ كېمىنىڭ بىر تەرىپىگە قونۇپ دېڭىزدىن ئىككى چوقۇدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: ئى موسا مېنىڭ ۋە سىنىڭ ئىلمىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىسىدىن كېمەيتمىدى. لېكىن كېمەيتتى دىسە مۇشۇ قۇشقاچ دېڭىزدا چوقۇغانچىلىكلا كېمەيتتى. خىزىر كېمىنىڭ شاللىرىدىن بىر شالنى تارتىۋالدى. موسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: بىزنى ھەقسىز كېمىگە سېلىۋالغان قەۋمنىڭ كېمىسىنىڭ تاختايلىرىنى

قومۇرۇپ بۇلارنى سۇغا غەرق قىلىش ئۈچۈن قىلدىڭ. خىزىر ئېيتتى: ساڭا دېمىدىممۇ ؟ سەن ھەرگىز مەن بىلەن سەبرى قىلىشقا قادىر بولالمايسەن. ئېيتتى: موسا ئەلەيھىسسالام : مەن ئۇنتۇپ قالغان نەرسە بىلەن مېنى تۇتمىغىل. ۋە مېنى ئۆز ئىشىمدىن قىيىنچىلىققا تەكلىپ قىلمىغىن . بىرىنچىسى موسا ئەلەيھىسسالامىنىڭ ئۇنتۇلۇشى بىلەن بولدى. ئۇلار يول يۈردىلەر. بىناگاھ بىر ئوغۇل ئوغۇللار بىلەن ئويناۋاتىدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى يۇقىرىسىدىن تۇتۇپ قولى بىلەن (پاتاڭنى ) يۇلۇپ ئۈزۈۋەتتى . موسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: پاك بىر جاننى خۇنسىز ئۆلتۈرەمسەن. خىزىر ئېيتتى : ئايا ئېيتمىدىممو ساڭا ؟ سەن مەن بىلەن سەبىرىگە قادىر بولالمايسەن. ئۇلار يول يۈردىلەر. ھەتتا بىر يېزىغا كېلىپ قىلىپ ئۇ يېزا ئەھلىدىن مېھمان قىلىشنى كۈتتى. ئۇلار مېھمان قىلمىدى. بۇ ئىككىسى بۇ يېزىدا ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان تامنى تاپىدىلەر. خىزىر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئۇ تامنى ئۆرە تىك توختۇتۇپ قويدى. موسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: ئەگەر خالىساڭ ئەجىر ( ئىش ھەققى ) ئالىسەن . خىزىر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: بۇ مەن بىلەن سىنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئايرىلىشىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئاللاھ موساغا رەھمەت قىلسۇن بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشلىرىدىن بىزلەرگە ھەممىسىنى قىسسە قىلىنىپ بېرىلگىچە موسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سەبىر قىلىشىنى دوست تۇتتۇق.

## ئولتۇرغان ئالىمدىن ئۆرە تۇرۇپ سوئال سوراش توغرىسىدا

103ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن ئېيتتى: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ قىتال فى سەبىلىللاھ (ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش ) نېمىدۇر ؟ بەزىلىرىمىز غەزەپ قىلىپ سوقۇش قىلىدۇ. ۋە بەزىلەر ئۆزىنى قوغداش ۋە نومۇس ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. جانابىي رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: ئاللاھنىڭ كەلىمىسى ( دىنى) يۇقىرى بولسۇن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىنىڭ ئۇرۇشى فى سەبىلىللاھدۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ وَمَا أُوتِيتُم مِّن الْعِلْمِ إِلاَّ قَلِيلاً﴾ دېگەن قەۋلى توغرىسىدا

104ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن ئېيتتى: ئارىدا مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە مەدىنىنىڭ خارابىلىقىدا مېڭىۋاتاتتىم ،رەسۇلۇللاھ ﷺ خورما دەرىخىدىن بىر ھاساغا تايىنىپ ماڭاتتى. يەھۇدىيلاردىن بىر قانچىلەر ئۆتتى. ئۇلار بەزىسى بەزىسىگە ئېيتتى: ئۇنىڭدىن روھ توغرىلىق سوراڭلار. ۋە بەزىسى ئېيتتى: ئۇنىڭدىن سورىماڭلار سىلەر ناخۇش كۆرىدىغان نەرسىنى كەلتۈرمىسۇن يەنە . ۋە بەزىسى ئېيتتى: ئەلۋەتتە سورايمىز. ئۇلاردىن بىرسى قوپۇپ ئېيتتى: ھەي ئەبۇلقاسىم روھ دېگەن نېمىدۇر ؟ سۈكۈت قىلدى. ئېيتتىم : ۋەھى چۈشىدۇر دەپلا قوفدۇم . رەسۇلۇللاھدىن ۋەھى ئېچىلغاندا ئېيتتى: ﴿ وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوحِ قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي

وَمَا أُوتِيتُم مِّنَ الْعِلْمِ إِلاَّ قَلِيلاً﴾ ﴿سۈرە ئىسرا 87ـ ئايەت﴾ ‹‹ يەنى ئۇلار سىزگە روھدىن سوئال قىلدۇلەر. ئېيتىڭ روھ رەببىم ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەندۇر. ۋە كەلتۈرۈلمىدىڭلار ئىلىمدىن مەگەر ناھايىتى ئاز. (سىلەرگە ناھايىتى ئاز ئىلىم بېرىلدى.)

## چۈشىنەلمەي قالماسلىقى ئۈچۈن ئىلىمنى بەزى قەمگە خاس قىلىپ بەزىسىگە قىلماسلىق توغرىسىدا

105ـ ئەنەس ﷛ دىن ئېيتتى: ھەزرىتى مۇئاز ﷛ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكەن ئىدى. ئېيتتى : يا مۇئاز! ئېيتتى: لەببەيكە يا رەسۇلۇللاھ ۋە سەئدەيك. ئېيتتى: يا مۇئاز ! ئېيتتى : لەببەيكە يا رەسۇلۇللاھ ۋە سەئدەيك ئۈچ مەررە. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ چىن دىلىدىن خالىس لَا اِلَهَ اِلَّا اللهُ وَاَنَّ مُحَمَّدً رَسُولُ اللهِ دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشى يوق مەگەر بولسىلا الله ئول كىشىنى دوزاخقا ھارام قىلدۇ. ئېيتتى: مۇئاز : ئايا بۇ خوشخەۋەر بىلەن خالايىققا خوشخەۋەر بەرمەيمۇ ؟! ئۇلار خۇرسەن بولغايلەر. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : بۇ ۋاقىتدا ئۇلار شۇنىڭغا يۆلىنىۋالىدۇ . ئىلىمنى يوشۇرۇشنى گۇناھ سانىغان جەھەتدىن بۇ خەۋەرنى مۇئاز ۋاپات قىلىدىغاندا ئاندىن بايان قىلدى.

## ئىلىمدە ھايا قىلىش توغرىسىدا

106ـ ئۇممە سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى: ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا كىلىپ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ئاللاھ ھەقدىن ھايا قىلمايدۇ. خوتۇن كىشى ئىھتىلام بولسا غۇسلى ۋاجىپ بولامدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى سۇنى كۆرسە غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ. ( يەنى كىيىمدە ھۆللۈكنى كۆرسە) ئۇممە سەلىمە يۈزىنى يېپىپ يا رەسۇلۇللاھ خوتۇن كىشىمۇ ئىھتىلام بولامدۇ؟ ئېيتتى : ھەئە. ئوڭ قولۇڭ توپا بولسۇن نىمە سەۋەبتىن بالا ئانىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ؟

## ئۆزى ھايا قىلىپ غەيرى كىشىنى سوئال قىلىشقا ئەمر قىلىش توغرىسىدا

107 ـ ئەلى ﷛ دىن ئېيتتى: مەن تولا مەزى كېلىدىغان كىشى ئىدىم. مىقدادنى رەسۇلۇللاھدىن سوراشقا بۇيرۇدۇم ئۇ سوئال قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : مەزى كەلسە تاھارەت لازىمدۇر.

## مەسجىددە ئىلىمنى ۋە پەتىۋانى زىكىر قىلىش توغرىسىدا

108ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : بىر كىشى مەسجىدتە قوپۇپ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ بىزنى قايسى يەردىن ئېھرام باغلاشقا ئەمىر قىلدىلار؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: مەدىنە ئەھلى زۇلھۇلەيفە دىن ۋە شام ئەھلى جوھفەدىن ۋە نەجد ئەھلى قەرنىدىن يەمەن ئەھلى يەلەملەم دىن ئېھرام باغلايدۇ. ۋە ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: ئۇلار ئېيتىدۇلەركى رەسۇلۇللاھ ﷺ يەمەن ئەھلى يەلەملەم دىن ئېھرام باغلايدۇ. ۋە ئىبنى ئۆمەر ئېيتار ئىدى: بۇنى (يەنى يەمەن ئەھلى يەلەملەمدىن ئىھرام باغلايدۇ دېگەن سۆزنى. رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن دەپ چۈشەنمىدىم.

## سوئال قىلغۇچىنىڭ سوئالىدىن كۆپراق نەرسە بىلەن جاۋاب بەرگەن كىشى توغرىسىدا

109 – ئۇ زاتتىن ﷺ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ھەجگە ئېھرام باغلىغۇچى نېمە كىيىدۇ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : كۆينەكنى ۋە دەستار ۋە شالۋۇر( ئىشتان )نى ۋە كۇلانى ۋە سېرىق بويالغان كىيىمنى ۋە زەپەرەڭ كىيىمنى كىيمەيدۇ . ئەگەر ئىككى كەش تاپالمىسا ئىككى ئۆتۈكنى ئوشۇقدىن تۆۋەنگىچە كېسىۋېتىپ كىيسۇن .

# تاھارەتنىڭ كىتابى

## تاھارەتسىز نامازنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

110ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ تاھارىتى يوق كىشى تاھارەت ئالمىغىچىلىك ئوقۇغان نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ. ھەزرەمەۋت دىن كەلگەن بىر كىشى ھەي ئەبۇ ھۇرەيرە ھەدەس(تاھارەتسىزلىك ) دېگەن نېمىدۇر ؟ دېدى .ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتتى: ئاۋازسىز ياكى ئاۋازلىق يەلدۇر. ( ئارقىدىن كەلگەن)

## تاھارەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

111ـ ئۇ زات ﷺ دىن ئېيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم : مېنىڭ ئۈممىتىم تاھارەتنىڭ ئەسىرىدىن قىيامەت كۈنى قاشقىلىقلار ، ئالا پاچەكلەر دەپ ئاتىلىدۇ. سىلەردىن پېشانىسىدىكى قاشقىسىنى ئۇزۇن قىلىشقا قادىر بولغان كىشى شۇنداق قىلسۇن. ( يەنى پېشانىسىنى ئۇزۇن ۋە كەڭرىراق يۇسۇن دېمەكتۇر )

## تاھارەت سۇنغانلىقى ئېنىق بولمىغۇچە شەك بىلەن تاھارەت ئالماسلىق توغرىسىدا

112ـ ئابدۇللاھ بىننى يەزىد ئەنسارى ﵁ دىن : ئۇ زات رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بىر كىشىنىڭ نامازدا بىر نەرسىنى تاپقاندەك ( يەنى تاھارتى سۇنغاندەك) خىيالغا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: نامازدىن قايتمايدۇ ( يەنى نامازنى بۇزۇپ مەسجىدتىن چىقمايدۇ ) ھەتتاكى ئاۋازنى ئاڭلىمىغىچىلىك ياكى يەلنىڭ پۇرۇغنى تاپمىغۇچە .

## تاھارەتتە يەڭگىل قىلىش توغرىسىدا

113ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ ئۇخلىدى ھەتتاكى پۇيلىدى( خورەك تارتتى) ئاندىن ناماز ئوقۇدى . ۋە بەزىدە ئېيتتى: يېنىچە ياتتى ھەتتاكى پۇيلىدى ئاندىن قوپۇپ ناماز ئوقۇدى .

114ـ ئۇسامەتە بىننى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەراپاتتىن يېنىپ ھەتتا شىئب[6] غە كەلگەندە شۇ يەرگە چۈشۈپ كىچىك تاھارەت قىلدى. ئاندىن تاھارەت ئالدى. ۋە تاھارەتنى تولۇق ئالمىدى. ئېيتتىم : نامازمۇ يا رەسۇلۇللاھ ؟ ئېيتتى : ناماز ئالدىڭدا. ئۇلاقىغە مىنىدى مۇزدەلىفىگە يېتىپ كېلىپ چۈشتى. ئاندىن تولۇق كامىل تاھارەت ئالدى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىلدى. ۋە ناماز شامنى ئوقۇدى . ئاندىن ھەر بىر كىشى ئۆز تۆگىسىنى ئۆز جايىدىلا چۆكلىدى( ياتقۇزدى) ئاندىن خۇپتەنگە تەكبىر ئېيتىلىپ ناماز ئوقۇدى. بۇ ئىككى ناماز ئارىسىدا ناماز ئوقۇمىدى .

## بىر ئوچۇم سۇدىن ئىككى قول بىلەن يۈزنى يۇيۇش توغرىسىدا

115ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ زات تاھارەت ئالدى. يۈزىنى يۇدى. سۇدىن بىر ئوچ ئېلىپ ئاغزىنى چايقىدى. ۋە بۇرنىغا سۇ ئالدى. ئاندى بىر ئوچ سۇ ئېلىپ ئۇ سۇنى مۇشۇنداق يەنە بىر قولىغا قوشۇپ ئۇنىڭ بىلەن يۈزىنى يۇدى. ئاندىن بىر ئوچ سۇ ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئوڭ قولىنى يۇدى. ئاندىن بىر ئوچ سۇ ئېلىپ سول قولىنى يۇدى. ئاندىن بېشىغا يەنە مەسھى قىلدى. ئاندىن بىر ئوچ سۇ ئىلىپ ئوڭ پۇتىغا چېچىپ يۇدى. ئاندى يەنە بىر ئوچ سۇ ئىلىپ سول پۇتىنى يۇدى. ئاندىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆردۈم .

---

[6] بىر جاينىڭ ئىسمى

## ھاجەتخانىغا كىرگەندە ئېيتىدىغان نەرسە توغرىسىدا

116- ئەنەس رضي الله عنه دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھاجەتخانىغا كىرگەندە ‹‹ اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ›› ( ئى ئاللاھ سەن بىلەن ئەركەك ۋە چىشى جىندىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن) دەر ئىدى .

## ھاجەتخانا يېنىغا سۇ ئەكىلىپ قويۇش توغرىسىدا

117- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ ھاجەتخانىغا كىردى ۋە مەن ھاجەتخانىغا سۇ ئەكىلىپ قويدۇم. ئېيتتى: بۇ سۇنى كىم ئەكىلىپ قويدى؟ خەبەر قىلىنىۋىدى ئېيتتى : ئىبارا خۇدايا ئۇ ئىبنى ئابباسنى دىندا ئالىم فەقىھ قىلغىل.

## چوڭ – كىچىك تاھارەت قىلغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلماسلىق توغرىسىدا

118- ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رضي الله عنه دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەت قىلغاندا قىبلىگە باقمىسۇن ۋە ئۇچىسىنى (ئارقىسىنى ) قىلمىسۇن. شەرققە ياكى غەربكە قاراڭلار. ( بۇ مەدىنىگە قارىتا شۇنداق. مەدىنىدە قىبلە جەنۇب تەرەپتە)

## ئىككى كېسەك ئۈستىدە ھاجەت قىلغان كىشى توغرىسىدا

119- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه دىن ئېيتتى: خەلقلەر ھاجەتكە ئولتۇرساڭ قىبلىگە ۋە نە بەيتۇل مۇقەددەسكە ئالدىڭنى قىلمىغىن دەيدۇرلەر. مەن بىر كۈنى بىزنىڭ ئۆگزىگە چىقتىم. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھاجىتى ئۇچۇن ئىككى كېسەك ئۈستىدە بەيتۇل مۇقەددەسكە ئالدىنى قىلغانلىقىنى كۆردۈم .

## خوتۇنلارنىڭ ھاجەتكە چىقىشى توغرىسىدا

120 – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن: پەيغەمبەر ﷺ جۈپتىلىرى كېچىدە تۈزلەڭگە ھاجەتكە چىقاتتىلەر. ئۆمەر رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ گە ئاياللىرىنى ھىجابدا( پەردىدە ) قىلسىلا دەيتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنداق قىلمىدى. جۈپتىلىرى سەۋدە بىنتى زەمئە كېچىلەردىن بىر كېچە خۇپتەنگە چىقتى. ئېگىز ئايال ئىدى. ئۇ ئايالنى ئۆمەر پەردىدە بولۇشقا ھېرىس بولۇپ نىدا قىلدىكى ھەي سەۋدە بىز سىزنى تونىدۇق- دېدى . شۇنىڭ بىلەن الله ھىجابنى نازىل قىلدى.

## سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش توغرىسىدا

121ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ ھاجىتىگە چىقىدىغان بولسا مەن ۋە يەنە بىر ئوغۇل بىر قاچا سۇنى كەلتۈرەتتۇق.

## ئىستىنجادا سۇ بىلەن ھاسانى بىللە كۆتۈرۈش توغرىسىدا

122ـ ۋە بىر رىۋايەتتە سۇدىن بىر قاچا ۋە ئەنەزەنى كۆتۈرەتتۇق. سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىدۇ . ( ئەنەزە ئۇچىدا ئۇچلۇق تۆمۈر بار ھاسا)

## ئوڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

123ـ ئەبۇ قەتادە ﷺ دىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ سىلەرنىڭ بىرىڭلار سۇ ئىچسە قاچىغا تىنمىسۇن. ۋە ۋاقتىكى ھاجەتكە كەلسە ئوڭ قۇلى بىلەن ئەۋرىتىنى تۇتمىسۇن . ۋە ئوڭ قۇلى بىلەن سىلىمىسۇن.

## تاش بىلەن ئىستىنجا قىلىش توغرىسىدا

124ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگەشتىم. ۋە ئۇ ھاجىتىگە چىقتى . ۋە ئىلتىپات قىلمايتتى . ئۇنىڭغا يېقىن كەلدىم. ئېيتتى: ماڭا بىر نەچچە تاش تېپىپ بەرگىن ئۇنىڭ بىلەن ئىستىنجا قىلىمەن. يا شۇنىڭغا ئوخشاش گەپ قىلدى. ماڭا ئۇستىخان ۋە نە تېزەكنى كەلتۈرمىگىن . ئۇنىڭغا ئېتىگىمنىڭ بىر تەرىپىدە تاشلەرنى كەلتۈردۈم . ئۇنى يېنىغا قويۇپ قويۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدۈم. ھاجەت قىلىپ بولۇپ ئۆزىگە تاشنى ئەگەشتۈردى. (يەنى تاش بىلەن ئىستىنجا قىلدى)

## تېزەك بىلەن ئىستىنجا قىلىنمايدىغانلىغى توغرىسىدا

125ـ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ھاجەت قىلغىلى كېلىپ مېنى ئۈچ دانە تاش ئەكېلىشكە بۇيرۇدى . ئىككى دانە تاشنى تاپتىم ئۈچىنچى تاشنى ئىستەپ تاپالماي تېزەكنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ غە ئۇنى كەلتۈردۈم . ئىككى دانە تاشنى ئېلىپ تېزەكنى تاشلىۋەتتى. ۋە ئۇنى نىجىستۇر دىدى .

## بىر مەررە بىر مەررە تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا

126ـ ئىبنى ئاببباس ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ تاھارەت ئەزالىرىنى بىر مەررە بىر مەررە يۇيۇپ تاھارەت ئالدى.

## ئىككى مەررە ئىككى مەررە يۇيۇپ تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا

127ـ ئابدۇللاھ بىننى زەيد ئەنسارى ﷺ دىن: پەيغەمبەر ﷺ ئىككى مەررە ئىككى مەررە يۇيۇپ تاھارەت ئالدى.

## ئۈچ مەررە ئۈچ مەررە يۇيۇپ تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا

128ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان ﷺ دىن ئۇر زات سۇنى ئەپكەلدۈردى . ئاندىن ئىككى قولىغا ئۈچ مەررە سۇ قويۇپ يۇدى. ئاندىن ئوڭ قولىنى قاچىغا كىرگۈزدى. ئاندىن ئاغزىغا سۇ ئالدى. ۋە بۇرنىغا سۇ ئالدى. سۇ ئېلىپ بۇرنىنى تاشلىدى. ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى. ۋە ئىككى قولىنى چەينەككىچە ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن بېشىغە مەسھى تارتتى. ئاندىن پۇتنى ئۇشۇغىچە ئۈچ مەررە يۇدى. ئاندىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ھەر كىشى مېنىڭ مۇشۇ تاھارىتىمگە ئوخشاش تاھارەت ئېلىپ ئاندىن ئۆز نەپسى بىلەن سۆزلەشمەي ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

129ـ ۋە بىر رىۋايەتتە ئوسمان ﷺ ئېيتتى: ئايا سىزلەرگە ھەدىس قىلىپ بەرمەيمۇ؟ ئەگەر كىتابۇللا ( قۇرئان )دىكى بىر ئايەت بولمىغان بولسا سىزلەرگە ئۇ ھەدىسنى ھەدىس قىلىپ بەرمەيتتىم . رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ : بىر كىشى كامىل تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇمايدۇ مەگەر شۇنداق قىلسىلا ئۆزى بىلەن يەنە بىر ناماز ئوقۇغىچىلىك ئارىلىقتىكى گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ۋە ئۇ ئايەت ﴿ إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلْنَا ﴾ {بەقەرە 159ـ ئايەت }

## تاھارەتتە بۇرۇننى تاشلاش توغرىسىدا

130ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: كىشىكى تاھارەت ئالسا بۇرنىغا سۇ ئېلىپ تاشلىسۇن . ۋە كىشىكى تاش بىلەن ئىستىنجا قىلسا ياكى بوي سالسا تاغ قىلسۇن . (جۈپ قىلمىسۇن )

## تاغ ئىستىنجا قىلىش توغرىسىدا

131ـ ئۇ زاتتىن ﷺ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارەت ئالسا بۇرنىغا سۇ ئېلىپ تاشلىسۇن . ۋە ئىستىنجا قىلسا تاغ قىلسۇن ۋە بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا قولىنى تاھارەت سۈيىگە تىقىشتىن ئىلگىرى يوسۇن . بىرىڭلار قولىنىڭ قەيەردە ياتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

132 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ۋە ئۇنىڭغا دېيىلدى: سىزنى بەيتۇللاھنىڭ رۇكنىلىرىدىن ئىككى يەمانى رۇكنىدىن باشقىسىنى سىلىمايدىغانلىقىڭىزنى كۆردۈم . ۋە سىزنى كۆردۈمكى مويسىز كەش كىيىدىكەنسىز. ۋە سىزنى كۆردۈمكى سېرىق بوياق سۈرىدىكەنسىز. ۋە سىزنى كۆردۈمكى مەككىدە بولسىڭىز خالايىقلار ئاينى كۆرۈپ

ئىھرام باغلىسا سىز تەرۋىيە ( سەككىزىنچى كۈنى) بولغۇچىلىك ئىھرام باغلىمايدىكەنسىز . ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: ئەمما رۈكنىلەر بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىككى رۈكنى يەمانىنىڭ باشقىسىنى سىلىغانلىقىنى كۆرمىدىم. ۋە ئەمما مويىسىز كەش بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ مويىسىز كەش كىيگەنلىكىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭدا تاھارەت ئالغانلىقىنى ھەم كۆردۈم . شۇڭا ئول مويىسىز كەش كىيىشنى دوست تۇتىمەن. ۋە ئەمما سېرىق بوياق بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سېرىق بويالغانلىقىنى كۆردۈم .شۇڭا مەن ئۇ سېرىق بوياقنى ئىستېمال قىلىشنى دوست تۇتىمەن. ۋە ئەمما ئىھرام باغلاش بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۇلاغنى قوزغىمىغىچىلىك ئىھرام باغلىغانلىقى كۆرمىدىم. ( يەنى تەرۋىيە سەككىزىنچى كۈنى ئۇلاغلىق چىقىدىغاندا ئىھرام باغلايتتى )

## تاھارەت ئېلىپ ۋە غۇسلى قىلىشتا ئوڭدىن باشلاش توغرىسىدا

133-ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياق كىيىشدە ۋە تاھارەت ئېلىشتا ھەممە ئىشلىرىدا ئوڭ تەرەپتىن باشلايتتى .

## ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا تاھارەت سۇيى تەلەپ قىلىش (ئىزدەش)توغرىسىدا

134- ئەنەس بىننى مالىك رضي الله عنه دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆردۈم ۋە ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى. خالايىقلار سۇ تەلەپ قىلىپ تاپالمىدىلەر. رەسۇلۇللاھ ﷺ غا بىر قاچا تاھارەت سۇيى كەلتۈرۈلدى . قولىنى شۇ قاچىدا قويىدى ۋە خالايىقنى ئاشۇ قاچىدىن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇدى . مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قوللىرىنىڭ ئېگىدىن سۇنىڭ بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . خالايىقلار ئاخىرغىچە تاھارەت ئالدى.

## ئىنسان چېچىنى يۇغان سۇ توغرىسىدا

135-ئۇ زاتدىن رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ باشىنى چۈشۈرتكەندە مۇبارەك چاچلىرىنى ( تەۋەررۈك قىلىپ) تۇنجى قېتىم ئەبۇ تەلھە ئالدى. (دېمەك چۈشۈرۈلگەن چاچ ۋە ساقال پاك)

## بىراۋنىڭ قاچىسىدىن ئىت ئىچىپ قويسا قانداق قىلىش توغرىسىدا

136- ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قاچىسىدا ئىت ئىچىپ قويسا ئۇ قاچىنى يەتتە قېتىم يۇسۇن .

137- ئابدۇللاھ بىننى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زامانلىرىدا ئىتلەر مەسجىددە ئالدى كەينگە مېڭىپ يۈرەتتى .

## ئارقا ئىككى چىقىش يولىدىن باشقا ئىشدا تاھارەت ئېلىشنى راۋا كۆرمىگەن كىشى توغرىسىدا

138ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : بەندە ھەمىشە نامازدا تۇرغان بولىدۇ مادامىكى مەسجىدتە نامازنى كۈتۈپ (ساقلاپ) تۇرسا ۋە تاھارىتنى سۇندۇرۇپ قويمىسىلا.

139ـ زەيد بىننى خالىد ﷺ دىن ئېيتتى: ئوسمان ﷺ دىن سوراپ ئېيتتىم: خەۋەر بەرگىن جىما قىلىپ مەنى ( ئىسپېرما ) كەلمىسە قانداق قىلىدۇ ؟ ئېيتتى ئوسمان ﷺ نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىدۇ. ۋە زەكىرىنى(ئالەتنى) يۇيىدۇ . بۇ مەسىلىنى رەسۇلۇللاھ ﷺدىن ئاڭلىغان ئىدىم دېدى ، ئوسمان ﷺ. مەن بۇ مەسىئىلىنى ئەلى ۋە زۇبەير ۋە تەلھە ۋە ئۇبەي بىننى كەئب ﷺلەردىن سورىدىم. ئۇلار مېنى شۇنىڭغا بۇيرۇدى . (زەيد بىننى خالىد شۇنداق دېدى )

140ـ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىي ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنسارىدىن بىرىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەلچى ئەۋەتتى. ۋە ئۇ چاقىرىلغان كىشى بېشىدىن سۇ تامغان ھالدا ( غۇسلى قىلىپ ) كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئۇمىدكى سىنى ئالدىرىتىپ قويدۇق. ئۇ كىشى ئېيتتى: ھەئە. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى ئالدىرتىلساڭ ياكى قەھەتچىلىك[7] قىلىنساڭ تاھارەتنى لازىم تۇتقىل . ( بۇنىڭدا جۆمھۇر ‹كۆپچىلىك › ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى خوتۇن كىشىنىڭ يۈتى ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ئىلاج قىلسا غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ دېگەن ھەدىس بار)

## ھەمراسىنى تاھارەت ئالدۇرۇپ قويۇش توغرىسىدا

141ـ مۇغىرەتە بىننى شۇئبە ﷺ دىن : ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن سەپەردە بىرگە بولدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ھاجىتىگە باردى ۋە مۇغىرە رەسۇلۇللاھغا سۇ قويۇپ بېرىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ تاھارەت ئالىدۇ. ۋە يۈزنى يۇدى ۋە ئىككى قولىنى يۇدى. ۋە بېشىغا مەسھى قىلدى. ۋە ئىككى ئۆتۈككە مەسھى قىلدى.

## تاھارەتسىز قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا (تەسبىھ ، تەھلىل ۋە زىكىر ) ئوقۇش توغرىسىدا

142ـئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۇ زات بىر كېچە مەيمۇنە رەسۇلۇللاھ ﷺ جۆپتىنىڭ ئۆيىدە قوندى . ۋە ئۇ مەيمۇنە ئىبنى ئابباسىنىڭ ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى. ئېيتتى: مەن ياستۇقنىڭ توغرىسىغا ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەھلىلىرى ياستۇقنىڭ ئۇزۇن بويىغا يېنىچە ياتتۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇخلىدى ھەتتا يېرىم كېچە يا ئازراق ئىلگىرى يا ئازراق كېيىنمۇ بولۇۋىدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئويغاندى. ئاندىن قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ سۈرە ئال ئىمرانىنىڭ

[7] قەھەتچىلىك قىلىنساڭ دېگەن سۆز جىما قىلىپ مەنى (ئىسپېرما ) كەلمەي قۇرۇق جىما بولسا

ئاخىردىن ئون ئايەت قىرائەت قىلدى. ئاندىن ئېسقىلىق تۇلۇمغا قوپۇپ ئۇنىڭدىن تولۇق كامىل تاھارەت ئېلىپ نامازغا تۇردى. ئىبنى ئابباس : مەنمۇ قوپۇپ جانابىي رەسۇلۇللاھ ﷺ دەك قىلىپ يېنىغا بېرىپ تۇردۇم. ئوڭ قولىنى بېشىمغا قويۇپ ئوڭ قولۇغۇمنى تۇتۇپ ئۇۋۇلىدى( ئوڭ تەرەپتە تۇرغۇزدى) ئاندىن ئىككى رەكەت. ئاندىن ئىككى رەكەت ئاندىن ئىككى رەكەت ئاندىن ئىككى رەكەت ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ئاندىن ۋىترىنى ئوقۇدى . ئاندىن يېنىچە ياتتى. ھەتتاكى مۇئەززىن كەلدى ۋە يەڭگىل ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ئاندىن (مەسجىدكە ) چىقىپ باغداد نامازنى ئوقۇدى . بۇ ھەدىس يوقاردا ئۆتتى. ۋە بۇ ئىككى ھەدىسدىن ھەربىرىدە يەنە بىرىدە يوق ھەدىس بار.

## باشنىڭ ھەممىسگە مەسھ قىلىش توغرىسىدا

143 ـ ئابدۇللاھ بىننى زەيد ﷺ دىن ئۇنىڭغا بىر كىشى ئېيتتى: ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قانداق تاھارەت ئالىدىغانلىقىنى كۆرسۇتۇپ بېرىشكە قادىر بۇلالامسەن ؟ ئېيتتى ئابدۇللاھ : ھەئە ( قادىر بولىمەن) دەپ سۇنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى قولىغا قۇيۇپ ئىككى مەررە يۇدى. ئاندىن ئاغزىغا ۋە بۇرنىغا ئۈچ مەررە سۇ ئالدى. ئاندىن يۈزنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ ئاندىن ئىككى قولىنى جەينەككىچە ئىككى مەررە ئىككى مەررەدىن يۇدى. ئاندىن ئىككى قولىنى بىلەن بېشىننىڭ ئالدىدىن باشلاپ ئىككى قولىنى گەردىنىگە ئاپىرىپ ئاندىن باشلىغان يېرىدىن ( پىشانىسى)گە قايتۇرۇپ مەسھى قىلدى. ئاندىن ئىككى پۇتىنى يۇدى.

## خەلقىنىڭ تاھارەت سۇيىدىن ئاشقان سۇنى ئىشلىتىش توغرىسىدا

ئەبى جۇھەيفە ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ چىڭقى چۈش ۋاقتىدا بىزلەرگە چىقتى . ئاندىن تاھارەت سۇيى كەلتۈرۈلدى ، تاھارەت ئالدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاھارىتىدىن ئاشقان سۇنى ئېلىپ ئۆزلىرىگە سۈرتتىلەر . ئاندىن خالايىققا ئالدىغا ھاسانى تىكلىگەن ھالدا پېشىننى ئىككى رەكەت ۋە ئەسرنى ئىككى رەكەت ئۇقۇپ بەردى. (سەپەردە)
145ـ سائىب بىننى يەزىد ﷺ دىن ئېيتتى: مېنى ئانامنىڭ ھەمشىرىسى پەيغەمبەر ﷺ ھۇزۇرىغا ئاپىرىپ ئى رەسۇلۇللاھ مىنىڭ ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى ئاغرىقدۇر دېدى . جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺ تاھارەت ئالدى. تاھارەتتىن ئاشقان سۇيىنى ئىچىپ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىككى دۈلىسى ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىك موھىرىسگە قارىدىم. كەكلىكنىڭ بويناقىغە ئوخشاش ئىكەن.

## ئەر كىشىنىڭ خوتۇن كىشى بىلەن بىرگە تاھارەت ئېلىشى توغرىسىدا

146ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانىسىدا ئەر – ئايال جەمئىيسى بىرگە تاھارەت ئالار ئىدى.

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىھوش كىشىگە تاھارەت سۇيىدىن قويغانلىقى توغرىسىدا

147ـ جابىر ﵁ دىن ئېيتتى: مەن بىر نەرسىنى ئەقلىمگە ئالالمىغۇدەك ھالەتتە كېسەل بولۇپ قالغىنىمدا پەيغەمبەر ﷺ مېنى يوقلاپ كېلىپ تاھارەتتىن ئاشقان سۇيىدىن ماڭا قۇيغاندىن كېيىن ئەقلىمگە كېلىپ يا رەسۇلۇللاھ مىراس كىمگە قالىدۇ. پەقەت ماڭا كەلالە[8] ۋارىس بولىدۇ دېدىم . شۇنىڭ بىلەن پەرائىز (مىراس) ئايىتى نازىل بولدى.

# مىغزەپ ( چوڭ تاش ) قاچىدا غۇسلى قىلىش ۋە تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا

148ـ ئەنەس ﵁ دىن ئېيتتى: ناماز ھازىر بولۇپ مەسجىدكە يېقىن كىشىلەر قوپتى. ۋە بىر مۇنچە جامائەت قىلىپ قالدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىچىدە سۇ بار تاش قاچا كەلتۈرۈلدى . ئۇنىڭغا ئالىقانىنى يېيىشقا قاچا كىچىك كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جامائەتنىڭ ھەممىسى تاھارەت ئالدى. قانچىلىك كىشى بار ئىدىڭلار دەپ سورالغاندا ھەزرىتى ئەنەس سەكسەندىن ئارتۇق ئىدى دېدى .

149 – ئەبۇ موسا ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺ سۇ بار قاچىنى چاقىردى ( ئەپكەلدۈردى ) ئاندىن ئىككى قولىنى ۋە يۈزىنى يۇدى ( ۋە ئاشقان سۇنى) قاچىغا تۆكتى .

150ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ كېسەللىرى ئېغىرلىشىپ ئاغرىقى قاتتىق بولغاندا ئاياللاردىن مېنىڭ ئۆيۈمدە بېقىلىشىغا ئىزنى (رۇخسەت) سورىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىزنى بەردى . پەيغەمبەر ﷺ ئابباس ۋە يەنە بىر كىشىگە ھاپاش بولغان ھالدا ئىككى پۇتى يەرنى جىجىلاپ چىقتى . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس قىلاتتىكى پەيغەمبەر ﷺ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەندە ئاغزى بۇغچى يېشىلمىگەن يەتتە تۇلۇمدىن ماڭا سۇ قويۇڭلار ئۇمىدكى مەن خەلققە ۋەسىيەت قىلىمەن ـدېدى . شۇنىڭ بىلەن ئاياللىرى ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قاچىسىدا ئولتۇرغۇزدى. ۋە ئۇنىڭغا سۇ قۇيدۇق ھەتتاكى بىزلەرگە قىلدىڭلار دەپ ئىشارەت قىلىپ خالايىق قېشىغا چىقتى .

151ـئەنەس ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺ بىر قاچا سۇ ئەپكەلدۈردى . ئاغزى كەڭرى ئازراق سۇيى بار بىر قاچا كەلتۈرۈلدى . ئۇنىڭغا بارماقلىرىنى قويدى. ئەنەس ئېيتتىكى بارماقلىرى ئارىسىدىن بۇلۇقلاپ چىقىۋاتقان سۇغا قاراپ قالدىم ۋە تاھارەت ئالغان كىشىنى يەتمىش – سەكسەن ئارىلىقىدا ئۆلچىدىم .

# بىر جىڭ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا

152ـ ئۇ زاتتىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ بىر سا (تۆت جىڭ) دىن بەش جىڭغىچە سۇ بىلەن غۇسلى قىلاتتى. ۋە بىر جىڭ سۇ بىلەن تاھارەت ئالاتتى. ( كونا جىڭدا)

[8] كەلالە ھەققىدە سۆز كۆپ بولۇپ توغرىراقى ئاتاسىز بالا دەيدۇ ياكى بالىسىز ئادەم.

## ئىككى ئۆتۈككە مەسھى قىلىش توغرىسىدا

153- سەئد بىننى ئەبى ۋەققاس رضي الله عنه دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۇ زات ئىككى ئۆتۈككە مەسھى قىلدى. ۋە ئابدۇللاھ بىننى ئۆمەر بۇ مەسىلىنى ئۆمەردىن سورىۋىدى،ئۆمەر ھەئە شۇنداق. ۋاقتىكى سەئد ساڭا پەيغەمبەر ﷺ دىن ھەدىس بايان قىلسا ئۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمدىن سورىمىغىن.

154- ئەمرى بىننى ئۇمەييە زەمرى رضي الله عنه دىن : ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆتۈككە مەسھى قىلغانلىقىنى كۆردى.

155- ئۇ زات رضي الله عنه يەنە ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەستارىغا ۋە ئىككى ئۆتۈككە مەسھى قىلغانلىقىنى كۆردۈم .

## ئىككى پۇتنى يۇيۇپ ئاياق كىيىش توغرىسىدا

156- مۇغىرەتە بىننى شۇئبە رضي الله عنه دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر سەپەردە بىللە بولدۇم . ئىككى ئۆتۈكىنى تارتىپ قوياي دېسەم ، بۇ ئىككى ئاياقنى قوي مەن ئۇنى پاك بولغان ھالدا كىيگەن ئىدىم دەپ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلدى.

## قوي گۆشى ۋە تالقان يېگەن كىشىنىڭ تاھارەت ئالمىغانلىقى توغرىسىدا

157- ئەمرى بىننى ئۇمەييە رضي الله عنه دىن ئۇ زات پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قوينىڭ دۇلىسىدىن كېسىپ يېگەنلىكىنى ۋە نامازغا چاقىرىلىپ پىچاقنى تاشلاپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى ۋە تاھارەت ئالمىغانلىقىنى كۆردى.

## تالقان يېگەندىن كېيىن ئاغزىغا سۇ ئالغان ۋە تاھارەت ئالمىغان كىشى توغرىسىدا

158 – سۇۋەيدە بىننى نۇئمان رضي الله عنه دىن: ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىلەن خەيبەر يىلى بىرگە چىقتى. ھەتتا ئۇلا سەھبا دېگەن جايدا بولدى سەھبا خەيبەرگە يېقىن بىر جاي. ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى . ئاندىن ئۇزۇقلەرنى ئەپكەلدۈردى . تالقاندىن باشقا نەرسە كەلتۈرۈلمىدى . تالقانى چىلىشقا بۇيرۇلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ۋە بىزلەر بىللە يېدۇق . ئاندىن ناماز شامغا قوپۇپ ئاغزىغا سۇ ئېلىپ چايقىدى. ۋە بىزمۇ سۇ ئېلىپ چايقىدۇق ئاندىن ناماز ئوقۇدى تاھارەت ئالمىدى.

159- مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا قوينىڭ دۇلىسىنى يەپ ناماز ئوقۇدى تاھارەت ئالمىدى.

## سۈتتىن ئېغىز چايقىلامدۇ ؟ توغرىسىدا

160ـ ئىبنى ئابباس ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ سۈت ئىچىپ ئاغزىنى چايقىدى ۋە ئۇنىڭ يېغى بار دېدى .

## ئۇيقۇدىن كېيىن تاھارەت ئېلىش ھەققىدە ۋە بىر ـ ئىككى ئۇگىدەشدىن ۋە بەك ئۇگدەش بىلەن باش چۆشۈپ كېتىشتىن تاھارەت ئېلىشنى راۋا كۆرمىگەن كىشى توغىسىدا

161ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ ئۇگىدىسە ئۇزىدىن ئۇيقا كەتكىچىلىك ئۇخلىسۇن چۈنكى بىرىڭلار مۈگدىگەن ھالدا ناماز ئوقۇسا ئىستىغپار ئېتىمەن دەپ بىلمەستىن ئۆز نەپسىنى سۆكۈپ – تىللاپ قويۇشى مۇمكىن.

162ـ ئەنەس ﷺ پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: بىرىڭلار نامازدا ئۇگىدىسە ئوقۇغان نەرسىسىنى بىلگىدەك بولغىچە ئۇخلىسۇن.

## تاھارەت سۇنمىسمو تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا

163ـ ئۇ زات ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ھەر بىر ناماز ۋاقتىدا تاھارەت ئالار ئىدى. ئەمما بىزلەرنىڭ تاھارتىمىز سۇنمىسلا بىر تاھارەت كۇپايە قىلاتتى.

## سۈيدۈكتىن پەرھىز قىلماسلىق گۇناھى كەبىرەدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

165ـئىبنى ئابباس ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ مەدىنە ياكى مەككە باغلىرىدىن بىر باغقا ئۆتۈۋېتىپ ئىككى ئادەمنىڭ قەبرىدە ئازاب قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ ئىككى قەبرە ئىگىسى ئازاب قىلىنىۋاتىدۇ گۇناھى كەبىر ھەققىدە. ۋە سىلەرچە گۇناھى كەبىر توغرىسىدا ئازاب قىلىنمايدۇ . ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرى سۈيدۈكتىن پەرھىز تۇتماس ئىدى. ۋە يەنە بىرى گەپ توشۇر ئىدى.(چىقىمچىلىق قىلاتتى) دېدى . بىر ھۆل شاخنى ئېلىپ ئىككى پارچە قىلىپ ھەر بىر قەبرىگە بىردىن سانچىپ قويۇپ بۇ ئىككى شاخ قۇرۇپ قالمىسىلا بۇ ئىككىسىدىن ئازاب يەڭگىل قىلىنىشى ئۈمىدلىكتۇر ـدېدى.

## سۈيدۈكنى يۇيۇش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسنىڭ بايانى

165ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھاجەت قىلغىلى بارسا سۇ كەلتۈرەتتىم ئۇنىڭ بىلەن يۇياتتى .

## سەھرالىق ئەرەبنى مەسجىدتە سۈيدۈكتىن پارىغ بولغىچە پەيغەمبەر ﷺ ۋە خەلقنىڭ چېقىلماي قويغىنى توغرىسىدا

166ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىبىتتى : سەھرالىق بىر ئەرەب مەسجىددە تۇرۇپ سىيدى. ۋە خەلق ئۇنىڭغا تىل سالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا ئۇنى قويۇڭلار ۋە سۈيدۈككە بىر سۇغۇر ( چېلەك ) سۇ قويۇۋېتىڭلار . سىلەر ئاسان قىلغۇچى قىلىنىپ ئىبىرىلدىڭلار. ۋە سىلەر تەس قىلغۇچى قىلىپ ئىبىرىلمىدىڭلار دىدى . ( يەنى سىلەرگە ئاسان قىلدىغان دىن ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىلدى)

## كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈكى توغرىسىدا

167ـ ئۇممى قەيس بىنتى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇ خوتۇن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا تاماق يېمىگەن بىر كىچىك بالىنى ئىلىپ كەلدى. ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ قۇچاقىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇۋىدى كىيىمىگە سىيىپ قويىدى. ئاندىن سۇ كەلتۈرۈپ كىيىمگە چاچتى ۋە يۇمىدى. (ئۇۋۇلاپ يۇماي چايقىۋەتتى)

## ئۆرە تۇرۇپ ۋە ئولتۇرۇپ سىيىش توغرىسىدا

168ـ ھۇزەيفە ﷺ دىن ئىبىتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر جامائەتنىڭ ھاجەتخانىسىغا كىلىپ ئۆرە تۇرۇپ سىيىپ سۇنى چاقىردى. مەن سۇ ئەكىلىپ بەردىم تاھارەت ئالدى.

## ئۆز ھەمراسى قىشىدا سىيىش ۋە تام بىلەن پەردەناك (توسۇلۇش ) بولۇش توغرىسىدا

169ـ ھۇزەيفە ﷺ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئىبىتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن يىراق بىر تەرەپتە تۇردۇم. ماڭا ئىشارەت قىلدى. قىشىغا كىلىپ ھاجەتتىن پارىغ بولغىچە پاشنىسىنىڭ يىنىدا تۇردۇم.(يەنى قەدىمىنىڭ)

## قاننى يۇيۇش توغرىسىدا

170ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىبىتتى: بىر خوتۇن پەيغەمبەر ﷺ قىشىغا كىلىپ خوتۇنلاردىن بىرىمىز بىر كىيىمىدا ھەيز كۆرۈپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ـ دىدى . پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ھەيزنى قىرىدۇ. ئاتلاپ سۇ بىلەن ئۇۋۇلايدۇ. ۋە ئۇنىڭغا سۇ چېچىپ چايقايدۇ ۋە شۇ كىيىمدە ناماز ئوقۇيدۇ ـ دىدى.

171ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىبىتتى: فاتىمە بىنتى ھۇبەيش رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ يا رەسۇلۇللاھ مەن ھەمىشە ئىستىھازە ( كىسەل خۇنى ) نى كۆرىمەن پاك بولالمايمەن، ئايا مەن نامازنى تەرك قىلمەنمۇ؟ دىدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ياق ئۇ پەقەت تومۇردىن كەلگەن

خۇن ھەيز ئەمەس. ئادەتتە ئۇ ھەيزنىڭ ۋاقتىدا كەلسە نامازنى تەرك قىل. ھەيز خۇنى كەتسە سەندىن خۇننى يۇيۇپ ناماز ئوقۇغىن . ئاندىن ئاشۇ ھەيز ۋاقتى كەلگۈچە ھەربىر نامازغا بىر تاھارەت ئالغىن ـ دېدى .

## مەنىي (ئىسپېرما ) نى يۇيۇش توغرىسىدا

172ـئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھﷺ نىڭ كىيىملىرىدىن جىنابەتنى يۇيار ئىدىم كىيىمدە سۇنىڭ ئەسرى بولغان ھالدا نامازغا چىقار ئىدى.

## تۆگە ، قوي ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياتقان يەرلەرنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

173ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: ئۇكەل ۋە ئۇرەينە قەبىلىسىدىن بىر بۆلۈك خالايىقلار كېلىپ مەدىنىدە ئاغرىپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى سۈتلۈك تۆگىنىڭ سۈتلەردىن ۋە سۈيدۈكلەردىن ئىچىشكە بۇيرۇدى . ئۇلەر ئۇ يەرلەرگە بېرىپ ساقىيىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆگىچىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۆگىلەرنى ھەيدەپ كەتتى. بۇ خەۋەر كۈندۈزى ئەتىگەن تەرەپتە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئادەم ئەۋەتىۋىدى چۈش ۋاقتى بىلەن ئۇلارنى كەلتۈرۈلدى . ئۇلارنىڭ پۇتلەرنى كېسىشكە بۇيرۇدى . كۆزلىرى ئويۇلدى. ئۇلارنى قىزىق سايغا تاشلاندى. ئۇلار سۇ تەلەپ قىلدىلەر سۇ بېرىلمىدى .

174ـ ئۇ زات ﷺ دىن ئېيتتى: مەسجىد سېلىنىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ﷺ قوي ياتقان يەرلەردە ناماز ئوقۇيتتى .

## ياغقا ۋە سۇغا چۈشكەن نىجاسەتلەر توغرىسىدا

175ـ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ياغقا چۈشكەن چاشقاندىن سوئال قىلىندى پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ۋە ئەتراپىدىكى توڭ ياغنى تاشلاڭلار ۋە يېغىڭلارنى يەڭلار دېدى . ( توڭ ياغ بولسا ئەتراپىنى ئېلىۋېتىپ يېيىشكە بولىدۇ. سۇيۇق ياغ بولسا ھەممىسى تۆكۈلىدۇ.)

176ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مۇسۇلمانغا خۇدا يولىدا يەتكەن جاراھەت قىيامەت كۈنى ئۆز ھەيئىتى بىلەن بولىدۇ. ۋە ئۇنىڭغا سانچىلسا قان تامىدۇ. رەڭگى قان رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپار بولىدۇ. ( ئىپار پاك دېمەكتۇر )

## دائىم (توختام قالغان ) سۇغا سىيىش توغرىسىدا

177ـ ئۇ زات ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاقمايدىغان توختاپ قالغا سۇغا سىيمىسۇن.ئاندىن ئۇنىڭدىن تاھارەت ئالىدۇ.

## ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۈستىگە تېزەك گەندە ۋە تاپ قاتارلىق نەرسە تاشلانسا ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدىغانلىقى توغرىسىدا

178ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ بەيتۇللاھدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى.ۋە ئەبۇ جەھىل ئەسھابلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. بەزىلىرى بەزىلىرگە قايسىڭلار پالانىنىڭ باللىرىنىڭ تۆگىسىنىڭ جاسۇيلىرىنى مۇھەممەد سەجدە قىلغاندا ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئارتىپ قويىدۇ؟ـدېدى . بىر بەدبەخ قوپۇپ ئۇ جاسۇينى ئېلىپ كېلىپ قاراپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ سەجدە قىلغاندا ئىككى دولىسى ئارىسىغا ئارتىپ قويدى. ۋە مەن قاراپ تۇردۇم ھىچنەرسىنى بىھاجەت قىلالمايمەن. ئەگەر ماڭا قوغداش بولسىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەر كۈلۈشۈپ بىر ـبىرىگە مايىل بولۇشۇپ قىقىيىپ قىلىشتى . ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ سەجدىدە باش كۆتۈرمەي تۇراتتى. ھەتتا پاتىمە كېلىپ ئۇ ئۇچەي ـ قېرىنىنى جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئۇچىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ۋە باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ھەي خۇدا قۇرەيشنى تۇت دەپ ئۈچ مەرتىۋە دېدى . ئۇلارغا دۇئايى بەد قىلغىنى ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. ۋە ئۇلار بۇ شەھەردە دۇئا ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ھەي ئاللاھ ئەبۇ جەھىلنى تۇت! ئۇتبەتە ئىبنى رەبىئەنى تۇت! شەيبەتە ئىبنى رەبىئەنى تۇت! ۋە ۋەلىد ئىبنى ئۇتبەنى تۇت! ۋە ئۇمەييە بىننى خەلەفنى تۇت! ۋە ئۇقبەتە بىننى ئەبى مۇئىتنى تۇت! دەپ يەتتىنچىنى ساندى ئۇنى راۋى ئۇنتۇپ قالدى. ئىبنى مەسئۇد ئېيتتىكى جىنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى رەسۇلۇللاھ ﷺ سانىغانلەرنىڭ بەدرى قۇدۇقىغا يىقىتىلغانلىقىنى كۆردۈم . ( يەنى تاشلانغانلىقىنى كۆردۈم )

## كىيىمدە تۈكۈرۈك ۋە بۇرۇن سۈيى ئۇنىڭ ئوخششىنىڭ بولۇشى توغرىسىدا

179ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ كىيىمگە تۈكۈردى.

## خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ يۈزىدىكى قاننى يۇغانلىقى توغرىسىدا

180ـ سەھل بىننى سەئىد سائىدى ﷺ دىن : ئۇنىڭدىن كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ جاراھەتلىرىنى نېمە بىلەن داۋالانغان دەپ سورىدى ئۇ ئېيتتى: ئۇنى مەندىن بەكراق بىلىدىغان ئادەم قالمىدى. ئەلى قالقاندا سۇ كەلتۈرەر ئىدى، ۋە پاتىمە مۇبارەك يۈزلىرىدىن قاننى يۇيار ئىدى . ۋە بورا ئېلىپ كېلىپ كۆيدۈرۈلۈپ جاراھەتلەرگە بېسىلدى.

## مىسۋاك قىلىش توغرىسىدا

181ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلسەم قوللىرىدا مىسۋاك بار گوياكى قەي قىلغاندەك ئۆھـئۆھ قىلىۋاتقان ھالدا تاپتىم .

182ـ ھۇزەيفە ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ كېچىلىرى قوپسا ئاغزىغا مسۋاك سىلىپ چايقايتتى .

## مسۋاكنى چوڭراقىغا بېرىش توغرىسىدا

183 – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۆزۈمنى مسۋاك قىلىۋاتقان كۆرىمەن . بىرى يەنى بىرىدىن چوڭ ئىككى كىشى كەلدى. مسۋاكنى ئو ئىككىسىنىڭ كىچىككە بەردىم. ماڭا چوڭىغا بەر دېيىلدى . شۇنىڭ بىلەن مسۋاكنى چوڭراقىغا بەردىم.

## تاھارەت بىلەن ياتقان كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا

184ـ بەررا بىننى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : ياتىدىغان ئورنىڭغا كېلىدىغاندا نامازغا ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن ئاندىن ئوڭ يېنىڭچە يات ئاندىن ئېيتقىن ‹‹ اللَّهُمَّ أَسْلَمْتُ وَجْهِي إِلَيْكَ وَفَوَّضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ رَغْبَةً وَرَهْبَةً إِلَيْكَ لَا مَلْجَأَ وَلَا مَنْجَا مِنْكَ إِلَّا إِلَيْكَ اللَّهُمَّ آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذِي أَنْزَلْتَ وَبِنَبِيِّكَ الَّذِي أَرْسَلْتَ›› ئەگەر شۇ كېچىسى ئۆلسەڭ سەن ئىسلام ئۈستىگە بولغان بولىسەن . يوقارقى دۇئالەرنى سۆزلەيدىغان سۆزىنىڭنىڭ ئاخىرى قىلغىل. بەررا ئېيتتىكى : مەن ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ غا قايتۇرۇپ ئوقۇپ ‹‹ اللَّهُمَّ آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذِي أَنْزَلْتَ ››غە يېتىپ كېلىپ ‹‹ وَرَسُولِكَ ›› دېسەم ياق ‹‹ وَبِنَبِيِّكَ الَّذِي أَرْسَلْتَ ›› دېدى .

# غۇسلىنىڭ كىتابى

## غۇسلىدىن ئىلگىرى كىچىك تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا

185ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ﷺ جىنابەتتىن غۇسلى قىلسا ئىككى قولىنى يۇيۇپ ئاندىن نامازغا ئالغاندەك تاھارەت ئالاتتى. ئاندىن بارماقلىرىنى سۇغا چىلاپ ئۇنىڭ بىلەن چاچلىرىنىڭ تۈۋىگە خىلال قىلاتتى. ئاندىن ئىككى قولى بىلەن بېشىغا ئۈچ ئوش سۇ قۇياتتى. ئاندىن ھەممە بەدەنلىرىگە سۇ قويار ئىدى.

186 – مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نامازغا ئالغاندەك تاھارەت ئالدى ئاندىن ئىككى پۇتىنى يۇماستىن ئەۋرەتنى يۇدى. ۋە ئازار(نجاسەت) يەتكەن يەرلەرنى ھەم يۇدى. ئاندىن ئۆزىگە سۇ قۇيدى ئاندىن ئىككى پۇتنى ( غۇسلى قىلغان يەردىن ) يىراق قىلدى ۋە پۇتنى يۇدى. مۇشۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جىنابەتتىن غۇسلى قىلىشىدۇر.

## ئەر كىشىنىڭ خوتۇن كىشى بىلەن غۇسلى قىلىشى توغرىسىدا

187ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ غۇسلى قىلاتتۇق. ئۇ قاچىنى پەرەق دېيىلەتتى .

## بىر سا ( بەش جىڭ سۇ) ۋە ئۇنىڭ ئوخششى بىلەن غۇسلى قىلىش توغرىسىدا

188 ئۇ زات رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غۇسلى قىلىشى توغرىلىق سورالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر سا مىقدارى سۇنى ئەكەلدۇرۇپ غۇسلى قىلدى. ۋە بېشىغا سۇ قۇيدى. ئۇنىڭ بىلەن سورىغۇچىنىڭ ئارىسىدا پەردە بار .

189ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ ﷺ دىن: ئۇنىڭدىن بىر كىشى غۇسلى توغرىلىق سورىدى. ئېيتتى: ساڭا بىر سا سۇ كۇپايە قىلىدۇ. يەنە بىر كىشى ئېيتتى: ماڭا كۇپايە قىلمايدۇ. ( يەنى بىر سا سۇ) جابىر ئېيتتى : سەندىنمۇ چاچلىرى تولۇقراق ۋە سەندىن ياخشىراق كىشىگە بىر سا سۇ كۇپايە قىلاتتى (رەسۇلۇللاھ ﷺ غا) ئاندىن ئۇلارغا بىر كىيىمدە ئىمام بولدى.

## بېشىغا ئۈچ مەررە سۇ قۇيغان كىشى توغرىسىدا

190ـ جۇبەير بىننى مۇتئىم ﷺ دىن ئىيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئەمما مەن بېشىمغا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيىمەن ۋە ئىككى قوللىرى بىلەن ئىشارەت قىلدى.

## غۇسلى قىلغاندا قاچا بىلەن ياكى خۇشبۇي نەرسە بىلەن باشلىغان كىشى توغرىسىدا

191ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ جىنابەتدىن غۇسلى قىلاردا سۇنى ئەكەلدۇرۇپ قاچىغا ئوخشاش بىر نەرسەدىن ئىككى ئالىقىنى بىلەن سۇ ئېلىپ بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئاندىن سول تەرىپىدىن باشلايتتى . ۋە ئىككى قولى بىلەن باشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىشارەت قىلاتتى.

## جىمانى تەكرار قىلغان كىشى توغرىسىدا

192ـ ئۇ زات رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نى خوشبوي قىلاتتىم ئاندىن خوتۇنلىرنى ئايلىنىپ چىقىپ ئېھراملىق ھالەتلىرىدە خوشبويلەرى تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك ھالدا تاڭ ئاتتۇراتتى.

193ـ ئەنەس ﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئون بىر خوتۇنلىرىنى ۋە بىر رىۋايەتتە توققۇز خوتۇنلىرنى ئايلىنىپ چىقار ئىدى. ئايا بۇنىڭغا تاقەت قىلالامدۇ؟ دېيىلدى . ئەنەس ئېيتتىكى ئۇنىڭغا ئوتتۇز ئەرنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلدى دەپ سۆزلىشەر ئىدۇق.

## خوشبۇيناك بولغان ۋە غۇسلى قىلغان كىشى توغرىسىدا

194- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېھراملىق ھالىتىدە بېشىنىڭ يارمىسىدىكى خۇشبۇيىنىڭ پارقىراپ تۇرغىنىغا قاراپ قالاتتىم

## غۇسلى قىلغاندا چاچنى خىلال قىلىش توغرىسىدا

195- ئۇ زات شەرىپە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ جىنابەتتىن غۇسلى قىلارىدا ئىككى قولىنى يۇيۇپ نامازنىڭ تاھارىتىدەك تاھارەت ئالاتتى. ئاندىن غۇسلى قىلار ئىدى. ئاندىن ئىككى قولى بىلەن چېچىنى خىلال قىلاتتى. بەدەنلىرى[9] تولۇق سىيراپ (ھۆل قىلغانلىقىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئۈچ مەررە سۇ قۇيۇپ ئاندىن قالغان بەدەنلىرىنى يۇيار ئىدى .

## مەسجىدىدە جۇنۇبلىقى يادىغا كەلسە ئۆز پېتى چىقىپ كېتىدىغانلىقى ۋە تەيەممۇم قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا

196- ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن ئىيتتى: نامازغا تەكبىر ئىيتىلىپ ئۆرە تۇرغان ھالدە سەپلەر تۈزەلگەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ چىقىپ ناماز ئوقۇيدىغان جايلىرىدا تۇرغاندە جۇنۇبلىقى يادىغا كېلىپ بىزلەرگە جايىڭلاردا جىم تۇرۇڭلار دەپ يېنىپ كىرىپ غۇسلى قىلىپ باشلىرىدىن سۇ تامغان ھالدا چىقىپ تەكبىر تەھرىمە ئىيتتى ۋە بىللە ناماز ئوقۇدۇق.

## خالىي يەردە تەنھا يالىڭاچ غۇسلى قىلغان كىشى توغرىسىدا

197- مەزكۇر زات رضي الله عنه دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى: بەنى ئىسرائىل بىر- بىرسىگە قاراپ يالىڭاچ غۇسلى قىلىشاتتى. ۋە موسا ئەلەيھىسسالام تەنھا غۇسلى قىلاتتى. ئۇلار ۋەللاھى موسا ئادەر ( بۆرىكى چىقىپ كەتكەن، پورداق ) بولمىسا بىزلەر بىلەن غۇسلى قىلاتتى دىيىشتى . موسا ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم غۇسلى قىلماقچى بولۇپ كىيىملىرىنى تاش ئۇستىگە قويۇپ ئىدى، تاش كىيىملىرىنى ئېلىپ قاچتى. موسا ئەلەيھىسسالام ئارقىدىن ھەي تاش كىيىممىنى بەر ، ھەي تاش كىيىممىنى بەر دەپ ماڭدى ھەتتا بەنى ئىسرائىل موساغا قاراپ ۋەللاھى موسادا باك (چاتاق) يوقكەن دىيىشدى. ۋە موسا كىيىملىرىنى ئېلىپ تاشنى ئۇرۇشقا باشلىدى . ئەبۇ ھۇرەيرە ئىيتتىلەركى ۋەللاھى تاشدا ئالتە – يەتتە يەردە ئۇرغانىنىڭ ئىزى قالدى.

198- ئۇ زات رضي الله عنه دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى: ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ غۇسلى قىلىۋاتار ئىدى، ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن چېكەتكە چۈشتى. ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام كىيىمدە ئوشلاپ ئۇستى. پەرۋەردىگارى ھەي ئەييۇب سىنى كۆرگەن نەرسەڭدىن بىھاجەت (باي) قىلمىدىممۇ؟ دىدى .

---

[9] باشنىڭ تېرىسىنى دىمەكچى

ئېيتتى : ئـارى( ئەلۋەتتە) قەسەم ئىزتتىڭگە. ۋەلىكىن سىنىڭ بەركىتىڭدىن ماڭا بىھاجەتلىك يوق.

## خالايىق يېنىدا غۇسلى قىلغاندا پەردە ئىچىدە بولۇش توغرىسىدا

199ـ ئۇممۇ هانى بىنتى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن ئېيتتى: مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى غۇسلى قىلىۋاتقان ۋە پاتىمە پەردە قىلىپ (توسۇپ ) تۇرغان ھالدا تاپتىم. ئېيتتى : كىم بۇ ؟ ئېيتتىم : ئۇمموھانى.

## جۇنۇپ كىشىنىڭ تەرى ۋە مۆمىنىنىڭ نىجىس بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

200 – ئەبۇ ھۇرەيرە دىن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنەنىڭ بەزى يوللىرىدا جۇنۇپ ھالىتىدە ئۇچۇرشۇپ قالدى. ئېيتتى ئۇ : ئاستا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مەخپى ھالدا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ غۇسلى قىلىپ كەلدىم. نەگە باردىڭ ھەي ئەبۇ ھۇرەيرە ؟ دېدى . مەن جۇنۇپ ئىدىم بىتاھارەت ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى ناخۇش كۆردۈم دېسەم، سۇبھاناللاھ مۆمىن نىجىس بولمايدۇ دېدى .

## جۇنۇپ بولغان كىشىنىڭ كىچىك تاھارەت ئېلىپ يېتىشى توغرىسىدا

201ـ ئۆمەر بىننى خەتتاب ﷺ دىن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن سوئال قىلدىكى بىزلەرنىڭ بىرىمىز جۇنۇپ ھالدا ئۇخلىسا بولامدۇ؟ ھەئە بولىدۇ دەپ جاۋاب بەردى. كىچىك تاھارەت ئېلىپ جۇنۇپ ھالدا ئۇخلىساڭلار بولىدۇ.

## ئەر – ئايالنىڭ ئىككى خەتنەگاھلىقى بىر ـ بىرىگە يولۇقۇش توغرىسىدا

202ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئەركىشى ئايالىنىڭ تۆت شېخىنىڭ (پۇت ـ قولى ) ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشسە (ئىككى خەتنەگاھلىق بىر ـ بىرىگە يولۇقسا) شەكسىز غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ.

# ھەيزنىڭ كىتابى

## ھەيزدار خوتۇنغا ئەمر ـ مەرۇپ قىلىش توغرىسىدا

203ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىبىتتى : بىز ھەج ئۇچۇنلا چىقىپ سەرىف دېگەن جايغا كېلىپ ھەيز كۆرۈپ قالدىم. مەن يىغلاۋاتسام رەسۇلۇللاھ ﷺ كېلىپ نىمە بولدى، ھەيز كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟ ـ دېدى . ھەئە دېدىم . بۇ ھەيز ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھسسالامنىڭ قىزلىرىغا تەقدىر قىلغان ئىشدۇر. بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلمايلا ھاجىلەر بىلەن باشقا پائالىيەتلەرنى قىلىڭ دېدى . ئۆزى خوتۇنلىرى جانىبىدىن كالا قۇربانلىق قىلدى.

## ھەيزدار خوتۇن ئېرىنىڭ بېشىنى تاراپ قويۇشى توغرىسىدا

204ـ ئۇ زات شەرىفە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىبىتتى: ھەيزدار ھالىتىمدە رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىنى (چاچلىرىنى ) تاراپ قوياتتىم.

205ـ يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مەسجىددە تۇرۇپ ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بېشىنى يېقىن قىلىپ بېرەتتى. ئۇ ئۆز ھۆجرىسىدە تۇرۇپ جانابى رەسۇلۇللاھنىڭ باشلىرىنى تاراپ قويار ئىدى.

## ئەر كىشىنىڭ ھەيزدار بولۇپ قالغان خوتۇننىڭ قۇچىقىدا قۇرئان ئوقۇشى توغرىسىدا

206ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئىبىتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ قۇچۇغۇمدا مەن ھەيزدار ھالىتىمدە يۆلىنىپ قۇرئان ئوقۇيتتى .

## نىفاسنى ھەيز دەپ ئاتاش توغرىسىدا

207 – ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىبىتتى: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر يوتقاندا ياتاتتىم بىردىنلا ھەيز كۆرۈپ قىلىپ ئورۇندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ھەيز كىيىممنى كىيىۋالدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىفاسدار بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ دېدى . مەن ھەئە دېدىم . شۇنىڭ بىلەن مېنى چاقىردى رەسۇلۇللاھ بىلەن يوتقاندا بىللە ياتتىم.

## ھەيزدار خوتۇنۇننىڭ بەدىنىگە بەدەننى تەگدۈرۈش توغرىسىدا

208ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىبىتتى: مەن ۋە پەيغەمبەر ﷺ ھەر ئىككىلىمىز جۇنۇپ ھالەتتە بىر قاچىدىن ( سۇ ئېلىپ ) غۇسلى قىلار ئىدۇق. ۋە مەن ھەيزدار ۋاقتىمدە مېنى تامبال كىيىشكە بۇيرۇيتتى . ئاندىن ماڭا بەدىنىنى تەككۈزەر ئىدى. ۋە مەن ھەيزدار ۋاقتىمدە

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىتىكافدا تۇرۇپ ماڭا (مەسجىدتىن ) بېشىنى چىقىرار ئىدى. بېشىنى يۇيۇپ قويار ئىدىم.

209- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: ئاياللىردىن بىرىمىز ھەيزدار بولۇپ قالسا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بىلەن بەدەن قۇچاقلاشماقچى بولسا شۇ بىرۇغا تامبال كىيىشكە بۇيرۇيتتى تازا ھەيز كېلىۋاتقان ۋاقتىدا ئاندىن ئۇنى قۇچاقلايتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز نەپسىگە ئىگە بولغانىدەك قايسىڭلار ئۆز نەپسىڭلارغا ئىگە بولالايسىلەر!

## ھەيزدار خوتۇننىڭ روزە تۇتماسلىقى توغرىسىدا

210 – ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ روزا ھېيتمو ياكى قۇربان ھېيتمو بىزلەرگە ھېيتگاھقا چىقىپ ئاندىن خوتۇنلەر سەپلىرىگە ئۆتۈپ ئېيتتى: ھەي خوتۇنلەر جامائىتى سەدىقە قىلىڭلار، چۈنكى سىلەرنى ماڭا دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆبراقى قىلىپ كۆرستىلدى . ئاندىن خوتۇنلەر نېمە سەۋەبتىن يا رەسۇلۇللاھ ؟ دېدىلەر . جاۋابى رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: سىلەر لەنەتنى كۆپ قىلىسىلەر. ۋە ئەرگە كاپىر بولىسىلەر. دىن ۋە ئەقلى كەم تۇرۇپ سىلەردىن بەكراق توختاملىق ئەرنىڭ ئەقلىنى كەتكۈزگۈچىراقنى كۆرمىدىم. خوتۇنلەر ئېيتتى: بىزنىڭ ئەقلىمىز ۋە دىنىمىزنىڭ كەملىگى نېمەدۇر ؟ ئېيتتى: بىر خوتۇننىڭ گۇۋاھلىقى ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ يېرىمى ئەمەسمۇ؟ ئېيتتىلەر ئارى شۇنداق. ئېيتتى: مۇشۇ ئۇ خوتۇننىڭ ئەقلىنىڭ كەملىكىدىندۇر . ھەيز كۆرسە ناماز ئوقۇيالمايدۇ ۋە روزا تۇتالمايدىغۇ؟ ئېيتتىلەر : ئارى شۇنداق. ئېيتتى : مانا بۇ ئۇ خوتۇننىڭ دىنىنىڭ كەملىكىدىندۇر .

## ئىستىھازە ( كىسەل خۇنى بار) خوتۇننىڭ ئېتىكاف قىلىشى توغرىسىدا

211- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ھەيز كۆرۈپ تۇرىدىغان ئىستىھازىلىق بەزى خوتۇنلەر بىرگە ئېتىكاپ قىلدى. تولا ۋاقىتلاردا خۇن كۆپ كەلگەنلىك جەھىتىدىن تەھتىگە تاشتەك قويۇۋالاتتى.

## ھەيزدىن غۇسلى قىلغاندا خوتۇن كىشىنىڭ خۇشبۇي ئىشلىتىشى توغرىسىدا

212- ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: : ئۆز ئېرىگە تۆت ئاي ئۇن كۈن قارلىق تۇتۇشدىن باشقا مېيىتلەرگە قارلىق تۇتۇشتىن نەھى قىلىنار ئىدۇق. ۋە سۈرمە تارتماسلىقىمىزغا ۋە خۇشبۇي ئىستىمال قىلماسلىقىمىزغا ۋە ئەسب كىيىم (يەمەندە توقۇپ بويالغان كىيىم) دىن باشقا بوياقلىق كىيىم كىيمەسلىكىمىزگە بۇيرىلار ئىدۇق. بىرىمىز ئۆزىنىڭ ھەيزدىن پاك بولۇپ غۇسلى قىلغاندا بىر پارچە لاتىغا كۇستى ئىپار ( بىر خىل خۇشبۇي ) دىن ئىستىمال قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. ۋە جىنازىگە ئەگىششتىن نەھى قىلىنار (تۇسۇلار) ئىدۇق.

## خوتۇن كىشى ھەيزدىن غۇسلى قىلغاندا ئۆزىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇش توغرىسىدا

213ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : بىر خوتۇن ھەيزدىن غۇسلى قىلىش توغرىلىق پەيغەمبەر ﷺ دىن سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا قانداق غۇسلى قىلىشى توغرىسىدا ئەمىر قىلىپ ئېيتتى: ئىپاردىن بىر لاتىغا ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاك بولغىن . ئۇ خوتۇن ئۇنىڭ بىلەن قانداق پاك بولىمەن؟ دېدى . سۇبھانالللاھ پاك بولغىن. ئۇ خوتۇننى ئۆز يېنىمغا تارتىپ ئۇ ئىپارلىق لاتا بىلەن بەدىنىڭدىكى خۇننىڭ ئەسىرىنى ئاختۇرۇپ ئۇۋۇلاپ چىقارغىل دېدىم.

## خوتۇن كىشى ھەيزدىن غۇسلى قىلغاندا بېشىنى تارىشى توغرىسىدا

214ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: ھەججەتۇل ۋىدا يىلى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ھەجگە ئېھرام باغلىدىم ۋە تەمەتتۇئ ھەججى قىلىپ ھەدىيە ھەيدىمىگەن ھاجىلەر قاتارىدا ئىدىم. ئائىشە ئۆزى ھەيزدار بولۇپ قىلىپ پاك بولالمىدى.ھەتتا ئەرەفات ئاخشىمى (كېچىسى ) بولۇپ قالدى. يا رەسۇلۇللاھ بۇ ئەرەفات كېچىسى ۋە مەن ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئىدىم دېدى . ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: بېشىڭىزنى چۇۋۇپ تاراڭ. ۋە ئۆمرە ئېھرامىدىن چىقىڭ. ۋە مەن شۇنداق قىلدىم. ھەججنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەسبە دېگەن جايدا كېچىسى ئابدۇراھماننى بۇيرۇدى . ئۇ مېنى تەنئىم دىن ئۆمرە قىلدۇردى. مېنىڭ ھەج ئۆمرەمنىڭ ئورنىدا .

## ھەيزدىن غۇسلى قىلغاندا خوتۇن كىشىنىڭ چاچ چۇۋۇشى توغرىسىدا

215ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: بىز زۇلھەججە ئېيىغا يېقىن بىر ۋاقىتتا چىقتۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۆمرىگە ئېھرام باغلاشنى دوست تۇتقان كىشى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىسۇن مەن ھەدىيە ھەيدىمىگەن بولسام ئەلۋەتتە ئۆمرىگە ئېھرام باغلايتتىم ئاندىن بەزىلىرى ئۆمرىگە ۋە بەزىلىرى ھەجگە ئېھرام باغلىدىلەر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىسنى بايان قىلىپ ئۆزىنىڭ ھەيز كۆرگەنلىكىنى زىكرى قىلىپ ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ مەن بىلەن بۇرادىرىم ئابدۇرەھماننى تەنئىمگە ئەۋەتتى. ئاندىن ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدىم. بۇنىڭدا (بۇ ئۆمرە ھەججە ) ھەدىيە ۋە نە روزا ۋە نە سەدىقە بولمىدى.

## ھەيزدار خوتۇننىڭ نامازنىڭ قازاسىنى قىلماسلىقى توغرىسىدا

216ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : بىر خوتۇن ئۇنىڭغا ئېيتتى: بىزنىڭ بىرىمىز ھەيزدىن پاك بولغاندا نامازنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: خەۋارىجمۇ[10] سەن؟ بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ھەيزدار بولاتتۇق. بىزنى نامازنىڭ قازاسىغا ئەمرى قىلمايتتى .ياكى ئېيتتى: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى قىلمايتۇق.

---

[10] خاۋارىجلار ھەيزدار نامازنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ ـ دەيدۇ.

## ھەيزدار خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىدە بىرگە ئۇخلاش توغرىسىدا

217 – ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە بىر يوتقاندا بولغانىدا ھەيز كۆرگەنلىك رىۋايىتىدە ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ روزا ھالىتىدە ئۇنى سۆيەتتى.

## ھەيزدار خوتۇننىڭ ئىككى ھېيت نامىزىغا ھازىر بولۇشى توغرىسىدا

218- ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ: بالاغەتكە يەتكەن قىزلەر چىدىر - قازىناقلاردا ساقلىنىۋاتقان قىزلار ۋە ھەيزدارلەر چىقىپ خەيرگە (نامازغا) ۋە مۇسۇلمانلار دۇئاسىغا ھازىر بولسۇنلەر. ۋە ھەيزدار خوتۇن ھېيتگاھنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرىدۇ. ( ناماز ئوقۇمايدۇ) ئۇممە ئەتىيەدىن سورالدى. ھەيزدارلارمۇ ھازىر بولامدۇ؟ ئېيتتى: ئۇلار ئەرەفەگە ھازىر بولىدۇ ئەمەسمۇ، ۋە مۇنداق مۇنداق ئىشلارغا!؟

## ھەيز كۈنلىرىدىكى سېرىق ۋە كۆكۈش كۆرۈلگەن خۇن توغرىسىدا

219 ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: سېرىق ۋە كۆكۈش نى بىر نەرسە ( يەنى ھەيز سانىمايتۇق. يەنى ھەيز دېمەيتۇق.

## تاۋاپى زىيارەتتىن كېيىن ھەيز كۆرگەن خوتۇن توغرىسىدا

220- پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جۈپتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتتى: سەفىيە ھەيزدار بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ بىزنى توختىتىپ قويىدىغان ئوخشىمامدۇ. ئايا ئۇ سىلەر بىلەن بىللە تاۋاپ قىلمىدىمۇ؟ دېدى . ئۇلار ئارى تاۋاپ قىلدى- دېدىلەر . پەيغەمبەر ﷺ (سەفىيەگە) چىقىڭ دېدى .(مەككىدىن)

## نىپاسدار خوتۇننىڭ نامىزىنى ئوقۇشى توغرىسىدا

221- سەمۇرەتە بىننى جۇندۇب ﷺ دىن بىر خوتۇن قورساق ئاغرىقىدا ( تۇغۇتتا) ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ چىك ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇدى .[11]

222- پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جۈپتى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇ ھەيزدار بولۇپ ناماز ئوقۇماي رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سەجدەگاھلىرى باراۋىرىدە كۆرپە يېيىنىپ ياتقۇچىدۇر. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇيدۇ. سەجدە قىلسا مەيمۇنەگە رەسۇلۇللاھنىڭ كىيىملىرىنىڭ بەزى تەرەپلىرى تېگىپ قالار ئىدى.[12]

---

[11] نىپاسدار ھالىتىدە پاك دېمەكتۇر

[12] بۇنىڭدا باك يوق

## تەيەممۇم قىلىش توغرىسىدا

223ـ پەيغەمبەر ﷺنىڭ جۆپتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بەزى سەپەرلىرىدە بىرگە چىقىپ بەيدا ياكى زاتۇلجەيش دېگەن جايدا بولۇپ قالدۇق. مېنىڭ مارجىنىم ئۆزۈلۈپ (چۈشۈپ) قاپتۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە خالايىقمۇ ئۇنى ئىزدەشكە تۇرۇپ قالدى. ئۇلار سۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەس ئىدى. ئەبۇ بەكرى ﷺ نىڭ قاشلىرىغا كېلىپ ئېيتتىلەر : ئائىشەنىڭ قىلغىنىغا قارىمامسەن جانابى رەسۇلۇللاھنى ۋە خالايىقلارنى توختىتىپ قويدى ئۇلار سۇ ئۈستىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلاردا سۇمۇ يوق. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى كەلدى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ يوتامغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ۋە خالايىقنى توختىتىپ قويدۇڭ ئۇلار سۇ ئۈستىدە ئەمەس ئۇلاردا سۇمۇ يوق. ھەزرىتى ئائىشە ئېيتتى: ئەبۇ بەكرى مېنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. خۇدا خالىغان دېگۈلۈكنى دېدى . ۋە بېقىنىمغا قولى بىلەن سانچىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يوتامدا بولغانلىقى ئۈچۈن مىدىرىيالمىدىم. تاڭ يورىغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ قوپتى. سۇ يوق. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەيەممۇم ئايىتىنى نازىل قىلدى. ئۇسەيد بىننى خۇزەير ئېيتتى: ھەي ئەبۇ بەكرىنىڭ ئائىلىسى بۇ سىلەرنىڭ تۇنجى بەركىتىڭلار ئەمەس. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: مەن مىنگەن تۆگىنى قوزغاتساق مارجاننى ئۇنىڭ تېگىدىن تاپتۇق.

224ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئىلگىرى ھېچ بىر پەيغەمبەرگە ئاتا قىلىنمىغان بەش تۈرلۈك نەرسە ماڭا ئاتا قىلىندىم . بىر ئايلىق مۇساپىدە قورقۇش بىلەن (دۈشمەننىڭ قورقۇشى بىلەن ) نۇسرەت بېرىلدىم . ماڭا زېمىننى مەسجىد ۋە پاك قىلغۇچى قىلىپ بېرىلدى . قايسى بىرسىنى ئۈممىتىمدىن ناماز تاپسا ئوقۇسۇن. ماڭا غەنىيمەت ( ئولجا) ھالال قىلىندى. ۋە مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى. ۋە شاپائەت ئاتا قىلىندىم. ۋە ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە ئىبرىگەن ئىدى. ۋە مەن پۈتۈن خالايىققا ئىبىرىلدىم.

## يۇرتتا ۋە مەھەللىدە سۇ تاپالماي نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن قورقسا تەيەممۇم قىلىش توغرىسىدا

225ـئەبۇ جۇھەيم بىننى ھارىس ئەنسارى ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىئر جەمەل دېگەن جايدىن كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭغا بىر كىشى يولۇقتى. ئۇ كىشى سالام قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ جاۋاب قايتۇرمىدى. ھەتتا تامغا قاراپ يۈزىگە ۋە ئىككى قولىغا مەسھى قىلىپ ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى. ( ئۇ كىشى ئەبۇ جۇھەيم ئۆزى ئىدى)

## تەيەممۇم قىلغۇچى ئىككى قولىنى پۈۋلىشى توغرىسىدا

226ـ ئەممار بىننى ياسىر ﷺ دىن ئۇ ئۆمەر بىننى خەتتاب ﷺ غە شۇنداق دېدى : ئايا ئېسىڭىزدە بارمىكىن سىز بىلەن مەن بىر سەپەردە بولدۇق سىز ناماز ئوقۇمىدىڭىز ۋە ئەمما مەن

تويىغا ملەندىم ئاندىن ناماز ئوقۇدۇم . بۇنى پەيغەمبەر ﷺ غا دېسەم پەيغەمبەر ﷺ ئىككى ئالغاننى زىمنغا ئۇرۇپ ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى پۈۋلەپ ئۇ ئىككى قولىنى يۈزىگە ۋە ئىككى بىلەكىغە سۈردى . ۋە مۇشۇنداق قىلساڭ ساڭا كۇپايە قىلىدۇ دېدى .

## پاك توپا مۇسۇلماننىڭ تاھارەت سۈيى بولۇپ سۇ ئورنىغا كۇپايە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

227 – ئىمران ئىبنى ھۇسەين خۇزائى ﷺ دىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن سەپەردە بولدۇق. ۋە كېچىدە ماڭدۇق ھەتتاكى كېچە ئاخىردا بىر چۈشتۇقكى مۇساپىرغا ئۇنىڭدىن شېرىن چۈشۈش بولماس.( يەنى ئۇخلىدۇق) بىزنى قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن باشقا نەرسە ئويغاتمىدى. ئويغانغانلەر پالانى ۋە پالانى ئاندىن ئۆمەر بىننى خەتتاب تۆتىنچىسى بولدى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئۇخلىسا ئۆزى ئويغانمىغىچە ئويغاتمايتۇق. چۈنكى ئۇيقۇسىدا نىمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز . ئاندىن ئۆمەر ئويغۇنۇپ خالايىقتا يەتكەن نەرسىنى كۆرۈپ ـ ئۇ ئاۋازلىق زات ئىدى، تەكبىر ئېيتىپ ئاۋازىنى تەكبىر بىلەن كۆتىرىۋەردى. ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋىدى ھەتتا ئۇنىڭ ئاۋازى جەھتىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئويغاندى. ئويغانغاندا خالايىق ئۆزىگە يەتكەن نەرسىنى شىكايەت قىلدى. ئېيتتى: زىيان يوق. قوزغۇلۇڭلار دېدى . ئۇلار قوزغالدىلەر. ئازراق مېڭىپ چۈشۈپ تاھارەت سۈيىنى ئەكەلدۈردى . تاھارەت ئالدى ۋە نامازغا تەكبىر ئېيتىلدى . جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بىرىپ نامازدىن يېنىپ سەپنىڭ سىرتىدا بىر كىشىنى كۆردىكى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇمىدى.ـ ھەي پالانى سىنى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتىن نىمە توستى ؟ـ دېدى . ئۇ – مەن جۇنۇپ بولۇپ قالدىم سۇ يوق – دېدى . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: سەن پاك توپىنى لازىم تۇتقىل ئۇ ساڭا كۇپايە قىلىدۇ. ئاندىن ماڭدى. ئۇنىڭغا خالايىقلەر ئۇسسۇزلۇقنى شىكايەت قىلدىلەر . ئاندىن چۈشۈپ ئەلى ﷺ نى ۋە يەنە بىر كىشىنى چاقىرىپ – بېرىپ سۇ ئىپىپ كېلىڭلار ـ دېدى . ئۇ ئىككىسى يۈرۈپ كېتىپ تۆگىسىگە سۇدىن ئىككى سۇغۇ ئارتىپ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋالغان بىر خوتۇنغا ئۇچراشتى. ئۇنىڭغا سۇ نەدە ؟ دېدى . ئۇ خوتۇن ئاخشام مۇشۇ سائەتتە سۇدىن ماڭغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئارقىسىدا بىر نەچچە كىشىنىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى؛ ئۇلار ئۇ خوتۇننى ماڭ – دېدى . ئۇ نەگە – دېدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىشىغا دېدىلەر . سابى ( دىندىن چىققۇچى ) دېيىلىدىغان كىشىنىڭ قىشىغىما؟ـ دېدى . ئۇ سەن خالىغىنىڭ ماڭ دېدىلەر . ئۇلار ئۇ خوتۇننى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى سۆزلىدىلەر. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئۇنى تۆگىسىدىن چۈشۈرۈڭلار. ۋە قاچىنى ئەكەلدۈردى . ئۇنىڭغا ئىككى سۇغۇ ئاغزىدىن سۇ قۇيدى. ئۇ ئىككى سۇغۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۆۋەنكى ئاغزىنى ئېچىۋەتتى . خالايىق ئىچىدە سۇغۇرۇڭلار سۇغۇرۇڭلار دەپ نىدا قىلىندى. سۇغارغىنى سۇغاردى. ۋە خالىغىنى ئىچتى . ۋە بۇنىڭ ئاخىردا جۇنۇپ بولغان كىشىگە بىر قاچا سۇ بېرىلدى . بېرىپ بۇ سۇنى ئۆزۈڭگە قۇي دېدى . ئۇ خوتۇن سۇيىنى قانداق قىلىنىدىغانلىقىغا قاراپ ئۆرە تۇرىدۇ. قەسەم ئاللاغىكى ئۇ سۇغۇدىن سۇ ئېلىنىپ بولدى ۋەھال ئۇلكى بىزلەرگە سۇغۇ

ئاۋۋالقىدىنمۇ توشقۇچە كۆرۈندى . دەسلەپكىدىنمۇ تۇشۇقراق بىلىندى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا بىر نەرسە يىغىپ بېرىڭلار دېدى . ئۇ خوتۇنغا خورما ئۇن تالقاندىن يېمەكلىك يىغىپ تاغارغا سېلىپ ئۇ خوتۇننى تۆگىسىگە مىندۈرۈپ خالتىنى ئالدىغا قويۇپ بەردىلەر پەيغەمبەر ﷺ ئۇ خوتۇنغا سۆيۈگىدىن قىلچە كامالاتىمدۇق ۋەلىكىن ئاللاھ تائالا بىزنى سۇغاردى دېدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن ئۆز ئەھلىگە قايتى. ئۇلاردىن كېچىكىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ھەي خوتۇن سىنى نېمە كېچىكتۈردى ؟-دېدى . ئۇ خوتۇن ۋاي ئەجەب ماڭا ئىككى ئادەم يولۇقۇپ ئاشۇ ھېلىقى سابى (دىندىن يانغۇچى) دېيىلگەن ئادەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردىلەر دەپ يوقارقى ئىشنى بايان قىلىپ ۋەللاھى ئۇنى ئاسمان زېمىن ئارىسىدىكى خالايىقنىڭ جادۇگەرراغى دەپ ئوتتۇرا ۋە بىگىز بارمىقىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلدى. يا ئۇ جەزمەن پەيغەمبەردۇر دېدى . ئاندىن مۇسۇلمانلار شۇ خوتۇن ئەتراپىدىكى مۇشرىكلارگە ھۇجۇم قىلدىلەر ئۇ خوتۇن بار مەھەللىگە تەگمىدىلەر. بىر كۈنى ئۇ خوتۇن ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى. ئۇ مۇسۇلمانلار سىلەرگە قەستەن چېقىلماي قويدى دەپ ئويلىمايمەن. سىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىش رىغبىتىڭلار بارمۇ؟ ئۇ قەۋملەر ئۇ خوتۇنغا ئىتائەت قىلىپ مۇسۇلمان بولدىلەر.

# نامازنىڭ كىتابى

## مىئراجدا نامازنىڭ قانداق پەرز قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

228- ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى: ئەبۇ زەر ﷺ ھەدىس قىلدۇكى پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مەن مەككىدىكى ۋاقتىدا ئويۇمنىڭ ئۆگزىسىدىن ئېچىلدى. جىبرىئىل نازىل بولدى. ئاندىن سىنە (كۆكسۈمنى) ياردى ئاندىن زەمزەم سۈيى بىلەن يۇدى. ئاندىن ھېكمەت ۋە ئىمان بىلەن توشقۇزۇلغان ئالتۇن تەشتەكنى كەلتۈرۈپ كۆكسۈمگە قويۇپ ئاندىن يارغان يەرنى ياپتى. ئاندىن قولۇمنى تۇتۇپ مېنى دۇنيا ئاسمىنىغا ( بىرىنچى قات ئاسمانغا ) ئۆرلەتتى. بىرىنچى ئاسمانغا يېتىپ ئىدىم جىبرىئىل ئاسمان خازىنى (باققۇچىغا) ئېيتتى: ئاچقىن. ئېيتتى: كىم بۇ ؟ ئېيتتى: جىبرىئىل. ئېيتتى: سىنىڭ بىلەن بىرسى بارمۇ؟ جىبرىئىل ئېيتتى : ھەئە مەن بىلەن مۇھەممەد ﷺ بار . ئۇ خازىن ئېيتتى: ئۇ كىشىگە پەيغەمبەرلىك ئىبرىلدىمۇ؟‹ جىبرىئىل ئېيتتى: ھەئە. بىرىنچى ئاسماندىن ئۆرلەپ ئىدۇق ناگاھ بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىمۇ قارا نەرسىلەر ۋە سول تەرىپىدىمۇ قارا نەرسىلەر بار . ئوڭ تەرىپىگە قارىسا كۈلىدۇ. سول تەرىپىگە قارىسا يىغلايدۇ. ئۇ كىشى ئېيتتىكى ياخشى پەيغەمبەرگە ۋە ياخشى بالىغا مۇبارەك بولسۇن. ئېيتتىم جىبرىئىلغا : كىم بۇ؟ ئېيتتى: ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى قارا نەرسىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىنىڭ روھلىرىدۇ. ئوڭ تەرىپىدىكى جەننەت ئەھلىدۇر. سول تەرىپىدىكىلەر دوزاخ ئەھلىدۇر. شۇڭا ۋاقتىكى ئوڭ تەرىپىگە قارىسا كۈلىدۇ. ۋاقتىكى سول تەرىپىگە قارىسا يىغلايدۇ. ھەتتا مېنى ئىككىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى . ۋە خازىنىغا ئېيتتى: ئاچقىن .

ئىككىنچى ئاسمان خازىنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئاۋۋالقى ئاسمان خازىنى ئېيتقان
سۆزگە ئوخشاش سۆزنى ئېيتتى. ئەنەس ﷛ ئېيتتى . پەيغەمبەر ﷺ زىكرى قىلدىكى
ئاسمانلاردا ئادەم، ئىدرىس ، ۋە موسا ، ئىيسا ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىموسسالامنى تاپتى. ۋە
ئۇلارنىڭ مەنزىلى ۋە مەرتىبىلىرىنىڭ قانداقلىقىنى زىكىر قىلمىدى. لېكىن ئادەم
ئەلەيھىسسالامنى بىرىنچى ئاسماندا . ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئالتىنچى ئاسماندا
تاپقانلىقىنى زىكرى قىلدى. ئەنەس ﷛ ئېيتتى: ئول ۋاقتىكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام
پەيغەمبەر ﷺ نى ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا ئۆتكۈزۈپ ئىدى، ئىدرىس ئېيتتىكى ياخشى
پەيغەمبەر ۋە ياخشى بۇرادەرگە مۇبارەك بولسۇن . ئېيتتىم – كىم بۇ؟ ئېيتتى جىبرىئىل بۇ
ئىدرىسدۇر. ئاندىن موسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆتتۇم . ئۇ ياخشى پەيغەمبەر ۋە ياخشى
بۇرادەرگە مۇبارەك بولسۇن دېدى . ئېيتتىم –كىم بۇ؟ ئېيتتى: بۇ موسادۇر. ئاندىن ئىساغا
ئۆتتۇم . ئۇ ـ ياخشى پەيغەمبەرگە ۋە ياخشى بۇرادەرگە مەرھابا ـ دېدى . ئېيتتىم : كىم بۇ ؟
ئېيتتى:بۇ ئىسادۇر. ئاندىن ئىبراھىم نىڭ قېشىغا ئۆتتۇم . ئۇ ياخشى پەيغەمبەر ۋە ياخشى
بالىغا مەرھابا دېدى . ئېيتتىم كىم بو؟ ئېيتتى؛ بۇ ئىبراھىمﷺ دۇر. ئىبنى ئابباس ۋە ئەبۇ
ھەببەتىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتار ئىدىكى : ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : ئاندىن
جىبرىئىل مېنى يۇقىرىغا ئۆرلەتتى. ھەتتا بىر تۆپتۆز يەرگە زاھىر بولدۇمكى ئۇ يەردە
قەلەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايمەن. ئېيتتى ئەنەس﷛ ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : ئاللاھ تائالا مىنىڭ
ئۇممىتىمگە ئەللىك ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدى.مەن بۇنىڭ بىلەن قايتتىم . ھەتتا موسا ﷺ
نىڭ يېنىغا ئۆتسەم ئېيتتى ئۇ : ئاللاھ تائالا ئۇممىتىڭگە نېمىنى پەرز قىلدى؟ ئېيتتىم مەن :
ئەللىك ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدى. ئېيتتى موسا : پەرۋەردىگارىڭغا مۇراجىئەت قىل. چۈنكى
ئۇممىتىڭ بۇنىڭغا قادىر بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇراجىئەت قىلدىم. ئاللاھ تائالا ئۇ ئەللىك
نامازنىڭ يېرىمىنى قويدى ( كېمەيتى) . موساغا قايتىپ كەلدىم ۋە ئېيتتىم ئۇ نامازنىڭ
يېرىمىنى قويدى. (كېمەيتى) موسا ئېيتتى: پەرۋەردىگارىڭغا قايتىپ بار. چۈنكى ئۇممىتىڭ
بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمايدۇ. ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلدىم . ( نامازنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدىم)
ئاللاھ تائالا ئېيتتى: ئۇ بەش نامازدۇر. ۋە ئۇ مېنىڭ دەرگاھىمدا ئەللىك ۋاقىت نامازدۇر.
سۆز ئالماشتۇرۇلمايدۇ. موسا ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلدىم . ئېيتتى: رەببىڭ (پەرۋەردىگارىڭ)
دەرگاھىغا قايتقىل . ئېيتتىم : مەن پەرۋەردىگارىمدىن ھايا قىلىپ قالدىم . ( يەنە ئازلىتىشنى
تەلەپ قىلىشتىن ) ئاندىن مېنى يۆرگۈزۈپ سىدرەتى مۇنتەھا غا يەتكۈزدى. ۋە ئۇ سىدرەتى
مۇنتەھانى مەن نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن پۆركەپتۇ. ئاندىن جەننەتكە
كىرگۈزۈلدۈم . بىناگاھ جەننەتتە گۆھەر تىزىقلىرى باردۇر. ۋە ئۇ جەننەتنىڭ توپىسى
ئىپاردۇر.

229ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى: ئاللاھ تائالا نامازنى پەرز قىلغان ۋاقتىدا ئىككى
رەكەت ئىككى رەكەت قىلىپ پەرز قىلدى. شۇڭا سەپەر نامىزىنى ئىككى رەكەت قارار قىلىندى.
ۋە ھەزەر(سەپەرنىڭ غەيرى) دىكى نامازدا زىيادە قىلىندى.

## كىيىمدە ناماز ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا

230ـ ئەمرى ئىبنى ئەبى سەلەمەتە ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ بىر كىيىمدە ناماز ئوقۇدى . ۋە ئۇ كىيىمنىڭ ئىككى تەرىپىنى خىلاپ قىلدى.( يەنى ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىككى پېشىنى ئوڭ مۈرىسىدىن سو قولتۇقىغا سول مۈرىسىدىن ئوڭ قولتۇقىغا ئالماشتۇردى)

## بىر دانە كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

231ـ ئۇممۇ ھانى بىنتى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى ناماز ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا ھەدىس رىۋايەت قىلىندى. يۇقىرىدا 199ـ ھەدىستە ئۆتتى.

232ـ ۋە مۇشۇ يۇقىرقى رىۋايىتىدە ئۇممۇ ھانى ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كىيىمدە يۆگەنگەن ھالدا سەككىز رەكەت ناماز ئوقۇدى. نامازلىردىن پارىغ بولغاندا ئېيتتىم : يا رەسۇلۇللاھ ئانامنىڭ ئوغلى( ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ ) مەن پاناھ بەرگەن پالانى ئىبنى ھۇبەيرنى ئۆلتۈرمەكچى مەن دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ھەي ئۇممى ھانى سەن پاناھ بەرگەن كىشىگە بىز پاناھ بەردۇق دېدى . ۋە ئۇممۇ ھانى بۇ ئىش چاشكا ۋاقتىدا بولغان- دېدى .

## بىر كىيىمدە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇ كىيىمنى ئىككى مۈرىسىگە قىلىشى توغرىسىدا

233ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن بىر كىيىمدە ناماز ئوقۇش توغرىلىق سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايا ھەممىڭلارنىڭ ئىككى كىيىمى بارمۇ؟ - دېدى . ( دۇرۇس دېمەكچى )

234ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺدىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ مۈرىسىدە بىر نەرسە يوق ھالدا بىر كىيىمدە ناماز ئوقۇمايدۇ.(ئۇنداق ھالدا ئوقۇسا دۇرۇس بولمايدۇ)

235ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىغانلىمگە گۇۋاھ بولۇمەنكى ئېيتىدۇ . بىر كىيىمدە ناماز ئوقۇغان كىشى ئۇ كىيىمنىڭ ئىككى تەرىپىنى خىلاپىدا قىلسۇن.

## كىيىم تار بولسا ( قانداق قىلىش ) توغرىسىدا

236ـجابىر ﷺ دىن ئېيتتى: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بەزى سەپەرلەردە بىرگە چىقتىم. بىر كېچىسى بەزى ئىشىم ئۈچۈن كەلدىم .ۋە پەيغەمبەر ﷺ نى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە تاپتىم. ۋە مېنىڭ ئۈستۈمدە بىر كىيىم بار ئىدى. ئۇ كىيىمگە يۆگەندىم. ۋە يېنىدا ناماز ئوقۇدۇم. نامازلىردىن قايتىپ ئەي جابىر كېچىدە سىنى نىمە كەلتۈردى؟ - دېدى . ئۇنىڭغا ھاجىتىمنى ئېيتتىم. سۆزۈمدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن مەن كۆرگەن بۇ ئىشتىمال (يۆگىنىۋش) نىمەدۇ ؟ دېدى . بىر كىيىم ئىدى – دېدىم . جانابى ﷺ ئېيتتى: ئەگەر كىيىم كەڭرى بولسا ئۇنىڭ بىلەن ھەممە بەدىنىڭنى يۆگىگىل. ۋە ئەگەر ئۇ كىيىم تار بولسا ئۇنى ئىزار قىلغىل ( يەنى كىندىكىنىڭ تۆۋىنىنى ياپقىل)

237ـ سەھل ﷺ دىن ئېيتتى: بىر مۇنچە ئەر كىشىلەر ئۇششاق باللاردەك ئىشتانلىرىنى بوينىغا ئېسىۋالغان ھالدا ناماز ئوقۇيتتى . ۋە خوتۇنلارغا دېيىلەر ئىدى . سىلەر ئەرلەر راسا رۇس ئولتۇرغىچىلىك بېشىڭلارنى كۆتەرمەڭلار.

## شامدا توقۇلغان ( كاپىر شەھىرىدە ) كىيىمدە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

238ـ مۇغىرەتە ئىبنى شوئبەتە ﷺ ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلە بىر سەپەردە بولدۇم.ھەي مۇغىرە قاچىنى ئالغىن دېدى . ئۇنى ئالدىم پەيغەمبەر ﷺ مەندىن يۇشىدە (مەخپى) بولۇپ يىراق كەتتى. ۋە ھاجىتىنى راۋا قىلدى.ۋە ئۈستىدە شامدا توقۇلغان كىيىم بار ئىدى. قولىنى چىقارماقچى بولۇپ ئىدى،يېڭى تار بولۇپ چىقىرالمىدى. ئاندىن قولىنى يەڭنىڭ تۆۋەنىدىن چىقاردى. ( كىيىمىنى سالدى) ئاندىن ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ بەردىم . نامازغا ئالغان تاھارەتىدەك تاھارەت ئالدى. ۋە ئىككى ئايىقىغا مەسھى قىلدى. ۋە ناماز ئوقۇدى.

## ناماز ئوقۇغاندا يالىڭاچ بولۇشنىڭ مەكرۇھلىغى توغرىسىدا

239ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ھەدىس قىلىدۇكى : رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەر بىلەن كەئبە (ئۇنىڭ قورۇلىشى ) ئۈچۈن تاش توشۇر ئىدى ۋە ئۈستىدە ئىشتانلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭغا تاغىسى ئاباس ھەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى تامبىلىڭنى يېشىپ ئىككى مۈرەڭگە تاش ئارلىقىغا قىلىۋالغان بولساك دېدى . ئېيتتى جابىر : ئۇنى ئىككى مۈرىسىگە قويۇپلا بىھوش بولغان ھالدا يىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جانابى رەسۇلۇللاھنى يالىڭاچ ھالدا كۆرۈلمىدى .

240ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷺ دىن ئېيتتى: كىيىمدە يورۇق قويماي يۆگىنىۋېلىشتىن نەھى قىلدى. ۋە ھەمدە ئەۋرەتى ئۈستىدە بىر نەرسە يوق ھالدا بىر كىيىمدە يۆركۈنۈشتىن نەھى قىلدى.

241ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ئىككى خىل سودىدىن نەھى قىلدى. سىلاپ قويۇشتىن[13] ۋە تاشلاپ بېرىشتىن[14] ۋە (كىيىم كىيىشىدە ) پۈتۈن ئەزانى كىيىمدە تۆشۈكچە قويماي يۆگىنىۋېلىشتىن ۋە بىر كىيىمدىلا يۆركۈنۈشتىن توستى.

242ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى:ئەبۇ بەكرى ﷺ مېنى بىر نەچچە مۇئەززىنلەر بىلەن زۇلھەججەنىڭ ئونىنچى كۈنى ئېلان قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇكى بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىكلار ھەج قىلمايدۇ. ۋە يالىڭاچ ئادەم بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلمايدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلى ﷺنى مىنگەشتۈردى ۋە ئۇنى سۈرە بەرائەتنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇدى . ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتتى: بىز

[13] بىر كىشى يەنە بىر مال ساتقۇچىنىڭ مېلىنى تۇتۇپ سىلاپ قويسا سېتىپ ئالغان ھېسابلىناتتى.
[14] بىر كىشى يەنە بىرىگە مالىنى تاشلاپ بەرسە ساتقان ھېسابلىناتتى.

بىلەن ئەلى ﷺ ئۇنىڭچى كۈنى مىنا ئەھلى ئىچىدە بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىك ھەج قىلمايدۇ. ۋە بەيتۇللاھنى يالىڭاچ كىشى تاۋاپ قىلمايدۇ دەپ ئېلان قىلدى.

## يوتا ھەققىدە زىكىر قىلىنغان ھەدىس توغرىسىدا

243ـ ئەنەس ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەر غازىتىنى قىلدى. ئۇ يەردە بامدات نامازىنى قاراڭغۇدا ئوقۇدۇق. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەبۇ تەلھە ئۇلاققا مىندى. ۋە مەن ئەبۇ تەلھەنىڭ كەينىگە مىنگەشكۈچىدۇرمەن. پەيغەمبەر ﷺ خەيبەرنىڭ كوچىلىرىدا ئات چاپتى ۋە ھال ئۇلكى مېنىڭ تىزىم پەيغەمبەر ﷺنىڭ يوتىلىرىغا تېگىپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئىشتانلىرىنى يوتىلىرىدىن ئاچتى. ھەتتاكى مەن پەيغەمبەر ﷺنىڭ يوتىلىرىنىڭ ئاقلىقىغا قاراپ تۇرىمەن. خەيبەر قىشلاقىغا كىرگەندە ئاللاھۇ ئەكبەر خەيبەر خاراب بولدى، بىز بىر قەۋمنىڭ ساھەسىگە چۈشسەك ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ تاڭ سەھىرى يامان بولىدۇ دەپ ئۈچ مەررە ئېيتتى. ئەنەس ﷺ ئېيتتى: قەۋملەر ئۆز ئىشلىرىغا چىقىپ مۇھەممەد ئەسكىرى بىلەن (كەپتۇ) دېيىشتى . ئەنەس ئېيتتى: ئۇ خەيبەرنى مەجبۇر ئالدۇق. ئەسىرلەر جەمئىي قىلىندى. ئاندىن دىھيە ئىسىملىك ساھابى كېلىپ يا نەبىيەللاھ ماڭا ئەسىردىن بىر خوتۇن بەرگىن دېدى . پەيغەمبەر ﷺ بېرىپ بىر خوتۇننى ئالغىن دېدى . ئۇ سەفىيە بىنتى ھۇيەينى ئالدى. ئاندىن بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ ھۇزۇرىغا كېلىپ يا نەبىيەللاھ دىھيەگە قۇرەيزە ۋە نەزىرنىڭ خانىمى سەفىيە بىنتى ھۇيەينى بەردىڭىز. ئۇ خوتۇن ئۆزلىرىدىن باشقىغا توغرا كەلمەيتتى دېدى . پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى چاقىرىڭلار ـ دېدى . ئاندىن دىھيە سەفىيەنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ سەفىيەگە نەزەر قىلىپ دىھيەگە سەفىيەدىن باشقا خوتۇننى ئالغىن دېدى . ئەنەس ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئازاد قىلىپ ئۆز نىكاھىغا ئالدى. ئازاد قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ مەھرى قىلدى. ھەتتا يولدا ئۇممۇ سۇلەيم سەفىيەنى رەسۇلۇللاھقا جابدۇپ كېچىدە جانابى رەسۇلۇللاھقا ھەدىيە قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يىگىت بولۇپ تاڭ ئاتتۇردى. ئاندىن بىر نەرسە بولسا كەلتۈرۈلسۇن دەپ بىر داستىخاننى يايدى. ئاندىن بىر كىشى خورما يەنە بىرسى ياغ كەلتۈرگىلى تۇردى. ۋە ئەنەس تالقاننىمۇ زىكىر قىلغاندەك گۇمان قىلىمەن . ئاندىن ئارىلاشما تائام قىلدىلەر. مۇشۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ توي تائامى بولدى ـ دېدى .

## خوتۇن كىشى قانچىلىك كىيىمدە ناماز ئوقۇشى توغرىسىدا

244ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بامدات نامىزىنى ئوقۇيتتى . ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مۆمىن خوتۇنلار ئۆزىنىڭ تونىغا ئورۇنۇپ نامازغا ھازىر بولۇپ ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىشار ئىدى.ئۇلارنى بىراۋ تونۇمايتتى .

## چۆچىسى بار كىيىمدە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

245ـ ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : پەيغەمبەر ﷺ چۆچۈلۈق كىيىمدە ناماز ئۇقۇپ ئۇنىڭ چۆچىلىرىگە قارىدى. نامازلەردىن يىنىپ ئېيتتى: بۇ كىيىمنى ئەبۇ جەھمى گە ئاپىرىپ بىرىپ ماڭا ئۇنىڭ قىلىن چۆچۈسىز كىيىمنى ئەكېلىپ بېرىڭلار . چۆچۈلۈق كىيىم ھىلى مېنى نامازدىن ئېزاز قىلدۇردى. ( يۈز ئۆرۈتتى)

## چىركاۋ رەسىملىك ياكى سۈرەتلىك كىيىمدە ناماز ئوقۇسا ناماز بۇزۇلامدۇ توغرىسىدا

246ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۇڭلۇق نىپىز رەڭلىك پەردىسى بولۇپ ھۇجرىسىنىڭ بىر تەرىپىنى توسۇپ قويغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بىزدىن بۇ پەردەڭنى يىراق قىلغىن. ئۇنىڭ سۈرەتلىرى ھەمىشە ماڭا نامىزىمدا توغرا بولۇپ تۇرىدۇـدىدى .

## يىپەك پەرىجىدە ناماز ئوقۇپ ئاندىن ئۇنى سېلىۋاتقان كىشى توغرىسىدا

247ـ ئوقبەتە ئىبنى ئامىر ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ گە بىر دانە يىپەك پەرىجە ھەدىيە قىلىندى. ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇپ بولۇپ ئۇنى يامان كۆرگەن كىشىدەك قاتتىق تارتىپ سېلىۋەتتى بۇ مۇتتەقىلەرگە (تەقۋادارلارغا ) لايىق ئەمەس دىدى .

## قىزىل كىيىمدە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

248ـ ئەبى جۇھەيفە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قىزىل چەم چىدىردا كۆردۈم ۋە بىلالنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاھارەت سۈيىنى ئالغانلىقىنى ۋە خالايىقنىڭ ئۇنىڭ تاھارەت سۈيىگە يۈگۈرۈشكەنلىگىنى كۆردۈم. بىر كىشى ئۇنىڭ تاھارەت سۈيىدىن بىر نەرسىگە يەتسە ئۇنى يۈزىگە سۈرىدۇ . ۋە ئۇ تاھارەت سۈيىدىن بىر نەرسىگە يەتمىگەن كىشى بۇرادىرىنىڭ قولىنىڭ ھۆللۈگىدىن ئالىدۇ. ئاندىن بىلالنى كۆردۈمكى بىر ھاسانى ئېلىپ قاداىدى.ۋە پەيغەمبەر ﷺ قىزىل تونىدا يەڭلىرىنى تۈرۈپ ھاساغا قاراپ خالايىققا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ۋە خەلقنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ ھاسانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم

## ئۆگزىلەردە ۋە مۇنبەر ياغىچىدا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

249ـ سەھل بىننى سەئىدﷺ دىن : ئۇنىڭدىن مۇنبەر قايسى نەرسىدىن؟ـ دەپ سورالغان ئىدى ، سەھل ئېيتتى: ئۇنى مەندىن بەكراق بىلىدىغان ئادەم خالايىق ئىچىدە قالمىدى . ئۇ مۇنبەر ئورمانلىقنىڭ يۇلغۇن ياغىچىدىن. ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺغا پالانى خوتۇننىڭ مەۋلاسى پالانى ياساپ بەرگەن ئۇ ياسلىپ قىبلىگە قويۇلغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ قىبلىگە قاراپ تەكبىر ئېيتتى. ۋە خالايىقلەر ئارقىسىدا تۇردىلەر. ۋە قىرائەت قىلدى. ۋە رۇكۇ قىلدى. ۋە خالايىق ئارقىسىدا رۇكۇ قىلدى. ئاندىن بېشىنى كۆتەردى. ئاندىن ئارقىچە ياندى ـدە زېمىنغا سەجدە قىلدى.

ئاندىن مۇنبەرگە يېنىپ باردى ئاندىن قىرائەت قىلدى ئاندىن رۇكۇ قىلدى. ئاندىن بېشىنى كۆتەردى. ئاندىن ئارقىچە ياندى ھەتتا زېمىنغا سەجدە قىلدى . مۇشۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھالىدۇر.

## بورىنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

250ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى مۇلەيكە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تائام ئېتىپ چاقىردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن يەپ قوپۇڭلار مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرەي-دېدى . ئەنەس ئېيتتى: بىزنىڭ تولا سېلىپ قارىداپ كەتكەن بىر بورىغا قوپۇپ ئۇنىڭغا سۇ چاچتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازغا تۇردى . ۋە مەن ۋە بىر يېتىم بالا ئارقىدا سەپ بولدۇق. ۋە قېرى ئايال ئارقىمىزدا تۇردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ‹‹نامازدىن›› ياندى.

## كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

251ـ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشەدىن ئۇ ئېيتتى: مېنىڭ ئىككى پۇتۇم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىبلە تەرىپىدە بولغان ھالدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا ئۇخلايتتىم. سەجدە قىلارىدا منى چىمدايتى. پۇتۇمنى يىغىۋالاتتىم. ۋاقتىكى قوپسا پۇتۇمنى سوزار ئىدىم ۋە ئۇ كۈنلەردە چىراغ يوق ئىدى.

252ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇيتتى ۋە ھال ئۇلكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن قىبلە ئارىسىدا ئۆز كۆرپىسىدە جىنازا توغرا تۇرغاندەك ئارىدا ياتاتتى.

## بەك قىزىق ۋاقتىدا كىيىمگە سەجدە قىلىش توغرىسىدا

253ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ناماز ئوقۇيتۇق. بەك قىزىقلىقىدىن بەزىلىرىمىز كىيىمىنىڭ بىر تەرىپىنى سەجدە قىلىدىغان يەرگە قويۇۋالاتتى.

## كەشلەردە (ئاياق) ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

254ـ ئەنەس ﷺ دىن : ئۇنىڭدىن سورالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئىككى كەشلىرىدە ناماز ئۇقۇر ئىدىمۇ؟ ئېيتتى: ھە ئوقۇيتتى .

## ئۆتۈكلەردە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

255ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ دىن : ئۇ كىچىك تاھارەت قىلىپ ئاندىن تاھارەت ئالدى ۋە ئىككى ئۆتۈكىگە مەسىھى قىلدى. ئاندىن قوپۇپ ناماز ئوقۇدى . سورالۋىدى ئېيتتى ئۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىنى كۆردۈم. بۇ ئىش ئۇلارنى خوش قىلار ئىدى. چۈنكى جەرىر مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئاخىرىسىدىن ئىدى.

## ئىككى بىلەكنى ئاشكارا قىلىش ۋە ئىككى بېقىننى سەجدىدە بىلىكىدىن يىراق قىلىش توغرىسىدا

256ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك بىننى بۇھەينە ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇسا ئىككى قولىنىڭ ئارىلىقىنى ھەتتا ئىككى قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنگۈدەك ئاراش قىلار ئىدى.

## قىبلىگە بېقىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

257ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشكى بىزنىڭ نامىزىمىزنى ئوقۇسا ۋە قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرسە ۋە بىز بۇغۇزلىغان نەرسىنى يېسە شۇنداق كىشى مۇسۇلماندۇركى ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئامانى بار. ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ ئامانىدا خىيانەت قىلماڭلار. ( ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار)

## ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ ماقامى ئىبراھىمدىن نامازگاھ تۇتۇڭلار ›› دېگەن سۆزى توغرىسىدا (سۈرە بەقەرە 125 ـ ئايەت)

258ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇنىڭدىن سورالدى. بىر كىشى ئۆمرە ھەجدە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. ۋە سەفا- مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلمىدى. ئۇ كىشى خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلسا بولامدۇ؟ ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ قەدەم كەلتۈرۈپ بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى.ۋە ماقامى ئىبراھىم ئارقىسىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ۋە سەفا- مەرۋە ئارىلىقىدا سەئيى قىلدى. ۋە سىزلەرگە رەسۇلۇللاھدا ياخشى باشلامچىلىق بار.

259ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بەيتۇللاھقا كىرىپ ئۇنىڭ ھەممە ئەتراپلىرىدا دۇئا قىلدى. ۋە ناماز ئوقۇمىدى . ھەتتا ئۇنىڭدىن چىقتى ئاندىن چىققاندا قىبلە تەرىپىدە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى ۋە مۇشۇ قىبلىدۇر دېدى .

## قەيەردىلا بولسا قىبلىگە يۈزلىنىش توغرىسىدا

260ـ بەررا ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئون ئالتە ياكى ئون يەتتە ئاي بەيتۇل مۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان ئىدى. بۇ ھەدىس ئىلگىرى ئوتتى(38ـھەدىستە ئۆتتى). ۋە ئىككى ھەدىس ئارىسىدا لەۋزىدە مۇخالىپەت (ئوخشىماسلىق ) بار.

261ـ جابىر ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاغىنىڭ ئۈستىدە ئۇلاق ئۇنى يۈزلەندۈرگەن تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى . ۋاقتىكى پەرز ناماز بولسا ئۇلاقتىن چۈشۈپ قىبلىگە يۈز كەلتۈرەتتى.

262ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇدى. ئېيتتى ئىبراھىم راۋى ئەلقەمە راۋىدىن ئۇ ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىپ ، زىيادە قىلىپ قويدىمۇ ياكى كېمەيتىپ قويدىمۇ بىلمەيمەن. سالام بېرىپ ئىدى، رەسۇلۇللاھقا دېيىلدى. يا رەسۇلۇللاھ نامازدا بىر نەرسە پەيدا بولدىمۇ؟ ئېيتتى: نېمە بۇ؟ ئېيتتىلەر. مۇنداق ، مۇنداق ناماز

ئۇقۇدىلا. شۇنىڭ بىلەن ئىككى يۈتنى قىبلىگە مائىل قىلىپ قىبلىگە يۈز كەلتۈردى. ۋە ئىككى مەررە سەجدە قىلدى. ئاندىن سالام بەردى. ئاندىن بىزگە يۈزىنى قىلىپ ئېيتتى: ئەگەر نامازدا بىر ئىش پەيدا بولسا سىزلەرگە خەۋەر قىلاتتىم. ۋەلېكىن مەنمۇ سىلەردەك ئىنسان. سىزلەر ئۇنتۇلغاندەك مەنمۇ ئۇنتۇيمەن . ۋاقتىكى ئۇنتۇلسام ماڭا يادىمغا كەلتۈرۈڭلار . ۋاقتىكى بىرىڭلار نامازدا شەك قىلسا راستلىقىنى تەلەپ قىلىپ شۇنىڭ ئۈستىگە نامازنى تامام قىلسۇن. ئاندىن سالام بەرسۇن ئاندىن ئىككى مەررە سەجدە قىلسۇن.

## قىبلە ھەققىدە ۋە قىبلىنىڭ غەيرىگە قاراپ ناماز ئۇقۇپ سەھۋە قىلغان كىشىگە قايتا نماز ئوقۇشنى راۋا كۆرمىگەن كىشى توغرىسىدا

263- ئۆمەر ﵁ دىن ئېيتتى: ئۈچ ئىشدا پەرۋەردىگارىمغا مۇۋاپىقەت قىلدىم. ئېيتتىم يا رەسۇلۇللاھ ماقامى ئىبراھىمدىن نامازگاھ تۇتقان بولساق. شۇنىڭ بىلەن ‹‹ ماقامى ئىبراھىمدىن نامازگاھ تۇتۇڭلار ›› ئايىتى نازىل بولدى. [سۈرە بەقەرە125- ئايەت] ۋە يۈزنى يىپىش ئايىتى چۈشتى. ئېيتتىم يا رەسۇلۇللاھ خوتۇنلىرىنى پەردىدە بولۇشقا ئەمر قىلغان بولسىلا. ئۇلارغە ياخشى ۋە يامان ئادەم گەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىجاب ئايىتى چۈشتى. ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ خوتۇنلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۈنلەش ھەققىدە بىرلىككە كېلىشۋالدى . ئۇلارغا ئېيتتىم. ‹‹يېقىنكى پەرۋەردىگارى ئەگەر رەسۇلۇللاھ سىلەرنى تالاق قىلسا سىلەردىن ياخشىراق خوتۇنلارنى ئۇنىڭغا ئالماشتۇرۇپ بەرگەي›› شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئايەت چۈشتى. [سۈرە تەھرىم 5- ئايەت]بۇ ھەدىس قىبلە ھەققىدە دېگەن بابقا مۇناسىپ. ۋە بابنىڭ قالغىنىغا ھەدىس كەلتۈرۈلمىدى . ئايەتنىڭ تەرجىمىسى قوش تىرناق ئىچىگە يېزىلدى.

## مەسجىدتىن قولى بىلەن تۈكۈرۈكنى قىرىۋېتىش توغرىسىدا

264- ئەنەس ﵁ دىن : پەيغەمبەر ﷺ قىبلىدە بىر قىقىرىقنى كۆردى. بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. ھەتتا يۈزلىرىدە كەراھىيەت كۆرۈلدى . ئاندىن ئۇنى قولى بىلەن قىرىۋېتىپ ئېيتتى: بىرىڭلار نامازدا تۇرغاندا پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىدۇ. ۋە ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ئۆزى بىلەن قىبلە ئوتتۇرىسىدا . شۇڭا بىرىڭلار قىبلىگە تۈكۈرمىسۇن ۋە لېكىن سول تەرەپكە ياكى قەدىمىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن. ئاندىن تونلىرىنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ ئاندىن بەزىسىنى بەزىسى ئۈستىگە قايتۇرۇپ ياكى مۇشۇنداق قىلغاي- دېدى .

## سول تەرەپتىن ياكى سول پۇتى تېگىگە تۈكۈرۈش توغرىسىدا

265- ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ ۋە ئەبۇ سەئىد ﵁دىن : قىقىرىق ھەدىسىنى رىۋايەت قىلىندى ۋە ئۇنىڭدىن ۋە ‹ئوڭ تەرىپىدىن تۈكۈرمىسۇن › دېگەن ھەدىسى ئارتۇق بار.

## مەسجىدگە تۈكۈرۈشنىڭ كاپارىتى توغرىسىدا

266ـ ئەنەس ﷛ دىن ئىبىتتى: ئىيىتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : مەسجىددە تۈكۈرۈش خاتالىقتۇر . ۋە ئۇنىڭ كاپارىتى ئۇنى كۆمۈشدۇر.

## نامازنى تامام قىلىش ۋە ناماز زىكرى ھەققىدە ئىمامنىڭ خالايىققا نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا

267ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷛ دىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىيىتتى: ئايا سىلەر مىنىڭ قىبلەمنى ئاۋۇ تەرەپتە دەپ قارامسىزلەر. قەسەم ئاللاھىغىكى ماڭا سىلەرنىڭ خۇشۇئىڭلار (كەمتەرلىگىڭلار) ۋە رۇكۇيىڭلار ماڭا مەخپى قالمايدۇ. مەن ئارقامدىنمۇ سىزلەرنى كۆرۈمەن .

## پالاننىڭ باللىرىنىڭ مەسجىدى دىيەلەمدۇ ؟ توغرىسىدا

268ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ تاۋلانغان ئاتلارنى ھەفيا دىگەن جايدىن مۇسابىقە قىلدۇردى. ۋە ئۇ جاينىڭ نىھايىتى ( ئاخىر نىشانى) سەنىيەتۇ ۋەدا دىگەن جايدۇر. تاۋلانمىغان ئاتلەرنى سەنىيەدىن بەنى زۇرەيقنىڭ مەسجىدىگىچە مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى. ۋە ئابدۇللاھ مۇسابىقىگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بار ئىدى.

## مەسجىددە تەقسىم قىلىش ۋە خورما ساپلىرىنى ئىسىش توغرىسىدا

269ـ ئەنەس ﷛ دىن ئىيىتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بەھرەيندىن مال كەلتۈرۈلدى . ئاندىن ئۇنى مەسجىددە چىچىڭلار دىدى . بۇ مال پەيغەمبەر ﷺ گە كەلتۈرۈلگەن مالنىڭ ئەڭ كۆپراقى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ نامازغا چىقىپ ئۇ مالغا قارىمىدى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ كېلىپ ئۇ مال قېشىغا ئولتۇردى ۋە كۆرگەنلا ئادەمگە ئاتا قىلدى. بىناگاھ ئاbbاس ﷛ كېلىپ يا رەسۇلۇللاھ ماڭا بەرسىلە. چۈنكى مەن ئۆزۈمگە ۋە ئەقىلگە پىدىيە بەردىم دىدى . پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ئالغىن دىدى . ئۇ كىيىمىگە ئوچلاپ ئېلىپ كۆتۈرمەكچى بولۇپ ئىدى كۆتۈرەلمىدى . ئىيىتتى يا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ماڭا كۆتۈرۈشۈپ بىرىشكە بۇيرىغىل ئىيىتتى: ياق! ئىيىتتى: ماڭا كۆتۈرشۈپ بەرسىلە ئىيىتتى ياق! ئاندىن ئاbbاس ئۇ مالدىن چىچۋەتتى. ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئارتتى. ئاندىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مالغا ئامراقلىقىدىن ھەيران قىلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا كۆزىنى ئەگەشتۈردى. ھەتتاكى بىزلەرگە مەخپى بولدى. كۆزدىن غايىب بولدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ مالدىن بىر تەڭگە قالغىچە قويمىدى.

## ئۆيلەردىكى مەسجىدلەر توغرىسىدا

270ـ مەھمۇد بىننى رەبىئ ئەنسارى دىن: ئىتبان ئىبنى مالىك ۋە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەنسارىلىرىدىن بەدرى جىڭىگە قاتناشقا ساھابىلىرىدىن ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ يا رەسۇلۇللاھ مەن كۆزۈمگە ئىنكار قىلدىم . ۋە مەن قەۋمىمگە ناماز ئوقۇپ

بىرىپ تۇراتتىم . يامغۇر كەلسە مەن بىلەن قەۋم ئارىسىدىكى ئېقىنلاردە قىيان ئاقىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ مەسجىدىگە كېلىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشكە قادىر بولالمايمەن. يا رەسۇلۇللاھ ئۆزلىرى ئۆيۈمگە كېلىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشلىرىنى ۋە مەن ئۇ يەرنى نامازگاھ قىلىۋېلىشىمنى دوست تۇتتۇم دېدى . ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇنداق قىلىمەن ئىنشائاللا دېدى . ئىتبان ئېيتتى: ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەبۇ بەكرى كۈن كۆتۈرۈلگەندە ئەتىگەن كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىزنى سورىدى. ئۇنىڭغا ئىزنى بەردىم. ئۆيگە كىرگەندە ئولتۇرمايلا ئۆيۈمنىڭ قەيىرىدە ناماز ئوقۇپ بېرىشىمنى دوست تۇتۇرسەن دېدى . ئېيتتى ئىتبان: ئۇنى ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئىشارەت قىلدىم . رەسۇلۇللاھ ﷺ قوپۇپ تەكبىر ئېيتتى؛ بىزمۇ قوپتۇق. بىزلەرنى سەپ قىلدى. ۋە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ئاندىن سالام بەردى.ئىتبان ئېيتتى: بىز ئۇنى ئۆزىمىز ئەتكەن ئۇماچقا تۇختۇتۇۋالدۇق. ئېيتتى ئىتبان: ئۆيدە بىر نەچچە كىشىلەر يىغىلدى. ئۇلاردىن بىرى مالىك ئىبنى دۇخەيشىن قىنى ؟ دېدى . بەزىلەر۔ ئۇ مۇناپىقدۇر ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى دوست تۇتمايدۇ۔ دېدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئۇنداق دېمىگىن. قارىمامسەن ئۇ ئاللاھنىڭ زاتىنى ئىرادە قىلىپ لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ دېدى . ئېيتتى ئۇ : ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ئالىمدۇر. ئېيتتى ئۇ: ئۇ مالىكنىڭ يۈزىنى ۋە خەيرخاھلىقىنى مۇناپىقلارغا قىلغانلىقىنى كۆرۈمىز . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ زاتىنى ئىرادە قىلىپ لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ دېگەن كىشىنى دوزاخقا ھارام قىلدى.

## جاھىلىيەتنىڭ قەبرىلىرىنى كولاپ ئورنىغا مەسجىد سېلىش توغرىسىدا

271۔ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇممۇ ھەبىبە ۋە ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەبەشىستاندا سۈرەتلەر بار بىر چېلىپپانى ( ناسارانىڭ ئىبادەتخانىسى ) كۆردى. بۇنى پەيغەمبەر ﷺ گە زىكرى قىلدىلەر. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ياخشى كىشى ئۆلسە ئۇنىڭ قەبرىسىگە مەسجىد قىلىپ ئۇنىڭغا ئاشۇنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ قويۇدىلەر. ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قىيامەت كۈنى خەلقىنىڭ يامانراغىدۇر.

272۔ ئەنەس ﵁ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ مەدىنىنىڭ يۇقىرىدا بەنۇ ئەمرى ئىبنى ئەۋف دېيىلىدىغان بىر مەھەللىگە چۈشتى . پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئون تۆت كېچە تۇردى. ئاندىن بەنى نەججارغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار قىلىچلىرىنى ئاسقان ھالدا كەلدىلەر. گويا مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ غا ئۇلاغلىرى ئۈستىدە تۇرغان ھاللىرىدە قارايمەن. ۋە ئەبۇ بەكرى مىنگەشكۈچىدۇر. ۋە بەنى نەججار جامائىتى ئەتراپىدا تۇرىدۇ. ھەتتا يوك – تاقنى ئەبۇ ئەييۇب ھويلىسىگە تاشلىدى. ۋە قەيەردە ناماز تاپسا شۇ يەردە ناماز ئوقۇشنى دوست تۇتار ئىدى. ۋە قوي ياتقان يەرلەردىمۇ ناماز ئوقۇيتتى . ۋە مەسجىد سېلىشقا بۇيرۇپ بەنى نەججار قەبىلىسىگە ئادەم ئەۋەتتى. ئى بەنى نەججار قەبىلىسى بېغىڭلارنى پۇلغا سېتىپ بېرىڭلار دېدى . ئۇلار – ياق ئۇنىڭ پۇلىنى ئاللاھ تائالاغىلا تەلەپ قىلىمىز – دېدى . ئەنەس

ئېيتتى: مەن سىلەرگە ئېيتىمەن ئۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ قەبرىلىرى ۋە خاراپىلىق ۋە خورما دەرەخلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئەمر قىلدى. مۇشرىكلارنىڭ قەبرىلىرى كولاندى. ۋە خارابىلىقتا ئەمرى قىلدى تۈزلەندى. ۋە خورما دەرىخىگە بۇيرۇدى كېسىلدى . خورما شاخلىرىنى مەسجىد ئالدىغا تىزدىلەر . ۋە مەسجىدنىڭ ئىككى يان ياغىچى ئورنىغا تاش قىلدىلەر . ۋە ئۇلار تاش يۆتكەپ قوشاق ئېيتتىلەر . ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار بىلەن بىللە مۇنداق دەيدۇ .

اللَّهُمَّ لَا خَيْرَ إِلَّا خَيْرُ الْآخِرَهْ * فَانْصُرْ الْأَنْصَارَ وَالْمُهَاجِرَهْ

ئەي خۇدا ئاخىرەت خەيراتىدىن يوق باشقا خەيرىيەت،

قىلغىل ئەنسارى ھەم مۇھاجىرلارغا مەغپىرەت.

273- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ تۆگىسى ئۈستىدە ناماز ئوقۇدى . ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم دېدى .

## ئالدىدا تونۇر يا ئوت ياكى ئىبادەت قىلىنىدىغان نەرسە بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ زاتىنى ئىرادە قىلىپ ناماز ئوقۇغان كىشى توغرىسىدا

274- ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ مەن ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىمدە ماڭا ئوت توغرا قىلىندى.

## قەبرىستاندا ناماز ئوقۇشنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا

275- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئۆيۈڭلاردا نامىزىڭلاردىن قىلىڭلار . ۋە ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىق قىلىۋالماڭلار .(ناماز ئوقۇماي)

276- ئائىشە ۋە ئىبنى ئاباس ﷺ لەردىن ئېيتتىلەر: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۆلۈم چۈشكەندە ئۆزىگە ئەديالنى تاشلاشقا شۇرۇ قىلدى. ۋاقتىكى نەپسى سىقىلىپ قالسا ئۇ ئەديالنى يۈزىدىن ئاچىدۇ. شۇنداق ھالىتىدە ئېيتتى: ئاللاھنىڭ لەنىتى يەھود ناسارالارغا بولسۇنكى ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدىلەر . ئۇلارنى قىلغان ئىشلىرىدىن ھەزەر قىلدۇرىدۇ.

## خوتۇن كىشىنىڭ مەسجىددە ئۇخلىشى توغرىسىدا

277- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: ئەرەب قەبىلىسىدىن بىر مەھەللىنىڭ قارا دىدىكى (ئايال قۇلى) بولۇپ ئۇلار ئۇنى ئازاد قىلدىلەر . ئۇ دىدەك ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكەن ئىدىلەر . شۇ دىدەك ئېيتتى: ئۇ خوجىلارنىڭ بىر كىچىك قىزىنىڭ تاسمىغا تىزىلغان قىزىل گۆھەر

مارجىنى بار ئىدى. ئۇ قىز ئۇنى يەرگە قويدىمۇ ياكى چۈشۈپ قالدىمۇ ئۇنىڭغا بىر سار ئۆتۈپ ئۇ تاشلانغان نەرسىنى گۆش دەپ گۇمان قىلىپ ئېلىپ كەتتى. قىزنىڭ ئىگىلىرى ئۇنى تەلەپ قىلىپ تاپالمىدى. ئاندىن ماڭا تۆھمەت قىلىپ ئاختۇرۇپ ھەتتا ئارقامنىمۇ ئاختۇردىلەر. ۋەللاھى مەن ئۇلار بىلەن بىرگە تۇراتتىم ھېلىقى سار كېلىپ قىزىل مارجاننى تاشلىدى. ئۇ مارجان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. ئۇ دېدەك ئېيتتى: مېنى ئېلىۋالدى دەپ تۆھمەت قىلغان نەرسە مۇشۇدۇر. مەندىن گۇمان قىلدىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن پاكتۇرمەن. ئۇ نەرسە ئەنە شۇ ئۇ دېدەك رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئىسلام ئېيتقانلىقىنى دېدى . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ئۇ دېدەكنىڭ مەسجىدتە بىر چېدىرى ياكى بىر بوخچىسىمۇ بار ئىدى . ئۇ دېدەك مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. مېنىڭ ھۇزۇرىمغا كېلىپ بىر سورۇندا ئولتۇرمايدۇ. ئولتۇرسىلا مۇنۇ شېئىرنى ئېيتار ئىدى.

وَيَوْمُ الْوِشَاحِ مِنْ أَعَاجِيبِ رَبِّنَا * أَلَا إِنَّهُ مِنْ بَلْدَةِ الْكُفْرِ أَنْجَانِي

مارجان يۈتكەن كۈنى رەببىمىزنىڭ ئاجايىپلىرىدىندۇر

ئاگاھ بولكى ئۇ رەببىم مېنى كۇفرىنىڭ شەھىرىدىن قۇتقۇزدى .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ئۇ دېدەككە ئېيتتىمكى ھالىڭ نېمىدۇركى مەن بىلەن بىر بىر يەردە ئولتۇرمايسەن. ئولتۇرساڭلا ئاشۇ شېئىرنى ئوقۇيسەن؟ ئۇ دېدەك يۇقىرىقى سۆزنى دەپ بەردى.

## ئەرلەرنىڭ مەسجىدتە ئۇخلىشى توغرىسىدا

278ـ سەھل ئىبنى سەئىد ﷛ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ پاتىمەنىڭ ئۆيىدە ئەلىنى تاپالمىدى. تاغاڭنىڭ ئوغلى قېنى؟ دېدى . پاتىمە ئېيتتى : مەن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر نەرسە بولۇپ ماڭا ئاچچىقلىنىپ چىقىپ كەتتى. قېشىمدا چۈشلۈك ئارام ئالمىدى. پەيغەمبەر ﷺ بىر ئادەمگە قاراپ باققىن ئۇ نەدە؟ دېدى . ئۇ ئىنسان كېلىپ يا رەسۇلۇللاھ ئۇ ئەلى مەسجىدتە ئىكەن دېدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ كەلدى . ۋەھال ئولكى ئەلى رىدالىرى(كىيىملىرى) يېنىدىن چۈشۈپ كەتكەن ھالدا يېنىچە يېتىپتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلىدىن توپىنى سۈرتىۋېتىپ قوپىغىل ئەي تۇپراق ئاتىسى، قوپقىل ئەي تۇپراق ئاتىسى دېدى .

## مەسجىدگە كىرگەندە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

279ـ ئەبۇ قەتادە ﷛ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسجىدگە كىرسە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن.

## مەسجىد سېلىش توغرىسىدا

280ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى: مەسجىد رسۇللاھ ﷺ زامانلىرىدا كېسەك بىلەن قۇرۇلغان ۋە ئۆگزىسى شاخ بىلەن يېپىلغان ئىدى. تۈرۈكلىرى خورما ياغىچى ئىدى. ۋە ئەبۇ بەكرى ﷺ ئۇ مەسجىدگە زىيادە قىلمىدى. ۋە ئۆمەر ﷺ ئۇ مەسجىددە زىيادە قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانلىرىدىكى بىناسىنىڭ ئۈستىگە قۇردى. كېسەك ۋە شاخ بىلەن ۋە تۈرۈكنى ياغاچ بىتى ئىئادە قىلدى. (قايتا سالدى) ئاندىن ئوسمان ﷺ كۆپ زىيادە قىلىپ ئۆزگەرتتى. ۋە ئۇنىڭ تاملىرىنى نەقىشلىك تاش بىلەن ۋە گەج بىلەن بىنا قىلدى. تۈۋرۈكلىرىنى نەقىشلەنگەن تاشتىن قىلدى. ئۆگزىسىنى ساج دەرىخى بىلەن ياپتى. ( ساج ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن ئېسىل ياغاچ)

## مەسجىد سېلىشتا ياردەملىشىش توغرىسىدا

281ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ﷺ دىن : ئۇ زات بىر كۈنى ھەدىس قىلىپ مەسجىد سېلىشنىڭ زىكرىگە كەلدى. ئېيتتى: بىز بىر كېسەك بىر كېسەك كۆتۈرەتتۇق ۋە ئەممار ئىككىدىن ئىككىدىن كېسەك كۆتۈرەتتى . پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن توپىنى سىلكىپ قېقىپ ئېيتتى: ئەممارغا ۋاي ئۇنى باغى(قاراقچى) گۇرۇھ ئۆلتۈرىدۇ . ئەممار ئۇلارنى جەننەتكە چاقىرىدۇ. ۋ ئۇلار ئەممارنى دوزاخقا چاقىرىدۇ. ئېيتتى ئەبۇ سەئىد : ئەممار ـ ئاللاھ تائالاغا پىتنىلەردىن پاناھ ئىزدەيمەن دەيدۇ.

## مەسجىد بىنا قىلغان كىشى توغرىسىدا

282ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان ﷺ دىن : ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەسجىدنى سالغان ۋاقتىدا خالايىقلار ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە گەپ ـ سۆز قىلغاندا ئېيتتى: سىلەر تولا سۆز قىلىپ كەتتىڭلار . مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مۇنداق دېگەنلىگىنى ئاڭلىدىم. بىر كىشى خۇدانىڭ زاتىنى ئىرادە قىلىپ بىر مەسجىد سالسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە شۇنىڭغا ئوخشاش جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ.

## مەسجىدگە ئۆتكەندە ئوقيانىڭ تىغ ئۇچىنى تۇتۇۋېلىش توغرىسىدا

283ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئوقيا بىلەن بىر كىشى مەسجىددە ئوتتى. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ تىغ ئۇچىنى تۇتۇۋال دېدى .

## مەسجىدگە ئۆتۈش توغرىسىدا

284ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن: پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: بىر كىشى مەسجىدلىرىمىزدىن ۋە بازارلىرىمىزدىن بىر يەرگە ئوقيا بىلەن ئۆتسە ئۇنىڭ تىغ ئۇچىنى تۇتۇۋالسۇن. ئالىقىنى بىلەن بىر مۇسۇلماننى جاراھەت قىلىپ قويمىسۇن.

## مەسجىددە شېئىر ئوقۇش توغرىسىدا

285ـ ھەسسان ئىبنى سابىت ﷛ دىن : ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷛ نى گۇۋاھ قىلدى. خۇدا ھەققى سەندىن تەلەپ قىلىمەنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىڭمۇكى ئېيتتىدۇ: ھەي ھەسسان رەسۇلۇللاھ ﷺ جانىبىدىن جاۋاب بەرگىن ، ھەي ئاللاھ ئۇنى روھۇل قۇددۇس (جىبرىئىل ) بىلەن كۈچلەندۈرگىل. ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتتى: ھەئە.

## مەسجىددە نەيزىۋازلىق قىلغۇچىلار توغرىسىدا

286ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھۇجرامنىڭ ئىشىكىدە كۆردۈم. ۋە ھەبەشىستانلىقلار مەسجىددە ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى تونلىرى بىلەن توسۇپ تۇردۇ. ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا قارايمەن. نەيزىلەرنى ئوينايدىلەر. ( مەشىق قىلدىلار)

## مەسجىددە قەرز سۈيلەش ۋە ئۇنى تۇتۇش توغرىسىدا

287ـ كەئىب ئىبنى مالىك ﷛ دىن ئېيتتى: ئۇ ئىبنى ھەدرە ئۈستىدىكى ئۇنىڭغا بەرگەن قەرزنى مەسجىددە سۈيلىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى . ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆيدە تۇرۇپ ئىككىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئىككىسىگە چىقىپ ئىشىكىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. ئىدا قىلدىكى يا كەئىب! ئېيتتى: لەببەيكە يا رەسۇلۇللاھ . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: قەرزىڭدىن مۇنچىلىكنى قويغىن. يېرىمىگە ئىشارەت قىلدى. كەئىب ئېيتتى: شۇنداق قىلدىم يا رەسۇلۇللاھ . رەسۇلۇللاھ ﷺ (ئىبنى ھەدرەگە ) قوپ ئۇ قەرزنىڭ ( قالغىنىنى) ئادا قىل.

## مەسجىدنى سۈپۈرۈش، لاتا پۇرۇش، ۋە ئەخلەت ، شاخلىرىنى تىرىپ تازىلاش توغرىسىدا

288ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷛دىن قارا ئەر ياكى قارا ئايالمۇ مەسجىدنى سۈپۈرۈپ تازلار ئىدى. ئۇ ئۆلۈپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى سورىدى. ئېيتتىلەر: ئۇ ئۆلۈپ قالدى. ئېيتتى ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭلارمۇ؟ مېنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە باشلاڭلار دەپ ئۇنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ ناماز ئوقۇدى.

## مەسجىددە ھاراق سودىسىنى ھارام قىلىش توغرىسىدا

289ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: جازانە ھەققىدە سۈرە بەقەرەدىن ئايەتلەر چۈشكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدگە چىقىپ ئۇ ئايەتلەرنى خالايىققا ئوقۇپ بەردى. ۋە ھاراق تىجارىتىنى ھارام قىلدى.

## ئەسىر ياكى قەرزدارنى مەسجىددە باغلاپ قويۇش توغرىسىدا

290ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷛ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: بىر يامان جىن ئۆتكەن كېچە نامىزىمنى بۇزۇش ئۈچۈن ماڭا توغرا بولدى. ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزنى قىلدى.

ئاللاھ تائالا مېنى ئۇ جىنغا قادىر قىلدى. ئۇنى مەسجىد تۈرۈكلىرىدىن بىر تۈرۈككە باغلاپ قويۇشنى ئىرادە قىلدىمكى تاڭ ئاتقاندا ئۇنى ھەممىڭلار كۆرگەيسىزلەر. ئاندىن بۇرادىرىم سۈلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹‹ ھەي خۇدا ماڭا مەغپىرەت قىلغىل ۋە ماڭا مەندىن كېيىن ھېچكىمگە لايىق بولمايدىغان مۈلكىنى(پادىشاھلىقنى) بەخشىش قىلغىل( بەرگىن ).(يەنى جىنلارنى باشقۇرۇشنى ئاتا قىلغىل ›› دېگەن سۆزنى يادىمغا ئالدىم. [سۈرە ساد 35- ئايەت]

## كېسەل كىشىلەر ۋە باشقىلار ئۈچۈن مەسجىددە چېدىر تىكىش توغرىسىدا

291- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: خەندەك كۈنى سەئدىنىڭ جان تومۇرىدا مۇسىبەت يەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يېقىندىن يوقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن مەسجىددە چېدىر تىكتى. تۈيۈقسىز ئۇلارنى مەسجىددە بەنى غىفاردىن ئېقىپ كەلگەن قان چۆچۈۋەتتى. ئۇلار ھەي چېدىر ئەھلى سىزلەر تەرەپتىن كەلگەن نەرسە نېمە ئۇ؟ دېدىلەر . بىناگاھ سەئدىنىڭ جاراھىتى قان ئاقىدۇ. سەئد شۇ جاراھەتتە ۋاپات بولدى.

## ھاجەت ئۈچۈن مەسجىدگە تۆگە ئەكىرىش توغرىسىدا

292- ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ غە ئاغرىپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلاغلىق ھالدا خالايىقنىڭ ئارقىسىدىن تاۋاپ قىلغىل – دېدى . مەن شۇنداق تاۋاپ قىلدىم. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ بەيتۇللاھ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ. نامازدا ‹‹ وَالطُورِ . وَكِتَابٍ مَّسْطُورٍ ››نى ئوقۇيدۇ. [سۈرە تۇر 1-2- ئايەت]

293- ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن : تەھقىق رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسھابلىرىدىن ئىككى كىشى قاراڭغۇ كېچىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ھوزۇردىن چىقتى.ئۇلار بىلەن چىراغقا ئوخشايدىغان ئىككى نەرسە بار. ئالدىدا يورۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئايرىلغاندا ھەر بىرى بىلەن بىر چىراغ ئۆيگە بارغۇچە بىللە بولدى.

## مەسجىددە ئۆتىدىغان كىچىك ئىشىك توغرىسىدا

294- ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ خۇتبە ئوقۇدى ۋە ئېيتتى: ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە دۇنيا بىلەن ئۆز دەرگاھىدىكى نەرسە ئوتتۇرىسىدا ئىختىيار بەردى. ئۇ بەندە ئاللاھ تائالا دەرگاھىدىكى نەرسىنى ئىختىيار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى يىغلىدى. ئۆز نەپسىمدە ئېيتتىم بۇ شەيخنى نېمە يىغلىتىدۇ؟ ئەگەر ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە دۇنيا بىلەن ئۆز دەرگاھىدىكى نەرسە ئوتتۇرىسىدا ئىختىيار بەرسە، ئۇ بەندە ئاللاھ دەرگاھىدىكى نەرسىنى ئىختىيار قىلسا؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ بەندە ئىكەن. ۋە ئەبۇ بەكرى بىزنىڭ ئالىمراغىمىز ئىكەن. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ: ھەي ئەبۇ بەكرى يىغلىمىغىن. ماڭا ئۆز سۆھبىتىدە ( ھەمراھلىقىدا ) ۋە مېلىدا خەلقنىڭ مىننەت قىلغۇچىراغى( ئاتا قىلغۇچىراغى) ئەبۇ

بەكرىدۇر. ئەگەر ئۈممىتىمدىن دوست تۇتماقچى بولسام، ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتار ئىدىم. ۋە لېكىن ئىسلام بۇرادەرلىگى ۋە دوستلۇقى بار. مەسجىدتە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا ئىشىكنى قالدۇرۇلماي ئېتىلسۇن.

295ـئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ ۋاپات كېسەللىرىدە باشلىرىنى لۆڭگە بىلەن تاڭغان ھالدا چىقىپ مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇردى. ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ھەمد ـ سانا ئېيتتى: ئاندىن ئېيتتى: ماڭا ئۆز نەپسىدە ۋە ئۆز مالىدە ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبى قۇھافە دىن مىننەت قىلغۇچراق ( ئاتا قىلغۇچىراق) كىشى يوق .ئەگەر خەلقىدىن دوست تۇتماقچى بولسام ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتار ئىدىم. ۋەلىكىن ئىسلام دوستلىغى ئەۋزەلدۇر. ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇشۇ ئىشكىدىن باشقا ھەممە ئىشىكلەرنى مەندىن كېيىن ئېتىڭلار.

## كەئبىگە ۋە مەسجىدلەرگە قۇلۇپ سېلىش توغرىسىدا

296ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئوسمان ئىبنى ئەبۇ تەلھەنى چاقىردى. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ۋە بىلال ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھە كىردى. ئاندىن ئىشىك تاقالدى. ئۇنىڭدە بىر سائەت تۇردى. ئاندىن ھەممەيلەن چىقتىلەر. ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: ئىلگىرىلەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ بىلالدىن سورىدىم. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇدى . دېدى . ئېيتتىم : قەيەردە؟ ئېيتتى: ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارىسىدا . ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى : قانچىلىك ناماز ئوقۇدى دەپ سورىشىم كېتىپ قالدى. (سورىماپتىمەن)

## مەسجىددە ھەلقە (تورۇك ) بولۇپ ئولتۇرۇش توغرىسىدا

297ـ ئۇ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرغانلىرىدە بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ كېچە نامىزىغا قانداق قارايسەن؟ـ دەپ سورىدى. ئېيتتى: ئىككى رەكەت ئىككى رەكەت. ۋە ئەگەر تاڭ يورۇشتىن ئەندىشە قىلسا بىر رەكەت ئوقۇيدۇ. شۇ بىر رەكەت ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزىنىڭ ۋىترىسى بولىدۇ. ۋە ئىبنى ئۆمەر ئېيتار ئىدى. نامازىڭلارنىڭ ئاخىرىنى كېچىدە تاق قىلىڭلار. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى.

## مەسجىددە ئوڭدىچە يېتىش توغرىسىدا

298ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئەنسارى رضي الله عنه دىن: ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مەسجىددە ئوڭدانچە ئىككى پۇتىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە قويۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى.

## بازار مەسجىدىدە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

299ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: جامائەت نامىزى ئويدە ۋە بازاردا ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە بەش دەرىجە زىيادە بولىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارەتنى

چىرايلىق كامىل ئېلىپ مەسجىدگە نامازنى ئىرادە قىلىپلا كەلسە ھەر بىر باسقان قەدىمىگە ئاللاھ تائالا بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ . ۋە ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ. ھەتتاكى مەسجىدكە كىرگىچىلىك. ۋاقتىكى مەسجىدغە كىرسە ناماز ئۇنى توختۇتۇپ تۇرغان مۇددەتتە ئۇ ئادەم نامازنىڭ ئىچىدىلا بولىدۇ. ناماز ئوقۇيدىغان جايىدا دائىم تۇرغان ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىل ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىل دەپ ئىستىغپار ئېيتىدۇ . مادامىكى ئۇ ئازار بەرمىسە ۋە تاھارىتىنى سۇندۇرۇپ قويمىسا.

## مەسجىددە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردا قول كىرىشتۈرۈش توغرىسىدا

300ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : مۆمىن مۆمىنگە بىر ـ بىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان قۇرۇلۇشقا ئوخشايدۇ دەپ ئۇششاق بارماقلىرى ئارىسىنى كىرىشتۈردى .

301ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزلەرگە ئىككى كەچ نامازنىڭ بىرىنى ( شام – ياكى خۇپتەن) نى ئىككى رەكەت ئوقۇپ سالام بېرىپ مەسجىددىكى توغرا ياغاچقا قويۇپ يۆلەندى. گوياكى غەزەپناك بولغاندەك ئوڭ قۇلنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ۋە بارماقلىرىنى كىرەلەشتۈردى. ۋە ئوڭ مەڭزىنى سول ئالقىنىغا قويدى. ۋە ئالدىراڭغۇلار مەسجىدتىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ناماز قىسقارتىلىپتۇ ـ دىيىشتى. قەۋمنىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ﷺ لەر بار بولۇپ ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سۆز قىلىشتىن قورقتى . جامائەت ئىچىدە قولى ئۇزۇن بىر ئادەم بولۇپ ئىككى قول ئىگىسى دېيىلەتتى . ئۇ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ئۇنتۇلۇپ قالدىلىمۇ ياكى ناماز قىسقارتىلدىمۇ؟ ئېيتتى: ئۇنتۇلۇپ قالمىدىم ۋە قىسقارتىلمىدى. ئايا ماۋۇ ئۇزۇن قول دېگەندەك بولدىما ؟ جامائەتلەر ھەئە شۇنداق ـ دېدى . پەيغەمبەر ﷺ ئالدىغا ئۆتۈپ تەرك قىلغان نامازنى ئوقۇپ ئاندىن سالام بەردى. ئاندىن تەكبىر ئېيتتى ۋە ئۆزىنىڭ سەجدىسىدەك ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلدى.. ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن تەكبىر ئېيتتى ۋە ئۆزىنىڭ سەجدىسىدەك ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە تەكبىر ئېيتتى ۋە سالام بەردى.

## مەدىنىنىڭ يوللىرىدىكى مەسجىدلەر ۋە پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇغان جايلار توغرىسىدا

302ـئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ يولدىن بىر نەچچە جايلاردا ناماز ئوقۇر ئىدى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇ جايلاردا ناماز ئوقۇغانلىقنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتار ئىدى.

303ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەج ئۆمرە قىلغان ۋاقتىدا ۋە ھەج قىلغان ۋاقتىدا زۇلھۇلەيفەدىكى مەسجىد ئورنىغا سەمۇرە دېگەن دەرەخ نىڭ ئاستىغا چۈشەر ئىدى. ۋە جەڭدىن قايتسا ۋە شۇ يولدا ماڭسا ۋە ئۆمرىدە بولسا بەتنى ۋادى دېگەن جايدىن چۈشەر ئىدى. بەتنى ۋاددىن ئۆرلىسە ۋادىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى بەتھا غە

تۆگسىنى ياتقۇزۇپ كېچىنىڭ ئاخىردا ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە چۈشەر ئىدى. تاڭ ئاتقۇچە تاش بىلەن بىنا قىلىنغان مەسجىددىمۇ ئەمەس مەسجىد سېلىنغان دوڭدىمۇ ئەمەس ئۇ يەردە بىر ئورا بار شۇ يەردە ئىبنى ئۆمەر ناماز ئوقۇيتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە قۇملۇق بار. پەيغەمبەر ﷺ شۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى . ئۇ يەردە قىيان يېيىلىپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ناماز ئوقۇيدىغان يەر كۆمۈلۈپ كەتتى.

304ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەدىس قىلىدىكى : پەيغەمبەر ﷺ شەرەفە رەۋھا دىكى مەسجىدنىڭ تۆۋىنىدىكى كىچىك مەسجىددە ناماز ئوقۇدى . ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇغان جايغا ئالامەت قىلىپ قويۇپ ئېيتار ئىدى. سەن مەسجىددە ناماز ئوقۇغىلى تۇرغىنىڭدا مەككىگە ماڭغىنىڭدا ئوڭ تەرەپىڭدە ۋە مەسجىد يولنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا . سەن مەككىگە ماڭغىنىڭدا ئۇ مەسجىد بىلەن چوڭ مەسجىد ئارىلىقىدا بىر تاش ئېتىمچە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئارىلىق بار.

305ـ ۋە ئابدۇللاھ ئۆمەر رەۋھانىڭ ئايىغىدىكى ئىرق(كىچىك تاغ) قا قاراپ ناماز ئوقۇر ئىدى. ئۇ ئىرقنىڭ بىر تەرىپىنىڭ نىھايىتى(ئاخىرى) يولنىڭ قىرغىقىدا. سەن مەككىگە ماڭغاندا رەۋھانىڭ ئاخىرىنىڭ ئارىسى بىلەن مەسجىدنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ تۆۋىنىدە . ۋە ئۇ يەرگە بىر مەسجىد سېلىندى. ئابدۇللاھ ئۇ مەسجىددە ناماز ئوقۇغۇچى بولمىدى. ئۇنى سول ۋە ئارقا تەرىپىدە تاشلاپ ئالدىدىكى ئىرق ئۆزىگە قاراپ ناماز ئوقۇر ئىدى. ئابدۇللاھ رەۋھادىن زاۋالدىن كېيىن مېڭىپ پېشىننى ئوقۇماي شۇ يەردە ئوقۇر ئىدى.مەككىدىن چىقىپ شۇ يەرگە تاڭدىن بىر سائەت بۇرۇن يا سەھەرنىڭ ئاخىرىدا چۈشۈپ قالسا شۇ يەرگە كېچىنىڭ ئاخىرىدا چۈشۈپ ھەتتا بامداتنى شۇ يەردە ئوقۇر ئىدى.

306ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھەدىس قىلىدىكى : پەيغەمبەر ﷺ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن رۇۋەيسنىڭ تۆۋىنىدىكى چوڭ دەرەخنىڭ تېگىگە چۈشەر ئىدى. ۋە يولنىڭ ئالدىدىن كەڭرى تۈز جايىدا رۇۋەيسنىڭ يول قىرىدىن ئىككى مىل تۆۋىنىدىكى دۆڭدىن چۈشەر ئىدى. ئۇ چوڭ دەرەخنىڭ ئۈچى سۇنۇپ ئىچىگە ئېگىلىپ قالدى. ئۇ دەرەخنىڭ بىر پاچىقى تەرەپتە ئورا بار. بىر پاچىقى ئىچىدە نۇرغۇن قۇملۇق بار.

307ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھەدىس قىلىدىكى : پەيغەمبەر ﷺ ئىرج دېگەن قىشلاقنىڭ ئارقىسىدىن ئېگىز دۆڭدە ناماز ئوقۇدى . ۋە سەن ئارا خىل تاشلىق تاغقا ماڭغىنىڭدا شۇ مەسجىددە ئىككى ئۈچتەك قەبرە بار . قەبرە ئۈستىدە يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يوغان بىر تاش بار. يولنىڭ پارچە بويلىرىدا شۇ پارچە يەر ئارىلىقىدا ئىرج دىن زاۋالدىن كېيىن مېڭىپ پېشىننى شۇ مەسجىدتە ئوقۇيتتى .

308ـ ئىبىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرﷺ : رەسۇلۇللاھ ﷺ يولدىن سول تەرەپتە دەرەخزارلىققا چۈشتى. ھىرشا تېغىنىڭ تۆۋەنكى قىيانلىقىدا . شۇ قىيانلىق ھىرشا تېغىغا تۇتاش. ئۇنىڭ يول ئارلىقى بىر ئوق يېتىم يېقىن. ئابدۇللاھ مەسجىدگە يېقىنراق دەرەخلەردىن بىر دەرەخكە قاراپ ناماز ئوقۇر ئىدى. ۋە ئۇ دەرەخ ھەممە دەرەخلەردىن ئېگىزراق ئىدى.

309ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرﷺ ئېيتىدۇ : پەيغەمبەر ﷺ مەررە زەھران دىگەن جاينىڭ تۆۋەنىدىكى قىيان ئېقىنىغا چۈشەر ئىدى. مەدىنە تەرەپتىن سەفراۋاتدىن چۈشكەن ۋاقتىدا يولنىڭ سول تەرىپىدىن ئاشۇ قىيان ئېقىنىغا چۈشەتتى. سەن مەككىگە ماڭغاندا (يولنىڭ سول تەرىپىدە ) رەسۇلۇللاھ ﷺ چۈشكەن جاي بىلەن يولنىڭ ئارلىغىدا بىر تاش ئېتىمچە يەر بار.

310ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زىتۇۋاغا چۈشۈپ تاڭ ئاتقۇچە شۇ يەردە قونىاتتى. (زىتۇۋا مەككىنىڭ ئىشىكىدىكى بىر جاي) ئاندىن بامداتنى ئوقۇيتتى . مەككىگە كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شۇ ناماز ئوقۇيدىغان جايى قېلىن بىر دوڭ ئۈستىدە ئىدى. شۇ يەردە سېلىنغان مەسجىدتە ئەمەس. ۋە لېكىن شۇنىڭ تۆۋەنىدىكى بىر قېلىن دۆڭدە.

311ـ ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھەدىس قىلاتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئىستىقبال قىلدى. ( ئالدىغا چىقتى) كەئبەتۇللاھ تەرەپتىكى ئۇزۇن تاغ بىلەن ئۆزى ئارلىقىدىكى تاغنىڭ كىرىش ئېغىزىغا . شۇ يەرگە سېلىنغان مەسجىدنى دوڭ تەرەپتىكى مەسجىدنىڭ سول تەرىپىدە ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ناماز ئوقۇغان جايى ئۇنىڭدىن تۆۋەن قارا دوڭ ئۈستىدىدۇر. دوڭدىن ئون گەز يا شۇنىڭ ئوخششىنى تاشلايسەن. ئاندىن سەن بىلەن كەئبە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تاغنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇيسەن.

## ئىمامنىڭ سۇترىسى( پەردىسى ) جامائەتنىڭ سۇترىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

312ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : پەيغەمبەر ﷺ ھېيت كۈنى چىقار ئىدى.بىزلەرنى نەيزە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتى . ئاندىن ئۇنى ئالدىغا قويۇلاتتى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇر ئىدى. خالايىقلار ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيتتى . ۋە مۇشۇنى سەپەردە قىلار ئىدى. شۇ جەھەتتىن پادىشاھلار ئۇنى تۇتتى.

313ـ ئەبۇ جۇھەيفە ﷺ دىن: پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا بەتھادا ناماز ئوقۇدى . ۋە ئالدىدا ھاسا بار . پېشىن بىلەن ئەسرنى ئىككى رەكەتتىن قىلىپ ئوقۇدى. ئالدىدىن خوتۇن كىشى ۋە ئېشەكلەر ئۆتەر ئىدى.

## ناماز ئوقۇغۇچى بىلەن سۇترەنىڭ ئارلىقى قانچىلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

314ـ سەھل ﷺ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇغان جاي بىلەن تامنىڭ ئارلىقى قوي ئۆتكۈدەك جاي ئىدى.

## تۆمۈرلۈك ھاساغا قاراپ ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

315ـ ئەنەس ﷺ دىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ھاجەتلىرىگە چىقسا ئۇنىڭغا مەن ۋە بىر غۇلام ھاسا ياكى ئۇچىدا تۆمۈرى بار ھاسا بىلەن ۋە بىر قاچا سۇ بىلەن ئەگىشىپ باراتتۇق. ھاجەتلىرىدىن پارىغ بولغاندا ئۇنىڭغا قاچىنى بىرەر ئىدۇق.

## تۈۋرۈككە قاراپ ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

316ـ سەلەمەتە ئىبنى ئەكۋە ﷺ دىن : ئۇ مۇسھەفنىڭ يېنىدىكى تۈۋرۈك قېشىدا ناماز ئوقۇدى . ئۇنىڭغا ئى ئەبۇ مۇسلىم سېنى شۇ تۈۋرۈك يېنىدا نامازنى مەقسەت قىلغان كۆرۈرمەن دېيىلدى . ئۇ ئىيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۇ تۈۋرۈك يېنىدا ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆردۈم.

## جامائەتتىن باشقا ۋاقىتتا تۈۋرۈكلەر ئارىسىدا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

317ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ كەئبەگە كىرگەنلىك ھەدىسىنى رىۋايەت قىلىپ ئىيتتى: بىلالدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ كەئبەدىن چىققاندا نېمە ئىش قىلغانلىقى سورىدۇم. ئۇ ئىيتتى: بىر تۈۋرۈكنى ئوڭ تەرىپىگە ۋە بىر تۈۋرۈكنى سول تەرىپىگە ۋە ئۈچ تۈۋرۈكنى ئارقىسىغا قىلدى. ئۇ كۈنلەردە بەيتۇللاھ 6 تۈۋرۈكلۈك ئىدى. ۋە بىر رىۋايەتتە ئىككى تۈۋرۈكنى ئوڭ تەرەپىدىن.

## تۆگىگە، تۇقۇمغا ۋە دەرەخكە قاراپ ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

318ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن : تۆگىلىرىنى توغرا قىلىپ شۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇيتتى . نافىئ غا دېيىلدى . ئۇلاق قوزغىلىپ كەتسىچۇ؟ ئىيتتى: توقۇمنى ئېلىپ توغرا قىلار ئىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ياغىچىغا قاراپ ناماز ئوقۇر ئىدى. ۋە ئىبنى ئۆمەر مۇشۇنداق قىلار ئىدى.

## كارىۋاتقا قاراپ ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

319ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: سىلەر بىزنى ئىت ۋە ئېشەككە باراۋەر قىلدىڭلارمۇ؟ ئەلۋەتتە مېنى كارىۋاتتا توغرا ياتقۇچى كۆردۈم . پەيغەمبەر ﷺ كېلىپ كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ غا توغرا تۇرۇشنى ناخۇش كۆرۈمەن . ۋە كارىۋاتنىڭ ئىككى پۇتى تەرەپتىن سۇغۇرۇلمەن ھەتتا يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىمەن.

## ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىنى قايتۇرۇش توغرىسىدا

320ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ﷺ دىن : ئۇ جۈمە كۈنىدە خەلقىدىن توسىدىغان پەردە بولىدىغان بىر نەرسىگە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئەبۇ مۇئەيت قەبىلىسىدىن بىر ياش يىگىت ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولدى. ئەبۇ سەئىد ئۇنى ئىتتىردى . ياش يىگىت يول تاپالماي يەنە ئۆتۈشكە قايتىپ كەلدى. ئۇنى ئەبۇ سەئىد ئالدىنقىدىن قاتتىراق ئىتتىردى . ئاندىن ئۇ يىگىت ئەبۇ سەئىدنى تىللىدى. ئاندىن ئۇ يىگىت خەلىپە مەرۋاننىڭ قېشىغا كىرىپ ئەبۇ سەئىددىن كۆرگەن ئەزىيەتنى ئۇنىڭغا شىكايەت قىلدى. ۋە ئەبۇ سەئىدمۇ ئارقىدىن مەرۋاننىڭ قېشىغا كىردى. مەرۋان ئېيتتى: ساڭا ۋە بۇرادىرىڭنىڭ ئوغلىغا نىمە بولدى ھەي ئەبۇ سەئىد؟ ئەبۇ سەئىد ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىۇ: بىرىڭلار خەلقىدىن توسىدىغان سۇترەگە قاراپ ناماز ئوقۇسا ئۇنىڭ ئالدىدىن بىراۋ ئۆتمەكچى بولسا ئۇنى ئىتتىرسۇن ئۇنىمسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسۇن. ئۇ ـ شەيتاندۇر .

## ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

321ـ ئەبۇ جۇھەيم ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۇناھنى بىلگەن بولسا ئىدى ، ئۇنىڭ قىرىق تۇرغىنى ئالدىدىن ئۆتكەندىن ياخشىراق بولار ئىدى. راۋى ئېيتتى: قىرىق كۈن ياكى قىرىق ئاي ياكى قىرىق يىل دىدىمۇ بىلمەيمەن.

## ئۇخلىغۇچىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

322ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇيتتى ۋە مەن كۆرپىسىدە توغرا يېتىپ ئۇخلايتتىم. ۋاقتىكى ۋىتىر ئوقۇماقچى بولسا مىنى ئويغىتار ئىدى. ئاندىن مەن ۋىتىر ئوقۇيتتۇم .

## نامازدا كىچىك بالىنى گەردىنىدە كۆتۈرۈۋېلىش توغرىسىدا

323ـ ئەبۇ قەتادە ئەنسارى ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ قىزلىرى زەينەپنىڭ قىزى ئۇمامەنى كۆتۈرۈۋېلىپ ناماز ئوقۇر ئىدى. ۋە ئۇ قىز ئەبۇ الئاس ئىبنى رەبى بىنىنى ئابدۇشەمس نىڭ قىزى ئىدى . سەجدە قىلسا يەرگە قويار ئىدى. ۋە قوپسا كۆتۈرەر ئىدى.

## خوتۇن كىشىنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۈستىدىن ئازارنى تاشلىۋېتىشتى توغرىسىدا

324ـ قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈستىگە تۆگىنىڭ جاسۇيلىرىنى ئارتىپ قويغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۇئالىرى ھەققىدىكى ھەدىس ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھەدىسىدە ئۆتتى. ۋە

ئـاخىرىدا بـۇ يـەردە مۇنـداق دەيـدۇ:ئـاندىن ئۇلارنـى قۇدۇقـا سـۆرەپ تاشـلاندى، ئـاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇدۇق ئىگىلىرىگە لەنەت تابى قىلىندى دېدى .

# نـامـازنـىڭ ۋاقـىتـلـىرىـنـىڭ كـىـتـابـى

325ـ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى ﷛ دىن : ئۇ مۇغىرە بىننى شۇئبەنىڭ قېشىغا كىردى. ۋە ئۇ بىر كـۈن ئىراقتـا نامـازنى تـەخىر قىلـدى. ئېيتتى: نېمـە ئـىش بـۇ ھـەي مۇغىـرە ؟ بىلىدىـڭغۇ؟ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام نازىل بولۇپ ناماز ئوقۇدى . ئـاندىن پەيغەمبەر ﷺ نامـاز ئوقۇدى . ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇدى . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇدى . ئـاندىن جىبـرىئىل ئەلەيھىسســالام نامــاز ئوقــۇدى . ئــاندىن پــەيغەمبەر ﷺ نامــاز ئوقــۇدى . ئــاندىن جىبـرىئىل ئەلەيھىسســالام نامــاز ئوقــۇدى . ئــاندىن پــەيغەمبەر ﷺ نامــاز ئوقــۇدى . ئــاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇدى . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇدى . ئـاندىن ئېيتتى: مۇشۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم .

## نامازنىڭ كاپارەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

326ـ ھۇزەيفە ﷛ دىـن ئېيتتى: بىـز ئۆمـەر ﷛ ھوزۇرىـدا ئولتۇراتتـۇق، ئـۇ ئېيتتى: قايسـڭلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پىتنە ھەققىدىكى سۆزىنى يادا بىلىدۇ؟ ئېيتتىم: مەن بىلىمەن. ئۆمەر ﷛ ئېيتتى: سەن ئۇنىڭغا يۈرەكلىكىدۇرسەن. ئېيتتىم : بىـر كىشىنىڭ بـالا – چاقىسى ۋە مـالى ۋە قوشنىسى ھەققىدىكى پىتنىسىگە ناماز ۋە روزىسى ۋە سەدىقىسى ۋە ئەمرۇ- مەئرۇفى(ياخشىلىققا بۇيرۇشى) ۋە نـەھى ئـەز مۇنكەرى(يامـان يولدىـن توسۇشى) كاپـارەت بولـىدۇ. ئۆمەر ئېيتتى: بۇنى ئىرادە قىلمايمەن. ۋە لېكىن دېڭىز دولقۇنىدەك دولقۇنلايدىغان پىتنىنى ئـىرادە قىلىمـەن. ھۇزەيفە سـاڭا ئۇنىڭدىـن بـاك يـوق سـەن بىلـەن ئۇنىـڭ ئوتتۇرىسـىدا تاقـاقلىق ئىشىك بـار يـا ئەمىرەل مۆمىنىن. ئۆمەر ئېيتتى: ئۇ ئىشىك چېقىلامدۇ يـاكى ئېچىلامدۇ؟ ئېيتتى: چېقىلىدۇ. ئېيتـتى: ئۇنداقتــا مەڭگـۈ تاقالمايدىكـەندە. ھۇزەيفەگـە دېـيىلدى . ئـايـا ئۆمـەر ئىشـىكنىڭ كىملىكىنى بىلەمدۇ؟ ئېيتتى: ھەئە شۇنداقكى تـاڭنىڭ ئـالدىدا كېچە بـاردەك(ئۇچۇق) بىلـىدۇ. مەن يالغان ئەمەس ھەدىسنى قىلدىم. سورالدى : ئىشىك كىمدۇر؟ ھۇزەيفە ئېيتتى: ئۆمەردۇر.

327ـ ئىبنى مەسئۇد ﷛ دىن رىۋايەت قىلىندى. بىر كىشى بىر خوتۇننى سۆيۈۋالدى . ئـاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ خەۋەر قىلـدى. ئـاندىن ئـالاھ تائـالا ‹‹ كۈندۈزنـىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىدىن بىر ۋاقتتا نامازنى بەرپا قىلغىل. ياخشىلىقلار يامانلىقلارنى كەتكۈزىدۇ ›› دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ﴿سۈرە ھۇد 114 – ئايەت﴾ ئۇ كىشى ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەت ماڭا خاسمۇ؟ ئېيتتى: مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسىگە ئامدۇر.

328ـ ئىبنى مەسئۇد ﷺ نىڭ بىر رىۋايىتىدە شۇنىڭغا مىنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەل قىلغان كىشىگە.

## نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

329ـ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن قايسى ئەمەل ئاللاھ تائالاغا دوستىراقدۇر ؟ دەپ سورىدىم. ئىيتتى: ۋاقتىدا ئوقۇغان ناماز. ئىيتتى : ئاندىن قايسى ؟ ئىيتتى : ئاتاـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش . ئىيتتى: ئاندىن قايسى ؟ ئىيتتى فى سەبىلىللاھ جىھاد قىلىش . ئىبنى مەسئۇد ئىيتتى: ئۇلارنى ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەدىس قىلىپ بەردى. ۋە ئەگەر زىيادە سورىغان بولسام ئەلۋەتتە ماڭا زىيادە ھەدىس قىلىپ بىرەر ئىدى.

## بەش نامازنىڭ كاپارەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

330ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىدىكى ئىيتتى: خەۋەر قىلىڭلاركى بىرىڭلارنىڭ ئىشىكىدە ئۆستەڭ بولۇپ ئۇنىڭدا كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنسا نىمە دەيسەن، ئۇنىڭدا بىر كىردىن بىر نەرسە قالامدۇ؟ ئىيتتىلەر. ئۇنىڭدا كىردىن نەرسە قالمايدۇ. ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ : مۇشۇ بەش ۋاقىت نامازغا ئوخشاشدۇر . ئاللاھ تائالا ئۇ بەش ۋاقىت ناماز بىلەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ.

## ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىشى توغرىسىدا

331ـ ئەنەس ﷺ دىن: پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى: سەجدىدە رۇستى تۇرۇڭلار ۋە ئىككى جالغىينى ئىت ياىغاندەك ياىمىسۇن. ۋاقتىكى تۆكۈرمەكچى بولسا ئالدىغا تۆكۈرمىسۇن. ۋە ئوڭ تەرىپىگە تۆكۈرمىسۇن . ئۇ ناماز ئوقۇغۇچى پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىدۇ.

## ھاۋا قىزىق ۋاقتىدا پىشىنى سۇۋۇتۇپ ئوقۇش توغرىسىدا

332ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئىيتتى: ۋاقتىكى ھاۋا قاتتىق قىزىق بولسا نامازنى سۇۋۇتۇپ ئوقۇڭلار. چۈنكى بەك قىزىقلىق دوزاخنىڭ كەڭ تىنىقىدىندۇر. چۈنكى دوزاخ پەرۋەردىگارىغا شىكايەت قىلىپ ئىيتتى: يا رەب بەزى قىسمىم بەزىمنى يىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا دوزاخنى قىشتا بىر تىنىشقا ۋە يازدا بىر تىنىشقا ئىككى قېتىم تىنىشقا ئىزنى بەردى. بەك قىزىقلىقتىن ۋە بەك سوغۇقلۇقتىن تاپىدىغان نەرسەڭلار شۇدۇر.

333ـ ئەبۇ زەر غىفارى ﷺ دىن ئىيتتى: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن سەپەردە بىللە ئىدۇق. مۇئەززىن پىشىنگە ئەزان ئىيتماقچى بولۇۋىدى ، پەيغەمبەر ﷺ سۇۋۇتـ دىدى . ئاندىن ئازانغا شۇرۇ قىلىپ ئىدى، ئۇنىڭغا سۇۋۇت دىدى . ھەتتاكى دوڭنىڭ سايەسنى كۆردۇق.

## پېشىننىڭ ۋاقتى زاۋال ئىكەنلىكى توغرىسىدا

334ـ ئەنەس ﷛ دىن : پەيغەمبەر ﷺ كۈن قىيىلغاندا چىقىپ پېشىنى ئوقۇپ مۇنبەردە تۇرۇپ قىيامەتنىڭ زىكرىنى قىلدى. ئۇ قىيامەتتە چوڭ ئىشلارنىڭ بارلىقىنى زىكىر قىلىپ ئاندىن ئېيتتى: بىر كىشى بىر ئىشتىن سوئال قىلىشنى دوست تۇتسا سورىسۇن. بىر ئىشنى مەندىن سورىساڭلىلا مۇشۇ ماقامدا بولسام مەن شۇ ئىشتىن خەۋەر بېرىمەن. جامائەتلەر كۆپ يىغلىدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ سوراڭلار دەپ كۆپ دېدى . ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافەتە سەھمى: ئاتام كىمدۇر؟ دېدى . ئاتاڭ ھۇزافە ـدېدى . ئاندىن سوراڭلار دەپ كۆپ دېدى . ئۆمەر ﷛ ئىككى تىزىغا تىزلىنىپ ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقىغا، ئىسلامنىڭ دىنلىقىغا، ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە رازى بولدۇق-دېدى . پەيغەمبەر ﷺ سۈكۈت قىلدى. ئاندىن كېيىن ئېيتتى: ھېلى ماڭا مۇشۇ تامنىڭ يۈزىدە جەننەت ۋ دوزاخ توغرا قىلىندى. بۈنىڭغا ئوخشاش ياخشىلىق يامانلىقنى كۆرمىدىم. ئىلمىنىڭ كىتابىدا ئەبۇ موسانىڭ رىۋايىتىدىن بۇ ھەدىسنىڭ بەزىسى ئۆتتى. لېكىن بۇ رىۋايەتتە زىيادىلىك ۋە لەپزىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى بار.

335ـ ئەبۇ زەر ﷛ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بامدادنى بىرىمىز بىللە ئولتۇرغان كىشىنى تونۇغۇدەك چاغدا ئوقۇيتتى . ئاتمىشتىن يۈزگىچە ئايەت ئوقۇيتتى . پېشىنى كۈن قىيىلغاندا ئوقۇيتتى . ۋە ئەسرنى بىزنىڭ بىرىمىز مەدىنىنىڭ ئەڭ يىراق مەھەللىسىگە بېرىپ كەلگەندە كۈن چاقناپ تۇرغۇدەك ۋاقىتتا ئوقۇيتتى. ناماز شام ھەققىدە ئېيتقاننى راۋى ئۇنتۇپ قالدى. ۋە خۇپتەننى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىچە تەخىر قىلىشنى باك تۇتمايتتى (كېچىكتۈرسە كېرەك يوق دەپ قارايتتى) ئاندىن يېرىم كېچىگىچە ـ دېدى .

## پېشىننى ئەسرگىچە تەخىر قىلىش توغرىسىدا

336ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىدە يەتتە ۋە سەككىزنى يەنى پېشىن ۋە ئەسرنى ، شام ۋە خۇپتەننى ئوقۇدى .

## ئەسر نامىزىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

337ـ ئەبۇ زەرنىڭ ھەدىسى نامازلارنىڭ زىكرىدە يېقىندا ئۆتتى. ۋە مۇشۇ رىۋايىتىدە ئېيتتى : خۇپتەننى زىكىر قىلغاندا ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇپتەندىن ئىلگىرى ئۇخلاشنى ۋە خۇپتەندىن كېيىن گەپ ـ سۆز قىلىشنى يامان كۆرەر ئىدى.

338ـ ئەنەس ﷛ دىن ئېيتتى: بىز ئەسرنى ئوقۇيتتۇق. ئاندىن بىر ئادەم ئەمرى ئىبنى ئەۋف مەھەللىسىگە چىقىپ ئۇلارنى ئەسر نامىزىنى ئوقۇۋاتقان تاپار ئىدى.

339ـ ئەنەس ﷛ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسرنى ئوقۇيتتى ۋە ھال ئۇلكى كۈن ئېگىز تىرىك چاقناپ تۇرىدۇ. يۇقىرقى مەھەللىگە بېرىپ كېلەتتى. ۋە ھال ئۇلكى كۈن ئېگىزدۇر . ۋە يۇقىرقى مەھەللە مەدىنىدىن 4 مىل كېلەر ئىدى. يا شۇنىڭغا ئوخشاش ( 8 كىلومېتىرغا يېقىن )

## ئەسىر نامىزى پەۋت( يوق ) بولغان كىشى توغرىسىدا

340ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئەسىر نامىزى پەۋت بولغان كىشى گوياكى ئۇنىڭ ئەھل- بالا چاقىلىرى ۋە ماللىرى يوقالغان كىشىدۇر.

## ئەسىر نامىزىنى تەرك قىلغان كىشى توغرىسىدا

341ـ بۇرەيدە ﷺ دىن ئۇ كىشى ھاۋا بۇلۇتلۇق كۈنى ئېيتتى: ئەسىر نامىزىنى بالدۇر ئوقۇڭلار. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: كىشىكى ئەسىر نامىزىنى تەرك قىلسا ئۇنىڭ ئەملى بىكار بولدى.

342ـ جەرىر ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئىدۇق. كېچىدە ئايغا قاراپ ئېيتتى: پات يېقىندا پەرۋەردىگارىڭلارنى مۇشۇ ئاينى كۆرگەندەك كۆرىسىلەر. ئول پەرۋەردىگارىڭلارنى كۆرۈشتە قىستاشمايسىزلەر. ئەگەر كۈن چىقىشىنىڭ ئالدىدىكى ۋە كۈن ئولتۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى نامازغا مەغلۇپ بولماسلىققا قادىر بولالىساڭلار شۇنداق قىلىڭلار. ئاندىن ‹‹ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ ›› ئايىتىنى ئوقۇدى. تەرجىمىسى كۈن چىقىشىنىڭ ئالدىدا ۋە كۈن پېتىشىنىڭ ئالدىدا رەببىڭنىڭ ھەمدىسى بىلەن تەسبىھ ئېيت ( ناماز ئوقۇغىن )

343ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېچىدىكى ۋە كۈندۈزدىكى پەرىشتىلەر نۆۋەتلىشىپ ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ۋە ئۇلار بامدات ۋە ئەسىر نامىزىدا جەمئي كېلىدۇ . ئاندىن ئېچىڭلاردا قونغان پەرىشتىلەر يۇقىرغا ئۆرلەيدۇ. ئاللاھ بىلىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن بەندىلىرىمنى قانداق قالدۇردىڭلار دەپ سورايدۇ. ئۇ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇ: ئۇلارنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا قالدۇردۇق ۋە ئۇلارغا ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا كەلدۇق.

## كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئەسىردىن بىر رەكەتنى تاپقان كىشى توغرىسىدا

344ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى بىرىڭلار كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئەسىردىن بىر رەكەت تاپسا نامازنى تامام قىلسۇن. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى بامدات نامازدىن بىر رەكەتنى تاپسا تامام قىلسۇن.

345ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئۇ زات رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇ: ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە قارىتا سىلەرنىڭ دۇنيادا تۇرۇشىڭلار ئەسىر نامىزىنىڭ ئارىلىقىدىن كۈن ئولتۇرغۇچىلىكىدۇر. ئەھلى تەۋرات ( يەھۇدىيلارغا ) تەۋراتنى كەلتۈرۈلدى . ئۇلار ئەمەل قىلدىلا ھەتتاكى چۈش بولۇۋىدى ئۇلار ئاجىز كەلدى. ئۇلارغا بىر قىرات ساۋاب بېرىلدى . ئاندىن ئىنجىل ئەھلىگە (ناسارا) لەرگە ئىنجىلنى كەلتۈرۈلدى . ئۇلار ئەسىرگىچىلىك ئەمەل قىلدىلەر. ئاندىن ئاجىز كەلدىلەر. ئۇلارغا بىر قىرات بىر قىرات ساۋاب بېرىلدى . ئاندىن بىزلەرگە قۇرئان كەلتۈرۈلدى . بىز كۈن ئولتۇرغىچىلىك ئەمەل قىلدۇق

بىزگە ئىككى قىرات ساۋاب بېرىلدۇق . شۇنىڭ بىلەن ئىككى كىتاب ئەھلى ( يەھود ، ناسارا) لەر ئېيتتى: ھەي پەرۋەردىگار ئۇلارغا ئىككى قىرات ئىككى قىرات ساۋاب بەردىڭ . ۋە بىزلەرگە بىر قىرات بىر قىرات ساۋاب بەردىڭ. ۋەھالەنكى بىزنىڭ ئەمەلىمىز كۆپراقدۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتتى: سىلەرگە ئەجرىڭلاردىن بىر نەرسىگە زۇلۇم قىلدىممۇ؟ ئېيتتىلەر : ياق. ئاللاھ تائالا ئېيتتى: ئۇ مېنىڭ پەزلىمدۇر. خالىغان كىشىگە بېرۈرمەن.

## ناماز شامنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

346- رافىئ ئىبنى خەدىج ﷺ دىن ئېيتتى: بىزلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ناماز شامنى ئوقۇيتتۇق. ئاندىن بىرىمىز قايتىپ ئۆزىنىڭ ئوقياسىنىڭ چۈشكەن يەرنى كۆرەتتى .

347- جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ پېشىن نامىزىنى ھاۋا قىزىقىدا ئوقۇر ئىدى. ئەسىر نامىزىنى ئاپتاپ ساپ سۈزۈك ۋاقتىدا ۋە ناماز شامنى كۈن ئولتۇرغاندا ۋە خۇپتەن نامىزىنى بەزى ۋاقتىدا جامائەت يىغىلسا ئالدىراپ ئوقۇيتتى . جامائەت تەخىر قىلغانىنى كۆرسە تەخىر قىلاتتى. ۋە بامدات نامازىنى ساھابىلەر ياكى پەيغەمبەر ﷺ قاراڭغۇدا ئوقۇيتتى .

## ناماز شامنى كېچە نامىزى دېيىشنى ناخۇش كۆرگەن كىشى توغرىسىدا

348- ئابدۇللاھ مۇزەنى ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: سەھرالىق ئەرەبلەر سىلەرنىڭ مەغرىب نامىزىڭلارغا غەلىبە قىلىپ كەتمىسۇن. ئابدۇللاھ ئېيتتى: ئەئرابىلەر مەغرىبنى ئىشا (كېچىنىڭ نامىزى ) دەر ئىدىلەر.

349- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىر كېچە خۇپتەن نامىزىنى تەخىر قىلدى. ۋە بۇ ئىش ئىسلام ئاشكارا بولۇشتىن ئىلگىرى ئىدى. رەسۇلۇللاھ چىقمىدى ھەتتا ئۆمەر ئېيتتى: خوتۇنلار ۋە ئۇششاق باللار ئۇخلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن چىقىپ مەسجىد ئەھلىگە ئېيتتى: بۇ نامازغا زېمىن ئەھلىدىن سىلەردىن باشقىلار مۇنتەزىر بولمايدۇ. (كۈتۈپ تۇرمايدۇ).

## خۇپتەن نامازىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

350- ئەبۇ موسا ﷺ دىن ئېيتتى: مەن ۋە مەن بىلەن كېمىدە كەلگەن يارەنلىرىم بۇتھان دېگەن جايغا چۈشكەن ئىدۇق. ۋە پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىدە ئىدى. ۋە ھەر كېچىسى ساھابىلەردىن بىر نەچچە كىشى خۇپتەندە نۆۋەتلىشىپ كېلىپ تۇرار ئىدى. مەن ۋە يارانلىرىم پەيغەمبەر ﷺ نى تاپتۇق. ۋە ھال ئۇلكى پەيغەمبەر ﷺ بەزى ئىشلىرىدا مەشغۇل ئىكەن . خۇپتەن نامىزىنى تەخىر قىلدى. ھەتتا يېرىم كېچە بولدى. ئاندىن چىقىپ ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بەردى. نامازنى ئادا قىلىپ بولۇپ ھازىر بولغانلارغا ئېيتتى: ئۆز ھالىڭلاردا تۇرۇڭلار ۋە خۇرسەندە بۇلۇڭلار . سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ نېئمىتىنىڭ قاتارىدىندۇركى مۇشۇ سائەتتە سىلەردىن باشقا ناماز

ئوقۇيدىغان ھېچكىم يوق. ياكى ئېيتتى: مۇشۇ سائەتتە سىلەردىن باشقا ھېچكىم ناماز ئوقۇمىدى. راۋى قايسى كەلىمىنى ئېيتقانلىقىنى (ئىككى كەلىمىدىن) بىلمەيدۇ. ئەبۇ موسا ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاڭلىغان ھەدىسكە خۇشھال بولۇپ قايتتۇق.

## ئۇيقۇ غالىب كەلگەن كىشىنىڭ خۇپتەندىن ئىلگىرى ئۇخلىشى توغرىسىدا

351ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇپتەننى تەخىر قىلدى. ۋە ئۇنى ئۆمەر ﷺ چاقىردى. دېگەن ھەدىس ئۆتتى. بۇنىڭدا ئازراق زىيادە يېرى بار. ئېيتتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئۇلار شەپەق غايىب بولۇش ئارىلىقىدا تاكى كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچتىن بىرىگىچە ئوقۇر ئىدىلەر. (خۇپتەن نامىزىنى).ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ چىقتى. گويا ئۇ رەسۇلۇللاھقا ھازىر قاراپ تۇرغاندەك قارايمەن. باشلىرىدىن سۇ تېمىپ تۇرىدۇ. قوللىرىنى باشلىرىغا قويغان ھالىتىدە ئېيتتى: ئەگەر ئۈممەتلىرىگە مۇشەققەت بولۇشىدىن قورقمىسام ئۇلارنى مۇشۇ ۋاقىتتا خۇپتەن ئوقۇشقا ئەمر قىلاتتىم.

352ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ قولنى بېشىغا قويغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ﷺ ئۇششاق بارماقلىرىنى ئازراق ئاراچ قىلدى. ئاندىن بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى بېشىنىڭ تىك يارمىسىغا قويدى. ئاندىن بارماقلىرىنى يىغىپ شۇنداق بېشىغا ئۆتكۈزدى. ھەتتا باشمىرەك قولى بىلەن قۇلىغنى سىلىدى. ۋە يۈزىگە يېقىن ئېڭەك ئۆستىگە ۋە ساقىلىنىڭ بىر تەرىپىنى سىلىدى. تەخىرمۇ قىلمايدۇ ۋە تۇتمايدۇ. لېكىن مۇشۇنداق تۇتىدۇ.

## خۇپتەننىڭ ۋاقتى يېرىم كېچىگىچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا

353ـ ئەنەس ﷺ دىن يۇقىرقى ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ ئۇ ھەدىسدە ئېيتتى: گوياكى مەن شۇ كېچە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈزۈكلىرىنىڭ پارقىراپ تۇرغىنىغا قارايمەن.

## بامدات نامىزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

354ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: كىشىكى ئىككى سوۋۇن نامازنى ئوقۇسا جەننەتكە كىرىدۇ. (ئەسىر بىلەن بامداتنى)

## بامدات نامازىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

355ـ ئەنەس ﷺ دىن: زەيد بىننى سابىت ﷺ ئۇنىڭغا ھەدىس قىلدىكى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن زوھۇرلۇق يەپ ئاندىن نامازغا تۇردىلەر. ئېيتتىم ئۇ ئىككىسىنىڭ ( بامدات بىلەن

سوھۇرلۇقنىڭ) ئارلىقى قانچىلىك؟ ئېيتتى: ئەللىك ياكى ئاتمىش ئايەت مىقدارى. (زوھۇرلۇق بىلەن بامدات نامازنىڭ ئارلىقى ئاتمىش ئايەت ئوقۇش مىقدارى)

356ـ سەھل ئىبنى سەئىد ﷺ دىن ئېيتتى: مەن ئائىلەمدە سوھۇرلۇقنى يەر ئىدىم ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بامدات نامازنى تېپىشقا ماڭا ئالدىراشچىلىق بولاتتى.

## بامداتدىن كېيىن ئاپتاپ ئېگىز كۆتۈرۈلگىچە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

357ـ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: مېنىڭ ھۇزۇرىمدا رازى بولۇنغان كىشىلەر گۇۋاھلىق ئېيتتى: ۋە ئۇلارنىڭ رازىراغى ھۇزۇرىمدا ئۆمەر ﷺ دۇر. پەيغەمبەر ﷺ بامدات نامازدىن كېيىن كۈن چاقناپ يورۇغىچە ۋە ئەسىردىن كېيىن كۈن ئولتۇرغۇچە ناماز ئوقۇشتىن نەھى قىلدى( توستى).

358ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺدىن : نامازىڭلار بىلەن كۈن چىقىشنى ۋە كۈن كىرىشنى قەست قىلماڭلار. (كۈن چىقىۋاتقان ۋە ئولتۇرۇۋاتقاندا ناماز ئوقۇماڭلار)

359ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺدىن : ۋاقتىكى كۈننىڭ قېشى چىقسا نامازنى تەخىر قىلىڭلار. ھەتتاكى كۆتۈرۈلگەي. ۋە ۋاقتىكى كۈننىڭ قېشى غائىپ بولسا نامازنى كۈن ئولتۇرغىچىلىك تەخىر قىلىڭلار.

360ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ : پەيغەمبەر ﷺ ئىككى تۈرلى سودا سېتىقتىن ۋە ئىككى تۈرلى كىيىنىشتىن نەھى قىلدى. دېگەن ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى. ۋە مۇشۇ رىۋايەتتە ـ ۋە ئىككى نامازدىن نەھى قىلدى. يەنى بامداددىن كېيىن كۈن چىققۇچىلىك ئەسىردىن كېيىن كۈن ئولتۇرغىچىلىك ناماز ئوقۇشتىن نەھى قىلدى ـ دېگەننى زىيادە قىلدى.

## كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى نامازنى قەست قىلماسلىق توغرىسىدا

361ـ مۇئاۋىيە ﷺ دىن ئېيتتى: سىزلەر بىر نامازنى ئوقۇيسىلەر. ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇ نامازنى ئوقۇغانلىقنى كۆرمىدۇق. ۋە ئۇ نامازدىن نەھى قىلغان ئىدى. يەنى ئەسىردىن كېيىن ئىككى رەكەت نامازنى دېمەكچى .

## ئەسىردىن كېيىن قازا ۋە باشقا نامازنىڭ ئوقۇلۇشى توغرىسىدا

362ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ نى ئېلىپ كەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسىردىن كېيىن ئىككى رەكەت نامازنى تەرك قىلمىدى. ھەتتاكى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يولۇقتى . ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يولۇقۇشتىن بۇرۇن ناماز ئوقۇشتىن ئېغىرلاشتى . بەزى نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇر ئىدى. يەنى ئەسىردىن كېيىن ئىككى رەكەت نامازنى. ۋە ئۇ ئىككى رەكەت نامازنى ئۆيدە ئوقۇيتتى . ئۈممىتىگە ئېغىرچىلىق

قىلىنىشتىن ئەندىشە قىلغان جەھەتتىن ئۇ نامازنى مەسجىدتە ئوقۇمايتى. ۋە ئۆممەتكە يەڭگىل قىلىنىدىغان نەرسىنى دوست تۇتار ئىدى.

363ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: ئىككى رەكەت نامازنى خاھى مەخپى بولسۇن خاھى ئاشكارا بولسۇن تەرك قىلمايتتى . يەنى بامداددىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ئەسىردىن كېيىن ئىككى رەكەت.

## ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەزان ئېيتىش توغرىسىدا

364ـئەبۇ قەتادە ﷺ دىن ئېيتتى: بىر كېچە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ماڭدۇق. قەۋمنىڭ بەزىلىرى كېچىنىڭ ئاخىردا بىزنى بىر يەرگە چۈشۈرگەن بولساڭ يا رەسۇلۇللاھ دېدى . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: نامازغا ئۇخلاپ قېلىشىڭلاردىن ئەندىشە قىلىمەن . بىلال مەن سىلەرنى ئويغۇتىمەن دېدى . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۆزى ئويغاندى. ۋەھال ئولكى كۈننىڭ قېشى چىققان ئىدى. ئېيتتى: ئى بىلال دېگەن سۆزىڭ قېنى ؟ بىلال ئېيتتى: ھەرگىز ماڭا مۇنداق ئۇيقا كېلىپ باقمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئاللاھ خالىغان ۋاقىتدا روھىڭلارنى قەبزى قىلىدۇ. ۋە خالىغان ۋاقىتدا ئۇنى سىزلەرگە قايتۇرىدۇ. ئى بىلال قوپىقىن خالايىققا ناماز ئۈچۈن ئەزان ئېيت! ئاندىن تاھارەت ئالدى. كۈن كۆتۈرۈلۈپ تازا ئاقارغاندا ناماز ئوقۇدى .

## ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خالايىققا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

365ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ﷺ خەندەك كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن كېلىپ قۇرەيش كاپىرلىرىنى سۆككىلى تۇردى. ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ھەتتا كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىچە ئەسىرنى ئوقۇيالمىغلى يېقىن بولدۇم. پەيغەمبەر ﷺ ۋەللاھى مەنمۇ ئوقۇيالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇتھان دېگەن جايدا تۇردۇق. نامازغا تاھارەت ئالدى. ۋە بىزمۇ تاھارەت ئالدۇق. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەسىرنى ئوقۇدى. ئاندىن ناماز شامنى ئوقۇدى .

366ـ ئەنەس ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئېيتتى: كىشىكى نامازنى ئۇنتۇپ قالسا يادىغا ئالغاندا ئوقۇسۇن بۇنىڭدىن باشقا كاپارەت يوقتۇر. ‹‹وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي›› مەنىسى ‹‹مېنى ياد قىلغاندا نامازنى بەرپا قىل››

367ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ھەمىشە نامازدا بولۇرسىزلەر مادامىكى نامازغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرساڭلار( كۈتۈپ ساقلاپ تۇرساڭلار)

368ـ ئەنەس ﷺ نىڭ ‹‹ھەر يۈز يىل بېشىدا ›› دېگەن ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى. ۋە بۇ يەردە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: بۈگۈنكى كۈندە زېمىن

ئۆستىدە بار كىشىلەردىن بىرسىمۇ باقى قالمايدۇ. ( ئۇ يۈز يىل شۇ ئەسىرنى تۈگىتىدۇ دېمەكچى . )

369ـ ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: ئەسھابى سۇففەلەر كەمبەغەل كىشىلەر ئىدىلەر. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: بىر كىشىنىڭ ئىككى كىشىلىك تائامى بولسا ئۈچىنچى كىشىنى ئېلىپ بارسۇن. ۋە ئەگەر تۆت كىشىلىك تائامى بولسا بەشىنچى كىشىنى ئېلىپ بارسۇن. ۋە ئەبۇ بەكرى ﵁ ئۈچ كىشىنى ئېلىپ كەتتى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئون كىشى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئېيتتى ئابدۇرەھمان : ئۇ مەن ۋە ئاتا ـ ئانام. خوتۇنۇم بار دېدىمۇ بىلمەيمەن. ۋە بىز بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارلىغىدىكى خادىم بار . ۋە ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ﷺ ھۆزۈرىدا كەچلىك تاماق يېدى. ئاندىن ھەتتا خۇپتەن نامىزى ئوقۇلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ باردى. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ كەچلىك تاماق يېدى. كېچىدىن بىر مىقدار ئۆتكەندىن كېيىن ئاللاھ خالىغان مۇددەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا خوتۇنى ئېيتتى: سىزنى مېھمانلىرىڭىزدىن نېمە توختىتىپ قويدى. ؟ ئېيتتى: ئۇلارغا كەچلىك تاماق بەرمىدىڭمۇ؟ ئېيتتى خوتۇنى : ھەتتاكى سىز كەلگەنگە قەدەر تائامدىن باش تارتتىلەر. ئۇلارغا تائام توغرا قىلىندى. ئۇلار ئۇنىمىدى . ئابدۇرەھمان ئېيتتى : مەن كەتتىم ۋە مۆكۈنۈۋالدىم. ئەبۇ بەكرى ئېيتتى: جاھىل پەس ۋە قۇلاق كەستى! دېدى ۋە دەشنەم قىلدى. ۋە ئېيتتى : يەڭلار بەرىكەتلىك . ۋە مەن ھەمىشە ئۇ تائامدىن يېمەيمەن . ۋە قەسەم ئاللاھقىكى ئۇ تائامدىن بىر لوقما ئالساقلا تېگىدىن ئۇنىڭدىن كۆپراپ ئۆرلەپ زىيادە بولۇپ تۇردۇ. ھەتتا ئۇلار تويدىلەر. ۋە ئالدىنقىدىنمۇ كۆپرەك ئېشىپ قالدى. ئەبۇ بەكرى ئۇ تائامغا قارىدى. بىناگاھ ئۇ تائام ئۆز پېتى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپراقدۇر. ئاندىن خوتۇنىغا ئېيتتى: ھەي بەنى فىراسىنىڭ ھەمشىرىسى بۇ نېمەدۇر ؟ خوتۇنى ئېيتتى: كۆزۈمنىڭ قاراچۇغىغە قەسەمكى ئەلۋەتتە ئۇ تائام ئالدىنقىدىنمۇ ئۈچ ھەسسە كۆپراقدۇر. ئاندىن ئەبۇ بەكرى ئۇ تائامدىن يېدى ۋە ئېيتتى: ئۇ يېمەيمەن دېگەن قەسەمىم شەيتاندىن بولدى. ئاندىن ئۇ تائامدىن بىر لوقما يېدى. ئاندىن ئۇ تائامنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. ئۇ تائام پەيغەمبەر ﷺ ھوزۇرىدا تاڭ ئاتتۇردى. ۋە بىز بىلەن بىر قەۋمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەقدە( سۈلھى كېلىشىم ) بار ئىدى. توختام ۋاقتى تۈگىدى. ئاندىن بىز ئون ئىككىگە بۆلۈنۈپ تارقاپ كەتتۇق. ھەر بىر كىشى بىلەن ئۇلاردىن نۇرغۇن ئادەم بار. ئاللاھ تائالا ھەر بىر كىشى بىلەن قانچىلىك ئادەمنىڭ بارلىقىغا ئالىمدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ تائامدىن يېدى. ( ئەنىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ ھوزۇرىدا ئون ئىككى پىرقىگە بۆلۈندۇق. ھەربىر گورۇھدا قانچىلىك ئادەم بارلىقىنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ. ئۇلار كۆپ بولۇپ ھەممىسى ئەبۇ بەكرى ئۆيىدىن ئەكەلگەن تائامدىن يېدىلەر.)

# ئەزاننىڭ كىتابى

## ئەزاننىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا

370ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتىدۇ: مۇسۇلمانلار مەدىنىگە كەلگەن ۋاقتىدا ناماز ۋاقتىنى مۆلچەرلەپ يىغىلار ئىدى. نامازغا ئەزان ئېيتىلمايتتى . ئۇلار بىر كۈنى بۇ توغرىسىدا سۆزلەشـدىلەر. بـەزىلىرى ئېيتتى: ناسـارانىڭ تـاكتىكىدەك تاكتـاك چېلىـڭلار، ۋە بـەزىلىرى يـەھۇدىيلارنىڭ سـۇنىيىدەك سـۇناي چېلىـڭلار دىـدى . ئۆمـەر ﷺ ئېيتـتى: بـىراۋنى نامازغـا چاقىرىشقا ئەۋەتمەمسىلەر. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئى بىلال قوپۇپ نامازغا چاقىرغىن .

371ـ ئەنـەس ﷺ دىـن ئېيتـتى: بـىلال ئـەزاننى جـۈپ ئېيتىشـقا ۋە تـەكبىرنى تـاق ئېيتىشـقا بۇيرۇلدى. لېكىن ‹‹قد قامت الصلاة ›› نى جۈپ ئېيتىدۇ.

## ئەزان ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

372ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى نامازغا ئـەزان ئېيتىلسا شـەيتان ئـەزاننى ئاڭلىماسـلىقى ئۈچـۈن يـەل چىقىرىـپ ئارقىسـىغا قـايتىدۇ. ئـەزان ئېيـتىلىپ بولسـا ئالدىغا كېلىدۇ . ۋاقتىكى نامازغا تـەكبىر ئېيتىلسـا ئارقىغا قـايتىدۇ. ھەتتا تـەكبىر ئېيتىلىپ بولسا ئالدىغا كېلىدۇ . ھەتتا ۋەسۋەسە قىلىدۇ. ئادەم بىلەن ئۆز نەپسى ئوتتۇرىسىدا ئېيتىدۇ. مۇنداق مۇنداق ئىشلارنى يادىڭغا ئـال. بۇنىدىن ئىلگىرى كۆڭلىگە كەچۈرمىگەن نەرسىلەرنى كەچتۈرىدۇ . ھەتتا ئۇ ئادەم قانچىلىك ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## ئەزان بىلەن ئاۋازنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا

373ـ ئـەبۇ سـەئىد خۇدرىـيى ﷺ دىـن ئېيتـتى: رەسـۇلۇللاھ ﷺ دىـن ئـاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ . مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنىڭ غايىتىنى جىن ۋە ئىنسان ۋە نەرسە ئاڭلىسىلا قىيامەت كۈنى مۇئەززىنگە گۇۋاھلىق بېرىدۇلەر.

## ئەزان بىلەن قان تۆكۈلۈشتىن توختاش توغرىسىدا

374ـ ئەنەس ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺبىزلەر بىلەن بىر قەۋمغە غازات قىلسا تاڭ ئاتقۇچە غازات قىلمايتتى . ۋە قارايتتى ئەگەر ئەزاننى ئاڭلىسا ئۇلاردىن يىغىلاتتى( يەنى ھۇجۇم قىلمـايتتى ) ۋە ئەگەر ئەزاننى ئاڭلىمىسا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلاتتى.

## مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا نىمە دېيىش توغرىسىدا

375ـ ئـەبۇ سـەئىد خۇدرىـي ﷺ دىـن: رەسـۇلۇللاھ ﷺ ئېيتـتى: ۋاقـتىكى ئـەزاننى ئاڭلىسـاڭلار مۇئەززىن دېگەن نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى دەڭلار.

376ـ مۇئاۋىيە ﷺ دىن يۇقىرقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشى رىۋايەت قىلىندى. ۋە ‹ اَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللّٰه › غىچە ۋە مۇئەززىن ‹ حَيَّ عَلَى الصَّلَاة › دەپ ئىدى مۇئاۋىيە ‹ لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰه › دېدى ۋە ئېيتتى: پەيغەمبىرىڭلار ﷺ نىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

## ئەزان ئېيتقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا توغرىسىدا

377ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: بىر كىشى ئەزاننى ئاڭلىغاندا «‹ اَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلَاةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ »» دېسە ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىم ھالال بولىدۇ.

## ئەزان ئېيتىشتا چەك تاشلاش توغرىسىدا

378ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئەگەر خالايىق ئەزاننىڭ ۋە ئالدىنقى سەپنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن بولسا ئاندىن ئۇنى چەك تاشلىماي تاپالمىسا ئەلۋەتتە چەك تاشلايتتىلەر. ۋە ئەگەر نامازغا بالدۇر بېرىشتىكى ئەجرى ۋە ساۋابنى بىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئىلگىرى بارار ئىدىلەر. ۋە ئەگەر ئۇلار خۇپتەن نامىزى ۋە بامدات نامىزىدىكى پەزىلەتنى بىلگەن بولسا ئىدىلەر ئەلۋەتتە ئۇ ئىككى نامازغا سىلجىپ سۇڭنى ساغرىسىنى سۆرەپ بولسىمۇ كېلەر ئىدى.

## ناماز ۋاقتى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىدىغان كىشى بولسا ئەمانىڭ ئەزان ئېيتىشى توغرىسىدا

379ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: بىلال كېچىدە ئەزان ئېيتىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر يەڭلار ۋە ئىچىڭلار. ھەتتاكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەزان ئېيتقۇچىلىك . ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەما (كۆزى كور) بولۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇڭ تاڭ ئاتقۇزدۇڭ دېيىلمىگىچىلىك ئەزان ئېيتمايتى.

## تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ئەزان ئېيتىش توغرىسىدا

380ـ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇئەززىن بامداتقا ئەزان ئېيتىشقا تۇرسا ۋە تاڭ يورسا يەڭگىل ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى . بامدات نامازغا تەكبىر ئېيتىلىشتىن ئىلگىرى. ( يەنى بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇيتتى )

## تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ئەزان ئېيتىش توغرىسىدا

381ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى بىلالنىڭ ئەزانى سوھۇرلۇق يېيىشتىن توسمىسۇن. چۈنكى بىلال بىدارلىرىڭلارنىڭ (تەھەججۇددىن ) قايتىشى ۋە ئۇخلىغانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن كېچىدە ئەزان ئېيتىدۇ. تاڭ يورىدى دىگەنلىكى ئەمەس. ۋە بارماقلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلدى. ۋە پەسراق قىلدى. ھەتتاكى مۇشۇنداق دەپ ئىككى بىگىز قولى بىلەن ئىشارەت قىلدىۇ . بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىگە ئاندىن ئۇ ئىككى بارماقنى ئوڭ تەرىپىدىن ۋە سول تەرىپىدىن سوزدى.

## خالىغان كىشىگە ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدا ناماز بارلىقى توغرىسىدا

382ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى:ئۈچ قېتىم ھەر ئەزان ۋە تەكبىر ئارىسىدا ناماز بار خالىغان كىشىگە. ۋە بىر رىۋايىتىدە ھەر ئىككى ئەزان ئوتتۇرىسىدا بىر ناماز بار . ھەر ئىككى ئەزان ئوتتۇرىسىدا بىر ناماز بار. ئاندىن ئۈچىنچى قېتىمدا خالىغان كىشىگە دېدى .

## سەپەردىمۇ بىر مۇئەززىن ئەزان ئېيتسۇن دېگەن كىشى توغرىسىدا

383ـ مالىك بىننى ھۇۋەيرىس ﷺدىن ئېيتتى: مەن قەۋمىمدىن بىر نەچچە جامائەت بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كەلدىم . ئۇنىڭ ھوزۇرىدا يىگىرمە كېچە تۇردۇق. ۋە بىزگە ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولدى. بىزنىڭ بالا-چاقىلىرىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئېيتتى: قايتىڭلار. بالا –چاقىلىرىڭلار ئىچىدە بولۇڭلار . ۋە ئۇلارغا تەلىم بىرىڭلار . ۋە ناماز ئوقۇڭلار. ۋاقتىنكى ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەزان ئېيتسۇن ۋە چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن.

384ـ مالىك بىننى ھۇۋەيرىس ﷺدىن : بىر رىۋايىتىدە ئىككى كىشى پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھۇزۇرىغا سەپەرنى ئىرادە قىلىپ كېلىشۇدى، پەيغەمبەرﷺ ۋاقتىنكى سەپەرگە چىقساڭلار ئەزان ئېيتىڭلار ئاندىن تەكبىر ئېيتىڭلار ۋە چوڭراغىڭلار ئىمام بولسۇن ـ دىدى.

## مۇساپىرلار جامائەت بولسا ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا

385ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇئەززىننى ئەزان ئېيتىشقا ئەمر قىلاتتى. ئاندىن سوغۇق كېچىدە ياكى يامغۇرلۇق كېچىدە سەپەر دە بولۇپ قالسا، ئارقىسىدىنلا چۈشكۈنلەردە ناماز ئوقۇڭلار دەيتتى .

## بىر كىشىنىڭ بىزلەرگە ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى دېگەنلىكى توغرىسىدا

386ـ ئەبۇ قەتادە ﷺ دىن ئېيتتى: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقىنىمىزدا ئارلىقدا كىشىلەرنىڭ ھەركەت ئاۋازىنى ئاڭلىدى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ نىمە بولدۇڭلار؟ دېدى . ئۇلار ئېيتتىلەر : نامازغا ئالدىرىدۇق. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئۇنداق قىلماڭلار. ۋاقتىكى نامازغا كەلسەڭلار راھەستە كېلىڭلار . ئاندىن نامازدىن تاپقىنىڭلارنى ئوقۇڭلار. سىلەرگە ئۆتۈپ كەتكىنىنى تامام قىلىڭلار .

## تەكبىر ئېيتىۋاتقاندا ئىمامنى كۆرسە قاچان قوپىدىغانلىقى توغرىسىدا

387ـ ئەبۇ قەتادە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا مېنى كۆرمىگىچىلىك قوپماڭلار.

## تەكبىردىن كېيىن ئىمامغا بىر ھاجەت توغرا بولۇپ قىلىش توغرىسىدا

388ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: نامازغا تەكبىر ئېيتىلدى . ۋە پەيغەمبەر ﷺ بىر كىشى بىلەن مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىدە مەخپى سۆزلىشىۋاتىدۇ. نامازغا تۇرمىدى ھەتتا كىشىلەر ئۇخلاپ كەتتى.

## جامائەتنىڭ نامىزىنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا

389ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: نەپسىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئەلۋەتتە قەست قىلدىمكى ئوتۇنغا بۇيرىغايمەن ۋە ئوتۇن يىغىلغاي ئاندىن نامازغا بۇيرىغايمەن. ئاندىن ئەزان ئېيتىلغان. ئاندىن بىر ئادەمنى بۇيرىغايمەن.خالايىققا ئىمام بولغاي ئاندىن جامائەتكە بارمىغان ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرگەيمەن. قەسەم زاتىغىكى نەپسىم ئۇ زاتنىڭ ئىلكىدە. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى سېمىز ئۇستىخان ياكى چىرايلىق ئىككى شاقشاقنى تاپىدىغان بولسا ئەلۋەتتە خۇپتەنگە ھازىر بولار ئىدىلەر.

## جامائەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

390ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: جامائەت نامىزى تەنھا يالغۇز ئوقۇغۇچىنىڭ نامىزىدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ.

## بامدات نامازنى جامائەت ئىچىدە ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

391ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ. جامائەت نامىزى سىلەرنىڭ بىرىڭلار تەنھا يالغۇز ئوقۇغان نامازغا يىگىرمە بەش دەرىجە ئارتۇق بولىدۇ. ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى بامدات نامازدا يىغىلىدۇ. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە ئىيتتى : خالىساڭلار ئوقۇڭلار «إِنَّ قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُودًا» تەرجىمىسى : بامداتنىڭ قىرائىتى يەنى بامدات نامىزى ھازىر بولۇنغۇچى بولىدى.(يەنى پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ)

392ـ ئەبۇ مۇسا ﷺ دىن ئىيتتى: ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ خالايىقنىڭ نامازدا ئەجىر – ساۋابى ئۇلۇغراقى ئۇلارنىڭ مېڭىش يولىنىڭ يىراغىراقىدۇ. ئاندىن يىراغىراقىدۇر. ئىمام بىلەن ناماز ئوقۇغىچىلىك نامازنى ساقلاپ تۇرغان كىشى نامازنى ئوقۇپلا ئۇخلىغان كىشىدىن ساۋابى ئۇلۇغراقدۇر.

## پېشىن نامىزنى بالدۇر ئوقۇشنىڭ ساۋابى توغرىسىدا

393ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن تەھقىق رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىيتتى: ئول ئارىدىكى بىر ئادەم مېڭىۋىتىپ شۇ يولدا بىر تىكەننى تېپىپ ئۇنى يولدىن يىراق قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلدى. ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى. ئاندىن ئىيتتى: شەھىد بەش تۈرلۈك بولىدۇ . ۋابادا ئۆلگۈچى ، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلگۈچى، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلگۈچى، تام بېسىۋېلىپ ئۆلگۈچى ، ۋە شەھىد فى سەبىلىللاھ ( ئاللاھ يولىدا) . بۇ ھەدىسنىڭ قالغىنى يۇقىرىدا ئۆتتى. (378ـ ھەدىستە.)

## ماڭغان قەدەملەرنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىش توغرىسىدا

394ـ ئەنەس ﷺ دىن ئىيتتى: سەلەمە قەبىلىسى يۆتكىلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە يىقىن ئولتۇرماقچى بولدى. ئىيتتى ئەنەس: پەيغەمبەر ﷺ مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ خالىي قىلىشنى ناخۇش كۆردى. ۋە ئىيتتى: ماڭغان قەدەمڭلارنىڭ ساۋابىنى تەلەپ قىلمامسىلەر؟

## خۇپتەن نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

395ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى: ئىيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : مۇناپىقلارغا بامدات ۋە خۇپتەن نامىزىدىن ئېغىرراق ناماز يوقدۇر. ۋە ئەگەر ئۇ ئىككى نامازدىكى ساۋابلارنى بىلگەن بولسا ئىدىلەر ، ئەلۋەتتە ساغرىسنى سۆرەپ بولسىمۇ ئۇ ئىككى نامازغا كېلەر ئىدىلەر.

## نامازنى ساقلاپ مەسجىدتە ئولتۇرغان كىشىنىڭ ۋە مەسجىدلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

396ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىبىتتى: ئىبىتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : يەتتە خىل كىشى بار. ئۇلارغا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق قىيامەت كۈنىدە ئۆزىنىڭ سايىسىدە سايە بېرىدۇ. بىرىنچى ئادىل پادىشاھ . ئىككىنچى دىلى مەسجىدكە داۋاملىق ئېسىقلىق كىشى. ئۈچىنچى كىچىكىدىنلا ئاللاھنىڭ ئىبادىتى ئىچىدە چوڭ بولغان ياش. تۆتىنچى خۇدا ئۈچۈن دوست بولغان ئىككى كىشى، ئۇ ئىككىسى دوستلۇقتا يىغىلدى ۋە دوستلۇقتا تارقىدى. بەشىنچى ئابرۇيلۇق چىرايلىق بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا خۇدادىن قورقىمەن دەپ ئۇنىڭغا يېقىن كەلمىگەن كىشى، ئالتىنچى ئوڭ قولى سەدىقە قىلغانىنى سول قولى بىلمەيدىغان تەرىقىدە مەخپى سەدىقە قىلغان كىشى . يەتتىنچى خالىي ھالدا ئاللاھ تائالانى زىكرى قىلىپ ياش تۆككەن كىشى.

## مەسجىدگە ئەتىگەن ۋە كەچتە بارغان كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

397ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىبىتتى : ئىبىتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كىشى مەسجىدكە ئەتىگەندە بارسا ياكى كەچتە بارسا ئاللاھ تائالا ئۇنى جەننەتتە بىر چۈشكۈننى تەييارلايدۇ. ھەر ۋاقتىكى ئەتىگەندە يا كەچتە بارسا.

## نامازغا تەكبىر ئىيتىلسا پەرز نامازدىن باشقا ناماز يوقلۇقى توغرىسىدا

398ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك ئىبنى بۇھەينە – بۇ ئەزدى قەبىلىسىدىن بولغان ساھابە- ﷺ دىن ئىبىتتى: تەھقىق رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازغا تەكبىر ئىيتىلىپ بولغاندا بىر ئادەمنىڭ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازدىن قايتقاندا ئۇنى خالايىقلار ئورىۋالدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايا بامداتنى تۆت رەكەت ئوقۇمسەن؟ـ دىدى . (يەنى پەرز نامازغا تۇرغاندا باشقا ناماز ئوقۇلمايدۇ. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىنىدۇ)

## كېسەل ئادەمنىڭ جامائەتكە ھازىر بولۇشى ھەددى توغرىسىدا

399ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىبىتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات قىلغان ئاغرىقنى ئاغرىغان ۋاقتىدا ناماز ھازىر بولۇپ ئەزان ئىيتىلىۋىدى، ئىبىتتى: ئەبۇ بەكرىنى ئەمىر قىلىڭلار خالايىققا ناماز ئوقۇپ بەرسۇن. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دىيىلدى: تەھقىق ئەبۇ بەكرى دىلى يۇمشاق كىشىدۇر. جانابلىرىنىڭ مەقامىدا تۇرۇپ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتا دىدى . ئۇلارمۇ قايتا دىدى . ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچىنچى قېتىم ئەبۇ بەكرى ئوقۇپ بەرسۇن دەپ ئىبىتتى: تەھقىق سىز ئاياللار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھ ئاياللىرىدۇرسىزلەر. ئەبۇ بەكرىنى ئەمىر قىلىڭلار خالايىققا ناماز ئوقۇپ بەرسۇن.

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى چىقىپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىدىن ئازراق يەڭگىللىكنى ھىس قىلدى. ۋە ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئۇلارغا يۆلىنىپ چىقتى . گويا قارايمەنكى كېسەلدىن پۇتلىرى يەرنى جىجىپ ماڭدۇ . ئاندىن ئەبۇ بەكرى ئارقىغا چېكىنمەكچى بولۇۋىدى ، پەيغەمبەر ﷺ جايىڭدا تۇرغىن دەپ ئىشارەت قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ كەلتۈرۈلدى . ھەتتا ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نامىزى بىلەن ناماز ئوقۇۋدى . ۋە خالايىقلار ئەبۇ بەكرىنىڭ نامىزى بىلەن ناماز ئوقۇيدىلەر. ۋە بىر رىۋايەتتە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ بەكرىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇردى. ۋە ئەبۇ بەكرى ﷺ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋدى .

400ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بىر رىۋايەتتە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېغىرلىشىپ كېسەللىرى قاتتىق بولۇپ كەتتى. ئاياللىرىدىن ئۆزىنى مېنىڭ ئۆيۈمدە بېقىلىشىغا ئىزنى سورىدى. ئۇلار ئىزنى بەردى. ھەدىسنىڭ قالغىنى ھازىر ئۆتتى.

## جۇمە كۈنى يامغۇردا ئىمام ھازىر بولغانلار بىلەن ناماز ئوقۇمدۇ ۋە جۇمە خۇتبىسى ئوقۇمدۇ؟ دىگەن توغرىسىدا

401ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : تەھقىق ئۇ پاتقاق ھۆللىچىلىك بولغان كۈندە مۇئەززىن ‹‹ حَيَّ عَلَى الصَّلاَةِ ›› غا يەتكەندە ‹‹ اَلصَّلاَةُ فِى الرِّحَالِ›› دېگىن – دىدى. (يەنى ناماز ئۆيلەردىدۇر) گوياكى ئۇلار بۇنىڭغا ئىنكار قىلغاندەك بەزىلىرى بەزىلىرىگە قاراشتى. ئىبنى ئاباس ئېيتتى: گوياكى بۇنىڭغا ئىنكار قىلدىڭلارمۇ؟ تەھقىق بۇ ئىشنى مەندىن ياخشىراق كىشى قىلدى. يەنى پەيغەمبەر ﷺ ئۇ جۇمە ۋاجىبتۇر. ۋە تەھقىق مەن سىلەرگە ھەرەج قىلىشنى ناخۇش كۆردۈم.

402ـ ئەنەس ؓ دىن ئېيتتى: ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ئېيتتى: تەھقىق مەن ئۆزلىرى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالمايمەن.[15] ۋە ئۇ كىشى بەك سېمىز ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نى تائام تەييارلاپ ئۆيىگە چاقىردى. ۋە ئۆزىنىڭ بورىسىنى يايدى. ۋە ئۇ بورىنىڭ بىر تەرىپىگە سۇ چېچىپ يۇدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. جارۇد ئائىلىسىدىن بىر ئادەم ئەنەسكە پەيغەمبەر ﷺ چاشتىگاھ نامىزى ئوقۇمتى؟ ـ دىدى. ئەنەس ئېيتتى: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇ كۈندىن باشقا كۈندە چاشتىگاھ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرمىدىم.

---

[15] بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ﷺ ھازىر بولغان جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇدى. سېمىز ئادەمنى ساقلىمىدى دىگەن چىقىدۇ.

## تائام ھازىر بولۇپ قالسا ۋە نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا قانداق قىلىشى توغرىسىدا

403ـ ئەنەس ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى كەچلىك تائام تەقدىم قىلىنسا (تەييار بولۇپ قالسا) ناماز شامنى ئوقۇشۇڭلارنىڭ ئالدىدا ئۇ كەچلىك تائامنى باشلاڭلار. ۋە كەچلىك تامىقىڭلاردىن ئالدىرىماڭلار .

## ئۆز ئەھلىنىڭ ھاجىتىدە بولۇپ نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا ئۇنىڭغا چىققان كىشى توغرىسىدا

404ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : پەيغەمبەر ﷺ ئۆيلەردە نېمە ئىش قىلاتتى دەپ سورالدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ئۆز ئەھلىنىڭ خىزمىتىدە بولار ئىدى. ۋاقتىكى ناماز ھازىر بولسا نامازغا چىقار ئىدى.

## جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بىرىپ ئۇلارغا پەيغەمبەر ﷺنىڭ نامىزىنى ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى تەلىم بىرىشنى ئىرادە قىلىش توغرىسىدا

405ـ مالىك بىننى ھوۋەيرىس دىن ئېيتتى: سىزلەرگە ئەلۋەتتە ناماز ئوقۇپ بىرىمەن. ۋەھالەنكى مەن نامازنى ئىرادە قىلمايمەن. رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ قانداق ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگىنىمدەك ناماز ئوقۇپ بىرىمەن.

## ئەھلى ئىلىم ۋە ئەھلى پەزلىنىڭ ئىمامەتچىلىككە ھەقلىقراق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

406ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ‹‹ئەبۇ بەكرنى ئەمر قىلىڭلار خالايىققا ناماز ئوقۇپ بەرسۇن ›› دېگەن ھەدىس يوقاردا ئوتتى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ئەبۇ بەكرى جانابلىرىنىڭ مەقامىدا تۇرسا يىغىنىڭ جەھىتىدىن خالايىققا ئاڭلىتالمايدۇ. ئۆمەرنى ئەمر قىلسىلا خالايىققا ناماز ئوقۇپ بەرسۇن. ئائىشە ئېيتتى: ھەفسەگە ئېيتتىمكى – رەسۇلۇللاھ ﷺ غا ئېيتقىن ئەبۇ بەكرى جانابلىرىنىڭ مەقامىدا تۇرسا يىغىنىڭ جەھىتىدىن خالايىققا ئاڭلىتالمايدۇ. ئۆمەرنى ئەمر قىلسىلا خالايىققا ناماز ئوقۇپ بەرسۇن. ھەفسە شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: توختا! سىز ئايال يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرىدۇرسىزلەر. ئەبۇ بەكرنى ئەمر قىلىڭلار خالايىققا ناماز ئوقۇپ بەرسۇن. ئاندىن ھەفسە ئائىشەگە ئېيتتى: سىزدىن ياخشىلىققا يېتەلىغان بولمىدىم (يەنى سىزدىن ياخشىلىق كۆرمىدىم).

407ـ ئەنەس ﷺ دىن ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋاپات تاپقان كېسەللىكىدە جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىپ تۇردى، ھەتتا دۈشەنبە كۈنى بولۇپ ئىدى، ئۇ سەپلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى.، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇجرىسىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. بىزلەرگە ئۆرە تۇرۇپ قارايدۇ. گوياكى ئۇنىڭ يۈزلىرى مۇسھەف (قۇرئاننىڭ) نىڭ ۋاراقلىرىغا ئوخشاشىدۇر.ئاندىن بوش كۈلدى. بىز پەيغەمبەر ﷺنى كۆرگەنلىگىمىزدىن پىتنە قىلىنغىلى تاس قالدۇق. (نامازدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدۇق) چىقىشنى ئىرادە قىلدۇق. ئاندىن ئەبۇ بەكرى سەپكە قايتىش ئۈچۈن ئارقىچە ياندى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ نامازغا چىقىدۇ دەپ گۇمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نامىزىڭلارنى تامام قىلىڭلار دەپ ئىشارەت قىلدى. ۋە پەردىنى تاشلىدى. شۇ كۈنى ۋاپات قىلىندى.

## بىر كىشىنىڭ خالايىققا ئىمام بولۇشقا كىرگەنلىكى ۋە ئاۋۋالقى ئىمامنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدا

408ـ سەھل بىننى سەئىد ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنى ئەمرى بىننى ئەۋف قەبىلىسىگە ئۇلارنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن كەتتى. ناماز ۋاقتى ھازىر بولۇپ ئىدى، مۇئەززىن ئەبۇ بەكرى قېشىغا كېلىپ خالايىققا ناماز ئوقۇپ بېرەمسەن مەن تەكبىر ئېيتاي؟ دېدى . ئەبۇ بەكرى ھەئە ئوقۇپ بېرەي دېدى . ئاندىن ئەبۇ بەكرى ناماز ئوقۇدى خەلق ئارقىدا تۇرغاندا پەيغەمبەر ﷺ كېلىپ سەپلەرنى ئارىلاپ ئالدىنقى سەپتە تۇردى. خالايىقلار قولىنى قۇلىغا ئۇردى. ۋە ئەبۇ بەكرى نامازدا باشقا تەرەپكە قارىمايتتى . خالايىق تولا چاۋاك ئۇرغاندىن كېيىن قاراپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆردى.رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا جايىڭدا جىم تۇرغىن دەپ ئىشارەت قىلدى. ئەبۇ بەكرى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇيرۇغانلىغىغا ھەمدۇ ئېيتتى.ئاندىن ئەبۇ بەكرى ئارقىسىغا يېنىپ سەپتە تۇردى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئالدىغا ئۆتۈپ ناماز ئوقۇدى . نامازدىن قايتىپ ئېيتتى: ھەي ئەبۇ بەكرى مەن سىنى جىم تۇرغىن –دەپ بۇيرۇغاندا تۇرۇشدىن نېمە مەنئى قىلدى؟ ئەبۇ بەكرى ئېيتتى : ئەبۇ قۇھافە نىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇشى لايىق ئەمەس. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: نېمە دۇر ماڭا كۆپ چاۋاك ئۇرغىنىڭلارنى كۆرۈمەن ؟ بىر كىشىنى نامىزىدا بىر نەرسە شەك قىلدۇرسا تەسبىھ ئېيتسۇن. ۋاقتىكى تەسبىھ ئېيتسا ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىنىدۇ ( قارىلىدۇ. ) ۋە چاۋاك ئۇرۇش خوتۇنلارغا خاسدۇر.

## ئىمامنى ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن ئىمام قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

409ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ كېسەللىرى ئېغىرلىشىپ ئىدى ئېيتتى : خالايىق ناماز ئوقۇدىمۇ ؟ ئېيتتۇق : ياق يا رەسۇلۇللاھ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. ئېيتتى: ماڭا تاشتەكتە سۇنى قويۇڭلار . ئېيتتى ئائىشە : شۇنداق قىلدۇق. ئۇ غۇسلى قىلىپ

قوپۇشقا شۇرۇ قىلىپ ئىدى ھوشىدىن كەتتى. ئاندىن ھوشىغا كېلىپ جامائەت ناماز ئوقۇدىمۇ ؟ دېدى . ئېيتتۇق: ياق ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرىدۇلەر يا رەسۇلۇللاھ . ئېيتتى: ماڭا تاشتەكتە سۇنى قويۇڭلار . ئائىشە ئېيتتى : شۇنداق قىلدۇق. ئۇ غۇسلى قىلدى. ئاندىن قوپۇشقا شۇرۇ قىلىپ بىھوش بولدى. ئاندىن ھوشىغا كەلدى. ئاندىن خالايىق ناماز ئوقۇدىمۇ ؟ دېدى . ئېيتتۇق : ياق ئۇلار ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرىدۇلەر يا رەسۇلۇللاھ . ۋە خالايىقلار مەسجىدتە تۇرغۇچىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ نى ئاخىرقى كەچ ناماز (خۇپتەن) گە ساقلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ بەكرىگە خالايىققا ناماز ئوقۇپ بەرسۇن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئەبۇ بەكرى قېشىغا ئەلچى كېلىپ سىلىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ خالايىققا ناماز ئوقۇپ بېرىشلىرىگە ئەمر قىلدى۔ دېدى . ئەبۇ بەكرى ئېيتتى: ۋە ئەبۇ بەكرنىڭ دىلى يۇمشاق كىشى ئىدى. ھەي ئۆمەر سەن خالايىققا ناماز ئوقۇپ بەرگىن .ئۆمەر ئېيتتى : بۇنىڭغا سەن ھەقلىقراقدۇرسەن. ئەبۇ بەكرى شۇ كۈنلەردە ناماز ئوقۇپ بەردى. ھەدىسنىڭ قالغىنى يوقارقى 399۔ ھەدىستە ئۆتتى.

## ئىمامنىڭ ئارقىسىدىكى كىشىنىڭ قاچان سەجدە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

410۔ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر ﷺ كېسەل ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا ھەدىس يۇقىرىدا 399۔ ۋە 400 – ھەدىستە ئۆتتى. ۋە بۇ رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئىمام ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا سىلەرمۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار.

411۔ بەرا بىننى ئازىب ﷺدىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ‹سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ › دېسە بىزنىڭ بىرىمىز ئۇچىسىنى ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ سەجدىگە چۈشكىچىلىك ئەگمەيتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن سەجدە قىلغان ھالدا چۈشەر ئىدۇق. (سەجدىگە)

## ئىمامدىن ئىلگىرى باشنى كۆتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

412۔ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئايا سىلەرنىڭ بىرىڭلار ۋاقتىكى ئىمامدىن ئىلگىرى بېشىنى كۆتۈرسە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىدەك قىلىپ قويۇشتىن ياكى ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىدەك قىلىپ قويۇشتىن قورقمامدۇ؟

## قۇلنىڭ ۋە ئازادگەردنىڭ (ئازاد قىلىنغان قۇل) ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇلنىڭ ئىمام بولۇشى توغرىسىدا

413۔ ئەنەس ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : ئەگەر سىلەرگە بېشى قارا ئۈزۈمدەك قارا تەنلىك قول باشلىق قىلىنسىمۇ ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.

## نامازنى ئىمام تامام قىلمىسا ۋە ئۇ نامازنى ئارقىسىدىكى كىشى تامام قىلسا قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

414ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئىمام سىزلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار توغرا راست قىلسا سىزلەرگە ۋە ئۇلارغا ساۋاب بېرىلىدۇ . ۋە ئەگەر خاتا قىلسا سىلەرگە ساۋاب بېرىلىدۇ ۋە ئۇلارغا گۇناھ بولىدۇ.

## بىر ئادەمنىڭ ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە باراۋەر تۇرۇشى توغرىسىدا

415ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۆزىنىڭ ئانا بىر تۇغقىنى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە قونغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئېيتتى: ئاندىن ئۇخلىدى. ھەتتا پۇيلىدى. ۋە ئۇخلىسا پۇيلەيتى( خورەك تاتار ئىدى) ئاندىن مۇئەززىن كەلدى. ۋە مەسجىدكە چىقىپ ناماز ئوقۇدى تاھارەت ئالمىدى.

## ئىمامنىڭ نامازنى ئۇزۇن ئوقۇغانلىقى ۋە بىر كىشىنىڭ ھاجىتى بولۇپ مەسجىدتىن چىقىپ يالغۇز ناماز ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا

416ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : مۇئاز بىننى جەبەل پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ناماز ئوقۇپ قايتىپ ئاندىن جامائىتىگە ناماز ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ خۇپتەن نامىزىدا سۈرە بەقەرەنى قىرائەت قىلدى. بىر ئادەم قايتىپ كەتتى. گوياكى مۇئاز ئۇ ئادەمنى ئەيىب قىلدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ﷺ گە يەتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: پىتنە قىلغۇچىدۇر، قاچۇرۋاتقۇچىدۇر، قاچۇرۋاتقۇچىدۇر. ئۈچ قېتىم دېدى . ۋە ئۇنى ئەۋساتى مۇپەسسەل (قۇرئاننىڭ ئاخىرقى سۈرىلىرى . سۈرە ئەئلا غا ئوخشاش) سۈرىلەردىن ئىككى سۈرە ئوقۇشقا ئەمر قىلدى.

## ئىمامنىڭ قىيام ۋە رۇكۇ ۋە سەجدىنى تامام قىلىشتا يەڭگىل قىلىش توغرىسىدا

417ـ ئەبۇ مەسئۇد ﷺ دىن : بىر ئادەم ئېيتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەم يا رەسۇلۇللاھ مەن پالانى كىشى بىزلەرگە نامازنى ئۇزۇن قىلغان جەھەتىدىن بامدات نامازدىن تەخىر قىلىمەن( جامائەتكە بارمايمەن) . ۋە مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇ كۈندىكىدەك قاتتىق غەزەپ بىلەن پەندە – نەسىھەت قىلغانلىقنى كۆرمىدىم. ئاندىن ئېيتتى: ئىچىڭلاردا جامائەتنى قاچۇرۋاتقۇچى باردۇر. قايسىڭلار خالايىققا ناماز ئوقۇسا يەڭگىل ئوقۇسۇن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىز ۋە ياشانغان ۋە ھاجەتمەن كىشىلەر باردۇر.

418ـ جابىر ﷺ دىن : مۇئازنىڭ ھەدىسى . ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا – سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الأَعْلَى . وَالشَّمْسِ وَضُحَاهَا . وَاللَّيْلِ إِذَا يَغْشَى بىلەن ناماز ئوقۇمىدىڭمۇ؟

## نامازنى قىسقا ۋە تولۇق كامىل ئوقۇش توغرىسىدا

419ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نامازنى يەڭگىل ۋە تولۇق كامىل ئوقۇر ئىدى.

## كىچىك بالا يىغلىغاندا نامازنى يەڭگىل ئوقۇغان كىشى توغرىسىدا

420ـ ئەبى قەتادە ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئەلۋەتتە مەن نامازنى ئۇزۇن ئوقۇش ئۈچۈن نامازدا تۇرىمەن. كىچىك بالىنىڭ يىغلىغىنىنى ئاڭلاپ ، ئانىسىغا مۇشەققەت سېلىپ قويماسلىقىم ئۈچۈن نامىزىمدا يەڭگىل قىلىمەن.

## تەكبىر ئېيتقاندا سەپلەرنى رۇس قىلىش توغرىسىدا

421ـ نۇئمان بىننى بەشىر ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلۋەتتە سەپلىرىڭلانى رۇس قىلىڭلار . ئاللاھ تائالا يۈزلىرىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى مۇخالىپ قىلغۇچىلىك. ( يەنى سەپلىرىڭلارنى تۈزۈمىسەڭلار ئاللاھ تائالا يۈزۈڭلارنى قارىمۇ – قارشى قىلىپ دۈشمەنلەشتۈرىدۇ. ياكى يۈزۈڭلارنى ئارقاڭلارغا قىلىپ قويىدۇ. ياكى سۈرىتىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ . شۇنىڭغىچىلىك سەپنى تۈزەڭلار)

## سەپلەرنى رۇس قىلغان ۋاقتىدا ئىمامنىڭ خەلقكە ئالدىنى قىلىشى توغرىسىدا

422ـ ئەنەس ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: سەپلىرىڭلارنى تۇرغۇزۇڭلار. تۈز- چىپ ، رۇس تۇرۇڭلار. مەن سىلەرنى ئارقامدىن كۆرۈمەن . يۈزى بىلەن قاراپ تۇرۇپ ئېيتتى .

## ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا تام ياكى سۈترە (پەردە) بولسا (قانداق ) قىلىش توغرىسىدا

423ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ كېچىسى ھۇجرىسىدە ناماز ئوقۇيتتى . ۋە ھۇجرىسىنىڭ تېمى پاكار ئىدى . بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺنى كۆردىلەر ۋە ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىنى ئوقۇشقا تۇردىلەر. تاڭ ئاتقاندا ئۇلار بۇ ئىشنى سۆزلىدىلەر. ئاندىن ئىككىنچى كېچىسى پەيغەمبەر ﷺ نامازغا تۇردى ۋە خالايىقلارمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ نامىزىنى ئوقۇشقا تۇردىلەر. بۇ نامازنى ئىككى ياكى ئۈچ كېچە قىلدىلەر. ھەتتا بۇنىڭدىن

كېيىن ئۆيدە ئولتۇردى ، چىقمىدى. تاڭ ئاتقاندا خالايىقلار بۇنى زىكرى قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: سىلەرگە كېچە نامىزى پەرز بولۇپ قېلىشتىن قورقتۇم.

## كېچىنىڭ نامىزى توغرىسىدا

424- ۋە بۇ ھەدىستە زەيد بىننى سابىت ﷺ رىۋايىتىدىن زىيادىلىك بار . ئۇ ئېيتتى: ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆردۈم. ھەي خالايىق ئۆيۈڭلاردا ناماز ئوقۇڭلار. نامازنىڭ ئەۋزەلى ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىدۇر. پەرز نامازدىن باشقا.

## نامازنى باشلاش بىلەن بىللە تەكبىر ئۇلادا ئىككى قولنى باراۋەر كۆتۈرۈش توغرىسىدا

425- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازنى باشلىغاندا ئىككى قولنى ئىككى مۈرىسى باراۋىرىدە كۆتۈرەتتى . ۋاقتىكى رۇكۇغا تەكبىر ئېيتسا ۋاقتىكى بېشنى كۆتۈرسە ئىككى قولنى ھەم شۇنداق كۆتۈرەتتى . ۋە سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ دەيتتى. ۋە بۇنى سەجدىدە قىلمايتى.

## ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش توغرىسىدا

426- سەھل بىننى سەئد ﷺ دىن ئېيتتى: نامازدا ئەر كىشى ئوڭ قولىنى سول بىلەكىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بۇيرىلاتتى.

## تەكبىردىن كېيىن ئېيتىدىغان نەرسە توغرىسىدا

427- ئەنەس ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ﷺلەر نامازنى ‹‹ الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ›› بىلەن باشلايتتى .

428- ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ تەكبىر بىلەن قىرائەت ئوتتۇرىسىدا ئازراق سۈكۈت قىلاتتى. ئېيتتىم ئاتا- ئانام پىدا بولسۇن ئۆزلىرىگە يا رەسۇلۇللاھ تەكبىر بىلەن قىرائەت ئارىلىقىدا سۈكۈت قىلىشلىرىدا نىمىنى ئېيتىدىلا؟ ‹‹اللّٰهُمَّ بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ اللّٰهُمَّ نَقِّنِي مِنَ الْخَطَايَا كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الْأَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ اللّٰهُمَّ اغْسِلْ خَطَايَايَ بِالْمَاءِ وَالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ›› دەيمەن

429ـ ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : كۈن تۇتۇلۇش ھەققىدىكى ھەدىس ئۆتتى.

430ـ ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ماڭا جەننەت يېقىن بولدى ھەتتا ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلسام سىلەرگە ئۇ جەننەتنىڭ مېۋە ساپلىرىدىن بىر ساپ كەلتۈرەتتىم ۋە ماڭا دوزاخ يېقىن بولدى. ھەتتا ئېيتتىم: ھەي رەببىم ئايا مەن ئۇلار بىلەن بىللىمۇ؟ بىناگاھ بىر خوتۇن ( راۋىنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى گۇمان قىلدىم) نى مۈشۈك تاتىلاپ جاراھەت قىلدۇ. ئېيتتىم : بۇ خوتۇننىڭ ھالى نېمىدۇر ؟ ئېيتتىلەر: ئۇ خوتۇن ئۇ مۈشۈكنى سولاپ قويدى. ھەتتا ئاچلىقتىن ئۆلدى ئۇنىڭغا تائام بەرمىدى. ياكى ئۇنىڭ زېمىننىڭ قۇرت – قوڭغۇزلىرىدىن يېگىلى قويۇپ بەرمىدى.

## نامازدا كۆزنى ئىمامغا كۆتۈرۈش توغرىسىدا

431ـ خەبباب رضي الله عنه دىن : ئۇنىڭغا دېيىلدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىدا قىرائەت قىلامتى؟ ئېيتتى: ھەئە قىلاتتى. قىرائەت قىلغاننى نېمە بىلەن تونۇيتتىڭلەر؟ ئېيتتى ساقالىنىڭ مىدىرلىشى بىلەن.

## نامازدا كۆزنى ئاسمانغا كۆتۈرۈش توغرىسىدا

432ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : نامازدا كۆزلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرگەن قەۋمنىڭ خىيالى نېمىدۇر ؟ بۇ ھەقتە سۆزلىرى ناھايىتى قاتتىق بولدى. ھەتتا ئېيتتى: ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئاسمانغا تارتىلىپ كەتكىچىلىك كۆزلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈشتىن يانسۇن. (تارتىپ كەتىلسە قايتۇرۇلمايدۇ)

## نامازدا لېپىدە قاراش توغرىسىدا

433ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن نامازدا ئىلتىپات قىلىشتىن سورىدىم. ئېيتتى: ئىلتىپات دېگەن شەيتاننىڭ بەندىنىڭ نامىزىدىن تۇيۇقسىز تارتىپ كېتىدىغان بىر خىل تارتىپ كېتىشدۇر.

## ھەممە نامازلەردا ئىمامغا ۋە جامائەتكە قىرائەتنىڭ ۋاجىب بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

434ـ جابىر بىنى سەمۇرەتە رضي الله عنه دىن ئېيتتى: كۇفە خەلقى سەئىد بىنى ۋەققاسنى ئۆمەر رضي الله عنه غا شىكايەت قىلدى. ئۆمەر رضي الله عنه سەئىدنى ۋالىيلىقىدىن ئېلىۋەتتى . ئورنىغا ئۇلارغا ئەممارنى ئامىل (ۋالىي ) قىلدى. ئۇلار سەئىد شۇنداق دەپ شىكايەت قىلدى.ھەتتا زىكرى قىلدىلەركى سەئىد نامازنى ياخشى ئوقۇپ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ چاقىرتىپ ئېيتتى: ھەي ئەبۇ ئىسھاق (سەئىد) ئۇلار سېنى گۇمان قىلدىلەركى سەن نامازنى ياخشى ئوقۇپ

بەرمەيدىكەنسەن. سەئىد بىننى ۋەققاس ئېيتتى: ئەمما مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى جەزمەن ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نامىزىدىن كېمەيتمەي ئوقۇپ بەردىم. خۇپتەن نامىزىنى ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتنى ئۇزۇن ۋە ئاخىرقى ئىككى رەكئەتنى يەڭگىل ئوقۇپ بىرىمەن. ئۆمەر ئېيتتى: بىزنىڭ گۇمانىمىز مۇشۇنداق يا ئابا ئىسھاق. سەئىد بىلەن بىر نەچچە كىشىنى قوشۇپ كۇفەگە ئەۋەتتى. ئۇ سەئىدنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق ئۇلاردىن سورىدى. ۋە بىرمۇ مەسجىد قالدۇرماي ھەممە مەسجىد جامائەتتىدىن سورىدى. كۇفەلىقلار سەئىدنى ماختىدى. ۋە سانا ئېيتتى. ھەتتا بەنى ئەبسە مەسجىدىگە كىردى. ئۇلاردىن ئۇسامە بىننى قەتادە ئىسىملىك بىر ئادەم قوپۇپ ئېيتتى: ( ئەبا سەئدە لەقەبلىك) ئەمما بىزدىن سورىساڭ سەئىد قوشۇن بىلەن بىللە چىقمايدۇ) ۋە توغرا تەقسىمات قىلمايدۇ. ۋە ئادىل ھۆكۈم قىلمايدۇ. ئېيتتى: سەئىد ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئاگاھ بول ئۈچ تۈرلى دۇئا بىلەن دۇئا قىلىمەن . ھەي ئاللاھ مۇشۇ بەندەڭ يالغانچى بولۇپ رىيا قىلىپ خەلق كۆرسۇن ۋە ئاڭلىسۇن دەپ قوپۇپ دېگەن بولسا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىل. ۋە ئۇنىڭ پېقىرلىغىنى ئۇزۇن قىلغىل. ۋە پىتنىلەرگە توغرا قىلغىل. ۋە ئۇ ئادەم بۇنىڭدىن كېيىن سورالسا ئېيتتدۇ.: بەك قېرى پىتنىلەرگە گىرىپتار بولغان، سەئىد ئىبنى ۋەققاسنىڭ دۇئاسى يەتكەن ئادەممەن. راۋى جابىردىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتتى: مەن ئۇ ئادەمنى كېيىن كۆردۈم بەك قېرىلىقتىن ئىككى قېشى ئىككى كۆزىگە چۈشۈپتۇ. ۋەھالەنكى ئۇ تېخى يولدا قىزلارغا توغرا بولۇپ ئۇلارنى چىمداپ يۈرۈيدۇ .

435ـ ئۇبادەتە بىننى سامىت ﵁ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: پاتىھەتىل كىتابنى (سۈرە پاتىھەنى) ئوقۇمىغان ئادەمگە ناماز يوق.

436ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مەسجىدگە كىردى ۋە بىر ئادەم كىرىپ ناماز ئوقۇدى . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە سالام قىلدى. سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپ ئېيتتى: قايتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇغىن . سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ. ھېلىقى ئادەم قايتىپ بېرىپ ئىلگىرى ئوقۇغاندەكلا ناماز ئوقۇدى . ئاندىن كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە سالام قىلدى. ئېيتتى: قايتىپ ناماز ئوقۇغىن . سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ. ئۈچ مەررە شۇنداق دېدى . ئاندىن ئۇ ئادەم ئېيتتى: ئۆزلىرىنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇنىڭدىن باشقىنى چىرايلىق ئوقۇيالمايمەن. شۇڭا ماڭا ئۆگەتسىلە. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى نامازغا تۇرساڭ، تەكبىر ئېيتقىن . ئاندىن ساڭا قۇرئاندىن ئاسان بولغان نەرسىنى ئوقۇغىن. ئاندىن رۇكۇ قىلغىن ھەتتاكى رۇكۇدا ئارام ئالغايسەن . ئاندىن بېشىڭنى كۆتەرگىل ھەتتاكى ئۆرە ھالىتىڭدە رۇس تۇرغايسەن. ئاندىن سەجدە قىلغىن ھەتتاكى سەجدە قىلغان ھالىتىڭدە ئارام ئالغايسەن. ئاندىن بېشىڭنى كۆتەرگىل ھەتتا ئولتۇرغان ھالىتىڭدە ئارام ئالغايسەن. ۋە مۇشۇنى ھەممە نامىزىڭدا قىلغىن.

## پېشىن نامىزىدا قىرائەت قىلىش توغرىسىدا

437ـ ئەبى قەتادە ﵁ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ پېشىن نامىزىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەنى ۋە ئىككى سۈرىنى قىرائەت قىلاتتى. ئاۋۋالقى رەكئەتتە ئۇزۇن ۋە ئىككىنچى

رەكئەتتە قىسقا قىلاتتى. ۋە بەزى ۋاقىتتا ئايەتنى ئاڭلىتار ئىدى. ۋە ئەسىر نامىزىدا سۈرە فاتىھە ۋە ئىككى سۈرىنى قىرائەت قىلاتتى. ئاۋۋالقى رەكئەتتە ئۇزۇن ۋە ئىككىنچى رەكئەتتە قىسقا قىلاتتى. ۋە بامدات نامىزىدا ئاۋۋالقى رەكئەتتە ئۇزۇن ۋە ئىككىنچى رەكئەتتە قىسقا قىلاتتى.

## ناماز شامدا قىرائەت قىلىش توغرىسىدا

438- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئانىسى ئۇممۇ فەزلى ئۇنىڭ ‹‹ وَالْمُرْسَلَاتِ عُرْفًا ›› نى قىرائەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئېيتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئى ئوغلۇم مۇش ئايەتنى قىرائەت قىلىشىڭ بىلەن مىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئۇ ئايەتنى ناماز شامدا قىرائەت قىلغانلىقىنى ياد قىلدۇردۇڭ. ئۇ ئايەت پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىغان ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر.

439-زەيد بىننى سابىت ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ناماز شامدا ئىككى ئۇزۇن سۈرىنىڭ ئۇزۇنراغىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم. (يەنى ئىككى ئۇزۇن سۈرىنىڭ ئۇزۇنراغى – سۈرە ئەئراف ۋە مائىدە ياكى ئەئراف ۋە ئەنئام)

## ناماز شامدا جەھرى قىلىش توغرىسىدا

440- جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز شامدا ‹‹وَالطُّورِ ›› نى قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

## ناماز خۇپتەندە سەجدە بار سۈرىنى قىرائەت قىلىش توغرىسىدا

441- ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: مەن ئەبۇلقاسىم ﷺنىڭ ئارقىسىدا خۇپتەننى ئوقۇدۇم . ئۇ نامازدا ‹‹ إِذَا السَّمَاءُ انشَقَّتْ›› نى قىرائەت قىلدى . ئاندىن سەجدە قىلدى. شۇڭا مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىدارىغا يۇلۇققىچە ھەمىشە ئۇ سۈرە سەجدىسىنى قىلىمەن.

## ناماز خۇپتەندە قىرائەت قىلىش توغرىسىدا

442- بەرا ﷺ رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپەردە ئىدى. خۇپتەننىڭ ئىككى رەكئىتىنىڭ بىرىدە ‹‹ وَالتِّينِ وَالزَّيْتُونِ›› نى قىرائەت قىلدى. ۋە بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ دىن ئاۋازى يا قىرائىتى چىرايلىقراق ھېچكىمنى ئىشىتمىدىم( ئاڭلىمىدىم)

## بامدات نامىزىدا قىرائەت قىلىش توغرىسىدا

443ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى: ھەممە نامازدا قىرائەت قىلىنىدۇ . ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە جەھرە ئوقۇغان نامازنى سىزلەرگە جەھرە ئوقۇدۇق[16] . ۋە بىزلەرگە مەخپى ئوقۇغان نامازنى سىزلەرگە مەخپى ئوقۇدۇق. ۋە ئەگەر فاتىھەگە زىيادە قىلمىساڭ نامىزىڭ كۇپايە قىلىدۇ. ۋە ئەگەر زىيادە قىلساڭ ئۇ زىيادە قىلغىنىڭ ياخشىدۇر.

## بامدات نامىزىنىڭ قىرائىتىنى جەھرە قىلىش توغرىسىدا

444ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئەسھابلىرىدىن بىر تائىپە كىشىلەر بىلەن ئۇككازە بازىرىنى ئىرادە قىلىپ يۈرۈپ كەتتى. ھالبۇكى ئاسمان خەۋىرى بىلەن شەيتانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى توسۇلغان ئىدى. ۋە ئۇلارغا بىر پارچە ئوت يالقۇنى ئىبرىلگەن ئىدى. ۋە شەيتانلار ئۆز قەۋمىگە قايتتى. قەۋملىرى شەيتانلارغا سىلەرگە نىمە بولدى؟ دىيدى . شەيتانلار بىز بىلەن ئاسمان خەۋىرى توسۇلدى. ۋە بىزلەرگە ئوت ئىبرىلدى۔دىيدى . ئۇلار يەنى قەۋملىرى ئىيتتىلەر: سىلەر بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئوتتۇرىسى تۇسۇلمىدى. لېكىن بىر ھادىسە بولۇپتۇ.[17] شۇڭا زېمىننىڭ مەشرىق ۋە مەغرىبلىرىگە يۈرۈڭلار ۋە سىلەر بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئوتتۇرىسىدا نىمە توسالغۇ بولغانىغا قاراڭلار. تىھامە تەرەپكە يۈزلەنگەنلەر پەيغەمبەر ھۇزۇرىغا قايتتىلەر. ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئۇككازە بازىرىنى قەست قىلغان ھالىتىدە نەخلە دىگەن يەردە ئىدى. ۋە ئەسھابلىرى بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار يەنى جىنلار قۇرئانى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قۇلاق سالدىلەر. ئاندىن ئىيتتىلەر: ئاللاھقا قەسەمكى سىلەر بىلەن ئاسمان خەۋىرى ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولغان نەرسە مۇشۇدۇر. ئاندىن ئۆز قەۋمىگە قايتقان ۋاقتىدا ئىيتتىلەر: ‹‹ إِنَّا سَمِعْنَا قُرْآنًا عَجَبًا * يَهْدِي إِلَى الرُّشْدِ فَآمَنَّا بِهِ وَلَن نُّشْرِكَ بِرَبِّنَا أَحَدًا ›› ﴿سۈرە جىن 1ـ 6 ئايەتكىچە﴾ ئاندىن ئاللاھ تائالا‹‹ قُلْ أُوحِيَ إِلَيَّ ›› ئايىتىنى نازىل قىلدى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ غە جىنلارنىڭ سۆزىنى ۋەھى قىلىندى. ئايەتنىڭ تەرجىمىسى‹‹ بىز ئاجايىپ بىر توغرا يولغا باشلايدىغان قۇرئانى ئاڭلىدۇق. ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۇق. ۋە ھەرگىز پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شىرىك قىلمايمىز.

445ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەمرى قىلىنغان نەرسىدە قىرائەت قىلدى. ۋە ئەمرى قىلىنغان نەرسىدە سۈكۈت قىلدى. ۋە پەرۋەردىگارىڭ ئۇنتۇلغۇچى بولمىدى . ۋە ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ دە سىلەرگە ياخشى باشلامچىلىق بار.

---

16 ئەسلى نۇسخىدە رەسۇلۇللاھ ئاڭلاتقانىنى ئاڭلاتتۇق. ۋە مەخپى قىلغانىنى مەخپى قىلدۇق ئىكەن، ئەمما بۇ يەردە مەزمۇنى تەرجىمە قىلىندى.

17 شۇنىڭ ئۈچۈن تۇسۇلۇپ قالدى

## بىر رەكەتتە ئىككى سۈرىنى جەمئىي قىلىش ۋە سۈرىنىڭ ئاخىرىنى قىرائەت قىلىش ۋە بىر سۈرىنى يەنە بىر سۈرىنىڭ ئالدىدا قىرائەت قىلىش ۋە سۈرىنىڭ ئەۋۋەلىنى قىرائەت قىلىش توغرىسىدا

446ـ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن : ئۇنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ ئېيتتى: مەن بۈگۈن كېچە بىر رەكەتتە مۇفەسسەلنى قىرائەت قىلدىم. ئىبنى مەسئۇد ئېيتتى: شېئىر ئوقۇغاندەك ئېتىتىك ئوقۇدۇڭمۇ ؟ پەيغەمبەر ﷺ ئوتتۇرالىرىنى بىر بىرىگە يېقىن قىلغان ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان سۈرىلەرنى تونۇدۇم دەپ مۇفەسسەلدىن يىگىرمە سۈرىنى زىكىر قىلدى. ھەر بىر رەكەتتە ئىككى سۈرىنى زىكرى قىلدى.

## ئاخىرقى ئىككى رەكەتتە سۈرە پاتىھەنى قىرائەت قىلىش توغرىسىدا

447ـ ئەبى قەتادە دىن ئاتىسىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ پېشىنىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكىتىدە سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلاتتى. ۋە بىزلەرگە ئاڭلىتاتتى. ئىككىنچى رەكىتىدە ئۇزۇن قىلمايدىغان قىرائەتنى بىرىنچى رەكىتىدە ئۇزۇن قىلاتتى. ۋە ئەسىردىمۇ ۋە بامداتتىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

448ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن: پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى ئىمام ئامىن دېسە سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئامىن دېگىنى پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دېگىنىگە مۇۋاپىق كەلسە ئۇنىڭ گۇناھلىرىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

## ئامىن دىمەكنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

449ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى بىرىڭلار ئامىن دېسە ۋە ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ ئامىن دېسە ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە مۇۋاپىق كەلسە ئۇ كىشىنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

## سەپتە تۇرمايلا رۇكۇ قىلىش توغرىسىدا

450ـ ئەبى بەكرەتە ﷺ دىن : ئۇ زات پەيغەمبەر ﷺ گە رۇكۇ قىلىۋاتقان ھالىتىدە بېرىپ سەپكە يېتىپ بارمايلا رۇكۇ قىلدى. ئاندىن بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ﷺ گە زىكرى قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئاللاھ تائالا ساڭا نامازغا ئامراقلىقىڭنى زىيادە قىلسۇن بۇنى قايتا قىلمىغىن .

## رۇكۇدا تەكبىرنى تامام قىلىش توغرىسىدا

451ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين ﷺ دىن : ئۇ زات ئەلى ﷺ بىلەن بەسرەدە ناماز ئوقۇدى . ئاندىن ئېيتتى: بۇ ئادەم بىزنىڭ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئوقۇغان نامىزىمىزنى يادىمىزغا كەلتۈردى.

ئاندىن زىكرى قىلدىكى ئەلى ﷺ ھەر ۋاقىتكى بېشىنى كۆتۈرسە تەكبىر ئېيتىدۇ. ۋە بېشىنى قويسا تەكبىر ئېيتىدۇ.

## سەجدىدىن قوپقاندا تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا

452ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتىتى: پەيغەمبەر ﷺ نامازغا تۇرسا قوپقاندا تەكبىر ئېيتار ئىدى. ئاندىن رۇكۇ قىلغاندا تەكبىر ئېيتىدۇ. ئاندىن رۇكۇدىن ئۇچىسىنى كۆتۈرگەندە سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ دەيدۇ. ئاندىن ئۆرە تۇرغان ھالدا رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ دەيدۇ.

## رۇكۇدا ئالىقانلارنى تىزغا قويۇش توغرىسىدا

453ـ سەئىد بنى ئەبى ۋەققاس ﷺ دىن : ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئوغلى مۇسئەب ناماز ئوقۇدى . مۇسئەب ئېيتتى: مەن ئىككى ئالقىنىمنىڭ ئارىلىقنى يىغىپ ئىككى ئالقىنىمنى ئىككى يوتام ئارىسىغا قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن مېنى ئاتام نەھى قىلىپ ئېيتتى: بىز شۇنداق قىلغان ئىدۇق ئۇ ئىشىدىن نەھى قىلىندۇق. ۋە قوللىرىمىزنى تىزلىرىمىزغا قويۇشقا ئەمر قىلىندۇق.

## رۇكۇدا ئۇچىسىنى رۇس تۈز قىلىش ۋە رۇكۇدا ئارام ئېلىش توغرىسىدا

454ـ بەرا ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رۇكۇلىرى ۋە سەجدىلىرى ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشلىرى ۋە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەن ۋاقىتى قىيام ۋە قەئدە (ئولتۇرۇش) دىن باشقىسىدا باباراۋەر ئىدى.

## رۇكۇدا دۇئا قىلىش توغرىسىدا

455ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ رۇكۇلىرىدا ۋە سەجدىلىرىدە ‹‹سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِي›› دەيتتى .

456ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە : پەيغەمبەر ﷺ قۇرئاننى تەۋىل قىلدۇ.( يەنى نَسَبِّحُ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ نى تەۋىل قىلىپ ئىستىغفار ئېيتار ئىدى)

## اَللّٰهُمَّ رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ نىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

457ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ۋاقتىكى ئىمام سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ دېسە رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ دەڭلار. ئۇنداق دېگۈچىنىڭ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق كەلسە ئۇ كىشىگە گۇناھلىرىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

458ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نامىزىغا يېقىن ناماز ئوقۇپ بىرىمەن. ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ پېشىن نامىزىنىڭ ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋە بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرقى رەكئەتىدە سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ دېگەندىن كېيىن قۇنۇت ئوقۇيتتى . مۆمىنلەرگە دۇئا قىلاتتى. ۋە كاپىرلارغا لەنەت ئوقۇيتتى .

459ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: شام نامىزىدا ۋە بامدات نامىزىدا قۇنۇت ئوقۇش بار ئىدى.

460ـ رىفائە ئىبنى رافىئ ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ دەپ ئىدى. بىر كىشى رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ دېدى . نامازدىن قايتىپ ئېيتتى: گەپ قىلغان كىمدۇر؟ ئۇ كىشى – مەن – دېدى . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئوتتۇز نەچچە پەرىشتىنى كۆردۈمكى بۇ كەلىمىنىڭ ساۋابىنى قايسىلىرى ئەۋۋەل يازىدىغانلىقىغا ئالدىرىشۋاتىدۇ.

## باشنى رۇكۇدىن كۆتۈرگەندە ئارام ئېلىش توغرىسىدا

461ـ ئەنەس ﷺ دىن : ئۇ بىزلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نامىزىنىڭ سۈپىتىنى دەپ بېرەتتى. ۋاقتىكى بېشىنى رۇكۇدىن كۆتۈرسە ئورە تۇراتتى ھەتتا ئۇنتۇپ قالدى دەيتۇق.

## تەكبىر بىلەن سەجدىگە چۈشۈش توغرىسىدا

462ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ بېشىنى كۆتۈرگەندە سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ دەيتتى بىر مۇنچە كىشىلەرگە دۇئا قىلاتتى. ئۇلارنى ئۆز ئىسىملىرى بىلەن ئاتايتتى . ۋە ئېيتار ئىدى. ھەي ئاللاھ ۋەلىد ئىبنى ۋەلىدنى ۋە سەلەمەتە ئىبنى ھىشامنى ۋە ئەيياش ئىبنى ئەبى رەبىئەنى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاجىزلىرىنى قۇتقۇزغىن ! ھەي ئاللاھ مۇزەر قەبىلىسىنى قاتتىق تۇتقىن ! ۋە قاتتىق تۇتۇشۇڭنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتتە يىل قەھەتچىلىگىدەك قەھەتچىلىك قىلغىل. شەرق ئەھلى مۇزەر قەبىلىسىدىن شۇ كۈندە خىلاپلىق قىلغۇچى ئىدى.

# سەجدىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

463ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن : خالايىق ئېيتتىلەر: يا رەسۇلۇللاھ ئايا بىز قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرەرمىزمۇ؟ ئېيتتى: ئايا بۇلۇتسىز ئايدىڭ تولۇن كېچىدە ئاينى كۆرۈشتە شەك قىلامسىزلەر؟ ئېيتتىلەر : ياق يا رەسۇلۇللاھ . ئېيتتى : ئايا بۇلۇتسىز كۈندە ئاپتاپنى كۆرۈشتە شەك قىلامسىزلەر؟ ئېيتتىلەر: ياق يا رەسۇلۇللاھ ئېيتتى. سىزلەر ئۇ ئاللاھ تائالانى ئاشۇنداق كۆرۈسىزلەر . قىيامەت كۈنى خالايىقنى بىر يەرگە جەمئىي قىلىنىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ[18] : بىر كىشى بىر نەرسىگە ئىبادەت قىلغان بولسا شۇنىڭغا تابى بولسۇن (ئەگەشسۇن) ئۇلاردىن قۇياشقا تابى بولىدىغان كىشىلەر بار. ۋە ئۇلارنىڭ جۇملىسىدىن ئايغا تابى بولىدىغانلار بار. ئۇلاردىن بۇتلەرغا ئەگىشىدىغانلار بار. ۋە مۇشۇ ئۈممەت باقى قالىدۇركى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈممەتنىڭ مۇناپىقلىرى ھەم بار. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا كېلىپ ئېيتىدۇ. مەن پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن. ئاندىن ئۇلار ئېيتىدۇلەر: مۇشۇ بىزنىڭ ماكانىمىزدۇر. ھەتتاكى بىزلەرگە پەرۋەردىگارىمىز كەلگەي. ۋاقتىكى پەرۋەردىگارىمىز كەلسە ئۇ زاتنى تونۇيمىز . ئاللاھ تائالا ئۇلارغا كېلىپ ئېيتىدۇ؛ مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن. ئۇلار ئېيتىدۇ: سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن. ئاندىن ئۇلارنى چاقىرىدۇ. ۋە دوزاخنىڭ چېلك ئوتتۇرىسىغا پىلسىراتنى سوزۇلۇپ قويۇلىدۇ . پەيغەمبەرلەردىن ئۈممىتى بىلەن ئۆتىدىغان كىشىنىڭ ئەۋۋىلى مەن بولىمەن. ئۇ كۈندە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ. ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇ كۈندىكى سۆزى اللهم سلم سلم دۇر يەنى ھەي ئاللاھ سالامەت قىلغىن.

ھەي ئاللاھ سالامەت قىلغىن. ئۇ دوزاختا تومۇر شاشقاقلار( تۆمۈر ئىلمەكلەر)باردۇر. سەئدان تىكىنىگە ئوخشاش . ئايا سىلەر سەئدان تىكىنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ شۇنىڭسىزكى ئۇ شاشقانىڭ چوڭلۇقىنىڭ مىقدارىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. خالايىقلارنى ئەمەللىرىنىڭ مىقدارى بىلەن ئىلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەملى بىلەن ھالاك بولىدۇ. ۋە بەزىلىرى پارچە- پارچە تىتىلىدۇر. ئاندىن نىجات تاپىدۇ. ھەتتا ۋاقتىكى ئاللاھ تائالا ئەھلى دوزاقتىن خالىغان كىشىگە رەھمە قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىدۇلەر. ۋە ئۇلارنى سەجدە قىلغاننىڭ ئەسىرىدىن تونۇيدىلەر. ئاللاھ تائالا دوزاخقا سەجدىنىڭ ئەسىرىنى (جايلىرىنى ) كۆيدۈرۈشنى ھارام قىلدى. ئاندىن دوزاختىن چىقىدۇلەر. ئادىمىزاتنىڭ سەجدە قىلغان جايلىرىدىن باشقا ھەممە بەدەنلىرىنى ئۆت يەيدۇ. ( كۆيدۈرىدۇلەر) ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى كۆيۈپ كەتكەن ھالدا دوزاختىن چىقىدۇ. ئۇلارغا ئابىھايات ( ھاياتلىق سۈيى) دىن قويۇلىدۇ . ئۇلار ئۈنۈپ چىقىدۇ. قانداقكى قىيان ئېقتىپ كەلگەن لايدا ئۇششاق گىياھ ئۈنگەندەك. ئاندىن ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولىدۇ( تاماملايدۇ) ۋە جەننەت بىلەن دوزاق ئارىسىدا بىر ئادەم قالىدۇ. ۋە ئۇ ئادەم ئەھلى دوزاخنىڭ جەننەتكە كىرىدىغان ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. يۈزى بىلەن دوزاخ تەرىپىگە قارىغان ھالدا

[18] فەتھۇلبارى سەھھۇل بۇخارى 6573ـ ھەدىستە ئۇلارنى جەمى قىلىپ ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ دىگەن ھەدىس بار

تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئېيتىدۇ: يا رەب يۈزۈمنى دوزاختىن قايتۇرغىن. ئۇنىڭ بويى(پۇرىقى) مېنى زەھەرلىدى. ئازار بەردى. ۋە ئۇ دوزاخنىڭ ھىلى (يالقۇنى) مېنى كۆيدۈردى . ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ئەگەر ساڭا ئاشۇ ئىشنى قىلىنسا يەنە باشقىسىنى سوئال قىلارسەنمىكىن؟ ئۇ ئادەم ئېيتىدۇ: ياق قەسەم ئىززىتىڭگە. ئاندىن ئۇ ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئەھدى مىساقنى بېرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن قايتۇرىدۇ. ۋاقتىكى ئۇنى جەننەتكە قارىتىپ قويسا جەننەتنىڭ چىرايلىق گۈزەللىكنى كۆرۈپ ئاللاھ تائالا سۈكۈت قىلىشنى خالىغان مۇددەت سۈكۈت قىلىدۇ. ئاندىن ئېيتىدۇ: يا رەب مېنى جەننەتنىڭ ئىشكىگە تەقدىم قىلغىن(ئالدىغا كەلتۈرگىن ) ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ئايا سەن سورىغان نەرسەڭدىن باشقا نەرسىنى سورىماسلىققا ئەھدى مىساق بەرگەن ئەمەسمىدىڭ. ئۇ ئادەم ئېيتىدۇ: يارەب خەلقىنىڭ بەختسىزراقى بولمىغايمەن. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ئەگەر ساڭا شۇنى ئاتا قىلىنسا ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورىماسلىققا يېقىن بولماسسەنمىكىن؟ ( يەنى باشقىسىنى سورارسەنمىكىن) ئۇ ئادەم ئېيتىدۇ: ياق قەسەم ئىززىتىڭگە. بۇنىڭ غەيرىنى سورىمايمەن دەپ ئاللاھ تائالاغا ۋەدە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى جەننەتنىڭ ئىشكىگە ئاپىرىپ قويىدۇ.ئاندىن ۋاقتىكى ئۇ جەننەتنىڭ ئىشكىگە يەتسە ئۇنىڭ گۈل –چېچەكلىرىنى ۋە گۈزەللىكنى كۆرۈپ ئاللاھ تائالا سۈكۈت قىلىشنى خالىغان مىقدارى سۈكۈت قىلىدۇ. ئاندىن ئېيتىدۇ: يا رەب مېنى جەننەتكە كىرگۈزگىن . ئاندىن ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئېيتىدۇ: ھەي ئادىمزات ۋاي ساڭا سېنى نېمە ۋەدىنى بۇزىدىغان قىلدى؟ ئايا ئاتا قىلىنغان نەرسەڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدى – مىساق بەرگەن ئەمەسمىدىڭ. ئۇ ئادەم ئېيتىدۇ: يا رەب مېنى خەلقىڭنىڭ بەختسىزراقى قىلمىغىن . ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن كۈلىدۇ( يەنى رازى بولىدۇ. ئاندىن جەننەتكە كىرىشكە ئىزنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ئارزۇ قىل. ئۇ ئادەم ئارزۇ قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئارزۇسى ئۈزۈلسە( تۈگىسە)ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ. مۇنداق – مۇنداق ئارزۇنى زىيادە قىل دەپ ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى ئىقبال قىلىپ ئۇنىڭ ئېسىگە سالىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئارزۇسى تۈگىسە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ. ئاشۇ ۋە ئاشۇنىڭ ئوخشىشى ساڭا بولسۇن. ۋە ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ئەبۇ ھۇرەيرەگە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئېيتتى ئاللاھ تائالا : ئاشۇ ۋە ئۇنىڭ ئون ھەسسىسى ساڭدۇر. ئېيتتى ئەبۇ ھۇرەيرە: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن يادا تۇتۇۋالمىدىم. لېكىن ساڭدۇر شۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوخشىشى. دېگەن سۆزنى تۇتۇۋالدىم. ئەبۇ سەئىد ئېيتتى: رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ ۋە شۇنىڭ ئون ئوخشىشى ( ھەسسىسى ) دېگىنىنى ئىشتتىم. ( ئاڭلىدىم)

## يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىش توغرىسىدا

464- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بىر رىۋايەتتە ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىشقا ئەمىر قىلىندىم . پېشانە بىلەن بۇرنىغا ئىشارەت قىلدى. ۋە ئىككى قول ئىككى پۇت. ۋە ئىككى قەدەمنىڭ ئۇچشاق بارماقلىرى بىلەن ۋە كىيىملەرنى ۋە چاچنى يىغىۋالماسلىققا بۇيرۇلدۇم.

## ئىككى سەجدە ئارىسىدا تۇرۇش توغرىسىدا

465ـ ئەنەس ﷺ دىن: مە پەيغەمبەر ﷺ نى كۆرگىنىمدەك ناماز ئوقۇپ بېرىشىمدىن قەتئىي قىسقا قىلمىدىم . ھەدىسنىڭ قالغىنى 461ـ ھەدىستە ئۆتتى.

## سەجدىدە ئىككى جەينەكنى يىغىۋالماسلىق توغرىسىدا

466ـ ئەنەس ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: سەجدىدە رۇس تۇرۇڭلار. سىلەرنىڭ بىرىڭلار جەينىكىنى ئىت ياپىغاندەك ياپمىسۇن.

## نامازنىڭ تاغ رەكىتىدە ئولتۇرغان ھالدا رۇس تۇرۇپ ئاندىن قوپۇش توغرىسىدا

467ـ مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس ﷺ دىن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ناماز ئوقۇغىنىنى كۆردى. ھەتتاكى ئولتۇرغان ھالدا رۇس بولغىچە نامازنىڭ تاغ رەكىتىدە قوپمايتتى.

## ئىككى سەجدىدىن قوپقاندا تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا

468ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىيى ﷺدىن : ئۇ ناماز ئوقۇدى ئاندىن بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرگەندە تەكبىرنى جەھرە ئېيتتى. ۋە سەجدە قىلغاندا ۋە سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ۋە ئىككى رەكەتتىن قوپقاندا ( تەكبىرنى جەھرە ئېيتتى) ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىنى كۆردۈم دېدى .

## تەشەھھۇددا ئولتۇرۇشنىڭ سۈننەتلىكى توغرىسىدا

469ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ نامازدا ئولتۇرسا تۆت چاسا ئولتۇراتتى. ۋە ئۇ بالىسىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى نەھى قىلدى. ۋە ئېيتتى: ئوڭ پۇتۇڭنى تىكلەپ ۋە سول پۇتۇڭنى يېنىچە قىلىپ ئولتۇرۇشۇڭ سۈننەتتۇر. ئۇنىڭ بالىسى ئېيتتى: سەن شۇنداق قىلىدىكەنسەن( تۆت چاسا ئولتۇرىدىكەنسەن) ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى : مېنىڭ ئىككى پۇتۇم مېنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

470ـ ئەبۇ ھۇمەيدى سائىدى ﷺدىن ئېيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نامىزىنى بەكراق تۇتۇۋالغۇچىمەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆردۈمكى تەكبىر ئېيتسا ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرىدۇ . ۋە رۇكۇ قىلسا ئىككى قولىنى تىزىدىن ئىمكان ( قادىر قىلىدۇ) ئاندىن ئۈچىسىنى تۈز ئېگىدۇ. بېشىنى كۆتۈرسە ھەربىر ئۇيەلىرى ئۆز ئورنىغا قايتىقچىلىك تۈپتۈز رۇس تۇرىدۇ. ۋاقتىكى سەجدە قىلسا ئىككى قولىنى ياياماي ۋە يىغىپمۇ ئالماي ئۆز ھالىدە يەرگە قويىدۇ. ئىككى پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە باقتۇرىدۇ. ۋە ئىككى رەكەتتە ئولتۇرسا سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرىدۇ ۋە ئوڭ پۇتىنى تىكلەيدۇ. ۋاقتىكى ئاخىرقى رەكەتتە ئولتۇرسا سول پۇتىنى ئىلگىرى قىلىپ ۋە ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ سوڭىغا ئولتۇرىدۇ.

## ئاۋۋالقى تەشەھھۇدنى ۋاجب دەپ قارىمىغان كىشى توغرىسىدا

471- ئابدۇللاھ ئىبنى بۇھەينە ﷺدىن- ئۇ ئەزدى شەنۇئەدىن ۋە ئۇ ئابدۇ مانافنىڭ ئىتتىپاقدىشى ۋە پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئەسھابلىرىدىن ئىدى. : پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا پېشىنىنى ئوقۇدى. ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتە قوپتى ئولتۇرمىدى. خالايىقلارمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە قوپتى. ھەتتا نامازنى ئادا قىلىپ جامائەت رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ سالام بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا ئولتۇرۇپ تەكبىر ئېيتتى ئاندىن سالام بېرىشتىن ئىلگىرى ئىككى مەررە سەجدە قىلدى. ئاندىن سالام بەردى.

## ئاخىرقى تەشەھھۇد توغرىسىدا

472- ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن ئېيتتى: بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇساق اَلسَّلاَمُ عَلَى اللهِ اَلسَّلاَمُ عَلَى جِبْرِئِيل وَمِيكَائِل اَلسَّلاَمُ عَلَى فُلاَنٍ وَفُلاَنٍ دەيتۇق. ئاندىن بىزگە ئىلتىپاق قىلىپ ئېيتتى: ئاللاھ ئۆزى سالامدۇر. شۇڭا بىرىڭلار ناماز ئوقۇسا بۇنى ئېيتسۇن ‹‹ اَلتَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِينَ ›› ۋاقتىكى ئۇ كەلىمىنى ئېيتساڭلار ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە ياخشى بەندىلىرىگە يېتىدۇ . ‹‹ اَشْهَدُ اَنْ لاَ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ››

## سالامدىن ئىلگىرى دۇئا قىلىش توغرىسىدا

473- پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازدا ‹‹ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَفِتْنَةِ الْمَمَاتِ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ ›› دەپ دۇئا قىلاتتى. ئۇنىڭغا بىر ئېيتقۇچى ئېيتتى: ‹‹مِنَ الْمَغْرَمِ ›› (قەرزدارلىقتىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن دەپ ) تولا دەيدىلا دېۋىدى پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: بىر كىشى قەرزدار بولسا يالغان گەپ قىلىدۇ ۋە ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ.

474ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق ﷛ دىن : ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتتى: ماڭا نامىزىمدا دۇئا قىلىدىغان دۇئانى ئۆگۈتۈپ قويسىلا . ئېيتتى: ‹‹ اللَّهُمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْمًا كَثِيرًا وَلَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ فَاغْفِرْ لِي مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ وَارْحَمْنِي إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ ›› دېگىن .

## تەشەھھۇددىن كېيىن دۇئادىن خالىغاننى ئىختىيار قىلىش توغرىسىدا

475ـ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھەدىسى يېقىندا ئۆتتى ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئېيتتى: وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ دىن كېيىن دۇئادىن ئۆزىگە ئاجايىبىراغىنى (ياقتۇرغاننى) تاللاپ دۇئا قىلسۇن

## سالام بېرىش توغرىسىدا

476ـ ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى: ۋاقتىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ سالام بەرسە سالامنى ئادا قىلىدىغان ۋاقتىدا خاتۇنلەر قوپۇپ كېتەر ئىدى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ قوپۇشتىن ئازراق توختاپ تۇراتتى. ( ئاياللارنىڭ چىقىۋېلىشى ئۈچۈن)

## ئىمام سالام بەرگەندە سالام بېرىش توغرىسىدا

477ـ ئىتبان ﷛دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ناماز ئوقۇدۇق. ئۇ زات سالام بەرگەندە بىزمۇ سالام بەردۇق.

## نامازدىن كېيىن زىكرى ئېيتىش توغرىسىدا

478ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: زىكرى بىلەن ئاۋازنى كۆتۈرۈش پەيغەمبەر ﷺ زامانلىرىدا خالايىق پەرز نامازدىن يانغاندا بولاتتى. ۋە ئىبنى ئاباس ئېيتتى: ۋاقتىكى زىكرىنى ئاڭلىسام ئۇلارنىڭ زىكرى بىلەن نامازدىن قايتقان ۋاقتىنى بىلەر ئىدىم.

479ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷛دىن ئېيتتى: پېقىرلەر پەيغەمبەر ﷺ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: پۇلدار بايلەر ئالى دەرىجىلەرنى ۋە مۇقىم پايدىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلار بىز ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ. ۋە بىز روزا تۇتقاندەك روزا تۇتىدۇ. ۋە ئۇلارنىڭ ئارتۇق ماللىرى بار ئۇنىڭ بىلەن ھەج قىلىدۇ ۋە ئۆمرە قىلىدۇ ۋە جىھاد قىلىدۇ ۋە سەدىقە بېرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : ئەگەر ئۇنى تۇتۇپ ئەمەل قىلساڭلار ، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەنلەرنى تېپىپ يېتىشىۋالىدىغان ۋە سىلەردىن كېيىن سىلەرنى ھېچكىم تېپىپ يېتىشالمايدىغان سىلەر خالايىقلار ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشىسى بولىدىغان نەرسە بىلەن ھەدىس قىلىپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ نەرسە ھەر نامازدىن كېيىن ئوتتۇز ئۈچتىن تەسبىھ ، ھەمدى ۋە تەكبىر ئېيتىسىزلەر. ھەر نامازنىڭ كەينىدە. راۋى ئېيتتى: ئارىمىزدا ئىختىلاپ قىلىشتۇق . بەزىلىرىمىز ئېيتتى: ئوتتۇز ئۈچ مەررە تەسبىھ ئېيتىمىز. ۋە

ئوتتۇز ئۈچ مەررە ھەمدۇ ئېيتىمىز. ۋە ئوتتۇز تۆت مەررە تەكبىر ئېيتىمىز. ئاندىن ئۇ راۋىغا قايتا دېدىم . ئۇ راۋى ئېيتتى: سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لله والله أكْبَرُ دەيسەن ئوتتۇز ئۈچ مەررە. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن.

480ـ مۇغىرەتە بىننى شۇئبە ﷺدىن: پەيغەمبەر ﷺ ھەر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا مۇنۇنى ئېيتار ئىدى«« لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ اللَّهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ»

## ئىمام سالام بەرگەندە خەلققە ئالدىنى قىلىش توغرىسىدا

481ـ سەمۇرە بىننى جۇندۇب ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇپ بولغاندا بىزلەرگە يۈزى بىلەن قارايتتى .

482ـ زەيد بىننى خالدىل جۇھەنى ﷺدىن : ئۇ ئېيتتى: بىزلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇدەيبىيە كېچىسى يامغۇردىن كېيىن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ قايتقاندا خالايىققا ئالدىنى قىلىپ ئېيتتى: پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى بىلەمسىزلەر؟ ئېيتتىلەر : ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئالىمدۇر. ئېيتتى: بەندىلىرىمدىن ماڭا كاپىر ۋە ماڭا ئىمان ئېيتقۇچى بولۇپ تاڭ ئاتتۇرغۇچىلار بار. ئەمما بىر كىشى ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە رەھمى بىلەن بىزلەرگە يامغۇر ياغدۇرۇلدى. دېسە ئۇ ماڭا ئىمان كەلتۈرگۈچى ۋە يۇلتۇزغا كاپىر بولغۇچىدۇر . ئەمما بىر كىشى بىزگە پالانى يۇلتۇز بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇلدى. دېسە ئۇ ماڭا كاپىردۇر يۇلتۇزغا ئىمان كەلتۈرگۈچىدۇر .

## جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىپ بىر ھاجەت يادىغا كېچىپ جامائەتنى ئاتلاپ چىقىپ كەتكەن كىشى توغرىسىدا

483ـ ئوقبە ﷺدىن ئېيتتى: مەدىنىدە پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئارقىسىدا ئەسىرنى ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ﷺ سالام بېرىپ ئىتتىك قوپۇپ خالايىقنى ئاتلاپ بەزى خوتۇنلارنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىتتىك قوپۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدىلەر . پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار تەرىپىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئېيتتى: مەن ئۆيدىكى خام ئالتۇننى ئېسىمگە ئالدىم ۋە ئۇ مېنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن توختىتىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۇنى تەقسىم قىلىشقا ئەمىر قىلدىم.

## ئۆك تەرپىدىن ۋە سول تەرپىدىن قايتىش توغرىسىدا

484- ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺدىن ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار نامازدىن ئوڭ تەرپىدىن قايتىش ھەق ۋاجىب دەپ ئېتىقاد قىلىپ شەيتانغا نامازدىن بىر نەرسىنى قىلمىسۇن. ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تولىمۇ سول تەرپىدىن قايتقانلىقىنى كۆردۈم.

## خام سامساق ۋە پىياز ۋە جۇسەي ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا

485- جابىر بىننى ئابدۇللاھ ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : مۇشۇ دەرەخنى يەنى سامساقنى يېگەن كىشى بىزنىڭ مەسجىدلىرىمىزگە بويىنى ياپمىسۇن(پۇراتمىسۇن) راۋى ئېيتتى:جابىرغا دېدىمكى رەسۇلۇللاھ سامساق بىلەن نىمىنى ئىرادە قىلدۇ؟ سامساقنىڭ خېمىنى دېمەكچى دەپ گۇمان قىلمەن- دىدى. ۋە دېيىلدى : ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى ئىرادە قىلدۇ.

486- جابىر ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: سامساق ۋە پىياز يېگەن كىشى بىزدىن ۋە بىزنىڭ مەسجىدىمىزدىن يىراق تۇرسۇن، ۋە ئۆيىدە ئولتۇرسۇن . ۋە پەيغەمبەر ﷺ غە پىشىل كۆكتات بار قازاننى كەلتۈرۈلۋىدى ئۇنىڭدا پۇراقنى تاپتى ۋە سورىدى. ئۇنىڭدا بار كۆكتات بىلەن خەۋەر بېرىلدى . ئاندىن ئېيتتى: ئۇنى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ بەزىسىگە يېقىن قىلىڭلار. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرۈپ ئۇنى يېيىشنى ناخۇش كۆردى. سەن يېگىن ۋە مەن سەن مۇناجات قىلمايدىغان زات بىلەن مۇناجات قىلىمەن ( پەرىشتىلەر بىلەن مەخپى سۆزلىشىمەن. )

487- بىر رىۋايىتىدە يېشىل كۆكتات بار يۇمىلاق تاۋاقنى كەلتۈرۈلدى .

## كىچىك باللارنىڭ تاھارىتى توغرىسىدا

488- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ تاشلانغان بىر قەبرىگە ئۆتتى. ئاندىن ئۇلارغا ئىمام بولدى. ۋە ئۇلار پەيغەمبەر ﷺگە سەپ بولدىلەر.[19]

489- ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ﷺدىن : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىش ھەر بىر بالاغەتكە يەتكۈچىگە ۋاجىبتۇر.

490- ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئۇنىڭغا بىر ئادەم ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقىشقا ھازىر بولدۇڭمۇ؟[20] ئېيتتى ئىبنى ئاببباس : ھەئە ھازىر بولدۇم. ئەگەر مېنىڭ رەسۇلۇللاھدىن يېقىنلىق مەرتىۋەم بولمىسا ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ھازىر بولالمايتتىم . يەنى ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىدىن . پەيغەمبەر ﷺ كەسىر بىننى سەلتە نىڭ ھويلىسىدىكى ئەلەمنىڭ قىلىشىغا كېلىپ خۇتبە ئوقۇدى. ئاندىن خاتۇنلەر سەپلىرىگە كەلدى. ۋە ئۇلارغا پەندى

---

[19] بۇ ھەدىستىن ئىبنى ئاببباسنىڭ كىچىك تۇرۇپ جامائەتكە ھازىر بولغان ۋە ئۇلار بىلەن سەپتە بولغانلىقى چىقىدۇ.

[20] بۇنىڭدا جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدىكى نۇتۇقنى ئاڭلاش ئۈچۈن چىقىشنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

نەسھەت قىلدى. ۋە ئۇلارنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇدى . خاتۇنلەر قوللىرىنى ھەلقىگە پەس قىلىپ بىلالنىڭ كىيىمىگە تاشلايدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ۋە بىلال ئۆيگە كەلدى.

## كېچە ۋە قاراڭغۇدا خوتۇنلارنىڭ مەسجىدلەرگە چىقىشى توغرىسىدا

491ـ ئىبنى ئۆمەر ﷺ دىن: پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: خۇتۇنلىرىڭلار كېچىدە مەسجىدكە چىقىشقا ئىزنى سورىسا ئۇلارغا ئىزنى بېرىڭلار .

# جۈمەنىڭ كىتابى

## جۈمەنىڭ پەزىلىكى توغرىسىدا

492ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. بىز ئاخىرقىلاردۇرمىز. قىيامەت كۈنى ئالدىنقىلاردۇرمىز. شۇنىڭسىزكى ئۇلارغا بىزدىن ئىلگىرى كىتاب كەلتۈرۈلدى . ئاندىن مۇشۇ جۈمە كۈنى ئۇلارغا ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان كۈندۇر. ئاندىن ئۇلار ئۇ كۈن ھەققىدە ئىختىلاپ قىلدىلەر. ئاندىن ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇ كۈنگە ھىدايەت قىلدى. شۇڭا قالغان خالايىقلار ئۇ كۈندە بىزگە تابىدۇر. يەھۇدىيلار تاڭلا(ئەتە) ناسارالار تاڭلىدىن كېيىن ( ئەتىدىن كېيىن )

493ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە گۇۋاھ بولۇرمەنكى ئېيتتى: جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىش ھەممە بالاغەتكە يەتكۈچىگە ۋاجىبدۇر. ۋە سۈننەت قىلغايلەر. (مىسۋاك قىلغاي) ئەگەر خۇشبۇي نەرسە تاپسا خۇشبۇي سۈرگەيلەر.

## جۈمەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

494ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺدىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: كىشىكى جۈمە كۈنى جىنابەتنىڭ غۇسلىسىدەك غۇسلى قىلسا ئاندىن جۈمەگە بارسا گوياكى ئۇ ئادەم بىر تۆگە قۇربانلىق قىلدى. ۋە ئىككىنچى سائەتتە بارسا گوياكى بىر كالا قۇربانلىق قىلدى. ۋە ئۈچىنچى سائەتتە بارغان كىشى گوياكى بىر مۈڭگۈزلۈك ئەركەكنى قۇربانلىق قىلدى. ۋە تۆتىنچى سائەتتە بارغان كىشى گوياكى بىر توخۇنى قۇربانلىق قىلدى. ۋە بەشىنچى سائەتتە بارغان كىشى گوياكى بىر تۇخۇمنى سەدىقە قىلدى. ۋاقتىكى ئىمام خۇتبىگە چىقسا پەرىشتىلەر زىكرىنى(خۇتبىنى ) ئاڭلىغىلى ھازىر بولىدۇ.

## جۈمە ئۈچۈن ياغ سۈرۈش توغرىسىدا

495ـ سالمان فارىسى ﷺ دىن : ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كىشى جۈمە كۈنى غۇسلى قىلسا ئىقتىدارىنىڭ بارىچە كامىل تاھارەت ئالسا ۋە ياغلانسا ياكى ئۆيىنىڭ خۇشبۇيىدىن خۇشبۇي سۈرسە ئاندىن چىقىپ ئىككى ئادەم ئارىسىنى بۆلۈۋەتمىسە ئاندىن تەقدىر قىلىنغان

نامازنى ئوقۇسا ئاندىن ئىمام خۇتبە ئوقۇسا جىم شۇك تۇرسا ئۇنىڭ ئۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

496- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئۇنىڭغا دېيىلدى : كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىڭلار ۋ ئەگەر جۇنۇپ بولمىساڭلارمۇ . بېشىڭلارنى يۇيۇڭلار ۋە خۇشبۇيدىن سۈرۈڭلار دېدى دەپ زىكرى قىلدىلەر. ئىبنى ئابباس ئېيتتى: ئەمما غۇسلى شۇنداق بولىدۇ. ۋە ئەمما خۇشبۇي دېگەننى بىلمەيمەن.

## تاپقان بار كىيىمنىڭ چىرايلىقراقىنى كىيىش توغرىسىدا

497- ئۆمەر ﷺ دىن : ئۇ مەسجىد ئىشىكىدە يىپەك تونىنى تاپتى ۋە ئېيتتى: بۇنى سېتىۋېلىپ جۈمە كۈنى ۋە ئەلچىلەر كەلگەندە كىيگەن بولساڭ . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: بۇنداق كىيىمنى ئاخىرەتتىن نېسىۋىسى يوق كىشىلەر كىيىدۇ . ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇ يىپەكتىن تونلەر كەلدى. ئۇنىڭدىن بىر تونىنى ئۆمەر بىننى خەتتابقا بەردى. ئۆمەر ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ماڭا ئۇ يىپەك تونىنى كىيىملىك بەردىلەر ۋە ئۇتارىدىنىڭ (ئۇ ئالدىنقى ئۆمەر مەسجىد ئالدىدا كۆرگەن تون ئىگىسى.) تونى ھەققىدە دېگەنلىرىنى دېگەن ئىدىلەر. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : مەن ئۇنى كىيىشىڭگە بەرمىدىم. ئاندىن ئۇنى ئۆمەر مەككىدىكى مۇشرىك بۇرادىرىگە كىيىم قىلىپ بەردى.

## جۈمە كۈنى مىسۋاك قىلىش توغرىسىدا

498 – ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئۈممىتىمگە ياكى خالايىققا مۇشەققەت قىلىپ قويۇشۇم بولمىسا ئىدى ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك قىلىشقا ئەمىر قىلاتتىم.

499- ئەنەس ﷺدىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : مىسۋاك ھەققىدە سىلەرگە كۆپ سۆزلىدىم.

## جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا ئوقۇلىدىغان نەرسە توغرىسىدا

500- ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا ‹‹ آلم تنزيل (سۈرە سەجدە) ›› ۋە ‹‹هَلْ أَتَى عَلَى الْإِنسَانِ (سۈرە ئىنسان›› نى ئوقۇيتتى .

## يېزا قىشلاق ۋە شەھەرلەردە جۈمە ئوقۇش توغرىسىدا

501- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىدۇ: ھەممىڭلار پادىچىدۇرسىزلەر. ۋە ھەممىڭلار ئۆز پادىسىدىن سوئال قىلىنغۇچىدۇر. ئىمام بىر پادىچى ۋە ئۇ ئۆز پادىسى (پۇقرالار) غا مەسئۇلدۇر . ۋە ئەر كىشى ئۆز ئەھلىگە رىئايە قىلغۇچىدۇر. ۋە ئۆز ئەھلىگە مەسئۇلدۇر . ۋە خوتۇن كىشى ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچىدۇر.

ۋە ئـۆز پادىسىگە مەسئۇلدۇر . ۋە خىزمەتكار ئۆز خوجىسىنىڭ مېلىدا پادىچىدۇر. ۋە ئۆز پادىسىغا مەسئۇلدۇر . ۋە ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: يەنە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئەر كىشى ئۆز ئاتىسىنىڭ مېلىدا پادىچىدۇر. ۋە ئۇ ئۆز پادىسىدىن مەسئۇلدۇر . ۋە ھەممىڭلار پادىچى مەسىلىلىك بولۇپ ئۆز پادائىڭلارغا مەسئولدۇرسىزلەر.

## جۈمە ۋاجىب بولمايدىغان(قۇل، خوتۇن كىشى ۋە مۇساپىرغا ئوخشاش ) كىشىگە جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

502ـ ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ﷺ نىڭ بىز دۇنيادا كېيىن كەلگۈچى ئاخىرەتتە ئىلگىرى تۇرغۇچى دېگەن ھەدىسى يۇقىردا ئۆتتى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئۇ ھەدىسنىڭ ئاخىردا تۆۋەندىكىنى زىيادە قىلدى. ھەر بىر مۇسۇلمانغا يەتتە كۈندە بىر كۈن غۇسلى قىلىپ بېشىنى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇش ھەق ۋاجىبدۇر.

## جۈمەگە قەيەردىن كېلىش ۋە كىمگە ۋاجىپ بولۇشى توغرىسىدا

503ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: خالايىقلار ئۆز مەنزىلىرىدىن ۋە يوقارقى مەھەللىدىن[21] جۈمەگە نۆۋەتلىشىپ كېلەر ئىدىلەر. ئۇلار غۇبار (چاڭ- توزاڭ) نىڭ ئىچىدە كېلەتتىلەر. ئۇلارغا چاڭ توزاڭ ۋە تەر يېتەر ئىدى. ئۇلاردىن تەر چىقاتتى. ئۇلاردىن بىر ئادەم كەلدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ قېشىمدا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: مۇشۇ جۈمە كۈنلىرى ئۈچۈن تاھارەت ئالغان بولساڭلار( پاكىزە بولغان بولساڭلار)

504ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: خالايىقلار مېھنەتكەش (ئەمگەكچى) ئىدىلەر. جۈمەگە ئۆز ھەيئەتلىرى بىلەن كېلەتتى. ئۇلارغا غۇسلى قىلغان بولساڭلار – دېيىلدى. (ياخشى بولاتتى)

505ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ جۈمەنى كۈن قىيىلغاندا ئوقۇيتتى .

## جۈمە كۈنى ھاۋا قىزىپ كەتسە توغرىسىدا

506ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ سوغۇق قاتتىق بولسا نامازنى بالدۇر ئوقۇيتتى . بەك قىزىپ كەتسە نامازنى سۈرۈندە ئوقۇيتتى (يەنى جۈمەنى )

[21]يوقارقى مەھەللە يېزىلار 8 مىل (يىگىرمە بەش كىلومىتىر ) كېلىدىغان جايلاردىن كېلەتتى.

## جۇمەگە مېڭىپ بېرىش توغرىسىدا

507ـ ئەبى ئەبەسﷺ دىن : ئۇ جۇمەگە كېتىۋېتىپ ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتى: بىر كىشىنىڭ ئىككى قەدىمى خۇدا يولىدا چاڭ – توزاڭ بولسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاخ ئوتىغا هارام قىلىدۇ.[22]

## بۇرادىرىنى قوپۇرۇتىپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالماسلىق توغرىسىدا

508ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىر ئادەم بىر ئادەمنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ ئورنىدا ئۆزى ئولتۇرۇۋېلىشتىن نەھى قىلدى. دېيىلدى: جۇمەدىمۇ؟ ئېيتتى: جۇمەدە ۋە جۇمەنىڭ غەيرىدە.

509ـ سائىب بىننى زەيد ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمالارنىڭ زامانلىرىدا ئەزان جۇمە كۈنى ئىمام مۇنبەرگە ئولتۇرغاندا ئېيتىلاتتى . ۋە ئوسمان ﷺ خەلىپە بولۇپ خالايىق كۆپەيگەندە زەۋرا دېگەن جايدا[23] ئۈچىنچى ئەزاننى زىيادە قىلدى.

## جۇمە كۈنى بىر مۇئەززىن بولۇش توغرىسىدا

510 – سائىب بىننى يەزىد ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىرلا مۇئەززىنى بار ئىدى. ۋە ئەزان ئىمام مۇنبەرگە ئولتۇرغاندا ئېيتىلار ئىدى.

## جۇمە كۈنى مۇنبەردە ئازانغا جاۋاب بېرىش توغرىسىدا

511ـ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان ﷺ دىن تەھقىق ئۇ جۇمە كۈنى مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇردى. ۋە مۇئەززىن ئەزان ئېيتىپ ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر دېدى . مۇئاۋىيەمۇ ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھ ئەكبەر دېدى . مۇئەززىن اَشْهَدُ اَنْ لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ دېدى مۇئاۋىيەمۇ ۋە مەن ئېيتىمەن ‹‹ اَشْهَدُ اَنْ لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ ›› دېدى . مۇئەززىن‹‹ اَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللّٰهِ›› دېۋىدى مەنمۇ ھەم دېدى . مۇئەززىن ئەزاننى ئېيتىپ بولغاندا مۇئاۋىيە ئېيتتى : ھەي خالايىق مەن مۇشۇ سورۇندا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى سىلەر مېنىڭ سۆزۈمدىن ئاڭلىغان نەرسىنى ئېيتتىدۇ. ( يەنى مۇئەززىن ئېيتقان كەلىمەلەرنى ئېيتقاننى ئاڭلىدىم.)

---

[22] بۇ ھەدىستە جۇمەنى فى سەبىللاھقا كىرگۈزۈلدى.

[23] مەدىنىدىكى بىر جاينىڭ نامى

## مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇش توغرىسىدا

512ـ سەھل بىنى سەئدنىڭ مۇنبەر ھەققىدىكى ۋە رەسۇلۇللاھﷺ نىڭ ناماز ئوقۇپ ئارقىچە يانغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىس 249ـ ھەدىستە ئوتتى. ۋە بۇ رىۋايىتتە زىيادە قىلدى . پەيغەمبەر ﷺ نامازدىن پارىغ بولۇپ خەلققە ئالدىنى قىلىپ ئېيتتى: مۇشۇنداق قىلدىم تاكى ماڭا ئىقتىدا قىلغايسىلەر . ۋە مېنىڭ نامىزىمنى ئۆگەنگەيسىلەر.

513ـ جابىر بىنى ئابدۇللاھ ﷺدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ خۇتبەدە قائىم بولىدىغان ( يۆلىنىدىغان) خورما ياغىچىدىن بىر تۈۋرۈك بارئىدى. پەيغەمبەر ﷺ گە مۇنبەر قويۇلۇپ ئىدى ئۇ تۈۋرۈكنىڭ ئون ئايلىق بوغاز تۆگىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز قىلغىنىنى ئاڭلىدۇق. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ مۇنبەردىن چۈشۈپ قولىنى ئۇ تۈۋرۈككە قويدى.

## ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇش توغرىسىدا

514 – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى . ئاندىن ئولتۇراتتى. ئاندىن ھازىر سىلەر قىلىۋاتقاندەك قوپار ئىدى.

## خۇتبەدە سانا ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «اما بعد» دېگەن كىشى توغرىسىدا

515ـ ئەمىر بىنى تەغلىب ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺغا مال ياكى ئەسىرلەر كەلتۈرۈلدى . ۋە ئۇنى تەقسىم قىلدى. بىر مۇنچە كىشىلەرگە بەردى ۋە بىر مۇنچە كىشىلەرگە بەرمىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بۇنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ خەۋىرى يەتتى. ئاللاھقا ھەمدۇ ۋە سانا ئېيتىپ ئاندىن ئېيتتى: اما بعد . قەسەم ئاللاھقا مەن بىر ئادەمگە بىرىمەن ۋە بىر ئادەمنى تەرك ئېتىمەن . ۋە مەن بەرمەي تەرك قىلغان ئادەم ماڭا مەن بىر نەرسە بەرگەن ئادەمدىن دوستراقدۇر. ۋەلېكىن بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ دىلىدا قاقشاش ۋە سەبىر قىلالماسلىقنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بىرىمەن. ۋە بىر مۇنچە قەۋملەرنىڭ دىللىرىدا بىھاجەتلىك ۋە ياخشىلىقنى ئاللاھ تائالانىڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمىر بىنى تەغلىب بار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر كەلىمە ئاشۇ سۆزىگە ماڭا پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ قىزىل چارۋىسىنىڭ بولۇشىنى دوست تۇتمايمەن ( پۈتۈن ئەرەبنىڭ چارۋا ماللىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ بىر كەلىمە سۆزىگە باراۋەر قىلمايمەن

516ـ ئەبۇ ھۇمەيدى سائىدى ﷺدىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازدىن بىر كەچتە تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭغا سانا ئېيتتى: ئاندىن كېيىن «أَمَّا بَعْدُ» دېدى .

517ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ مۇنبەرگە ئۆرلىدى . ۋە ئولتۇرغان سورۇننىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى. ئىككى مۈرىسىگە تونلىرىنى كىيىۋالغان ئىدى.

باشلىرىنى ياغلىق لۆڭگە بىلەن تېڭىۋالغان ئىدى(ۋاپاتىدىن ئىلگىرى). ئاندىن ئاللاھقا  ھەمدۇ ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا سانا ئېيتتى. ئاندىن كېيىن ئېيتتى: جامائەتلەر ماڭا كېلىڭلار جامائەتلەر ھۇزۇرۇغا يىغىلدىلەر ئاندىن كېيىن ئېيتتى: اما بعد : ئەنسارىلارنىڭ مۇشۇ مەھەللىسى ئازلايدۇ.[24] ۋە خەلقلەر كۆپىيىدۇ . مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۇممىتىدىن بىر ئىشقا ۋالىي بولسا (باشلىق ) بولۇپ ئۇ ئىشىدا بىر كىشىگە زىيان يەتكۈزگىدەك بولسا ياكى ئۇ ئىشىدا بىر كىشىگە مەنپەئەت يەتكۈزكىدەك قۇدرەتكە ئىگە بولسا ئۇ ئەنسارىنىڭ ياخشى ئىش قىلغۇچىسىدىن قوبۇل قىلسۇن ۋە يامان ئىش قىلغۇچىسىدىن ئۆتۈپ كەتسۇن .

## ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا بىر كىشىنى كۆرسە ئۇنى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشقا ئەمر قىلىشى توغرىسىدا

518ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ  ئەنھۇمادىن ئېيتتى: جۇمە كۈنى پەيغەمبەر ﷺ خالايىققا خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا بىر  كىشى كەلدى. ھەي پالانى ناماز ئوقۇدۇڭمۇ ؟ دېدى . ئۇ ئادەم ياق دېدى . پەيغەمبەر ﷺ قوپ ناماز ئوقۇغىن دېدى .

## جۇمە كۈنى خۇتبىدە سۇ تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

519ـ ئەنەس ﵁ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ زامانلىرىدا خالايىققا قەھەتچىلىك يەتتى. پەيغەمبەر ﷺ خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. بىر سەھرايى ئەرەب قوپۇپ يا رەسۇلۇللاھ ھالاك بولدى مال ، ئاچ قالدى ئايال. بىزلەرگە دۇئا قىلسىلا دېدى . شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ  ئىككى قولىنى كۆتۈردى . ۋەھالەنكى ئاسماندا پارچە بۇلۇتنى كۆرمەيمىز. نەپسىم ئۇ زاتىنىڭ ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ ئىككى قولىنى قويمىدى ھەتتاكى تاغدەك بۇلۇتلار قوزغالدى ئاندىن مۇنبەردىن چۈشمەي تۇرۇپلا ھەتتا يامغۇر ئۇنىڭ ساقاللىرىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇ كۈنى يامغۇر ياغدۇرۇلدۇق. ۋە ئەتىسى ۋە ئەتىدىن كېيىنكى كۈنىمۇ ياغدى. ۋە ئۇنىڭغا يىقىن كۈنىمۇ. ھەتتا يەنە بىر جۇمەگىچە . ۋە شۇ سەھرايى ئەرەبمۇ ياكى باشقىسىمۇ كېلەر جۇمە ئېيتتى : يا رەسۇلۇللاھ ئۆيلەر بۇزۇلدى. ماللار غەرق بولدى. شۇڭا بىزلەرگە دۇئا قىلسىلا دېيىدى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئېيتتى: ھەي ئاللاھ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن بىزگە ئەمەس. قولى بىلەن بۇلۇتتىن بىر تەرەپكە ئىشارەت قىلسىلا شۇ يەر ئېچىلدۇ . ۋە مەدىنە يۇمىلاق بولۇپ قالدى. ۋادى قانات بىر ئاي قىيان ئاقتى. بىر تەرەپتىن كەلگەنلا ئادەم مولچىلىقتىن سۆزلىدى.

---

[24] يەنى ئانسارلەردىن خەلىفە بولمايدۇ

## ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا جۇمە كۈنى شۇك تۇرۇش توغرىسىدا

520ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ جۇمە كۈننى زىكىر قىلىپ ئىيتتى: ئۇ جۇمە كۈنىدە بىر سائەت بار . ھەر قانداق بىر بەندە شۇ ۋاقىتنى تېپىپ ناماز ئوقۇپ ئاللاھ تائالادىن قانداق نەرسىنى تىلەپ سورىسا شۇ نەرسىنى شۇ بەندىگە ئاتا قىلىدۇ. ۋە ئۆز قولى بىلەن ئۇ ۋاقىتنىڭ ئازلىقىغا ئىشارەت قىلدى.

## جۇمە نامىزىدا جامائەتنىڭ ئىمامنى تاشلاپ قايتىپ كېتىشى توغرىسىدا

522ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق بىناگاھ ئاشلىق يۈكلىگەن كارۋان كەلدى. جامائەتلەر شۇ تەرەپكە قايتتىلەر. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئون ئىككى كىشىدىن باشقا ئادەم قالمىدى. ئاندىن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى. ‹‹ وَإِذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْوًا انفَضُّوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِمًا ›› مەنىسى : ۋاقتىكى تىجارەتنى ياكى ئويۇننى كۆرسىلەر شۇنىڭغا كېتىدۇلەر. ۋە سىزنى ئۆرە تۇرغان ھالىتىڭىزدا تاشلايدۇلەر.

## جۇمەدىن كېيىن ۋە ئىلگىرى ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

523ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ پېشىندىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ۋە پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكەت، ناماز شامدىن كېيىن ئىككى رەكەت نامازنى ئۆيدە ئوقۇيتتى .ۋە ئو خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكەت ۋە جۇمەدىن كېيىن ئىككى رەكەت نامازنى ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى .

# خەۋپ نامىزىنىڭ كىتابى

## خەۋپ نامىزى توغرىسىدا

524ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن نەجدى تەرەپكە غازات قىلىپ باردىم. دۈشمەنلەرگە رۇبىرۇ(ئۇدۇلمۇ – ئۇدۇل) بولدۇق ۋە ئۇلارغا سەپ بولدۇق. پەيغەمبەر ﷺ بىزلەرگە ناماز ئوقۇغىلى قوپتى. ۋە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىر تائىپە نامازدا بىللە تۇردى. ۋە بىر تائىپە دۈشمەن تەرەپكە قاراپ تۇردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزى بىلەن بىرگە تۇرغان كىشىلەر بىلەن رۇكۇ قىلدى. ۋە ئىككى سەجدە قىلدى. ئاندىن ئۇلار ناماز ئوقۇمىغان تائىپەلەرنىڭ ئورنىغا قايتتىلەر. بۇلار كەلدى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىر رەكەت ئوقۇدى ۋە ئىككى سەجدە قىلدى. ئاندىن سالام بەردى.

ئاندىن ئۇ ئىككى تائىپەدىن ھەربىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر رەكئەت ئوقۇدى ۋە ئىككى سەجدە قىلدى.

## خەۋپ نامىزىنى پىيادە ۋە ئۇلاغلىق ھالىتىدە ئوقۇش توغرىسىدا

525ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ دىن ۋە ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدىن كۆپراق بولسا، ئۆرە تۇرۇپ ۋە ئۇلاغلىق ناماز ئوقۇسۇنلەر.

## تەلەپ قىلغۇچى[25] ۋە تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ[26] ئۇلاغلىق ھالىتىدە ۋە ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇشى توغرىسىدا

526ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئەھزاب جېڭىدىن يېنىپ ئېيتتى : ھېچ بىراۋ ئەسرىنى بەنى قۇرەيزەدىن باشقا جايدا ئوقۇمىسۇن. بەزىلىرى ئەسرىنى يولدا تاپتى. بەزىلىرى بەنى قۇرىزەگە بارمىغۇچە ئوقۇمايمىز دېيىشتى. بەزىلىرى ئوقۇيمىز ، بىزدىن بۇنى ئىرادە قىلمىدى ـ دېدى . بۇنى پەيغەمبەر ﷺگە زىكرى قىلدىلەر. ئۇلاردىن ھېچ بىرسىگە مالامەت قىلمىدى .

# ئىككى ھېيتنىڭ كىتابى

## ھېيت كۈنى نەيزە قالقان توغرىسىدا

527ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ قېشىمغا كىردى. ۋە قېشىمدا ئىككى قىزچاق بۇئاس نەغمىسىنى قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ كۆرپىگە يېنىچە يۈزىنى ئۆرۈپ ياتتى. ۋە ئەبۇ بەكرى ﷺ كىرىپ سىلكىپ ئېيتتى: رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا شەيتاننىڭ چالغۇسىنى ئويناپ دەپ. ئاندىن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھﷺ قاراپ : بۇ ئىككى قىزچاقنى قويۇڭ. ئازراق غاپىل بولۇپ ئىدى، ئۇ ئىككى قىزچاقنى چىمداپ قويدۇم چىقىپ كەتتىلەر . ۋە ئۇ ھېيت كۈنى ئىدى سودانلىقلار قالقان ۋە نەيزىۋازلىق ئويناۋاتار ئىدىلەر.

## روزا ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى نەرسە يېيىش توغرىسىدا

528ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر نەچچە تال خورما يېمىگىچە روزا ھېيت كۈنى ھېيتگاھقا بارمايتتى . ۋە ئەنەسنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئۇ خورمىنى تاق يەيتتى .

## قۇربان ھېيت كۈنى يېيىش توغرىسىدا

---

[25] دۈشمەننى قوغلاپ ماڭغان ئادەم

[26] دۈشمەن تەرىپىدىن قوغلانغان ئادەم

529ـبەرا بىننى ئازىپ ﵁ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خۇتبە ئوقۇغانلىقنى ئاڭلىدىم . ئىيتتى: بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ ئەۋۋەل باشلايدىغان ئىشىمىز ناماز ئوقۇيمىز ئاندىن قايتىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىمىز. مۇشۇنداق قىلغان كىشى سۈننىتىمىزگە يەتتى.(سۈننەتنى تاپتى)

530ـ بەرا بىننى ئازىپ ﵁دىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىزگە قۇربان ھېيت كۈنى نامازدىن يېنىپ خۇتبە ئوقۇپ ئىيتتى: كىشىكى بىزنىڭ نامزىمىزنى ئوقۇسا ۋە بىزنىڭ قۇربانلىقىمىزنى قىلسا ئۇ قۇربانلىقنى راست قىلدى. ۋە كىشىكى نامازدىن ئىلگىرى قۇربانلىق قىلسا ئۇ نامازدىن ئىلگىرى بولدى قۇربانلىق ئەمەستۇر. ئەبۇ بۇردە بەرانىڭ ئانا بىر توغقىنى . يا رەسۇلۇللاھ مەن قۇربانلىقنى نامازدىن ئىلگىرى قىلىپتىمەن ۋە مەن بۈگۈن يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان كۈن دەپ تونۇپتىمەن ۋە مېنىڭ قويۇم ئۆيۈمدە قۇربانلىقنىڭ ئەۋۋىلى زەبھى قىلىنىدىغان قوي بولۇشىنى دوست تۇتتۇم. قويۇمنى زەبھى قىلىپ نامازغا كېلىشتىن ئىلگىرى ناشتا قىلدىم- دېدى . ئىيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : سېنىڭ قويۇڭ گۆش قويىدۇر. ئۇ ئادەم ئىيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ئۆيۈمدە بىر ئوغلاق بار ئۇ ئىككى قويدىن ماڭا دوستراق ئايا ماڭا قۇربانلىققا كۇپايە قىلامدۇ؟ ئىيتتى : ھەئە. ۋە ھەرگىز سەندىن كېيىن بىراۋغا كۇپايە قىلمايدۇ.

## ھېيتگاھقا نامازغا چىقىش توغرىسىدا

531ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىيى ﵁ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنى ھېيتگاھقا چىقاتتى. ئەۋۋەل باشلايدىغان نەرسە ناماز ئىدى. ئاندىن نامازدىن قايتىپ خالايىققا قاراپ ئۆرە تۇراتتى. ۋە خالايىق ئۆز سەپلىرىدە ئولتۇرىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا پەندە – نەسىھەت قىلىدۇ . ۋە ۋەسىيەت قىلىدۇ. ۋە ئۇلارغا ئەمرۇ-مەئرۇف قىلىدۇ. ئەگەر بىر قوشۇن (ئەسكەر ) بەلگىلىمەكچى بولسا ئۇنى بەلگىلەيدۇ . يا بىر ئىشقا ئەمر قىلماقچى بولسا ئۇنىڭغا ئەمر قىلاتتى. ئاندىن قايتىدۇ. ئەبۇ سەئىد ئىيتتى: خالايىقلار ھەمىشە ئاشۇنداق بولدىلەر. ھەتتا مەرۋان مەدىنىنىڭ ئەمىرى بولغان ۋاقتىدا قۇربان نامىزىدىمۇ ياكى روزا ھېيت نامىزىدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتىم. ھېيتگاھقا كېلىپ ئىدۇق كەسىر بىننى سەلت بىنا قىلغان مۇنبەر بار ئىكەن. مەرۋان ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى مۇنبەرگە چىقىشنى ئىرادە قىلدۇ. ئۇنىڭ كىيىمنى تارتتىم. ئۇنى مېنى مۇنبەر تەرەپكە تارتتى . ئاندىن مۇنبەرگە چىقىپ نامازدىن ئىلگىرى خۇتبە ئوقۇدى . ئۇنىڭغا ئىيتتىم: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى سىلەر ئۆزگەرتىۋاتتىڭلار. مەرۋان ئىيتتى: ھەي ئەبۇ سەئىد سەن بىلىدىغان نەرسە كەتتى. ئىيتتىم : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن بىلگەن نەرسە مەن بىلمەيدىغان نەرسىدىن ياخشىراقدۇر. مەرۋان ئىيتتى: خالايىقلار نامازدىن كېيىن بىزلەرگە ئولتۇرمايدۇ. ئۇ خۇتبىنى نامازدىن ئىلگىرى قىلدىم .

## ھېيت نامىزىغا پىيادە ۋە ئۇلاقلىق بېرىش ۋە خۇتبىدىن ئىلگىرى ئەزان ۋە تەكبىرسىز ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

532ـ ئىبنى ئابباس ۋە جابىر بىننى ئابدۇللاھ ﷺ لەردىن ئىيتىلەر: روزا ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىدا ئەزان ئېيتىلمايتتى .

## ھېيت نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇش توغرىسىدا

533ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ۋە ئوسمان ﷺ لەر بىلەن ھېيت نامىزىغا ھازىر بولدۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇتبىدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇيتتى .

## تەشرىق كۈنلىرىدىكى ئەمەلنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

534ـ ئىبنى ئابباس ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: مۇشۇ ئون كۈندىكى ئەمەلدىن ئۇلۇغراق ئەمەل يوقدۇر. ئېيتتىلەر : ۋە جىھادمۇ ؟ ئېيتتى: ۋە نە جىھادمۇ ئۇلۇغ ئەمەس. لېكىن بىر كىشى چىقىپ ئۆزىنىمۇ ۋە مالىنىمو ھالاك قىلدى. ۋە ھېچ نەرسە بىلەن قايتمىدى. (مۇشۇ كىشىنىڭ ئەملى ئۇلۇغراقدۇر. )

## منا كۈنلىرى ۋە ئەرەپاتقا ئەتىگەن بارغاندا تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا

535ـ ئەنەس بىننى مالىك ﷺ دىن : ئۇنىڭدىن تەلبىيە[27] ئېيتىش توغرىلىق رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن قانداق قىلاتتىڭلار ؟ دەپ سورالدى. ئېيتتى: تەلبىيە ئېيتقۇچى تەلبىيە ئېيتار ئىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىنمايتتى . ۋە تەكبىر ئېيتقۇچى تەكبىر ئېيتاتتى. ئۇنىڭغىمۇ ئىنكار قىلىنمايتتى .

## زەبھى قىلىشى كۈنى ‹‹ تۆگە ۋە كالىنى ›› نەھرى (كۆكسىدىن ) بوغۇزلاش (ۋە قوينى ) زەبھى قىلىش توغرىسىدا

536ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: پەيغەمبەر ﷺ ھېيتگاھدا نەھرى ۋە زەبھى قىلاتتى.

## ھېيت كۈنى نامازدىن قايتقاندا كەلگەن يولنىڭ غەيرى بىلەن قايتىش توغرىسىدا

537ـ جابىر ﷺ دىن : ھېيت كۈنى پەيغەمبەر ﷺ كەلگەن يولغا خىلاپ قىلاتتى.

---

[27] لبيك اللهم لبيك دېمەكتۇر.

536ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نىڭ ھەبەشىستانلىق ھەققىدىكى ھەدىسى ئۆتتى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە زىيادە قىلىپ ئېيتتى: ئۇلارنى ئۆمەر توسقۇدى پەيغەمبەر ﷺ تەرك قىل قوي ئۇلارنى، خاتىرجەم ئويناڭلار ھەي بەنى ئەرفىدە – دېدى .

# ۋىتىرنىڭ كىتابى

## ۋىتىر ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا

539ـ ئىبنى ئۆمەر ﵁ دىن : بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېچىدىكى نامازدىن سورىدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: كېچە نامىزى ئىككى ئىككى رەكەت ئىككى رەكەتىدۇر. ۋاقتىكى بىرىڭلار تاڭ يورۇشتىن قورقسا بىر رەكەت ئوقۇسۇنكى ئۇ ئوقۇغان نامىزىغا ۋىتىر بولىدۇ.

540ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : پەيغەمبەر ﷺ ئون بىر رەكەت ناماز ئوقۇيتتى . مۇشۇ كېچە نامىزى ئىدى. بىر سەجدىنى سەجدە قىلار ئىدىكى بېشىنى كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئەللىك ئايەت ئوقۇغىدەك مىقدارى ئۇزۇن قىلاتتى. ۋە بامدات نامازدىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى . مۇئەززىن نامازغا ندا قىلىپ كەلگۈچە ئوڭ يانچە ياتاتتى.

## ۋىتىرنىڭ سائەتلىرى توغرىسىدا

541ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ كېچىنىڭ ھەممىسىدە ۋىتىر ئوقۇيتتى . ۋىتىرلىرى سەھەرگىچە يېتەر ئىدى.

## نامازنىڭ ئاخىرىنى ۋىتىر قىلىش توغرىسىدا

542 – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: كېچىدىكى نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىنى ۋىتىر (تاق) قىلىڭلار.

## ئۇلاق ئۈستىدە ۋىتىر ئوقۇش توغرىسىدا

543ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ تۆگە ئۈستىدە ۋىتىر ئوقۇيتتى .

## رۇكۇدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قۇنۇت ئوقۇش توغرىسىدا

544ـ ئەنەس ﷛ دىن : ئۇنىڭدىن سورالدى. پەيغەمبەر ﷺ بامدات نامىزىدا قۇنۇت ئوقۇدىمۇ ؟ ئېيتتى: ھەئە. ئاندىن دېيىلدى. ئايا رۇكۇدىن ئىلگىرى قۇنۇت ئوقۇدىمۇ؟ ئېيتتى: رۇكۇدىن كېيىن ئازراق ۋاقىت قۇنۇت ئوقۇدى.

545ـ ئەنەس ﷛ دىن : ئۇنىڭدىن قۇنۇت توغرىلىق سورالدى. ئۇ ئېيتتى: قۇنۇت ئوقۇش بار. ئۇنىڭغا دېيىلدى:رۇكۇدىن ئىلگىرىمۇ ياكى كېيىنمۇ ؟ ئېيتتى: رۇكۇدىن ئىلگىرى. دېيىلدى : پالانى سەندىن خەۋەر قىلدىكى ئۇنىڭغا رۇكۇدىن كېيىن دەپسەن. ئېيتتى: ئۇ يالغان ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ رۇكۇدىن كېيىن بىر ئايدەك قۇنۇت ئوقۇدى دەپ گۇمان قىلىمەن. يەتمىشچە قارىلارنى مۇشرىك قەۋملەرگە ئەۋەتتى. ئۇلاردىن[28] باشقا ۋە ئۇلار بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوتتۇرىسىدا توختام بار ئىدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بىر ئاي قۇنۇت ئوقۇدى . ۋە ئەنەستىن يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ رەئلى ۋە زەكۋان قەبىلىسىگە بىر ئاي دۇئا قىلىپ قۇنۇت ئوقۇدى .

546ـ ئەنەس﷛ دىن ئېيتتى: قۇنۇت شام ۋە بامداددا دۇر.

# سۇ تەلەپ كىتابى

## سۇ تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

547ـ ئابدۇللاھ بىننى زەيد ﷛ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ سۇ تەلەپ قىلىپ چىقتى. ۋە رىدالىرىنى ئۆرىدى. ( يەنى ئۈستۈن – تۆۋەن قىلدى. ھال ئۆزگەرسۇن ئۈچۈن ) ئابدۇللاھ بىننى زەيددىن يەنە بىر رىۋايەتتە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى .

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنى يۈسۈفنىڭ قەھەتچىلىك يىللىرىغا ئوخشاش قەھەتچىلىك يىلى قىلغىل دەپ دۇئا قىلغانلىقى توغرىسىدا

548ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷛ دىن: پەيغەمبەر ﷺ ئاجىز مۆمىنلەرنىڭ پايدىسىگە ۋە مۇزەر قەبىلىسىنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلغان ھەدىس يۇقىرىدا 462ـ ھەدىستە ئۆتتى: ۋە بۇ رىۋايىتىنىڭ ئاخىرىدا ئېيتتى: غىفار قەبىلىسىگە ئاللاھ تائالا مەغپىرەت قىلسۇن ۋە ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن.

549ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷛ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ خەلقنىڭ ئارقىغا يانغانلىقىنى كۆرۈپ ئېيتتى: ئۇلارغا يۈسۈفنىڭ يەتتە يىل قەھەتچىلىكىگە ئوخشاش يەتتە يىل قەھەتچىلىك

[28] ياكى ئۇلاردىن باشقا. ئۇلار دېگەن ئىشارەتتىن كۆزدە تۇتۇلدىغىنى ئارلىقىدا توختام با مۇشرىكلەر. يوقارقى يەتمىش نەچچە قارىنى توختام يوق مۇشرىكلار تەرىپىگە دەۋەت ئۈچۈن كەتمەۋاتقاندا توختام بار مۇشرىكلەر توختامنى بۇزۇپ يەتمىش نەچچە قارىنى ئۆلتۈرگەن شۇڭا ئۇلارنىڭ زىيانىغا پەيغەمبەر ﷺ بەد دۇئا قىلغان

بەرگىن . ئاندىن ئۇلارنى قەھەتچىلىك تۇتتى. ھەتتا ھەممە نەرسىنى ئۇزۇل كېسىل تۈگەتتى. ھەتتا ئۇلار تېرىلەرنى ۋە تاپلارنى ۋە گەندىلەرنى يېدىلەر. ۋە ئۇلارنىڭ بىرى ئاسمانغا قاراپ كامالى ئاچلىقتىن ئىسنى كۆرىدۇ . ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئەبۇ سۇفيان كېلىپ ئېيتتى: ھەي مۇھەممەد سەن ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىگە ۋە سىلە رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيسەن. ۋە قەۋمىڭ ھالاك بولدىلەر. شۇڭا ئۇلارنىڭ پايدىسىگە دۇئا قىلغىل. ئېيتتى ئاللاھ تائالا: << فَارْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي السَّمَاءُ بِدُخَانٍ مُّبِينٍ» تا عائدون غىچە [سۇرە دۇخان 15- ئايەت]« يَوْمَ نَبْطِشُ الْبَطْشَةَ الْكُبْرَى إِنَّا مُنتَقِمُونَ» قاتتىق تۇتۇش بەدرى كۈنىدىكىدۇر. ۋە دۇخان (ئىسىمۇ ) ۋە قاتتىق تۇتۇش ۋە لىزام ۋە رۇم ئايىتى ئۆتتى.

550 – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : شائىر سۆزىنى تولىمۇ زىكرى قىلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزلىرىگە قارايمەن سۇ تەلەپ قىلىدۇ. يامغۇر چۈشسىلا ھەر بىر سۆڭگۈچتىن قىيان بولۇپ ئاقىدۇ. ۋە ئۇ شېئىر ئەبۇ تالىپنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر.

وَأَبْيَضَ يُسْتَسْقَى الْغَمَامُ بِوَجْهِهِ ثِمَالُ الْيَتَامَى عِصْمَةٌ لِلْأَرَامِلِ

جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاق يۈزلۈك نۇرانى . ئۇنىڭ ئابرويى بىلەن سۇ تەلەپ قىلىنىدۇ.
يېتىملەرگە باشپاناھدۇر ، تۇل خۇتۇنلارنى قوغدىغۇچىدۇر.

551- ئۆمەر بىننى خەتتاب ﷺدىن : ئۇ قەھەتچىلىك بولسا ئاباباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ﷺ بىلەن سۇ تەلەپ قىلاتتى. ۋە ئېيتار ئىدى. ھەي ئاللاھ بىز پەيغەمبىرىمىز بىلەن ساڭا ۋەسىلە قىلاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن سەن بىزنى سۇغۇراتتىڭ. ۋە بىز ساڭا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى بىلەن ۋەسىلە ئىزدەيمىز. بىزلەرنى سۇغارغىل دەپ دۇئا قىلاتتى . ئاندىن سۇغۇرلار ئىدى.

## جامە مەسجىددە سۇ تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

552- ئەنەس ﷺ نىڭ مەسجىدگە بىر كىشىنىڭ كىرىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا يامغۇر تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىشنى سورىدى دېگەن ھەدىسى كۆپ تەكرارلاندى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە : ئاپتاپنى ئالتە كۈن كۆرمىدۇق. ئاندىن كېلەر جۈمە كۈنى شۇ ئىشىكتىن بىر ئادەم كىردى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ماللار ھالاك بولدى ۋە يوللار ئۈزۈلدى. شۇڭا ئۇ يامغۇرنىڭ توختىشىغا دۇئا قىلسىلا . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئىككى قولىنى كۆتۈردى . ئاندىن ئېيتتى: ئەي ئاللاھ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن بىزلەرگە ئەمەس. ئەي ئاللاھ دۆڭلەرگە ۋە تاغلارغا ۋە كىچىك تاغلارغا ۋە ۋادىلارغا ۋە ئورمانلىقلارغا ياغدۇرغىن. ئېيتتى ئەنەس: يامغۇر توختىدى ۋە بىز چىقىپ ئاپتاپتا ماڭدۇق.

## جۇمە خۇتبىسىدە قىبلىگە قارىماي سۇ تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

553ـ ئەنەس ﷛ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئېيتتى: ھەي ئاللاھ بىزلەرگە يامغۇر ياغدۇرغىن ئەي ئاللاھ بىزلەرگە پەرياد بەرگىن ئەي ئاللاھ بىزلەرگە پەرياد بەرگىن . (يەنى يامغۇر ياغدۇرغىل )

## پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئۈچىسىنى خەلققە قانداق ئۆرۈگەنلىكى توغرىسىدا

554ـ ئابدۇللاھ بىننى زەيدنىڭ سۇ تەلەپ قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسى 547ـ ھەدىستە ئۆتتى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئېيتتى:رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچىسىنى خەلققە ئۆرۈپ قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلىدۇ ئاندىن تونلىرىنى ئۆرىدى. ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ۋە ئىككىسىدە قىرائەتنى جەھرە قىلدى.

## سۇ تەلەپ قىلىشتا ئىمامنىڭ قولىنى كۆتۈرۈشى توغرىسىدا

555ـ ئەنەس بىننى مالىك ﷛ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ سۇ تەلەپ قىلىشدىن باشقا دۇئالاردە قولىنى كۆتۈرمەيتى. بۇنىڭدا ئىككى قولتۇغىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنگۈچە كۆتۈرەتتى .

## يامغۇر ياغقاندا دېيىلىدىغان نەرسە توغرىسىدا

556ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : رەسۇلۇللاھ يامغۇر ياغقاننى كۆرسە صىبيا نافعا ( مەنپەئەتلىك يامغۇر قىل ) دەيتتى .

## شامال قوزغالغان توغرىسىدا

557ـ ئەنەس ﷛ دىن ئېيتتى: قاتتىق شامال قوزغالغاندا بۇنى رەسۇلۇللاھ يۈزلىرىدە تونۇلاتتى.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتىگەنلىكتىكى سالقىن شامال بىلەن نۇسرەت بېرىلدىم دېگەن سۆزى توغرىسىدا

558ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: مەن ئەتىگەنلىك سالقىن شامال بىلەن نۇسرەت بېرىلدىم . ۋە ئاد قەۋمىنى كەچلىك تەتۈر شامال بىلەن ھالاك قىلىندى.

## يەر تەۋرەش ۋە باشقا ئايەتلەر توغرىسىدا

559ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەي ئاللاھ بىزلەرگە شاممىزدا (سۇرىيە) ۋە يەمەنىمىزدا بەرىكەت بەرگىن ئېيتتىلەر. ۋە بىزنىڭ نەجدىمىزدە . ئېيتتى: ئۇ يەردە يەر تەۋرەش ۋە پىتنىلەر بار ۋە ئۇ يەردە شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى چىقىدۇ.

## ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم يامغۇرنىڭ قاچان ياغدىغانلىغىنى بىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

560ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : غەيبىنىڭ ئاچقۇچى بەشدۇر. ئۇنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەتە نېمە بولىدىغانلىقنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ۋە بالىياتقۇدىكى نەرسىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەتە نېمە كەسىپ قىلىدىغانلىقنى نەپسى بىلمەيدۇ. قايسى زېمىندا ئۆلىدىغانلىقنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. يامغۇر قاچان كېلىدىغانلىقنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

# كۈن تۇتۇلۇش كىتابى

## كۈن تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز توغرىسىدا

561ـ ئەبۇ بەكرى ﷺ دىن ئېيتتى: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ قېشىدا ئىدۇق. شۇ ئارىدا كۈن تۇتۇلدى. پەيغەمبەر ﷺ رىدالىرىنى سۆرەپ مەسجىدكە كىردى. بىزلەرمۇ كىردۇق. ئاندىن بىز بىلەن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ھەتتاكى كۈن ئېچىلدى . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: كۈن ۋە ئاي بىر كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ . شۇڭا ئۇ ئاپتاپ ۋە ئاينىڭ تۇتۇلغانلىقنى كۆرسەڭلار ناماز ئوقۇڭلار ۋە دۇئا قىلىڭلار. ھەتتاكى سىلەرگە بار نەرسە كۈن ئېچىلغۇچە. ئۇ ئەبۇ بەكرە نىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ۋە لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككىسى بىلەن بەندىلىرى قورقۇتىدۇ . كۈن تۇتۇلۇش ھەدىسى كۆپ تەكرارلاندى ۋە مۇغىرەتە بىننى شوئبە ﷺ نىڭ رىۋايىتىدە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانلىرىدا ئىبراھىم ئۆلگەن كۈنى ئاپتاپ تۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن خالايىقلار ئېيتتى: ئىبراھىم ئۆلگەنلىكىدىن كۈن تۇتۇلدى. رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: قۇياش ۋە ئاي بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن ۋە بىر ئادەمنىڭ تىرىلگەنلىكىدىن تۇتۇلمايدۇ. ۋاقتىكى ئۇنى كۆرسەڭلار ناماز ئوقۇڭلار ۋە دۇئا قىلىڭلار.

## كۈن تۇتۇلغاندا سەدىقە قىلىش توغرىسىدا

562ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايىتىدە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانلىرىدا ئاپتاپ تۇتۇلدى. ئاندىن خالايىققا ناماز ئوقۇدى . ئاندىن قوپۇپ قىيامدا ئۇزۇن تۇردى ۋە رۇكۇ

قىلدى ۋە رۇكۇنى ئۇزۇن قىلدى ئاندىن قىيامدا تۇردى. قىيامنى ئۇزۇن قىلدى. ۋە بۇ قىيام ئىلگىرىكى قىيامدىن قىسقاراق. ئاندىن رۇكۇ قىلدى رۇكۇنى ئۇزۇن قىلدى. ۋە بۇ رۇكۇ ئالدىنقى رۇكۇدىن قىسقاراق . ئاندىن سەجدە قىلدى.ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتتە ئەۋۋەلقى رەكەتكە ئوخشاش قىلدى. ئاندىن نامازدىن قايتتى ۋە ئاپتاپمۇ ئېچىلدى. ئاندىن خۇتبە ئوقۇدى. ئاللاھ تائالاغا ھەمدى ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا سانا ئېيتتى: ئاندىن كېيىن ئېيتتى: قوياش ۋە ئاي ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن ئىككى ئايەت . بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ۋە بىر ئادەم تىرىلگەنگە تۇتۇلمايدۇ. ۋاقتىكى بۇنى كۆرسەڭلار ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىڭلار ۋە تەكبىر ئېيتىڭلار ۋە سەدىقە بېرىڭلار . ئاندىن ئېيتتى: ئى مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۈممەتلىرى قەسەم ئاللاھقا ئاللاھدىن باشقا غەيرەتلىكراق بىراۋ يوقدۇر شۇكى[29] زىنا قىلغاي بەندىسى ياكى دېدىكى . ھەي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى مەن بىلگەن نەرسىنى بىلسەڭلار ئاز كۈلەتتىڭلار ۋە كۆپ يىغلار ئىدىڭلار.

## ئاپتاپ تۇتۇلغاندا ناماز جەمئىي قىلغۇچىدۇر دەپ نىدا قىلىش توغرىسىدا

563ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانلىرىدا كۈن تۇتۇلۇپ ئىدى، ناماز جامىدۇر دەپ نىدا قىلىندى.

## ئاپتاپ تۇتۇلغاندا قەبرە ئازابىدىن پاناھ تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

564ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : بىر يەھۇدىي خوتۇن ئۇنىڭدىن تىلىدى. ئاندىن ئېيتتى: ئاللاھ تائالا ساڭا قەبرە ئازابىدىن پاناھ بەرسۇن. ئاندىن ئائىشە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئايا خالايىقلار قەبرىدە ئازاب قىلىنامدۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئاللاھ تائالاغا قەبرە ئازابىدىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن. ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاپتاپ تۇتۇلۇشنىڭ زىكرىنى قىلدى. ئاندىن كېيىن ئېيتتى: ئاخىردا پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى قەبرە ئازابىدىن پاناھ تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇدى .

## ئاپتاپ تۇتۇلۇش نامازى جامىدۇر دېيىش توغرىسىدا

565ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئاپتاپ تۇتۇلۇش ھەدىسىنى ئۇزۇنلۇقى بىلەن زىكرى قىلدى. ئاندىن ئېيتتى: ئېيتتىلەر : يا رەسۇلۇللاھ ئۆزلىرىنى جايلىرىدا بىر نەرسىنى ئالغاندەك كۆردۇق.ئاندىن ياندىلا دېۋىدى ئېيتتى: مەن جەننەتنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭدىن بىر ساپىنى ئالماقچى بولدۇم. ئەگەر ئۇنىڭغا يەتكەن بولسام دۇنيا باقى بولغان مۇددەتتە

---

[29] ئاللاھ غەيرەتلىكراق بولغىنى ئۈچۈن زىنانى ھارام قىلدى.

ئۇنىڭدىن يەر ئىدىڭلار . ۋە دوزاخنى كۆردۈم. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭدىن سەتراق ۋە قەبىھراق مەنزىرىنى كۆرمىدىم. ۋە ئۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكىنى خوتۇنلار كۆردۈم. ئېيتتىلەر : نېمە سەۋەبتىن يا رەسۇلۇللاھ ؟ ئېيتتى: ئۇلار كاپىر بولغان سەۋەبتىن . دېيىلدى :ئاللاھ تائالاغا كاپىر بولامدۇ؟ ئېيتتى: ئەرلىرىگە كاپىر بولىدۇ. ۋە ياخشىلىققا كاپىر بولىدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن زامان ياخشىلىق قىلساڭ ئاندىن سەندىن بىر نەرسىنى كۆرسە سەندىن ھەرگىز ياخشىلىق كۆرمىدىم. دەيدۇ.

## ئاپتاپ تۇتۇلغاندا قۇل ئازاد قىلىشنى دوست تۇتقان كىشى توغرىسىدا

566ـ ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاپتاپ تۇتۇلغاندا قۇل ئازاد قىلىشقا بۇيرىدى .

## ئاپتاپ تۇتۇلغاندا زىكىر قىلىش توغرىسىدا

567ـ ئەبى موسا ﵁ دىن ئېيتتى: ئاپتاپ تۇتۇلدى. پەيغەمبەر ﷺ قىيامەت قايىم بولۇشىدىن قورقۇپ قوپۇپ مەسجىدكە كەلدى. مەن كۆرمىگەن قىيامى ۋە رۇكۇسى ۋە سەجدىسى ئۇزۇنراق ناماز ئوقۇدى ۋە ئېيتتى: مۇشۇ ئاللاھ ئەۋەتكەن ئايەتلەر بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى بىر ئادەمنىڭ تىرىلگەنلىكىدىن بولمايدۇ. ۋە لېكىن ئاللاھ تائالا بۇنىڭ بىلەن بەندىلىرى قورقۇتىدۇ . ۋاقتىكى مۇشۇنىڭدىن بىر نەرسىنى كۆرسەڭلار ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىگە ۋە ئۇنىڭغا ئىستىغپار ئېيتىشقا ئالدىراڭلار.

## ئاپتاپ تۇتۇلغاندا قىرائەتنى جەھرى قىلىش توغرىسىدا

568ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئاپتاپ تۇتۇلغاندا قىرائىتىنى جەھرە ئوقۇدى. قىرائەتتىن پارىغ بولۇپ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلدى. ۋە باشلىرىنى رۇكۇدىن كۆتۈرۈپ سمع الله لمن حمده ربنا ولك الحمد دېدى . ئاندىن ئاپتاپ تۇتۇلۇش نامىزىدا قىرائەتنى قايتا ئوقۇدى. ئىككى رەكەت نامازدا تۆت رەكەت رۇكۇ ۋە تۆت سەجدە قىلدى.

## قۇرئاندىكى سەجدە ۋە سەجدىنىڭ سۈننىتى توغرىسىدا

569ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﵁ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ مەككىدە سۈرە نەجمىنى قىرائەت قىلىپ ئۇنىڭدا سەجدە قىلدى. بىر شەيخدىن باشقا بىللە بولغان كىشىلەر ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئۇ شەيخ بىر ئوش تاش ياكى توپىدىن پېشانىسىگە كۆتۈرۈپ ئېيتتى: ماڭا مۇشۇ كۇپايە قىلىدۇ. ئۇنى بۇندىن كېيىن كاپىر ئۆلتۈرۈلگەن كۆردۈم.

## سۈرە ساد سەجدىسى توغرىسىدا

570ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: ساد سۈرىسىدىكى سەجدە ئەزىمەت ( قەتئىي مۇھىم سەجدىلەردىن ) ئەمەس. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم.

## مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلار بىلەن بىلەن سەجدە قىلىشى ۋە مۇشرىكنىڭ نجىس ئۇنىڭغا تاھارەتنىڭ يوقلىغى توغرىسىدا

571ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: پەيغەمبەرﷺ سۈرە نەجمدە سەجدە قىلدى دېگەن ھەدىس يىقىندا ئۆتتى. ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھەدىسىدىن بۇ رىۋايىتىدە زىيادە قىلدى. رەسۇلۇللاھﷺ بىلەن مۇسۇلمان ۋە مۇشرىكلار ، جىنلار ۋە ئىنسانلار سەجدە قىلدى.

## سەجدىنى قىرائەت قىلىپ سەجدە قىلمىغان كىشى توغرىسىدا

572ـ زەيد بىننى سابىت ﷺ دىن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە سۈرە نەجمنى ئوقۇپ بېرىۋىدى ئۇنىڭدا سەجدە قىلمىدى.

## ‹‹ إِذَا السَّمَاءُ انشَقَّتْ›› نىڭ سەجدىسى توغرىسىدا

573ـ ئەبۇ ھۇرەيرەﷺ : ئۇ‹‹ إِذَا السَّمَاءُ انشَقَّتْ ›› نى قىرائەت قىلدى. ۋە ئۇنىڭدا سەجدە قىلدى. ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە گەپ قىلىنىۋىدى ئۇ ئىيتتى: ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن بولسام سەجدە قىلمايتتىم .

## قىستاڭچىلىقتىن سەجدە قىلىشقا ئورۇن تېپىلماسلىق توغرىسىدا

574ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ بىزلەرگە سەجدە بار سۈرىنى ئوقۇيتتى ئاندىن سەجدە قىلار ئىدى. ۋە بىز سەجدە قىلار ئىدۇق. ھەتتا بىرىمىز سەجدە قىلارغا جاي تاپالمايتتى .

# نامازنى قەسىر قىلىشنىڭ كىتابى

## نامازنى قەسر قىلىش ھەققىدە ۋە قەسر قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك مۇقىم بولۇش توغرىسىدا

575ـئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئون يەتتە كۈن ئىقامەت قىلدى. قەسرى قىلدۇق.

576ـ ئەنەس ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مەدىنىدىن مەككىگە چىقدۇق ھەتتا مەدىنىگە يانغىچە ئىككى رەكەت ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ئۇنىڭغا دېيىلدى : مەككىدە قانچىلىك تۇردۇڭلار؟ ئېيتتى : ئون كۈن تۇردۇق.

## مىنادا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

577ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدۇم. ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر بىلەنمۇ ۋە ئوسماننىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئەۋۋەلىدە شۇنداق بولدى. ئاندىن ئوسمان بۇ نامازنى تامام ئوقۇدى . ( يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بىلەن مىنادا ئىككى رەكەت ئوقۇدۇم. ۋە ئوسماننىڭ خىلاپىتىنىڭ ئەۋۋەلىدىمۇ ئىككى رەكەت ئوقۇدۇم )

578ـ ھارىسە بىننى ۋەھبى ﷺدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىزلەرگە خاتىرجەمراق ۋاقتىدا مىنادا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى .

579ـ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن : ئۇنىڭغا ئوسمان ﷺ مىنادا تۆت رەكەت ناماز ئوقۇدى دېيىلىپ ئىدى. ئۇ ئىسترجا ئوقۇدى . «إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ» دېدى . ئاندىن ئېيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مىنادا ئىككى رەكەت ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن مىنادا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدۇم. كاشكى تۆت رەكەت نامازدىن قوبۇل بولغان ئىككى رەكەت ناماز بولسىدى.

## قانچىلىك مۇساپىدە نامازنى قەسىر قىلىش توغرىسىدا

580ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن خوتۇن كىشىنىڭ مەھرەمسىز بىر كېچە كۈندۈزلۈك مۇساپىغا سەپەر قىلىش ھالال بولمايدۇ.

## ناماز شامنى سەپەردە ئۈچ رەكەت ئوقۇش توغرىسىدا

581ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: مەن پەيغەمبەر ﷺ نى كۆردۈمكى سەپەر ئالدىراتسا ناماز شامنى تەخىر قىلىپ ئۈچ رەكەت ئوقۇپ سالام بېرەتتى . ئاندىن ئازراق تۇرۇپ خۇپتەنگە تەكبىر ئېيتىلىپ خۇپتەننى ئىككى رەكەت ئوقۇپ سالام بېرەتتى . ۋە نەپلە ئوقۇمايتتى. خۇپتەندىن كېيىن ھەتتا تۈن كېچىدە قوپار ئىدى.

582ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاغلىق ھالدا قىبلىنىڭ غەيرىدە ( قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراپ) نەپلە ناماز ئوقۇيتتى .

## ئېشەكنىڭ ئۈستىدە نەپلە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

583ـ ئەنەس ﷺدىن: ئۇ ئېشەكنىڭ ئۈستىدە يۈزى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قارىغان ھالدا ناماز ئوقۇدى . ئۇنىڭغا دېيىلدى: قىبلىنىڭ غەيرىيگە قاراپ ناماز ئوقۇيسەن؟ ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئۇنداق قىلغىنىنى نى كۆرمىگەن بولسام ئۇنداق قىلمايتتىم .

## سەپەردە پەرز نامازنىڭ كەينىدە نەپلە ناماز ئوقۇمىغان كىشى توغرىسىدا

584ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇم. ئۇنى سەپەردە نەپنى ناماز ئوقۇغان كۆرمىدىم. ۋە ئېيتتى: ‹‹ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ ››(سۈرە ئەھزاب21ـ ئايەت) يەنى سىزلەرگە رەسۇلۇللاھدا ياخشى باشلامچىلىق بار

## نامازنىڭ ئالدى ۋە كەينىڭ غەيرىدە سەپەردە نەپلە ئوقۇغان كىشى توغرىسىدا

585ـ ئامىر بىننى رەبىئە ﷺ دىن : ئۇ سەپەردە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېچىدە ئۇلاغنىنىڭ ئۈستىدە ئۇلىقى يۈزلەندۈرگەن تەرەپكە قاراپ نەپلە ناماز ئوقۇغانلىقنى كۆردى.

## سەپەردە شام ۋە خۇپتەننىڭ ئوتتۇرىسنى جەمئىي قىلىش توغرىسىدا

586ـ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ سەير( يۈرۈش قىلىش – مېڭىش ) ئۈستىدە بولسا پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ۋە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ ئوتتۇرىسنى جەمئىي قىلاتتى.

## ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالمىسا يېنىچە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

587ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين ﷺ دىن ئېيتتى: مېنىڭدە بوۋاسىر كېسىلى بار ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ دىن نامازدىن سورىسام ئېيتتى: ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىن. ئەگەر قادىر بولالمىساڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغىن. ئەگەر قادىر بولالمىساڭ يېنىچە يېتىپ ناماز ئوقۇغىن.

## ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇپ ئاندىن ساقىيىپ قالسا ياكى يەڭگىللەپ قالسا قالغان نامازنى تامام قىلىش توغرىسىدا

588ـ ئۇممۇل مۆمىنىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نى كېچىدە ھەرگىز ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقنى كۆرمىدى.ھەتتا ياشانغاندا ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بولدى. ھەتتا رۇكۇنى ئىرادە قىلسا قوپۇپ ئوتتۇز ـ قىرىق ئايەت مىقدارى ئوقۇپ ئاندىن رۇكۇ قىلاتتى.

589ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىر رىۋايىتىدە: ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتتە شۇنداق قىلدى. ۋاقتىنكى نامازنى ئادا قىلىپ بولسا قارايدۇ. ئەگەر ئويغاق بولسام مەن بىلەن سۆزلىشىدۇ. ۋە ئەگەر ئۇخلاپ قالسام يېنىچە ياتىدۇ.

# تەھەججۇد كىتابى

## كېچىدە تەھەججۇد ئوقۇش توغرىسىدا

590ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ كېچىدىن قوپسا تەھەججۇد ئوقۇغىلى ئېيتار ئىدى: ‹‹اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ قَيِّمُ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ نُورُ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ مَلِكُ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ الْحَقُّ وَوَعْدُكَ الْحَقُّ وَلِقَاؤُكَ حَقٌّ وَقَوْلُكَ حَقٌّ وَالْجَنَّةُ حَقٌّ وَالنَّارُ حَقٌّ وَالنَّبِيُّونَ حَقٌّ وَمُحَمَّدٌ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَقٌّ وَالسَّاعَةُ حَقٌّ اللَّهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ وَبِكَ آمَنْتُ وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ وَبِكَ خَاصَمْتُ وَإِلَيْكَ حَاكَمْتُ فَاغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ أَوْ لَا إِلَهَ غَيْرُكَ››

## كېچىسى بىدار بولۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

591ـئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھاياتىدا بىر كىشى چۈش كۆرسە ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ غا قىسسە قىلىپ بېرەتتى. مەنمۇ چۈش كۆرۈپ رەسۇلۇللاھ ﷺ غا قىسسە قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ۋە مەن ياش ئوغۇل ئىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زامانلىرىدا مەسجىدتە ئۇخلايتتىم . ئۇيقۇدا ئىككى پەرىشتىنى كۆردۈمكى مېنى تۇتتى ۋە مېنى دوزاخقا ئېلىپ باردى.بىناگاھ ئۇ دوزاخ قۇدۇق يېپىلغاندەك يېپىقلىقدۇر. ۋە بىناگاھ ئۇنىڭغا ئىككى مۈڭگۈز بار ئۇنىڭدا نۇرغۇن خالايىقلار بار ئۇلارنى تونۇدۇم . ئاندىن ئاللاھ تائالادىن دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن دېيىشكە باشلىدىم. ئېيتتى: ئىبنى ئۆمەر بىزگە يەنە بىر پەرىشتە يولۇقۇپ ماڭا ئېيتتى: قورقما! بۇنى ھەفسەگە قىسسە قىلىپ بەردىم ئۇنى ھەفسە رەسۇلۇللاھ ﷺ

گە قىسسە قىلىپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئابدۇللاھ ناھايىتى ياخشى ئادەم ئەگەر كېچىدە ناماز ئوقۇسا . شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللاھ كېچىدە ناھايىتى ئاز ئۇخلايدىغان بولدى.

## كېسەل كىشىنىڭ كېچىدە بىدارلىقنى تەرك قىلىشى توغرىسىدا

592ـ جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئاغرىپ قىلىپ بىر – ئىككى كېچە بىدار بولالمىدى.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېچە نامىزىغا ۋە نەپلە نامازلارغا ۋاجىپ قىلماستىن تەرغىب قىلىشى توغرىسىدا

593ـ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى پاتىمەگە بىر كېچىدە كېلىپ ئېيتتى: ئايا ناماز ئوقۇمامسىزلەر؟ ئېيتتىم مەن : يا رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ جانلىرىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە . ۋاقتىكى بىزنى قوزغاشنى خالىسا قوزغايدۇ. (ئويغىتىدۇ ) بۇنى دېگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ياندى ۋە بىزگە قايتا بىر نەرسە دېمىدى . ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئاڭلىدىمكى ئارقىغا قايتىپ يوتىسىغا ئۇرۇپ ئېيتتىدۇ:‹‹ وَكَانَ الْإِنسَانُ أَكْثَرَ شَيْءٍ جَدَلًا ››{سۈرە كەھف 54ـ ئايەت} مەنىسى: (ئىنسان جېدەلچىراق بولدى)

594ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر ئەمەلنى قىلىشنى دوست تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇ ئەمەلنى تەرك قىلاتتى. ئۇنىڭغا خەلقلەر ئەمەل قىلسىلا ئۇلارغا پەرز بولۇپ قىلىشتىن قورقاتتى. ۋە چاشگاھ نامىزىنى ھەرگىز ئوقۇمىدى ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئوقۇيمەن.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىككى قەدىمى ئىششىپ كەتكىچە بىدار بولۇشلىرى توغرىسىدا

595ـ مۇغىرەتە بىننى شۇئبە ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىدار بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى ھەتتاكى ئىككى قەدەملىرى ياكى پاچاقلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا سۆز قىلىنار ئىدى. ئۇ ئېيتاتتى: ئايا شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟!

## سەھەر ۋاقتىدا ئۇخلاش توغرىسىدا

596ـ ئابدۇللاھ بىننى ئەمرى بىننى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ئېيتتى: ئاللاھ تائالاغا نامازنىڭ دوستراقى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدۇر. ئاللاھ تائالاغا روزىنىڭ دوستراغى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلايتتى . ۋە كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە بىدار بولاتتى. ۋە ئالتىدىن بىرىدە ئۇخلايتتى . ۋە بىر كۈن روزا تۇتاتتى. ۋە بىر كۈن ئېپتار قىلاتتى.

597ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺگە ئەمەلنىڭ دوستراغى دائىملىقىدۇر. ئائىشەدىن سورالدى. قاچان بىدار بولاتتى. ئىيتتى: توخۇ چىللىغان چاغدا بىدار بولاتتى.

598ـ ۋە بىر رىۋايىتىدە توخۇ چىللىسا قوپۇپ ناماز ئوقۇيتتى .

599ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايىتىدە ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نى سەھەر ئۇخلىغان ھالەتتىلا تاپتى.

## كېچە نامىزىدا ئۇزۇن قىيامدا تۇرۇش توغرىسىدا

600ـ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر كېچە ناماز ئوقۇدۇم، ھەمىشە بىدار بولدى ھەتتاكى يامان ئىشقا قەست قىلدىم. دىيىلدى نىمنى قەست قىلدىڭ . ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نى تەرك قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىشتى قەست قىلدىم.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامىزىنىڭ قانداقلىقى ۋە كېچىدىن قانچىلىك ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيدىغانلىقى توغرىسىدا

601ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺنىڭ كېچە نامازلىرى ى ئون ئۈچ رەكەت ئىدى.

602ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ كېچىدە ئون ئۈچ رەكەت ناماز ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن ۋىتىر ۋە بامداتنىڭ ئىككى رەكتى بار.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېچىنىڭ بىدارلىقى ۋە ئۇيقۇسى ۋە كېچە بىدارلىقىدىن مەنسۇخ بولغان نەرسە توغرىسىدا

603ـ ئەنەس ﷺ دىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئايدىن ئىپتار قىلار ئىدىكى ھەتتا ئۇ ئايدىن روزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ. دەپ گۇمان قىلاتتۇق. ۋە ئۇ ئايدا ئىپتار قىلمايدۇ دەپ گۇمان قىلغۇدەك روزا تۇتار ئىدى. ۋە كېچىسى ناماز ئوقۇۋاتقان كۆرۈشنى خالىساڭ ناماز ئوقۇۋاتقان كۆرەرسەن ۋە ئۇخلاۋاتقان كۆرۈشنى خالىساڭ ئۇخلاۋاتقان كۆرەرسەن .

## كېچىسى ناماز ئوقۇمىسا شەيتان گەجگىسىگە چىگىش چىگىدىغانلىقى توغرىسىدا

604ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىيتتى: شەيتان سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ گەجگىسىگە ئۇخلاۋاتقاندا ئۈچ چىگىش چىگىدۇ. ھەر بىر چىگىكىدە ئۇخلا كېچە ئۇزۇن دەپ چىگىدۇ. ۋاقتىكى ئويغىنىپ ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلسا بىر چىگىك يېشىلىدۇ . تاھارەت ئالسا بىر چىگىك يېشىلىدۇ . ئەگەر ناماز ئوقۇسا يەنە بىر چىگىك يېشىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن

ئۇ كىشى يېنىك نەپسى خوش تاڭ ئاتقۇزىدۇ . ۋە ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا نەپسى ئېغىر سۇس تاڭ ئاتقۇزىدۇ.

## ئۇخلاپ ناماز ئوقۇمىسا قۇلىقىغا شەيتان سىيدىغانلىقى توغرىسىدا

605ـ ئابدۇللاھ ﷺ دىن ئىبتتى: پەيغەمبەر ﷺ ھوزۇرىدا بىر كىشى زىكىر قىلىنىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلايدۇ نامازغا قوپمايدۇ دېيىلدى . ئىبتتى: شەيتان قۇلىقىغا سىيدى.

## كېچىنىڭ ئەۋۋەلىدە ئۇخلاپ ئاخىرىدا بىدار بولۇش توغرىسىدا

606ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : تەھقىق رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىبتتى: پەرۋەردىگارىمىز ھەر كېچىدە ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ ئىبتىدۇ: ماڭا كىم دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭغا ئىجابەت قىلىمەن. ماڭا كىم سوئال قىلىدۇ؟ ئۇنىڭغا ئاتا قىلىمەن. ماڭا كىم ئىستىغپار ئېيتىدۇ؟ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىمەن.

607ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كېچىدىكى نامىزى توغرىلىق سورالدى. ئىبتتى: كېچىنىڭ ئەۋۋەلىدە ئۇخلاپ ئاخىردا قوپۇپ ناماز ئوقۇيتتى . ئاندىن كۆرپىسىگە قايتار ئىدى. ۋاقتىكى مۇئەززىن ئەزان ئېيتسا سەكرەپ قوپار ئىدى. ئۇنىڭغا ھاجەت بولسا غۇسلى قىلار ئىدى. ئەگەر ھاجىتى بولمىسا تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە چىقاتتى.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ رامىزاندا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كېچىدە بىدار بولۇشى توغرىسىدا

608ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رامىزاندىكى نامازلىرىدىن سورالدى. ئىبتتى: پەيغەمبەر ﷺ رامىزاندا ۋە رامىزاننىڭ غەيرىدە ئون بىر رەكەتكە زىيادە قىلمىدى. تۆت رەكەت ئوقۇيدۇ ئۇنىڭ چىرايلىقلىغىدىن ۋە ئۇزۇنلىقىدىن سورىما . ئاندىن تۆت رەكەت ئوقۇيدۇ ئۇنىڭ چىرايلىق ۋە ئۇزۇنلۇقىدىن سورىما. ئاندىن ئۈچ رەكەت ئوقۇيدۇ. ئىبتتى: ئىبتتىم مەن : يا رەسۇلۇللاھ ۋىتىر ئوقۇشىنىڭ ئالدىدا ئۇخلامدىلا؟ ئىبتتى: ھەي ئائىشە ئىككى كۆزۈم ئۇخلايدۇ. ۋە دىلىم ئۇخلىمايدۇ.

## ئىبادەتتە قاتتىق تۇرۇشنىڭ مەكروھلىقى توغرىسىدا

609ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئىبتتى: پەيغەمبەر ﷺ كىردى. بىناگاھ ئىككى تۈرۈك ئارىسىدا سوزۇلغان ئارغامچا تۇرىدۇ. ئىبتتى: نېمە ئارغامچا بۇ ؟ ئىبتتىلەر: بۇ زەينەپنىڭ ئارغامچىسىدۇر . ۋاقتىكى بوشاپ سۇسلىشىپ قالسا ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئىبتتى: ئانداق قىلمىسۇن. ئۇنى يېشىۋېتىڭلار . ئەلۋەتتە بىرىڭلار چىچەن ھوشيار ۋاقتىدا ناماز ئوقۇسۇن. ۋاقتىكى بوشاپ قالسا ئولتۇرسۇن.

## كېچىدە بىدار بولىدىغان كىشىنىڭ بىدارلىقىنى تەرك قىلىشىنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا

610- ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ىبنىنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: ماڭا پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى : ھەي ئابدۇللاھ سەن پالانىدەك بولما! ئۇ كېچىدە بىدار بولاتتى. ئاندىن بىدار بولۇشنى تاشلىدى.

## كېچىدە بىدار بولۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

611- ئۇبادە ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: كىشىكى كېچىدىن ئويغىنىپ« لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ» دېسە ئاندىن «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي» دېسە ياكى دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىنىدۇ. ئەگەر تاھارەت ئالسا نامىزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

612- ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن ئېيتتى: ۋەھالەنكى قىسسە قىلىدۇ ۋە قىسسىلىرىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى زىكىر قىلىدۇ. بۇرادىرىڭلار رەپەس( بىھۇدە سۆزنى ) دېمەيدۇ . يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە دېمەكچى .

وَفِينَا رَسُولُ اللَّهِ يَتْلُو كِتَابَهُ      إِذَا انْشَقَّ مَعْرُوفٌ مِنْ الْفَجْرِ سَاطِعُ

ئىچىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئوقۇيدىغان رەسۇلۇللاھ بار تاڭ يورىغاندا

أَرَانَا الْهُدَى بَعْدَ الْعَمَى فَقُلُوبُنَا      بِهِ مُوقِنَاتٌ أَنَّ مَا قَالَ وَاقِعُ

بىزلەرگە كورلۇقتىن كېيىن ھىدايەتنى كۆرسەتتى دىلىمىز ئۇنىڭغا جەزمى بولىدۇ دەپ ئىشەنگۈچىدۇر .

يُجَافِي جَنْبَهُ عَنْ فِرَاشِهِ      إِذَا اسْتَثْقَلَتْ بِالْمُشْرِكِينَ الْمَضَاجِعُ

ئۇز كۆرپىسىدىن يېنىنى يىراق قىلغۇچىدۇر ، مۇشرىكلارغا ياتار ئورۇن دىشۋار بولغان ۋاقتىدا.

613- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانىسىدا گوياكى مەن قولۇمدا پارچە يىپەكنى كۆردۈم گوياكى مەن جەننەتتىن بىر ماكاننى ئىرادە قىلسام ئۇ يىپەك شۇ يەرگە ئۇچىدۇ. ۋە گويا ماڭا ئىككى كىشى كەلگەنلىكىنى كۆردۈم ۋە ھەدىسنىڭ قالغىنىنى زىكىر قىلدى. يۇقىردا 591- ھەدىستە ئۆتتى.

## نەپلە ناماز ئىككى رەكەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

614ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزلەرگە ھەممە ئىشتا ئىستىخارە قىلىشنى تەلىم بىرەتتى . قۇرئاندىن سۈرىنى تەلىم بەرگەندەك ئىيتار ئىدى. ۋاقتىكى بىرىڭلار بىر ئىشنى قەست قىلسا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن پەرز ئەمەس. ئاندىن ئىيتسۇن اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلَا أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلَا أَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ اللّٰهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هٰذَا الْأَمْرَ خَيْرٌ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي أَوْ قَالَ عَاجِلِ أَمْرِي وَآجِلِهِ فَاقْدُرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ وَإِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هٰذَا الْأَمْرَ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي أَوْ قَالَ فِي عَاجِلِ أَمْرِي وَآجِلِهِ فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِي الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ أَرْضِنِي ئىيتتى: ئاندىن ھاجىتىنى ئاتايدۇر.

## بامداتنىڭ ئىككى رەكتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش توغرىسىدا ۋە ئۇ ئىككى رەكەتنى نەپلە دەپ ئاتىغان كىشى توغرىسىدا

615ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى : پەيغەمبەر ﷺ نەپلىلەردىن بامداتنىڭ ئىككى رەكتىگە قاتتىق رىئايە قىلغاندەك بىر نەرسىگە رىئايە قىلمىدى.

## بامداتنىڭ ئىككى رەكتىدە ئوقۇلىدىغان نەرسە توغرىسىدا

616ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى : پەيغەمبەر ﷺ بامدات نامىزىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەكەتنى يەڭگىل ئوقۇيتتى . ھەتتا دەپ قالىمەن سۈرە پاتىھەنى ئوقۇدىمۇ ؟

## ئۆلكىدە (مۇقۇملۇق ھالەتتە) چاشگاھ ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

617ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى: ماڭا دوستۇم رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچ نەرسىگە ۋەسىيە قىلدى. ئۇنى ئۆلگۈچە تاشلىمايمەن. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، چاشگاھ نامىزى ئوقۇش، ۋە ۋىتىرنى ئوقۇپ ئۇخلاش.

## پىشىندىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكەت توغرىسىدا

618ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى : پەيغەمبەر ﷺ پىشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكەتنى ۋە بامداتتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەتنى تاشلىمايتتى. (يەنى تۆت رەكتىنى دائىم ئوقۇيتتى. ۋە بەزىدە ئىككى رەكەتكە قىسقارتاتتى.)

## شامدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

619ـئابدۇللاھ مۇزەنى ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: شامدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇڭلار. ئۈچىنچى قېتىمدا خالايىق سۈننەت قىلىۋېلىشنى مەكروھ كۆرگەن جەھەتدىن خالىغان كىشىگە – دېدى .

# مەككە ۋە مەدىنە مەسجىدىدىكى نامازنىڭ كىتابى

## مەككە ۋە مەدىنە مەسجىدىدىكى نامازنىڭ پەزىلىتى

620ـ ئەبۇ ھۇرەيرەﷺدىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئۈچ مەسجىدتىن باشقا مەسجىدگە يۈك ـ تاق تىڭشىلمايدۇ (سەپەر قىلىنمايدۇ) مەسجىدى ھەرامغا ، ۋە پەيغەمبەر مەسجىدىگە. ۋە مەسجىدى ئەقساغا.

621ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدىكى (مەدىنە مەسجىدىتىكى ) بىر ناماز ئۇنىڭ غەيرىدىكى مىڭ نامازدىن ئەۋزەلدۇر . لېكىن مەسجىدى ھەرەمدىن (ئەۋزەل ئەمەس)

## قۇبا مەسجىدى توغرىسىدا

622ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ چاشگاھ نامىزىنى ئىككى كۈندىن باشقا كۈندە ئوقۇمايتى. بىرى – مەككىگە كەلگەن كۈندە. ئۇ چاشگاھ ۋاقتى بىلەن مەككىگە قەدەم كەلتۈرەتتى. ئاندىن تاۋاپ قىلىپ ماقامى ئىبراھىم كەينىدە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى . ۋە يەنە بىرى مەسجىدى قۇباغا كەلگەن كۈنى. ئۇ ھەر شەنبە كۈنى مەسجىدى قۇباغا كېلەتتى . مەسجىدكە كىرسە چىقىپ كېتىشنى ناخۇش كۆرەتتى ھەتتاكى ناماز ئوقۇيتتى . ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاغلىق ۋە پىيادە زىيارەت قىلاتتى دەپ ھەدىس قىلاتتى. ۋە ئىبنى ئۆمەر نافىغا ئېيتار ئىدى: مەن ئەسھابلىرىمنىڭ قىلغانىنى كۆرگىنىمدەك قىلىمەن . كۈن چىقىشنى ۋە كۈن پېتىشنى قەست قىلمىساڭلار كېچە كۈندۈزنىڭ قايسى سائىتىنى خالىسا ناماز ئوقۇشتىن بىراۋنى توسمايمەن .

## قەبرە بىلەن مۇنبەرنىڭ ئارىلىقىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

623ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىم ئارلىقى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچەدۇر. ۋە مۇنبىرىم ھەۋزىم ئۈستىدەدۇر.

# نامازدا ئەمەل قىلىشنىڭ كىتابى

## نامازدا گەپ قىلىشتىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن ئىبىتتى: بىز پەيغەمبەر ﷺ گە نامازدا تۇرغانلىرىدا سالام قىلاتتۇق . بىزلەرگە جاۋاب سالام بىرەتتى. نەجاشىدىن قايتىپ كېلىپ سالام قىلساق جاۋاب قايتۇرمىدى. ۋە نامازدا مەشغۇلات بار دىدى .

625ـ زەيد بىننى ئەرقەم دىن بولغان رىۋايىتىدە ئىبىتتى: بىرىمىز ھەمراسىغا نامازدا تۇرۇپ گەپ قىلاتتى. ھەتتا نازىل بولدى. ‹‹حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ الْوُسْطَى وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ ››{سۈرە بەقەرە 238ـ ئايەت} شۇنىڭ بىلەن شۈك تۇرۇشقا بۇيرۇلدۇق. مەنىسى: (بەش) نامازلارنى بولۇپمۇ ناماز دىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىڭلار) ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار‹

## نامازدا ئۇششاق تاشنى سىلاش توغرىسىدا

626ـ مۇئەيقىب ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ سەجدە قىلىدىغان جاينى تۈزلەۋاتقان بىر كىشىگە ئىبىتتى: ئەگەر قىلساڭ بىر مەررە قىل!

## نامازدا تۇرغاندا ئۇلاق قېچىپ كېتىش توغرىسىدا

627ـ ئەبى بەرزەتەل ئەسلەمى ﷺ دىن : ئۇ بىر كۈنى جەڭدە ئۇلاغىنىڭ تىزگىننى قولىدا تۇتۇپ ناماز ئوقۇۋدى. ئۇلىقى ئۇنى تارتىدۇ ۋە ئۇ ئۇلىقىغا ئەگىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە بىر نەرسە دىيىلدى . ئۇ ئىبىتتى: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن يەتتە يا سەككىز قېتىم غازات قىلدىم ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاسان قىلغانلىقنى ئاشكارا كۆردۈم. ۋە مىنىڭ ئۇلۇغۇم بىلەن تارتىشقىنىم دوستراقدۇر ماڭا ئۇنى تاشلاپ قويسام ئۇنىڭ ھەلەپخانىسىغا كەتسە ماڭا مۇشەققەت بولغاندىن.

628ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: كۈن تۇتۇلۇش ھەدىسىنى زىكرى قىلدى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ﷺ ئىبىتتى: دوزاخ بەزىسى بەزىسىنى چاقىدۇ دىگەن سۆزدىن كىيىن : ئەمرى بىننى لۇھەينى دوزاختا كۆردۇم. ۋە ئۇ تۆگىلەرنى سائىبە (ۋەقفە. ئازاد تۆگە ) قىلغان ئادەم.

## نامازدا سالامغا جاۋاب بەرمەسلىك توغرىسىدا

629ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىبىتتى: مىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر ھاجەتكە ئەۋەتتى.ئۇنى ئادا قىلىپ بىرىپ كەلدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ غە كىلىپ سالام قىلدىم، ماڭا جاۋاب بەرمىدى. دىلىمغا ئاللاھ بىلۇر بىر نەرسە چۈشتى. ئىچىمدە ئىبىتتىم: ئۇمىدكى

مەن تەخىر قىلغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا رەسۇلۇللاھ خاپا بولدى. ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. ماڭا جاۋاب قايتۇرمىدى ۋە دىلىمغا ئاۋۋالقىدىن قاتتىقراق بىر نەرسە چۈشتى. ئاندىن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. ماڭا جاۋاب سالام قىلدى. ۋە ئېيتتى: مېنى ساڭا جاۋاب سالام قىلىشىمدىن شۇ نەرسە توستىكى مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم.ۋە تۆگىسى ئۈستىدە قىبلىدىن باشقا يەرگە يۈزلەنگەن ئىدى.

## نامازدا بەلگە تايىنىپ تۇرۇش توغرىسىدا

630ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بەلگە تايىنىپ ناماز ئوقۇشتىن توستى.

# سەجدە سەھۋەنىڭ كىتابى

## بەش رەكەت ئوقۇپ قويسا توغرىسىدا

631ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺدىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ پېشىنىنى بەش رەكەت ئوقۇدى . ئاندىن نامازدا زىيادە قىلىندىمۇ ؟دېيىلدى . ئېيتتى : نېمە بۇ ؟ ئېيتتى: بەش رەكەت ئوقۇدىلا. ئاندىن سالام بەرگەندىن كېيىن ئىككى سەجدە قىلدى.

## ناماز ئوقۇۋېتىپ گەپ قىلسا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىش ۋە قۇلاق سېلىش توغرىسىدا

632ـ ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسىردىن كېيىن ئىككى رەكەت نامازدىن نەھى قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم . ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆردۈم. ۋە مېنىڭ يېنىمدا نۇرغۇن ئەنسارى خوتۇنلار بار ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھقا دېدەكنى ئەۋەتتىم ۋە ئېيتتىم : ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئېيت: سىلىگە ئۇممۇ سەلىمە ئېيتىدۇ يا رەسۇلۇللاھ ئۆزلىرىنى ئاشۇ ئىككى رەكەت نامازدىن نەھى قىلغانلىرىنى ئاڭلىدىم. ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇ ئىككى رەكەتنى ئوقۇغانلىرىنى كۆردۈم. ئەگەر قولى بىلەن ئىشارەت قىلسا ئۇنىڭدىن تەخىر قىلغىن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى جارىيە ( دېدەك ) شۇنداق قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. جارىيە ئۇنىڭدىن تەخىر قىلدى. نامازدىن قايتقاندىن كېيىن ئېيتتى: ھەي ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ قىزى سەن ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكەتتىن سورىدىڭ. ۋە ماڭا ئابدۇل قەيسدىن كىشىلەر كەلدى. ئۇلار مېنى پېشىنىڭ ئىككى رەكىتىدىن مەشغۇل قىلدى شۇڭا ئۇ ناماز پېشىندىن كېيىنكى ئىككى رەكەتتۇر.

# جىنازا كىتابى

## بىر كىشىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى لَا اِلٰهَ اِلَّا اللهُ بولۇشى توغرىسىدا

633- ئەبۇ زەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ماڭا بىر كەلگۈچى خەۋەر قىلدى ياكى ئېيتتى: ماڭا بىشارەت بەردىكى ئۈممىتىمدىن ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. ئېيتتىم: ۋە ئەگەر زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ ؟ ئېيتتى: ۋە ئەگەر زىنا قىلسىمۇ ۋە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ .

634- ئابدۇللاھ ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : كىشىكى ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلسە دوزاخقا كىرىدۇ. ۋە مەن ئېيتتىم: كىشىكى ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ.

## جىنازىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

635- بەرا ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىزلەرنى يەتتە ئىشقا بۇيرۇدى . ۋە يەتتە ئىشتىن نەھى قىلدى. بىزلەرنى جىنازىگە ئەگىشىشكە، ئاغرىقنى يوقلاشقا، ۋە چاقىرغۇچىغا ئىجابەت قىلىشقا ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىشكە ، ۋە قەسەمگە ۋاپا قىلىشقا، ۋە جاۋاب سالام قىلىشقا، ۋە چۈشكۈرگۈچىگە جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇدى . ۋە بىزلەرنى كۈمۈش قاچىدىن ئالتۇن ئۈزۈكتىن ۋ يىپەكتىن، ۋە قىلىن يىپەكتىن ۋە بىر خىل ئەبرىشىمدىن، ۋە يەنە بىر خىل قىلىن ئەبرىشىمدىن نەھى قىلدى.

## مېيىتنى كېپەنگە سالغاندىن كېيىن قېشىغا كىرىش توغرىسىدا

636- ئۇممۇل ئەلا ئەنسارىلەردىن بولغان بىر خوتۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە بەيئەت قىلغان خوتۇنلاردىن ئىدى. ئېيتتى: ئەنسارىلەر مۇھاجىرلەرگە ئورۇن بېرىشكە چەك تاشلىدىلەر. بىزلەرگە ئوسمان بىننى مەزئون نېسىپ بولدى. ئۇنى ئۆيىمىزگە چۈشۈردۇق . ئۇ ۋاپات بولغان كېلىسنى ئاغرىدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ يۇيۇلۇپ ئۆز كىيىمگە كېپەنلەنگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ كىردى. ئاندىن ئېيتتىم: ھەي ئابا سائىب ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ساڭا بولسۇن مېنىڭ گۇۋاھلىقىم ساڭا ئاللاھ سېنى ئىكرام قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ئىكرام قىلغانلىقنى ساڭا نىمە بىلدۈردى ؟ ئېيتتىم : ئاتام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇن يا رەسۇلۇللاھ ئاللاھ كىمنى ئىكرام قىلىدۇ؟ ئېيتتى: ئاگاھ بولغىنكى ئۇنىڭغا ئۆلۈم كەلدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەنمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. قەسەم ئاللاھقا. مەن رەسۇلۇللاھمۇ ماڭا نىمە بولىدىغانلىقنى بىلمەيمەن. ئۇ خوتۇن ئېيتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەم ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ بىراۋنى پاك قىلمايمەن.

637- جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئاتام ۋاپات بولۇپ ئىدى ئاتامنىڭ يۈزىدىن كىيىمنى ئېچىپ يىغلايمەن ۋە ئۇلار مېنى يىغىدىن توسدۇلەر. ۋە پەيغەمبەر

ﷺ توسمايدۇ. ۋە ھامما ئاچام فاتىمەمۇ يىغلايدۇ. ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : يىغلا ياكى يىغلىما ھەمىشە سىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ كەتكۈچە پەرىشتە قاناتلىرى بىلەن سايە تاشلاپ تۇرىدۇلەر.

## مېيىت ئىگىلىرىگە ئۆزى ئۆلۈم خەۋىرىنى قىلغان كىشى توغرىسىدا

638ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن:نەجاشى ۋاپات قىلغان كۈنى پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى قىلدى. ھېيتگاھقا چىقىپ ئۇلارنى سەپ قىلىپ تۆت تەكبىر ئېيتىپ غايىبانە ناماز ئوقۇدى .

639ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ بايراقنى زەيد ئالدى مۇسىبەت يەتتى. ئاندىن بايراقنى جەئفەر ئالدى ئۇنىڭغا مۇسىبەت يەتتى. ئاندىن بايراقنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئالدى ئۇنىڭغا مۇسىبەت يەتتى. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكىدۇ. ئاندىن ئۇ بايراقنى بۇيرۇقسىز خالىد ئىبنى ۋەلىد ئالدى. ئاندىن ئۇنىڭغا پەتھى قىلىندى.

## بالىسى ئۆلۈپ قىلىپ ئۇنىڭغا ساۋاب ئۈمىد قىلغان كىشىنىڭ پەزلى توغرىسىدا

640ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺدىن ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ: بالاغەتكە يەتكەن ئۈچ بالىسى ۋاپات تاپقان كىشى بولسىلا ئاللاھ تائالا شۇ باللىرىگە بولغان پەزلى رەھمىتىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ .

## مېيىتنى تاغ يۇيۇش توغرىسىدا

641ـ ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: بىزلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ قىزلىرى ۋاپات تاپقاندا كىردى. ۋە ئېيتتى: ئۇنى ئۈچ ياكى بەش ياكى ئۇنىڭدىن كۆپراق يۇيۇڭلار. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسەڭلار سۇ بىلەن ۋە سىدرى (خۇشبۇي) دۇرا بىلەن ۋە ئاخىرىدا كافۇرنى قىلىڭلار. ياكى كافۇردىن بىر نەرسىنى قىلىڭلار. ۋاقتىكى يۇيۇشتىن پارىغ بولساڭلار. ماڭا ئىېلان قىلىڭلار. يۇيۇشتىن پارىغ بولۇپ ئۇنىڭغا ئىېلان قىلدۇق. ئاندىن بىزلەرگە ئىزارى (ئىشتاننى) بېرىپ ئېيتتى: ئۇنى ئۇنىڭغا ئىچ كۆينەك قىلىڭلار.

## مېيىتنى ئوڭ تەرەپ بىلەن يۇيۇش توغرىسىدا

642ـ ۋە بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: ئۇ قىزىنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ۋە ئۇ مېيتىنىڭ تاھارەت جايلىرى بىلەن باشلاڭلار. ئېيتتى ئۇممۇ ئەتىيە : ئۇنىڭ چېچىنى ئۈچ ئۆرۈم قىلىپ قويدۇق.

## كېپەننىڭ ئاق بولۇشى توغرىسىدا

643ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى يەمەندە توقۇلغان ئۈچ ئاق پاختا رەختكە كېپەنلەندى. كېپەنلىكدە قەمىس ( كۆينەك ) ۋە دەستار يوق.

## ئىككى كىيىمدە كېپەنلەش توغرىسىدا

644ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئەرەپاتتا تۇرۇپ ئۇلۇقدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۇلۇقى گەردىنىنى سۇندۇرۇۋەتتى . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۇنى سۇ ۋە سىدرى بىلەن يۇغىلار. ۋە ئۇنى ئىككى كىيىمدە كېپەنلەڭلار.ئۇنىڭغا ھۇنۇت( مۇرەككەپ خۇشبۇي) ئىشلەتمەڭلار. ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ياپماڭلار. چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى تەلبىيە ئېيتقان ھالدا تىرگۈزىلىدۇ.

## مېيتنى كېپەنلەش توغرىسىدا

645ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەندە ئوغلى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ماڭا كوينەكلىرنى بەرسىلە ئۇنىڭ بىلەن ئاتامنى كېپەنلەيمەن. ۋە ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇپ بەرسىلە ۋە ئۇنىڭغا ئىستىغپار ئېيتسىلا. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا كوينىكىنى بەردى. ۋە ماڭا ئېيلان قىل نامىزىنى ئوقۇپ بېرەي دېدى . ئاندىن ئېلان قىلدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇشنى ئىرادە قىلىپ ئىدى، ئۆمەر ﷺ تارتىپ ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىنى مۇناپىقلارغا ناماز ئوقۇشتىن نەھى قىلمىدىمۇ ؟ دېدى . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مەن ئىككى ئىختىيارنىڭ ئوتتۇرىسىدا . ئېيتتى ئاللاھ تائالا ‹‹ اسْتَغْفِرْ لَهُمْ أَوْ لَا تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ إِن تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ سَبْعِينَ مَرَّةً فَلَن يَغْفِرَ اللَّهُ لَهُمْ›› {سۈرە تەۋبە 80ـ ئايەت }

يەنى ئۇلارغا ئىستىغپار ئېيت ياكى ئېيتما ئۇلارغا باراۋەردۇر. ئەگەر ئۇلارغا يەتمىش مەررە ئىستىغپار ئېيتساڭمۇ ئاللاھ تائالا ھەرگىز ئۇلاغا مەغپىرەت قىلمايدۇ) ئاندىن ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇۋېدى بۇ ئايەت چۈشتى. ‹‹ وَلَا تُصَلِّ عَلَىٰ أَحَدٍ مِّنْهُم مَّاتَ أَبَدًا ›› (يەنى ئۇلاردىن ئۆلگەن ھېچبىرىگە ناماز ئوقۇمىغىن .)

646ـ جابىر ﷺدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي غە دەپنى قىلىنغاندىن كېيىن كەلدى ۋە ئۇنى قەبرىسىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۈكۈرۈكدىن پۈۋلىدى. ۋە ئۇنىڭغا كوينەكىنى كەيدۈردى.

## بېشغا ياكى ئىككى قەدىمدىن باشقا يەرگە يېتىدىغان كېپەنلىك بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن باشنى يېپىش توغرىسىدا

647ـ خەبباب ﷛ دىن ئېيتتى: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ جەڭ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەجرىمىز ئاللاھ تائالاغا ۋاقى بولدى. ۋە بىزدىن بەزىمىز ئۇ ئەجرىسىدىن ھېچنىمە يېمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير بار. ۋە بەزىلىرىمىزگە مېۋىسى پىشىپ ئۇنى ئىرغىتىپ يەۋاتىدۇ. مۇسئەب ئۇھۇد جېڭىدە شەھىد بولدى. ئۇنى بىر كىيىمدىن باشقا كېپەنلەيدىغان نەرسە تاپالمىدۇق.ئۇنىڭ بېشىنى ياپساق ئىككى پۇتى ئۇچۇق قالدۇ. ۋە ئىككى پۇتىنى ياپساق بېشى ئۇچۇق قالدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بېشىنى يېپىشىمىزغا ۋە ئىككى پۇتىغا ئىزخىرنى قىلىشىمىزغا بۇيرۇدى .

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىدا كېپەنلىك تەييارلاپ قويغان كىشىگە ئىنكار قىلمىغانلىقى توغرىسىدا

648ـ سەھل ﷛ دىن ئېيتتى: بىر خوتۇن پەيغەمبەر ﷺ غا قىرغىقى توقۇلغان بىر بۇردەنى كەلتۈردى. بىلەمسىزلەر بۇردە دېگەن نېمىدۇر ؟ ئېيتتىلەر : شەملە( يۇڭ كىيىم) ئېيتتى: ھەئە ئۇ خوتۇن ئېيتتى: ئۆز قولۇم بىلەن توقۇپ ئۆزلىرىگە كەيدۈرگىلى ئەكەلدىم . ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ ئېھتىياجلىق ھالدا تۇتتى. ئاندىن بىزلەرگە چىقتى. ئۇ ئىزارى( ئىشتىنى) ئىدى. بىر كىشى ئۇنى ناھايىتى چىرايلىق كۆردى ـدە ئېيتتى: ماڭا ئۇنى كىيىملىك قىلىپ بەرسىلە ئۇ نېمىدېگەن چىرايلىق ھە دېدى . ئاندىن قەۋملەر ئېيتتى: ئۇنىڭغا ياخشى قىلمىدىڭ. ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ ئېھتىياجلىق ھالدا كىيدى . ئاندىن سەن ئۇنى سورىدىڭ ۋە قورۇق ياندۇرمايدىغانلىقىنى بىلدىڭ. ئۇ كىشى ئېيتتى: مەن ئۇنى كىيگىلى سورىمىدىم. پەقەت ئۇنى كېپەن بولارمىكىن دەپ سورىدىم. ئېيتتى سەھل : ئاندىن ئۇ كىيىم ئۇنىڭ كېپەنلىكى بولدى.

## خاتۇنلەرنىڭ جىنازىگە ئەگىشىشى توغرىسىدا

649ـ ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى: بىز خوتۇنلار جىنازىگە ئەگىشىشدىن نەھى قىلىندۇق. ۋە نەھى بىزلەرگە تەكىتلەنمىدى.

## خوتۇن كىشىنىڭ ئېرىگە قارىلىق تۇتۇشى توغرىسىدا

650ـئۇممۇ ھەبىبە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ: ئاللاھ تائالاغا قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگە خوتۇن كىشىنىڭ ۋاپات بولغان ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتۇشدىن باشقا ھېچقانداق مېيىتغا ئۈچ كۈندىن يۇقىرى قارىلىق تۇتۇش ھالال بولمايدۇ.

## قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدا

651ـئەنەس ىبنىي مالىك ﷺ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەرﷺ بىر قەبرىدە يىغلاۋاتقان بىر خوتۇنغا ئۆتۈپ ئاللاھ تائالاغا پەرھىزكار بول ۋە سەبرى قىل ـ دېدى . ئۇ خوتۇن ـ يىراق بول سەن مېنىڭ مۇسىبىتىمدەك مۇسىبەتلىك بولمىدىڭ ـ دېدى . ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تونۇمىدى . ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىلدى : ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ دۇر . ئۇ خوتۇن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىشىكىگە كەلدى ئىشىكىدە دەرۋازىۋەننى تاپمىدى. ئاندىن ئۆزلىرىنى تونۇماپتىمەن دېدى . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: سەبرى تۇنجى مۇسىبەت يەتكەندە بولىدۇ.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ‹‹مېيىتغا تۇغقانلىرىنىڭ بەزى يىغىسى بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ ئەگەر يىغلاش مېيىتنىڭ ئادىتى بولسا ›› دېگەن سۆزى توغرىسىدا

652ـ ئۇسامەتە بىننى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىزىنىڭ ئوغلى (نەۋرىسى ) ۋاپات بولۇش ئالدىدا رەسۇلۇللاھقا كەلسۇن دەپ ئادەم ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ سالام يوللاپ ئالغىنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەرگىنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭدۇر. ۋە ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالا دەرگاھىدا توختاملىق ئەجەل بىلەندۇر. ئۇ قىزىم سەبىر قىلسۇن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇ قىزى قەسەم قىلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەلۋەتتە كەلسۇن دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە سەئىد ئىبنى ئۇبادە ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە زەيد ئىبنى سابىت ۋە بىر قانچە كىشىلەر باردىلەر. ۋە بالىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كۆتۈرۈلدى . ۋەھالەنكى ئۇ نارەسىدىنىڭ نەپسلىرى ئۈرۈپ تىنىپ تۇرىدۇ. ئېيتتى راۋى : ئۇسامىنى گۇمان قىلدىمكى گويا ئۇنىڭ نەپسى كونا قۇرۇق تۇلۇمدەك دېدى . شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىككى كۆزى ياشلاندى. سەئىد ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ نىمە بۇ ؟ ئېيتتى: بۇ رەھمەتدۇركى ئۇنى ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ دىلىدە قىلدى. ۋە پەقەت ئاللا تائالا بەندىلىرىدىن رەھمە قىلغۇچىلەرگە رەھمە قىلىدۇ.

653ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىزىنىڭ دەپنىسگە ھازىر بولدۇق. ئېيتتى ئەنەس : ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئېيتتى ئەنەس : ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىككى كۆزى ياشلانغانىنى كۆردۈم. ئېيتتى ئەنەس: ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئايا ئىچىڭلاردا بۈگۈن كېچە ئەھلىگە كەلمىگەن كىشى بارمۇ؟ ئېيتتى ئەبۇ تەلھە: مەن كەلمىدىم. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : سەن ئۇنىڭ قەبرىسگە چۈشكىل.

654ـئۆمەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : مېيىت ئەھلىنىڭ يىغىسى بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ. بۇ خەۋەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا يەتتى. ئۆمەر ﷺ ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ئائىشە ﷺ ئېيتتى. ئاللاھ تائالا ئۆمەرگە رەھمە قىلسۇن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۆمىنگە ئەھلىنىڭ بەزى يىغىسى بىلەن ئازاب قىلىدۇ دەپ ھەدىس قىلمىدى. ۋە لېكىن ئېيتتى: كاپىرغا ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ يىغىسى بىلەن ئاللاھ تائالا ئازابىنى زىيادە قىلىدۇ. ئېيتتى ئائىشە

رەزىيەللاھۇ ئەنھا كۇپايەگلار قۇرئاندۇر. ‹‹ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى ›› ﴿سۈرە ئىسرا 15ـ ئايەت﴾ مەنىسى: «بىر گۇناھكار نەپسى يەنى گۇناھكار نەپسنىڭ گۇناھنى كۆتۈرمەيدۇ” .

655ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئەھلى يىغلاۋاتقان يەھۇدىي خوتۇنغا ئوتتى.ۋە ئىيتتى: ئۇلار ئۇ يەھۇدىي خوتۇنغا يىغلاۋاتىدۇلەر ۋە ئۇ يەھۇدىي خوتۇن قەبرىسدە ئازاب قىلىنىۋاتىدۇ.

## مىيتگە يىغلاشتىن مەكروھ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

656ـ مۇغىرەﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئىيتىدۇ: ماڭا قىلغان يالغانچىلىق باشقا بىرسىگە قىلغان يالغانچىلىققا ئوخشاش ئەمەسدۇر. كىشىكى ماڭا قەستەن يالغان ئىيتسا ئورننى دوزاختىن تەييارلىسۇن. رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئىيتىدۇ : بىر كىشىگە ( بىر نەرسە دەپ ) يىغلانسا ئۇنىڭغا يىغلانغان نەرسە بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ.

## يۇزلىرىگە ئۇرغان كىشى بىزدىن ئەمەسلىكى توغرىسىدا

657ـ ئابدۇللاھ ﷺ دىن ئىيتتى: ئىيتتى پەيغەمبەر ﷺ يۇزلىرىگە ئۇرغان ۋە ياقىلارنى يىرتقان ۋە جاھىلىيەت دەۋاسىنى چاقىرغان كىشى بىزدىن ئەمەس( يەنى ئەھلى سۈننەتدىن ئەمەس)

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەئىد بىننى خەۋلەگە مەرسىيە قىلغىنى ( غەمكىن بولۇپ ئىچ ئاغرىتقىنى ) توغرىسىدا

658ـ سەئىد بىننى ئەبى ۋەققاس ﷺ ئىيتتى: ھەججەتۇل ۋىدا يىلى پەيغەمبەر ﷺ مىنى قاتتىق ئاغرىغىمىدىن يوقلايتتى . ئىيتتىم: ماڭا ئۆزلرى كۆرۈۋاتقان مۇشۇ كىسەل يەتتى. ۋە مەن كۆپ مال ئىگىسى. ماڭا قىزىمدىن باشقا ھىچكىم ۋارىس بولالمايدۇ. ئايا مىلىمنىڭ ئۇچتىن ئىككىسىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ ئىيتتى: ياق . ئىيتتىم: يېرىمنى سەدىقە قىلايمۇ ؟ ئىيتتى: ياق . ئاندىن ئىيتتى: ئۇچتىن بىرىنى ۋە ئۇچتىن بىرىمۇ چوڭدۇر ياكى كۆپدۇر. ۋارىسلىرىڭنى باي قالدۇرغىنىڭ ئۇلارنى پېقىر قىلىپ خەلقنىڭ قولىغا قارايدىغان قىلىپ قالدۇرغىنىڭدىن ياخشىراقتۇر . ۋە سەن ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى تەلەپ قىلىپ قىلغانلا نەپىقەڭگە ئەجىر ساۋاب بىرىلىسەن. ھەتتاكى خوتۇنىنىڭ ئاغزىغا سىلىپ قويغان نەرسەڭگىمۇ ئەجىر بىرىلىسەن ئىيتتىم : يا رەسۇلۇللاھ مەن يارەنلىرىمدىن كىيىن قالدۇرۇلىمەنمۇ؟ ( يەنى ئۆمرۈم ئۇزۇن بولامدۇ ) ئىيتتى رەسۇلۇللاھﷺ ھەرگىز كىيىن قالدۇرۇلۇپ بىر ياخشى ئەمەل قىلساڭلار ئۇ ئەمەل بىلەن دەرىجە ۋە ياخشىلىق جەھەتدىن زىيادە بولىسەن . ئاندىن ئۇمىدكى سەن كىيىن قالدۇرۇلسەن ھەتتا سەن بىلەن نۇرغۇن قەۋم مەنپەئەت ئالىدۇ. ۋە نۇرغۇن قەۋم زەرەر تارتىدۇ. ئەي ئاللاھ ئەسھابلىرىمغا ئۇلارنىڭ ھىجرىتىنى تامام قىلغىل. ۋە ئۇلارنى ئارقىسىغا

قايتۇرمىغىن . لېكىن زەرەر تارتقۇچى بىچارە سەئىد بىننى خەۋلە. ئۇنىڭغا ئۇ مەككىدە ۋاپات تاپقانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئىچى ئاغرىپ غەمكىن بولدى.

## مۇسىبەتتە باش چۈشۈرۈشتىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

659ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن : ئۇ قاتتىق ئاغرىپ ھوشىدىن كەتتى. ۋەھال ئۇلكى بېشى خوتۇنىنىڭ قۇچىغىدادۇر. ئۇ خوتۇن يىغلىدى. ئۇ ئەبۇ موسا خوتۇنىغا گەپ قىلىشقا قادىر بولالمىدى. ھوشىغا كەلگەندە ئېيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزار بولغان نەرسىدىن بىزاردۇرمەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاۋازنى كۆتۈرۈپ يىغلىغۇچى خوتۇندىن ۋە چاچلىرىنى چۈشۈرگۈچى خوتۇندىن ۋە كىيىملىرىنى يىرتقۇچى خوتۇندىن بىزار بولدى. (مۇسىبەتتە)

## مۇسىبەتتە غەمكىنلىكى تونۇلىدىغان ھالدا ئولتۇرغان كىشى توغرىسىدا

660 – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ زەيد بىننى ھارىسە ۋە جەئفەر ۋە ئابدۇللاھ بىننى رەۋاھەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن خەۋرى كەلگەندە ئۇنىڭدا غەمكىنلىك تونۇلغان ھالدا ئولتۇردى. ۋە مەن ئىشىكنىڭ يۇرۇغىدىن قاراپ تۇرىمەن. شۇ ئارىدا بىر كىشى كېلىپ ئېيتتى: جەئفەرنىڭ خوتۇنلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ يىغلىرىنى زىكرى قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ خوتۇنلارنى نەھى قىلىشقا بۇيرۇدى . ئۇ كېتىپ يەنە ئىككىنچى يېنىپ كېلىپ ئۇ خوتۇنلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغانلىقنى ئېيتتى: ئېيتتى: ئۇلارنى نەھى قىل . ئاندىن ئۈچىنچى بارە كېلىپ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇلار بىزلەرگە غالىب بولدى- دېدى . ئاندىن گۇمان قىلدىمكى : ئۇلارنىڭ ئاغزىغا توپا چاچقىل دېدى.

## مۇسىبەتتە غەمكىنلىكىنى ئاشكارا قىلمىغان كىشى توغرىسىدا

661ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: ئەبۇ تەلھەنىڭ بىر ئوغلى ۋاپات بولدى ۋە ئەبۇ تەلھە سىرتىدا تالا تۈزدە ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇ بالىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ تەييارلىق قىلدى ۋە ئۇ بالىنى ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە يېپىپ قويدى. ئەبۇ تەلھە كېلىپ ئوغۇل قانداق ؟دېدى . خوتۇنى ئېيتتى: نەپسى جىم بولدى. ئارام ئالدى دەپ ئويلايمەن. ئاندىن ياتتى يەنى جىما قىلدى. تاڭ ئاتقاندا غۇسلى قىلىپ مەسجىدكە چىقىشنى ئىرادە قىلغاندا ئۇ بالىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقنى ئېرىگە ئۇقتۇردى . پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ناماز ئوقۇپ ئىككىسىدىن بولغان ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھ ﷺ غا خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۈمىدكى ئاللاھ تائالا ئىككىڭلارنىڭ كېچەڭلارنى مۇبارەك قىلغۇر. ئەنسارىدىن بىر كىشى ئېيتتى: ئەبۇ تەلھەنىڭ توققۇز بالىسىنى كۆردۈمكى ھەممىسى قۇرئان ئوقۇيدىلەر.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىز ساڭا غەمكىندۇرمىز دېگەن سۆزى توغرىسىدا

662ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەبۇ سەيف قەين (تۆمۈرچى ) نىڭ قېشىغا كىردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىمىك ئاتىسى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىبراھىمنى ئېلىپ سۆيدى ۋە پۇرىدى. ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا بۇنىڭدىن كېيىن كىردۇق،ۋەھالەنكى ئۇ ئىبراھىمنىڭ جانلىرى ساخاۋەت قىلىۋاتىدۇ. ( سەكراتتا ئۇرۇپ تىنىپ تۇرىدۇ) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ئېيتتى: ۋە ئۆزلىرى يا رەسۇلۇللاھ . ئېيتتى: ھەي ئىبنى ئەۋف بۇ ياش رەھمەتتۇر. ئاندىن يەنە بىر ياش تۆكتى ۋە ئېيتتى: كۆز ياش تۆكىدۇ. ۋە دىل غەمكىن بولىدۇ ۋە ئېيتمايمىز . لېكىن ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدۇرىدىغان نەرسىنى ئېيتىمىز. ۋە بىز ئى ئىبراھىم سىنىڭ پىراقىڭغا غەمكىندۇرمىز.

## كېسەل كىشىنىڭ يېنىدا يىغلاش توغرىسىدا

663ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ﷺ دىن ئېيتتى: سەئىد ئىبنى ئۇبادە قاتتىق ئاغرىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ۋە سەئىد ئىبنى ۋەققاس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن يوقلاپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا كىرىپ بالا-چاقىللىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولۇشۇۋالغانلىقىنى تاپتى. ئاندىن قەبزى روھ بولدىمۇ ؟ دەپ سورىدى. ئۇلار ياق يا رەسۇلۇللاھ دېدى . پەيغەمبەر ﷺ يىغلىدى. قەۋملەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يىغىسىنى يىغلاشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئايا ئاڭلىمىدىڭلارمۇ ئاللاھ تائالا كۆز يېشى بىلەن ۋە دىلنىڭ غەمكىنلىكى بىلەن ئازاب قىلمايدۇ. ۋەلېكىن مۇشۇنىڭ بىلەن ئازاب قىلىدۇ ياكى رەھىم قىلىدۇ دەپ تىلىغا ئىشارەت قىلدى. ۋە مېيت ئۆز ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا يىغلىشى بىلەن ئازابلىنىدۇ .

## ئاۋاز بىلەن يىغلاشدىن ۋە يىغلاشتىن توسۇش توغرىسىدا

664ـ ئۇممە ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىزلەردىن بەيئەت قىلغان ۋاقتىمىزدا ئاۋاز بىلەن يىغلىماسلىقىمىزغا ئەھدى ئالدى. بۇ ئەھدىگە بەش خوتۇندىن باشقىسى ۋاپا قىلمىدى. ئۇممۇ سۇلەيم ، ئۇممۇل ئەلا، ۋە ئەبۇ سەبرەنىڭ قىزى ۋە يەنە ئىككى خوتۇن . ياكى ئەبى سەبرەنىڭ قىزى ۋە مۇئازنىڭ خوتۇنى ۋە يەنە بىر خوتۇن .

## جىنازىگە قوپۇش توغرىسىدا

665ـ ئامىر ئىبنى رەبىئە ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: بىرىڭلار جىنازا (مېيتنى) كۆرسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭمىسا ئارقىدا قېلىپ مېيت ئۆتۈپ كەتكىچە ياكى مېيت ئارقىدا قېلىپ ئۇ كىشى ئىلگىرىلەپ كەتكىچە ئۆرە قوپۇپ تۇرسۇن. ياكى مېيت ئارقىداپ قىلىشىدىن ئىلگىرى جىنازىنى يەرگە قويۇلغىچە ئۆرە قوپۇپ تۇرسۇن.

## جىنازا (مىيت) گە قوپسا قاچا ئۇلتۇرۇشى توغرىسىدا

666ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : ئۇ مەرۋاننىڭ قولىنى تۇتتى ۋە ئۇ ئىككىسى جىنازىنىڭ قېشىدا ئىدى. ئاندىن بۇلار جىنازا يەرگە قويۇلۇشتىن ئىلگىرى ئولتۇردى. ئاندىن ئەبۇ سەئىد كېلىپ مەرۋاننىڭ قولىنى تۇتۇپ قوپقىل ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ ئەبۇ ھۇرەيرە بىلىدىكى پەيغەمبەر ﷺ بۇنىڭدىن بىزنى نەھى قىلدى. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ ئېيتتى : ئۇ راست ئېيتتى.

## يەھۇدىينىڭ جىنازىسىگە قوپۇش توغرىسىدا

667ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: بىزلەرگە بىر جىنازا ئۆتۈۋىدى پەيغەمبەر ﷺ قوپتى ۋە بىزمۇ قوپتۇق. ۋە ئېيتتۇق يا رەسۇلۇللاھ ئۇ يەھۇدىينىڭ جىنازىسىدۇر. ئېيتتى: ۋاقتىكى جىنازىنى كۆرسەڭلار قوپۇڭلار.

## جىنازىنى ئەرلەرنىڭلار كۆتۈرۈشى ۋە ئاياللارنىڭ كۆتەرمەسلىگى توغرىسىدا

668ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: مىيتنى جىنازىگە قويۇلۇپ ئۇنى ئەرلەر مۇرىلەردە كۆتۈرسە ، ئەگەر ئۇ ياخشى سالىھ بولسا مېنى ئىلگىرى ئېلىپ بېرىڭلار (ساۋابىم ۋە ياخشى ئەمەلىمگە) دەيدۇ. ۋە ئەگەر ئۇ مېيت ياخشى بولمىسا ئۇ مىيتگە ۋاي نەگە ئېلىپ بارىسىلەر ئۇ مېيىتنى ـ دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنساندىن باشقا ھەممە نەرسە ئاڭلايدۇ. ئەگەر ئاۋازىنى ئىنسان ئاڭلىسا بىھوش بولىدۇ.

## جىنازىنى ئىتتىك ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

669ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: جىنازىنى تېز (قەبرىستانلىققا ) ئىلىپ بېرىڭلار. ئەگەر ئۇ ياخشى مىيت بولسا ئۇنى قەبرىدىكى ياخشىلىققا تەقدىم قىلىدىڭلار. ۋە ئەگەر ئۇنداق بولمىسا يامانلىقنى گەردىنىڭلاردىن قويدۇڭلار.

## جىنازىگە ئەگىشىپ بېرىش توغرىسىدا

670 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇنىڭغا دېيىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتىدۇ: كېشىكى جىنازىگە ئەگەشسە ( قەبرىگە بارسا) ئۇ كىشىگە بىر قىرات ساۋاب بولىدۇ. ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى : ئەبۇ ھۇرەيرە بىزلەرگە تولا ھەدىس قىلدى. ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ بۇ ھەدىسنى قىلغانلىقىغا تەستىق قىلىپ ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇ ھەدىسنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم . (بىر قىرات ساۋاب بولىدىغان ھەدىسنى ). ئاندىن ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى : بىز ناھايىتى كۆپ قىرات زىيادە ھاسىل قىلدۇق. ( يەنى جىنازىگە ۋە دەپنىگە كۆپ بىرىپ نۇرغۇن ساۋاب ھاسىل قىلدۇق)

## قەبرىستانلىقتا مەسجىد سېلىشنىڭ مەكرۇھلىغى توغرىسىدا

671- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن: ئۆزىنىڭ ۋاپات بولىدىغان كېسەللىرىدە ئېيتتى: ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا لەنەت قىلدى. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدىلەر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ئەگەر ئاشۇنداق بولمىسا ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەبرىسىنى ئوچۇق ئاشكارا قىلار ئىدىلەر. شۇنىڭسىزكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى مەسجىد قىلىنىشتىن قورقىمەن.( تامنىڭ ئىچىگە ئالماستىن ئاشكار قىلار ئىدىلەر ھازىر ئىھاتىگە ئېلىنغان بولۇپ ھېچكىمگە قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇش ھاسىل بولمايدۇ.)

## نىپاسىدا ۋاپات بولغان ئايالغا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

672- سەمۇرە بىننى جۇندۇب ﷺدىن ئېيتتى: نىپاسىدا ئۆلگەن بىر خوتۇننىڭ نامىزىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇدۇم. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ خوتۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ( بېلىنىڭ ئوتتۇرىدا ) تۇردى.

## جىنازىگە سۈرە پاتىھەنى ئوقۇش توغرىسىدا

673- ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ جىنازىگە نامىز ئوقۇپ سۈرە پاتىھەنى قىرائەت قىلدى. ۋە ئېيتتى: بىلگەيلەركى سۈرە پاتىھەنى (جىنازا نامىزىدا ) ئوقۇش سۈننەتدۇر.

## مېيت (قەبرىدە ) كەشلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغانلىغى توغرىسىدا

674- ئەنەس ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: بىر بەندە قەبرىسىدە قويۇلۇپ مېيت ئىگىلىرى يانسا ھەتتا ئۇ مېيت ئۇلارنىڭ ئاياقلىرىنىڭ تاۋۇشىنى ئاڭلايدۇ. ئىككى پەرىشتە كېلىپ مېيتنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ: ماۋۇ كىشىنى يەنى مۇھەممەد ﷺ ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ ئۇ بەندە ئېيتىدۇ: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر. دېيىلىدۇ : سېنىڭ دوزاختىكى ئورنۇڭغا قارا ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : ئۇ بەندە دوزاخ ۋە جەننەت ھەر ئىككىلىسىنى كۆرىدۇ . ۋە ئەمما كاپىر يا مۇناپىق ئېيتىدۇ: بىلمەيمەن خالايىق نېمە دېسە شۇنى دەپ يۈرگەن ئىدىم. ئاندىن دېيىلىدۇ . بىلمەيتتىڭ ۋە قۇرئاننى ئوقۇمايتتىڭ . ۋە رەسۇلۇللاھقا ئەگەشمەيتتىڭ. ئاندىن تومۇر توقماق بىلەن ئىككى قۇلاقنىڭ ئارىسىغا ئۇرۇلىدۇ. ۋە بىر ئاۋاز قىلىدۇكى ئۇ ئاۋازنى ئىنسان ۋە جىندىن باشقا ھەممە يېقىندىكىلەر ئاڭلايدۇ.

## بەيتۇلمۇقەددەس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلارغا (ئىككى ھەرەمدەك) دەپنى قىلىنىشى ياخشى كۆرۈش توغرىسىدا

675ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى: مەلەكۇل مەۋت ( ئەزرائىل ) نى موسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلدى. جان ئېلىش ئۈچۈن موسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىدى، موسا ئەلەيھىسسالام ئەزرائىلنىڭ يۈز كۆزىگە ئۇرۇپ كۆزىنى چىقىرۋاتتى. ئەزرائىل ئاللاھ تائالانىڭ قېشىغا قايتىپ بىرىپ مىنى ئۆلۈمنى خالىمايدىغان بەندەڭگە ئەۋەتىپسەن دىدى . ئاللاھ تائالا كۆزنى جايىغا قايتۇردى. ۋە ئىيتتى: قايتىپ ئۇنىڭغا ئىيت: ئۇ كالىنىڭ ئۈچىسىغا قولىنى قويسۇن ئۇنىڭ قولى ياپقان ھەر بىر موينىڭ باراۋىرىدە بىر يىللىق ئۆمۈر بىرىلدى . موسا ئەلەيھىسسالام ئىيتتى: يا رەب ئاندىن نىمە بار ؟ ئاللاھ تائالا ئىيتتى : ئاندىن ئۆلۈم بار ئىيتتى موسا ئەلەيھىسسالام ھازىرلا قەبزى قىلغىل موسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە بىر تاش ئېتىم مىقدارى يېقىن قىلىشنى سورىدى. ئىيتتى ئەبۇ ھۇرەيرە ئىيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئەگەر مەن شۇ يەردە بولسام ئەلۋەتتە سىلەرگە ئۇنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتەر ئىدىم. يول ياقىسىدىكى قىزىل قۇم دۆڭىدە.

## شەھىدگە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

676ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد شەھىدلەردىن ئىككى كىشىنى بىر كىيىمدە جەمئي قىلاتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپراق تەلىم ئالغان دەپ سورايتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرسىگە ئىشارەت قىلىنسا ئۇنى ئالدىدا لەھەتكە (قەبرىگە ) ئەكىرەتتى. ۋە مەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنى گۇۋاھدۇرمەن دەيتتى . ۋە ئۇلارنى ئۆز خۇنلىرى بىلەن دەپنى قىلىشقا بۇيرۇدى . ۋە ئۇلارنى سۇغا ئالمىدىلەر ۋە ئۇلارغا ناماز ئوقۇمىدى.

## نارەسىدە بالا مۇسۇلمان بولسا ئاندىن ئۆلسە ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇلامدۇ توغرىسىدا ۋە نارەسىدە بالىغا ئىسلام توغرا قىلىنامدۇ؟ توغرىسىدا

677ـ ئوقبەتە بىننى ئامىر ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ بىر كۈنى چىقىپ ئۇھۇد شەھىدلىرىگە مىيت نامىزى ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇدى . ئاندىن مۇنبەرگە قايتتى. ئىيتتى: مەن سىلەردىن ئىلگىرى (ئاخىرەتكە ) بارغۇچىدۇرمەن. ۋە مەن سىلەرگە گۇۋاھدۇرمەن. ۋە مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەلۋەتتە ھازىر ھەۋزى كەۋسەرنىمگە[30] قاراپ تۇرغۇچىدۇرمەن. ۋە مەن زېمىن خەزىنە ئاچقۇچلىرىنى ئاتا قىلىندىم. ۋە مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن سىلەرنىڭ مۇشرىك بولۇپ

[30] رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بېرىلگەن ئۈممەتلەرنى سىراپ قىلىدىغان ھەۋزى كەۋسەردۇر.

كېتىشكەنلاردىن ئەندىشە قىلمايمەن. ۋە لېكىن سىلەرنىڭ دۇنياغا رىغبەت ( قىزىقىپ) بېرىلىپ كېتىشكەنلاردىن قورقىمەن.

678ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئۆمەر ؓ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر مۇنچە جامائەت ئىچىدە ئىبنى سەييياد تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ھەتتا ئۇنى بەنى مۇغالە سېپىلى ئىچىدە ئۇششاق بالىلار بىلەن ئويناۋاتقانلىقىنى تاپتىلەر. ۋە ئىبنى سەييياد بالاغەتكە يېقىن بولغان ئىدى. ئۇ تۇيمىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ ئېيتتى: ئايا گۇۋاھلىق ئېيتامسەنكى مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دۇرمەن. ئىبنى سەييياد رەسۇلۇللاھ ﷺ غا قاراپ ئېيتتى: گۇۋاھلىق ئېيتىمەنكى سەن ئۇمىلەرنىڭ (ئەرەبلەرنىڭ ) پەيغەمبىرىدۇرسەن . ئىبنى سەييياد پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتتى؛ ئايا گۇۋاھلىق بىرەمسەنكى مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۇنى تەرك ئەتتى. ۋە ئېيتتى: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم . ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتتى: نىمىنى كۆرەرسەن ؟ ئېيتتى ماڭا راست يالغان نەرسە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ساڭا ئىش ئېلەشتۇرۇلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مەن ساڭا بىر نەرسىنى مەخپى قىلدىم . ( ئۇ نېمە ؟ ) ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىبنى سەييياد ئېيتتى: ئۇ مەخپى قىلغان نەرسە دۇخ . ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: جىم تۇر قەدرىڭگە ئاشمايسەن. (غەيىپتىن ۋە ۋەھىيدىن بىر نەرسىگە قەدرىڭ يەتمەيدۇ) ئۆمەر ؓ ئېيتتى: قويسىلا مېنى يا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ گەردىنىگە قىلىچ ئۇرىمەن. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئەگەر بۇ ئىبنى سەييياد دەججال بولسا ھەرگىز ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئېگە قىلنمايسەن. (دەججالنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرىدۇ ) ۋە ئەگەر بۇ دەججال بولمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈشىڭدە ساڭا ياخشىلىق يوق. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتتى: ئاندىن بۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئب ئىبنى سەييياد بار خورمىلىق باغقا باردىلەر. ئىبنى سەييياد رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئىبنى سەيييادتىن بىر نەرسىنى ئاڭلاشنى يوشۇرۇن ھالدا پىلانلاپ ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى بىر ئەدىيالنىڭ ئىچىدە پىچىرلاۋاتقان ھالدا كۆردى. پەيغەمبەر ﷺ خورما شاخلىرى بىلەن يوشۇرنۇپ تۇرغانلىقىنى ئىبنى سەيييادنىڭ ئانىسى كۆرۈپ قىلىپ ئىبنى سەييادقا يا سافى ۋە ئۇ ئۇنىڭ ئىسمىدۇر. ماۋۇ مۇھەممەددۇر ـ دېدى . ئاندىن ئورنىدىن قوزغالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئەگەر ئانىسى ئۇنى تەرك ئەتكەن بولسا ئاشكارلايتى. (ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ) يەنى مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خەۋەر قىلمىغان بولسا.

679ـ ئەنەس ؓ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ گە خىزمەت قىلىدىغان بىر يەھۇدىي ئوغۇل بار ئىدى. ئۇ ئاغرىپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يوقلاپ كېلىپ بېشىدە ئولتۇرۇپ مۇسۇلمان بول دېدى . ئۇ يېنىدىكى ئاتىسىغا قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسى ئوغلىغا ئەبۇلقاسىم ﷺ گە ئىتائەت قىل دېدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئېيتتىدۇ: ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا بولسۇنكى ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزدى .

680ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ؓ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ھەر قانداق تۇغۇلغان بالا ئىسلام قابىلىيىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇ بالىنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ. ياكى ئاتا ـ ئانىسى

ناسارا بولسا ئۇ بالىنى ناسارا قىلىدۇ. يا ئاتا- ئانىسى مەجۇسىي (ئوتپەرەس بۇتپەرەس ) بولسا مەجۇسىي قىلىدۇ. قانداقكى ھايۋان ساق سالامەت ھايۋانى تۇغىدۇ . ئۇنىڭدا چوناق ۋە چولاقلىقنى كۆرەمسىزلەر. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتتى: ‹‹فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ ›› مەنىسى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئەگەشكىنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ توغرا دىندۇر.

## مۇشرىك ئۆلىدىغاندا لَا اِلَهَ اِلَّا اللهُ دېيىش توغرىسىدا

681- مۇسەييب بىننى ھەزنى ﷺ دىن ئېيتتى: ئەبۇ تالىبقا ئۆلۈم ھازىر بولغاندا ئۇنىڭ قېشىغا رەسۇلۇللاھ ﷺ كەلدى. ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇ جەھلى ئىبنى ھىشام ۋە ئابدۇللاھ بىننى ئەبى ئۇمەييە بىننى مۇغىرە لەرنى تاپتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ تالىپقا ھەي تاغا لَا اِلَهَ اِلَّا اللهُ كەلىمىسىنى ئېيتقىن ساڭا ئۇ كەلىمە بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا گۇۋاھ بولىمەن دېدى . ئەبۇ جەھل ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەييە ئېيتتىلەر: ھەي ئەبۇ تالىپ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈمسەن ؟ ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ئۇ كەلىمنى توغرا قىلىدۇ ۋە ئۇ ئىككىسى ھېلىقى سۆزنى قايتىلاپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئەبۇ تالىپنىڭ ئۆلارغا قىلغان سۆزنىڭ ئاخرىدا ئېيتتى: ئۇ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنىدا. ۋە لَا اِلَهَ اِلَّا اللهُ دېيىشدىن باش تارتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئاگاھ بول قەسەمكى مادامكى سەندىن نەھى قىلىنمىسام‌لا سەن ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىمەن. ئاللاھ تائالا ئاندىن: ‹‹ مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ ›› ئايىتىنى چۈشۈردى. {سۈرە تەۋبە 113- ئايەت}

## مۇھەددىسنىڭ قەبرىدە ۋەز - نەسىھەت قىلىشى ۋە ئەسھابلىرىنىڭ ئولتۇرۇشى توغرىسىدا

682- ئەلى ﷺ دىن ئېيتتى: بىز جەننەتۇل بەقى قەبرىستانلىقىدا بار ئىدۇق بىزلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ كېلىپ ئولتۇرىدۇ . ۋە بىزلەرمۇ ئەتراپىدا ئولتۇردۇق. ۋە ئۆزى بىلەن بىر تاياقچۇق ھاسا بار باشلىرىنى پەس قىلىپ تاياقچۇق بىلەن يەرنى چوقۇپ تۇرۇپ ئاندىن ئېيتتى: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يارىتىلغان جاننىڭ ھەر قانىدىغىنىڭ جەننەتتىن ۋە دوزاختىن ئورنى يېزىلىپ بولدى. ۋە شەقى( دوزىقى ) ۋە سەئىد (جەننىتى) لىگى يېزىلىپ تەقدىر قىلىندى. ئاندىن بىر كىشى ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايا نامە ئەمەللىرىمىز گە يۆلەنمەيمىزمۇ ۋە ئەمەلنى تەرك قىلمايمىزمۇ ؟ بىزلەردىن سائادەت ئەھلى بولسا ئۇ سائادەت ئەملىگە ئۇرۇلەر. ۋە ئەمما بىزلەردىن شاقاۋەت ئەھلى بولغان كىشى بولسا ئۇمۇ ئەھلى شاقاۋەت ئەملىگە ئۇرۇلۇپ شۇنى

قىلار؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئەمما سائادەت ئەھلى ( جەننەت ئەھلى ) بولسا ئۇلارغا سائادەتمەندىلەرنىڭ ئەملى ئاسان قىلىنىپ بېرىلىدۇ . ۋە ئەمما شاقاۋەت (دوزاخ ) ئەھلى بولسا ئۇلارغا شاقاۋەت ئەھلىنىڭ ئەملى (گۇناھ مەسىيەت) ئاسان قىلىنىپ بېرىلىدۇ . ئاندىن «« فَأَمَّا مَنْ أَعْطَىٰ وَاتَّقَىٰ »»ئايەتنى قىرائەت قىلدى.

## ئادەم ئۆلتۈرگۈچى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا

683ـ سابىت بىننى زەھھاك ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ھەرقانداق بىر كىشى قەستەن يالغاندىن ئىسلام دىنىدىن باشقا دىن بىلەن قەسەم قىلسا ئۇ قەسىمى ئۆزى دېگەندەك يالغان ۋە ئۆزى يالغانچى بولىدۇ. ۋە بىر ئادەم ئۆزىنى تۆمۈر بىلەن ئۆلتۈرسە ئۇ ئادەمنى تۆمۈر بىلەن دوزاخ ئوتىدا ئازاب قىلىنىدۇ.

684ـ جۇندۇب ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : بىر كىشىنىڭ جاراھىتى بولۇپ ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى . ئاللاھ تائالا ئېيتتى: ماڭا مىنىڭ بەندەم ئالدىراپ كەتتى. ئۆز نەپسى بىلەن (سەبرى قىلمىدى.) ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلدىم.

685ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺدىن ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ بىر ئادەم ئۆزىنى سىقىپ ئۆلتۈرسە ئۇ ئادەم ئۆزىنى دوزاختا سىقىپ ئازاب قىلىدۇ. ۋە ئۆزىگە بىر نەرسە سانچىپ ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا ئۇ دوزاختا ئۆزىنى سانچىپ ئازاب قىلىدۇ. ( نەيزە ، قىلىچ، پىچاق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن)

## خالايىقنىڭ مېيتقە سانا ئېيتىشى (ماختىشى ) توغرىسىدا

686ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: ساھابىلەر بىر جىنازىگە ئۆتتىلەر. ئۇنىڭغا ياخشى سانا ئېيتتىلەر. پەيغەمبەر ﷺ ۋاجىپ بولدى دېدى . ئاندىن ئۇلار يەنە بىر جىنازىگە ئۆتتىلە. ئۇنىڭغا يامان سانا ئېيتتىلەر . پەيغەمبەر ﷺ ۋاجىپ بولدى دېدى . ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب نىمە ۋاجىپ بولدى؟ دېدى . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئاۋۋىنىڭغا ياخشى سانا ئېيتتىڭلار ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولدى. ۋە ماۋۇ جىنازىگە يامان سانا ئېيتتىڭلار ئۇنىڭغا دوزاخ ۋاجىپ بولدى. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرىدۇرسىزلەر.

687ـ ئۆمەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ : قايسى بىر مۇسۇلمانغا تۆت ئادەم ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە ئاللاھ تائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ . ئاندىن ئېيتتۇق : ئۈچ كىشى گۇۋاھلىق بەرسىچۇ؟ ئېيتتى: ئۈچ كىشى گۇۋاھلىق بەرسىمۇ؟ ئاندىن ئېيتتۇق: ئىككى كىشى گۇۋاھلىق بەرسىچۇ؟ ئېيتتى: ئىككى كىشى گۇۋاھلىق بەرسىمۇ( شۇنداق جەننەتكە كىرگۈزىدۇ .) ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن بىر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن سورىمىدۇق.

## قەبرىنىڭ ئازابى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا

688ـ بەرا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مۆمىننى قەبرىسىدە ئولتۇرغۇزۇلغاندا ئۇنىڭغا كېلىندۇ (مۇنكىر ـ نەكىر ) كېلىدۇ . ئاندىن لَاإِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئاشۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر ‹‹ يُثَبِّتُ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ ›› مەنىسى ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى سابىت سۆز بىلەن يەنى شاھادەت كەلىمىسى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سابىت قىلىدۇ. {سۈرە ئىبراھىم 28ـ ئايەت}

689ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئەھلى قەلب (بەدرى جېڭىدە ئۆلگەن قۇرەيش كاتتىلىرى تاشلانغان قۇدۇق ) غە قاراپ ئېيتتى: سىلەرگە رەببىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق ۋە راست تاپتىڭلارمۇ؟ رەسۇلۇللاھقا دېيىلدى . ئۆلۈكلەرنى چاقىرامدىلا؟ ئېيتتى: سىلەر ئۇلاردىن بەك ئاڭلىغۇچىراق ئەمەس ۋە لېكىن جاۋاب بېرەلمەيدۇ .

690ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: شەكسىزكى پەيغەمبەرﷺ ئېيتتى: ئۆلۈكلەر ئەلۋەتتە مەن ئېيتقان نەرسىنى ھازىر ھەق دەپ بىلىدۇلەر. ۋە ئاللاھ تائالا ئېيتتى: ‹‹ فَإِنَّكَ لَا تُسْمِعُ الْمَوْتَى ›› {سۈرە رۇم 52ـئايەت} مەنىسى سەن ئۆلۈكلەرگە ئاڭلىتالمايسەن.

691ـ ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى ﵁ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبە ئوقۇغان ھالدا ئۆرە تۇرۇپ ئادەمنى پىتنە قىلىندىغان قەبرە پىتنىسىنى زىكىر قىلدى. بۇ قەبرە ئازابىنى زىكىر قىلىپ ئىدى مۇسۇلمانلار قىيا- چىيا يىغلىشىپ كەتتىلەر.

## قەبرىنىڭ ئازابىدىن پاناھ تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

692ـ ئەبۇ ئەييۇب ﵁ دىن ئېيتتى: كۈن ئولتۇرغاندا پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئېيتتى: يەھۇدىيلار قەبرىلىرىدا ئازاب قىلىنىۋاتىدۇ.

693ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ‹‹ اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ عَذَابِ النَّارِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ ›› دەپ دۇئا قىلدى. مەنىسى : ئى ئاللاھ سېنىڭ بىلەن قەبرە ئازابىدىن ۋە دوزاخ ئازابىدىن ۋە تىرىك ۋە ئۆلۈكنىڭ پىتنىسىدىن ۋە مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن.

## مىيتگە ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئورنىنى توغرا قىلىنىپ تۇرۇلۇشى توغرىسىدا

694ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: بىرىڭلار ئۆلسە ئۇنىڭغا ئاخىرەتتىكى ئورنىنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئالدىغا توغرا قىلىنىدۇ. ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بولسا ئۇنىڭغا جەننەت ئەھلىدىن . ۋە ئەگەر دوزاخ ئەھلىدىن بولسا ئەھلى دوزاخ ئەھلىدىن توغرا قىلىنىدۇ. ئاندىن دېيىلىدۇ مۇشۇ سىنىڭ ئورنۇڭدۇر. ھەتتا ئاللاھ تائالا سىنى قىيامەت كۈنى تىرگۈزگىچە.

## مۇسۇلمانلارنىڭ نارەسىدە بالىلىرى ھەققىدە دېيىلگەن ھەدىس توغرىسىدا

695ـ بەرا ﷛ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭغا جەننەتتە ئىمىك ئانىسى بار دېدى .

## مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرى ھەققىدە دېيىلگەن ھەدىس توغرىسىدا

696ـ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرى توغرىسىدا سورالدى. ئېيتتى: ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ياراتقان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ نېمە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈچىدۇر . ( يەنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئاخىرەتتە دوزاخ ياكى جەننەتكە بارىدىغانلىقىنى بىلىپ ياراتقان دېمەكتۇر .)

697ـ سەمۇرە بىننى جۇندۇب ﷛ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بىزلەرگە يۈزلىرى بىلەن ئالدىنى قىلىپ ئېيتار ئىدى . سىلەردىن كىم بۈگۈن كېچە چۈش كۆردى؟ ئاندىن بىرەر كىشى چۈش كۆرگەن بولسا ئۇنى قىسسە قىلىپ بەرسۇن. ئاندىن ئۇ كىشى ئاللاھ خالىغان نەرسىنى دەيدۇ. بىر كۈنى بىزلەردىن بىرىڭلار چۈش كۆردىمۇ؟ دەپ سورىدى. بىز ياق دەپتۇق . ئېيتتى: لېكىن مەن بۈگۈن كېچە ئىككى ئادەمنى كۆردۈمكى ماڭا كېلىپ قولۇمنى تۇتۇپ مېنى مۇقەددەس (پاك) بىر زېمىنغا چىقاردى. بىناگاھ بىر كىشى ئولتۇرغۇچىدۇر . ۋە بىر كىشى ئۆرە تۇرىدۇ ئۇنىڭ قولىدا تۆمۈر شاشقاق (ئىلمەك) بار. ئۇ تۆمۈر ئىلمەكنى ئۇ كىشىنىڭ جاۋغىيغا تىقىپ ئەتتا گەجگىسىگە يەتكۈزىدۇ. ئاندىن يەنە بىر جاۋغىيغىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ۋە ئالدىنقى جاۋغىي پۈتۈپ ھىملىشىدۇ. ئاندىن بۇ ئادەم كېلىپ بۇ جاۋغىينىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئېيتتىم مەن : نېمەن ئىش بۇ؟ ئېيتتىلار: يۈر، ماڭ. شۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق. ھەتتا بىر گەردىنى ئۈستىگە ئوڭدىچە ياتقان ئادەم قېشىغا كەلدۇق. ۋە بىر ئادەم بىر ئوچۇم تاش ياكى چوڭ تاش بىلەن بېشىدا تۇرۇپ ھېلىقى ياتقان ئادەمنىڭ بېشىنى يەنچىيدۇ. ۋاقتىكى ئۇنى تاش بىلەن ئۇرسا تاش دوملاپ كېتىدۇ . ئۇرغان ئادەم تاشنى بېرىپ ئېلىپ كەلگىچە ئۇرۇلغۇچىنىڭ بېشى پۈتۈپ ھىملىشىدۇ. ۋە بېشى

ئالدىنقىدەك ساق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئادەم تاشنى ئېلىپ كېلىپ يەنە ئۇرىدۇ. ئېيتتىم مەن : نېمە ئىش بۇ؟ ئېيتتىلەر ماڭ، يۈر. ئاندىن يۈردۇق تونۇردەك بىر تۆشۈككە يۇقىرى ئاغزى تار تېگى كەڭرى. ئۇنىڭ تېگىدە ئوت يالقۇنجاپ تۇرىدۇ ئوت يېقىن كەلسە ئۇلار ئۆرلەيدۇ ھەتتا تونۇردىن چىقىپ كەتكىلى يېقىن بولىدۇ. ۋاقتى تۈنۇرنىڭ ئوتى ئۆچسە ئۇلار تونۇر تەھتىگە قايتىدۇ. ۋە تونۇر ئىچىدە يالىڭاچ ئەر – ئايالالار بار. ئېيتتىم: كىم بۇلار؟ ئېيتتىلەر : يۈرۈڭ! ئاندىن يۈرۈپ بىر قان ئۆستەڭگە كەلدۇق. ئۆستەڭ ئىچىدە بىر ئادەم ئۆرە تۇرىدۇ. ۋە ئۆستەڭنىڭ ياقىسىدا بىر ئادەم تۇرىدۇ. ئالدىدا تاش بار. بايىقى ئۆستەڭ ئىچىدىكى ئادەم كېلىپ تاشقىرىغا چىقىشنى ئىرادە قىلسا ياقىدىكى ئادەم ئاغزىغا تاشنى ئاتىدۇ. ئۇنى جايىغا قايتۇرۇۋاتىدۇ . ھەر ۋاقتىكى تاشقىرىغا چىقىشنى ئىرادە قىلىپ كەلسە ئاغزىغا تاش ئاتىدۇ. ئېيتتىم : نېمە ئىش بۇ ؟ ئېيتتىلەر : يۈرۈڭ! يۈردۇق. ھەتتا بىر ياپ۔ يېشىل باغقا كەلدۇق. ئۇ باغدا يوغان بىر تۈپ دەرەخ بار ۋە ئۇ دەرەخنىڭ تەھتىدە بىر شەيخ ۋە ئۇششاق باللار بار. دەرەخكە يېقىن بىر ئادەم بار ئالدىدا ئوت بار . ئوتنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ھېلىقى ئىككى كىشى مېنى دەرەخكە ئۆرلەتتى. ۋە مېنى بىر سارايغا كىرگۈزدى ۋە ئۇ سارايدىن چىرايلىقراق سارايىنى كۆرمىدىم. ئۇ سارايدا ياشلار، ياشانغانلار ۋە ئايالالار ۋە ئۇششاق باللار بار ئىكەن. ئاندىن مېنى ئۇ سارايدىن چىقىرىپ مېنى دەرەخكە ئۆرلىتىپ يەنە بىر مېھمانخانىغا كىرگۈزدىلەركى ئالدىنقىدىنمۇ چىرايلىقراق ۋە كاتتاراق. ئۇ مېھمانخانىدىمۇ قېرى ، ياش ئەر ئايالالار بار مەن ھېلىقى ئىككى كىشىگە ئېيتتىم: مېنى بۈگۈن كېچە نۇرغۇن يەرنى تاۋاپ قىلدۇردىڭلار( ئايلاندۇردىڭلار) مەن كۆرگەن نەرسىدىن ماڭا خەۋەر بېرىڭلار . ئېيتتىلەر: بولىدۇ خەۋەر بېرەيلى. ئەمما ئىككى جاۋغىيى يىرتىلغان ئادەمنى كۆردىڭىز. ئۇ يالغانچىدۇر. يالغان سۆز قىلىدۇ ئۇ يالغاننى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلىدۇ . ھەتتا ئالەمگە يېتىدۇ. ئۇنىغا قىيامەتكىچە ئاشۇنداق جاۋغىيىنى يىرتىلىپ ئازاب قىلىنىدۇ . ۋە بېشىنى تاش بىلەن يېرىلىۋاتقان ئادەمنى كۆردىڭىز. ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا قۇرئان تەلىم قىلغان كىشىدۇر. ئاندىن ئۇ كىشى قۇرئاندىن كېچىدە ئۇخلىدى. (تىلاۋەت قىلمىدى) ۋە قۇرئانغا كۈندۈزى ئەمەل قىلمىدى. ئۇ قارىغا ئۇ ئازابنى قىيامەتكىچە قىلىنىدۇ. ۋە سىز تونۇردەك ئورا تۈشۈكتە كۆرگىنىڭىز ئۇلار ئەر – ئايال پاھىشىۋازلەردۇر. ۋە قان ئۆستەڭدە كۆرگىنىڭىز جازانەخورلاردۇ. ۋە دەرەخ تەھتىدىكى شەيخ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. ۋە ئەتراپىدىكى نارەسىدىلەر خالايىقلارنىڭ باللىرىدۇ. ۋە ئوت يېقىۋاتقان كىشى دوزاخ خازىنى مالىك دۇر. سىز كۆرگەن ئەۋۋەلقى مېھمانخانا بارلىق مۆمىنلەرنىڭ مېھمانخانىسىدۇر . ئەمما بۇ ساراي شەھىدلەرنىڭ مىھماخانىسىدۇر. ۋە مەن جىبرىئىل ۋە بۇ مىكائىلدۇر. ئاندىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ۔دېدى . بېشىمنى كۆتەردىم بىناگاھ ئۈستۈمدە بۇلۇتغا ئوخشاش بىر نەرسە تۇرىدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتە ئېيتتىلەر: بۇ سىزنىڭ مەنزىلىڭىزدۇر. ئېيتتىم: مېنى قويۇۋېتىڭلار مەنزىلىمگە كىرەي. ئېيتتىلەر. سىزنىڭ تولۇق كۆرۈپ بولمىغان ئۆمرىڭىز بار. ئۇ ئۆمرىڭىزنى تولۇق كۆرۈپ بولسىڭىز مەنزىلىڭىزگە كېلىسىز .

## تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش توغرىسىدا

698- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتتى: ئانام تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالدى. ئەگەر گەپ قىلالىغان بولسا سەدىقە بېرەتتى دەپ ئويلايمەن.ئەگەر ئانام ھەققىدە سەدىقە بەرسەم ئانامغا ساۋاب بولامدۇ؟ ئېيتتى: ھەئە ساۋاب بولىدۇ.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قەبرىلىرى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا

699-ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: ئەھقىق رەسۇلۇللاھ ﷺ كېسىلدە ئۆزرە تەلەپ قىلار ئىدى. بۈگۈن مەن قەيەردە، ئەتە مەن قەيەردە؟ دەپ ئائىشەنىڭ نۆۋىتىنى تەخىر سانايتتى . ئاندىن مېنىڭ نۆۋىتىم بولۇپ قالدى. ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مېنىڭ كۆكسۈم ۋە بېقىنىم ئوتتۇرىسىدا ( قۇچۇغۇمدا) قەبزى روھ قىلدى. ۋە ئۆيۈمدە دەپنە قىلىندى.

700- ئۆمەر بىننى خەتتاب ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺنى ئالتە نەپەر ساھابىدىن رازى بولغان ھالدا ۋاپات تاپتۇرۇلدى. ئۇ ئالتە نەپەر زات ئوسمان، ئەلى ، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ۋە سەئد ئىبنى ۋەققاس ﷺ لاردۇر.

## ئۆلۈكلەرنى دەشنەم قىلىشدىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

701- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ ئۆلۈكلەرنى دەشنەم قىلماڭلار( سۆكمەڭلار) ئۇلار ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرىگە يەتتىلەر.

# زاكاتنىڭ كىتابى

## زاكاتنىڭ پەرزلىكى

702- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز ﷺ نى يەمەنگە ئەۋەتىپ ئېيتتى: لا اله الا الله وأني رسول الله بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە ئۇلارنى چاقىرغىن. ئەگەر بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىسىلەر ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن ، ئەگەر بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىسىلەر ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ماللىرىدا زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىنكى ئۇ زاكاتنى بايلەردىن ئېلىپ كەمبەغەل – پېقىرلەرگە قايتۇرۇلىدۇ .

703- ئەبۇ ئەييۇب ﷺ دىن : بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتتى: ماڭا مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەل بىلەن خەۋەر بەرسىلە. خالايىق ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ دېدى . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: نېمە بولاتتى ئۇنىڭ ھاجىتى بار. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىسەن ۋە ئۇنىڭغا بىر

نەرسنى شېرىك قىلمايسەن. ۋە نامازنى پەرپا قىلىسەن. ۋە زاكاتنى كەلتۈرسەن ۋە سىلە-رەھىم قىلىسەن. (تۇغقانلىرىڭنى يوقلايسەن)

704- ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : بىر سەھرايى ئەرەب پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: مېنى بىر ئەمەلگە دالالەت قىلىسلاكى ئۇ ئەمەلنى قىلسام جەننەتكە كىرىمەن. ئېيتتى: ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىسەن. ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى شېرىك قىلمايسەن. ۋە پەرز نامازنى بەرپا قىلىسەن . ۋە پەرز زاكاتنى بىرىسەن ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتىسەن ئۇ ئەرەب ئېيتتى: نەپسىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى بۇنىڭغا زىيادە قىلمايمەن، ئاندىن ئۇ ئادەم قايتىپ ئىدى پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئەھلى جەننەتتىن بىر كىشىگە قاراش بىر كىشىنى خۇرسەن قىلسا مۇشۇ كىشىگە قارىسۇن.

705- ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولۇپ ئەبۇ بەكرى ﷺ خەلپە بولۇپ ئەرەپلەردىن كاپىر بولغان كىشى كاپىر بولغاندا ئۆمەر ﷺ ( ئەبۇ بەكرىگە ) ئېيتتى: خالايىقلار بىلەن قانداق ئۇرۇش قىلىسەن ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: خەلىقلەر بىلەن ئۇلار لَاَاِلٰـهَ اِلاَّ اللّٰهُ دېگۈچىلىك ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئاندىن بىر كىشى ئۇ كەلىمىنى ئېيتسا مەندىن مېلىنى ۋە جېنىنى ساقلىدى. لېكىن ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن. ۋە ئۇ كىشىنىڭ ھىسابى ئاللاھ تائالاغىدۇر. ئەبۇ بەكرى ئېيتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىغان ئادەم بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن. زاكات مالنىڭ ھەققىدۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەگەر ئۇلار مەندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ غا ئادا قىلىپ بېرىپ تۇرغان بىر ئوغلاقنى مەنئى قىلىپ بەرمىسە ئۇلار بىلەن ئەلۋەتتە ئوغلاقنى مەنئى قىلغانىغا قارىتا ئۇرۇش قىلىمەن. ئېيتتى ئۆمەر ﷺ قەسەم ئاللاھقا ئۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ رەئيى ئەمەس. لېكىن ئاللاھ تائالا ئەبۇ بەكرىنىڭ دىلىنى ئۇرۇشقا كەڭرى ئاچقانلىقىدىن (ئاشۇنداق قىلدى. ) دېمەك ئەبۇ بەكرىنىڭ قىلغىنىنى ھەقدۇر دەپ تونۇدۇم .

## زاكاتنى مەنئى قىلغۇچىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

706- ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : زاكتى بېرىلمىگەن تۆگە ئىگىسىگە (يوغان سېمىز ) ياخشى بولغان ھالىتىدە كېلىپ پۇتلىرى بىلەن ئىگىسىنى دەسسەيدۇ. ۋە ھەققىنى ( زاكىتىنى ) بېرىلمىگەن قويلار ئىگىسىگە ئەڭ ياخشى ھالىتىدە كېلىپ شاقشاقلىرى بىلەن ئىگىسىنى دەسسەيدۇ. ۋە مۆڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسىدۇ. ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ :ۋە ئۇ چارۋىنىڭ ھەققى شۇكى ئۇنى سۇغا كەلگەندە سىغىلغاي( موھتاجلارغا بىرىلگەي) ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەرەپ تۇرغان قوينى قىيامەت كۈنى گەردىنىگە ئارتىپ يا مۇھەممەد دەپ كەلمىسۇن. مەن ئېيتىمەن: ساڭا بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن ( ئازابىغا ئارا تۇرالمايمەن ) دۇنيادا يەتكۈزۈپ بولدۇم. . بوزلاپ تۇرغان تۆگىلەرنى گەردىنىگە ئارتىپ يا مۇھەممەد دەپ كەلمىسۇن . مەن ئېيتىمەن: ساڭا ئاللاھدىن بىرنەرسىگە ئىگە بولالمايمەن. دۇنيادا يەتكۈزۈپ

بولدۇم، ( يەنى زاكىتى بېرىلمىگەن چارۋىلارنى گەردىنىگە ئارتىپ چارۋىلار ھەرخىل ۋارقىراپ دەسسەپ ئۈسۈپ قىيامەت مەيدانىغا كېلىدۇ دېمەكدۇر)

707ـئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن ئېيتىتى: ئېيتىتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : بىر كىشىگە ئاللاھ تائالا مال ئاتا قىلسا ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە قىيامەت كۈنى ئۇ مالنى ئۇ كىش گە ئىككى ئوقۇر چىشلىق ئەركەك تاز يىلان سۈرىتىدە قىلىندۇ. ئۇ يىلاننى پاتىڭغا قىيامەت كۈنى ن يۆگىلىدۇ. ئاندىن ئۇيىلان ئۇ كىشنى ئىككى جاۋغىيى بىلەن تۇتۇپ مەن سىنىڭ مىلىڭ. مەن سىنىڭ كەنزىڭ (غەزنەڭ) دەيدۇ . ئاندىن «« وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ »» ئايىتىنى ئاخىرىغىچە تىلاۋەت قىلدى. مەنىسى ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان مالنىڭ ھەققىنى بەرمەي بېخىللىق قىلغانلار بېخىللىقنى ياخشى دەپ گۇمان قىلمىسۇن بەلكى ئۇ بېخىللىق ئۇلار ئۈچۈن يامان ئىشدۇر . بېخىللىق قىلغان ماللارنى قىيامەت كۈنى گەردىنىگە يۆگىلىدۇ.

## زاكىتى بېرىلگەن مالنىڭ كەنزى(زاكىتى بېرىلمەي يەرگە كۆمۈلگەن مال) ئەمەسلىكنى توغرىسىدا

708ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﵁ دىن ئېيتىتى: ئېيتىتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : بەش ئوقىيەنىڭ[31] تۆۋەنىدە زاكات يوق. بەش تۆگىدىن ئاز تۆگىدە زاكات يوق . بەش ۋەسەقدىن[32] ئازدا زاكات يوق.

## زاكاتنى ھالال كەسپدىن بېرىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن ئېيتىتى: ئېيتىتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : بىر كىشىكى يېرىم خورما مىقداردا ھالال كەسپدىن سەدىقە قىلسا ـ ۋە ئاللاھ تائالا پاك سەدىقە دىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ.ـ ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇ سەدىقىنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

ئاندىن ئۇنى ئىگىسىگە تەربىيلەپ ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ. قانداقكى بېرىڭلار بوتىلىقنى تايلاغنى تەربىيلىگەندەك. ھەتتا ئۇ يېرىم خورما تاغدەك بولىدۇ.

## سەدىقىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىش توغرىسىدا

710ـ ھارىسە بىننى ۋەھب ﵁ دىن ئېيتىتى:رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ : سەدىقە بېرىڭلار . سىزلەرگە بىر زامان كېلىدۇكى بىر كىشى سەدىقىسىنى ئېلىپ ماڭىدۇ ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەمنى تاپالمايدۇ. ئۇ ئادەم ئېيتىدۇ: ئەگەر ئۇ سەدىقىنى ئاخشام كەلتۈرگەن بولساڭ ئەلۋەتتە ئۇنى قوبۇل قىلار ئىدىم . ئەمما بۈگۈن مېنىڭ ئۇ سەدىقىگە ھاجىتىم يوقدۇر.

[31] بىر ئۇقىيە قىرىق تەڭگىگە تەڭ. بەش ئوقىيە 200 تەڭگە تەڭ.

[32] بىر ۋەسەق 60 ساغا بىر سا 4 جىڭغا تەڭ. بەش ۋەسەق300 ساغا جەمى 1200 جىڭغا تەڭ.

711ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى: ئىيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا مال دۇنيا كۆپ بولۇپ ئېشىپ تېشىپ كېتىدۇ . ھەتتاكى مال ئىگىسى سەدىقىسىنى كىم قوبۇل قىلار دەپ غەم قىلىدۇ. ۋە ھەتتا ئۇ مالنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىگە توغرا قىلىدۇ. سەدىقە توغرا قىلىنغان كىشى ئېيتىدۇ: ماڭا ھاجەت يوق .

712ـ ئەدىي ئىبنى ھاتىم ﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇردا ئىدىم ئۇنىڭغا ئىككى كىشى كەلدى. بىرى پىقىرلىغنى شىكايەت قىلدۇ. ۋە يەنە بىرى بىر يول ئۈزۈلگەنلىكىنى ( ئوغرى ـ قاراقچىنى) شىكايەت قىلدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئىيتتى: ئەمما يولنىڭ ئۈزۈلۈشى ساڭا كەلمەيدۇ. لېكىن كەلسىمۇ ئازلا ۋاقىت كېلىدۇ . ھەتتاكى كارۋان مەككىگە پاناھسىز چىقىدۇ. ۋە ئەمما پىقىرچىلىق – قىيامەت قايىم بولمايدۇ ھەتتا بىرىڭلار سەدىقىسىنى ئايلاندۇرىدۇ ئۇ سەدىقىنى ئۇ كىشىدىن قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ. ئاندىن بىرىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا تۇرۇدىكى ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پەردە يوق ۋە تەرجىمە قىلىپ بېرىدىغان تەرجىمانمۇ يوق. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىيتىدۇ: ئايا ساڭا مال ئاتا قىلمىدىممۇ؟ ئۇ بەندە ئىيتىدۇ: ئارى ئاتا قىلدىڭ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئىيتىدۇ: ئايا ساڭا پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىممۇ؟ ئۇ بەندە ئارى ئەۋەتتىڭ دەيدۇ. ئوڭ تەرىپكە قارايدۇ دوزاختىندىن باشقىنى كۆرمەيدۇ ۋە سول تەرىپكە قارايدۇ دوزاختىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار دوزاختىن پەردە( توساق) ھاسىل قىلسۇن گەرچە يېرىم خورمىنى سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ. ئەگەر تاپالمىسا كەلىمە تەييىبە( ياخشى ) سۆز بىلەن بولسىمۇ.

## ‹‹ئازراق سەدىقە ۋە يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن پەرھىز قىلىڭلار›› توغرىسىدا

713ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى: ئەلۋەتتە خالايىققا بىر زامان كېلىدۇكى ئۇ زاماندا بىر ئادەم ئالتۇندىن سەدىقىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇ ئالتۇن سەدىقىنى ئۇ ئادەمدىن قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ. ۋە ئەرلەرنىڭ ئازلىقىدىن ۋە ئاياللارنىڭ كۆپلۈكىدىن بىر ئەر كىشىگە قىرىق خوتۇن ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىلەن پاناھلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىشۋاتقانلىقى كۆرۈلىدۇ .

714ـ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى ﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزلەرنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇسا بىرىمىز بازارغا بېرىپ ھامماللىق قىلىپ بىرەر جىڭ نەرسىگە يېتەر ئىدى. ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ ئەلۋەتتە يۈزمىڭ تەڭگە پۇلى بار.

715ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئىيتتى: بىر خوتۇن ئىككى قىزى بىلەن بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلدى. مەندە بىر دانە خورمىنىڭ غەيرىنى تاپمىدى. ئاندىن ئۇ بىر تال خورمىنى ئۇ خوتۇنغا بەردىم. ئاندىن ئۇ خورمىنى يېرىپ ئىككى قىزىغا بۆلۈپ بەردى. ۋە ئۆزى يېمىدى . ئاندىن قوپۇپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ كىردى. ئۇنىڭغا ئەھۋالنى خەۋەر

قىلغۇدىم ئېيتتى: ھەرقانداق بىر كىشى مۇشۇ قىزلاردىن بىر نەرسىگە مۇبتىلا[33] بولسا ئۇقىزلار ئۇ كىشىگە دوزاختىن پەردە بولىدۇ.

## قايسى سەدىقىنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

716ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن ئېيتتى: بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ قايسى سەدىقىنىڭ ساۋابى چوڭراقدۇر؟ ئېيتتى: تېنىڭ ساق بېخىل پېقىرلىقىدىن قورقۇپ باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقەڭنىڭ ساۋابى چوڭراقدۇ. ۋە تەخىر قىلما ھەتتا جان ھەلقۇمغا كەلسە پالانىغا ماۋۇ پالانىغا ماۋۇ ئانچىلىك دەيسەن. ۋە ئۇ مال پالانىغا بولدى.

## باينى بىلمەي ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىش توغرىسىدا

718ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : بىر ئادەم ئەلۋەتتە سەدىقە قىلىمەن دەپ سەدىقىسىنى ئېلىپ چىقىپ ئوغرىنىڭ قولىغا قويدى. ئاندىن خالايىقلار ئوغرىغا سەدىقە قىلىنىپدۇر دېيىشتىلەر. ئۇ سەدىقە بەرگۈرچى ‹‹اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ›› ئەلۋەتتە سەدىقە قىلىمەن دىپ سەدىقىنى چىقىرىپ پاھىشە خوتۇننىڭ قولىغا قويدى. خالايىقلار پاھىشە خوتۇنغا سەدىقە قىلىندى دېيىشتىلەر. ئېيتتى: ھەي ئاللاھ ساڭا ھەمد بولسۇن پاھىشەگە قىلىپتىمەن . ئەلۋەتتە سەدىقە قىلىمەن دەپ سەدىقىسىنى ئېلىپ چىقىپ باينىڭ قولىغا بەردى . خالايىقلار بايغا سەدىقە قىلىندى دېيىشتىلەر. ئېيتتى: ھەي ئاللاھ ساڭا ھەمد سابىتدۇر. ئوغرى پاھىشە ۋە بايغا سەدىقە بېرىلگەنگە قارىتا . ئۇنىڭغا غەيبتىن كېلىنىپ دېيىلدى . ئەمما ئوغرىغا قىلغان سەدىقەڭ ئۈمىدكى ئۇ سەدىقە بىلەن ئوغۇرلۇقدىن ئۆزىنى ساقلىغاي. ۋە ئەمما پاھىشە خوتۇنغا قىلغان سەدىقەڭ ئۈمىدكى ئۇ سەدىقە بىلەن زىنادىن ئۆزىنى ساقلىغاي. ۋە ئەمما باي ئۈمىدكى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغاي ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرگەن مالدىن سەدىقە نەپىقە بەرگەي.

## ئۇقماستىن ئوغلىغا سەدىقە بېرىش توغرىسىدا

719ـ مەئنى ئىبنى يەزىد ﷺ دىن ئېيتتى: مەن ۋە ئاتام ۋە چوڭ دادام رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بەيئەت قىلدۇق. ۋە ماڭا پەيغەمبەر ﷺ خوتۇن قاتناپ نىكاھلاپ بەردى. ۋە ئۇنىڭغا خۇسۇمەت قىلدىم. ۋە ئاتام يەزىد سەدىقە قىلغىلى بىر مۇنچە تىللانى مەسجىدتە بىر كىشى قېشىدا قويغان ئىكەن ئۇ تىللانى ئۇ كىشىدىن ئېلىپ ئاتامغا كەلتۈردۈم .ئاتام ئېيتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى سىنى ئىرادە قىلمىدىم. ئاندىن ئاتامنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خۇسۇمەت قىلدىم. ئاندىن جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ساڭىدۇر . نىيەت قىلغىنىڭ يا يەزىد. ۋە ساڭىدۇر ئالغىنىڭ يا مەئنى.

---

[33] قىزلارنى بېقىش ئۈچۈن ھەر خىل قىيىنچىلىق ــ بالالارگە دۇچار بولىسىمۇ سەبرى قىلىپ بېقىپ كەتسە

# خادىمنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇپ ئۆز نەپسى بىلەن بەرمىگەن كىشى توغرىسىدا

720ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىبىتتى: ئىيىتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ خوتۇن كىشى ئۆز ئۆيىنىڭ تائامىدىن بۇزماي نەپىقە قىلسا ( سەدىقە بەرسە) سەدىقە بەرگەن سەۋەب بىلەن ئۇ خوتۇنغا ساۋاب بولىدۇ. ۋە كەسىپ قىلغان سەۋەب بىلەن ئېرىگە ساۋاب بولىدۇ ۋە ساقلىغۇچى( ئامبارچى)غا شۇنىڭغا ئوخشاش ساۋاب بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ ساۋابى بەزىسىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتمەيدۇ.

# بىھاجەت بولغاندا سەدىقە بېرىش توغرىسىدا

721ـ ھەكىم بىننى ھىزام ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن: يۇقىرى قول ( بەرگەن قول) تۆۋەن قولدىن( ئالغان قولدىن ) ياخشىدۇر. ۋە سەدىقىنى ئائىلەڭدىكى كىشىدىن باشلىغىن ، ۋە سەدىقىنىڭ ياخشىراقى بىھاجەتلىكدىن، ۋە كىشىكى ھارامدىن پەرھىز قىلسا(ساقلانسا) ئاللاھ تائالا ئۇنى ھارامدىن ساقلايدۇ ۋە كىشىكى بىھاجەت بولسا ئاللاھ تائالا ئۇنى بىھاجەت قىلىدۇ.

722ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىيىتتى: ۋەھال ئۇلكى مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ. ۋە سەدىقىنى ۋە سوئالدىن ساقلىنىشنى زىكرى قىلدى يۇقىرقى قول تۆۋەنكى قولدىن ياخشىدۇر. يوقارقى قول نەپىقە قىلغۇچى قولدۇر. ۋە تۆۋەنكى قول سوئال قىلغۇچى قولدۇر

# سەدىقە بېرىشكە ۋە ئۇنىڭدا شاپائەت قىلىشقا تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

723ـئەبۇ موسا ﷺ دىن ئىيىتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سائىل كەلسە ئۇنىڭغا ھاجەت تەلەپ قىلىنسا شاپائەت قىلىڭلار ئەجىر بېرىلىسىلەر. ئاللاھ تائالا خالىغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرىنىڭ تىلى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ دەيتتى.

724ـ ئەسما بىننى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيىتتى: پەيغەمبەر ﷺ ماڭا مۇنداق دېدى: چىڭ تۇتۇپ ئالما شۇنىڭ بىلەن ساڭا چىڭ تۇتۇلىدۇ . ۋە بىر رىۋايىتىدە ھېساب قىلما ساڭا ھېساب قىلىپ بېرىلىدۇ.

# قادىر بولغان نەرسىدە سەدىقە بېرىش توغرىسىدا

725ـ ۋە بىر رىۋايىتىدە چىڭ تۇتما شۇنىڭ بىلەن ساڭا ئاللاھ تائالا چىڭ قىستاپ بەرگەي، قادىر بولغانچە سەدىقە قىل .

## مۇشرىك ۋاقتىدا سەدىقە قىلىپ ئاندىن مۇسۇلمان بولغان كىشى توغرىسىدا

726 – ھەكىم بىننى ھىزام دىن ئېيتتى: ئېيتتىم يا رەسۇلۇللاھ خەۋەر بەرسىلە بىر نەچچە ئىشلاردىن : ئۇ ئىشلەرنى جاھىلىيەتتە قىلار ئىدىم . سەدىقە قىلىش ۋە قۇل ئازات قىلىش ۋە سىلە رەھىم قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن ئۇنىڭدا ئەجىر بارمۇ؟ پەيغەمبەمبەر ﷺ دېدى: سەن ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىغىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولدۇڭ.

## خوجىسىنىڭ ئەمرى بىلەن بۇزۇپ چاچمىغان ھالدا سەدىقە بەرگەن خىزمەتكارنىڭ ئىشى توغرىسىدا

727- ـئەبۇ موسا ﵁ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئىشەنچىلىك مۇسۇلمان ئامبارچىكى ئىجرا قىلىدۇ. ۋە تولىمۇ ئېيتتى: بۇيرۇلغان نەرسىنى تولۇق كامىل خۇرسەندە بولغان ھالدا. ئۇ سەدىقنى بۇيرۇلغان كىشىگە بېرىدىغان ئامبارچى ئىككى سەدىقە بەرگۈچىنىڭ بىرىدۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ›› ئايىتى توغرىسىدا

اللهم اعط منفق مال خلفا ھەي ئاللاھ مالنى نەپىقە قىلغۇچىغا ئىز ئورنىنى ئاتا قىلغىل

728- ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئىككى پەرىشتە زېمىنغا چۈشمەيدىغان كۈنى يوق. چۈشۈپ تۇرىدۇ.بىرى ئېيتىدۇ: ھەي ئاللاھ نەپىقە قىلغۇچىغا ئىز ئورنىنى ئاتا قىلغىل. ۋە يەنە بىرى ئېيتىدۇ؛ ھەي ئاللاھ پىخسىق بېخىلغا ھالاكنى بەرگىن .

## بېخىل بىلەن سەدىقە بەرگۈچى توغرىسىدا

729- ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن : ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇ: بېخىل بىلەن نەپىقە قىلغۇچى ( سەدىقە بەرگۈچى) نىڭ مىسالى تۆمۈردىن كۆكسىدىن گېلىغىچە ئىككى چاپىنى بار كىشىگە ئوخشاشدۇر. ئەمما سەدىقە بەرگۈچى سەدىقە بەرگەنسىرى ئۇ چاپان كېڭىيىپ پۇتۇن بەدىنىنى يېپىپ ھەتتا ئەگۈشتەرلەرنى ياپىدۇ ۋە ئىزىنى يۆتتۈرىدۇ. ۋە ئەمما بېخىل نەپىقە قىلىشنى ئىرادە قىلسىلا ئۇ تۆمۈر چاپاننىڭ ھەر بىر ھالقىسى جايىغا چاپلىشىۋېلىپ كەڭرى قىلاي دېسىمۇ كەڭرى بولمايدۇ.

## ھەر بىر مۇسۇلمانغا سەدىقە قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە سەدىقە بېرىدىغان نەرسىنى تاپالمىسا ياخشى ئىش قىلىش توغرىسىدا

730ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ھەر بىر مۇسۇلمانغا سەدىقە قىلىش ۋاجىبدۇر. ئېيتتىلەر: يا نەبىيەللاھ تاپالمىغان كىشىچۇ؟ ئېيتتى: ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ ئۆز نەپسىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ ۋە سەدىقە بېرىدۇ. ئېيتتىلەر: ئەگەر تاپالمىسىچۇ ؟ ئېيتتى: قىيىنچىلىقى بار ھاجەتمەنگە ياردەم قىلىدۇ . ئېيتتىلەر ئەگەر تاپالمىسا ، ياخشى ئىشنى قىلىپ يامانلىقتىن ئۆزنى تۇتسۇن . شۇنداق قىلىشى ئۇنىڭغا سەدىقىدۇر.

## زاكاتتىن ۋە سەدىقىدىن قانچىلىك بېرىش توغرىسىدا

731ـ ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: نۇسەيبە ئەنسارىيغە بىر قوي ئەۋەتىلدى. ئۇ خوتۇن ئائىشەگە ئۇ گۆشتىن ئەۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ سىزلەردە بىر نەرسە بارمۇ؟ دېدى. ئېيتتىم : يوق . لېكىن نۇسەيبە ئەۋەتكەن قوي گۆشىدىن بار. ئېيتتى: ئېلىپ كەل ئۇ قوي جايىغا يەتتى.

## زاكاتدا مال ماتانى زاكات ئالغۇچىغا توغرا قىلىش توغرىسىدا

732ـ ئەنس ﷺ دىن : ئەبۇ بەكرى سىددىق ﷺ ئۇ ئەنەس گە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان نەرسىنى يازدى ۋە كىشىكى ئۇنىڭ زاكاتى بىنتى مەخازغە يەتسە ( ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە) ۋە بىنتە مەخاز بولماي بىنتە لەبۇن بولسا (ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگە ) ئۇنى قوبۇل قىلىنىدۇ. ۋە ئىگىسىگە زاكات ئالغۇچى يىگىرمە تەڭگە ياكى ئىككى قوي بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا بىنت مەخاز دېگەنكىدەك بولماي ئۇنىڭدا ئىبنى لەبۇن (ئۈچ ياشلىق ئەركەك تۆگە ) بولسا ئۇنى قوبۇل قىلىنىدۇ. ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر نەرسە يوق.

## پارچە چارۋا نى جەمئىي قىلماسلىق ۋە توپ چارۋىنىڭ ئارىسىنى بۆلمەسلىك توغرىسىدا

733ـ ئەنەس ﷺ دىن : ئەبۇ بەكرى ﷺ ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ پەرز قىلغان زاكاتنى ـ پارچە مالنى توپلانمايدۇ. ۋە زاكات بېرىشتىن قورقۇپ، توپ مالنىڭ ئوتتۇرىسىنى بۆلۈنمەيدۇـ دەپ يازدى

## ئىككى شىرىك ئورتاق ئىگىدارچىلىقتىكى مالنى بابباراۋەر قىلىپ پۈتۈشۈش توغرىسىدا

734ـ ئەنەس ﷺ دىن بىر رىۋايەتتە ئەبۇ بەكرى ﷺ ئۇنىڭغا پەرز زاكاتنى رەسۇلۇللاھ ﷺ پەرز قىلغان بويىچە تەپسىلىي يازدى ۋە ئىككى شېرىك ئارىسىدىكى مالنى ئۆز ئارا بابباراۋەر قىلىپ پۈتۈشۈپ قايتىشىدۇ.

## تۆگىنىڭ زاكىتى توغرىسىدا

735ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷺ دىن : بىر سەھرايى ئەرەب رەسۇلۇللاھ دىن ھىجرەتتىن سورىۋىدى ئېيتتى: ۋاي ساڭا ھىجرەتنىڭ ئىشى قاتتىق. تۆگەڭ بولسا ئۇنىڭ سەدىقىسى بىرەمسەن. ئېيتتى: بار. ئېيتتى: دېڭىزنىڭ ئارقىسىدا ئىشلىگىن. ئاللاھ تائالا ھەرگىز ئەمەللىرىڭدىن بىر نەرسىنى كېمەيتمەيدۇ.

## زاكىتى بىنتى مەخاز ( ئىككى ياشلىق) تۆگىگە يېتىپ ئۇنىڭدا بىنت مەخاز بولمىغان كىشى توغرىسىدا

736ـ ئەنەس ﷺ دىن ئەبۇ بەكرى ﷺ ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان زاكاتنىڭ پەرزىنى تەپسىلى يازدى . بىر كىشىنىڭ تۆگىسىنىڭ زاكاتى جىزئەگە يەتسە ( بەش ياشلىق تۆگە) ئۇنىڭدا جىزە بولمىسا ۋە ھىققە( تۆت ياشلىق) تۆگە بولسا ئۇنىڭدىن ھىققىنى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاسان بولسا ئۇ ھىققە بىلەن ئىككى قوي قوشۇپ بېرىدۇ . ياكى يىگىرمە تەڭگە بېرىدۇ. ۋە بىر كىشىنىڭ زاكىتى ھىققەغە يەتسە ئۇنىڭدا ھىققە بولمىسا ئۇنىڭدا جىزئە بولسا ئۇ كىشىدىن جىزئەنى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا سەدىقە ئالغۇچى يىگىرمە تەڭگە ياكى ئىككى قوي قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ۋە بىر كىشىنىڭ سەدىقىسى ھىققە بولسا ئۇنىڭدا بىنتە لەبۇن (ئۈچ ياشلىق) تۆگە بولسا ئۇنىڭدىن بىنت لەبۇن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىككى قوي ياكى يىگىرمە تەڭگە بېرىدۇ. ۋە بىر كىشىنىڭ زاكىتى بىنتە لىبۇن بولۇپ ئۇنىڭدا ھىققە بولسا ئۇنىڭدىن ھىققە قوبۇل قىلىنىدۇ. ۋە ئۇنىڭغا زاكات ئالغۇچى يىگىرمە تەڭگە ياكى ئىككى قوي قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ۋە بىر كىشىنىڭ زاكىتى بىنتە لەبۇن بولۇپ ئۇنىڭدا بىنتە لەبۇن يوق بىنتە مەخاز (ئىككى ياشلىق تۆگە) بولسا بىنتە مەخازنى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ يىگىرمە تەڭگە ياكى ئىككى قوي بېرىدۇ.

## قوينىڭ زاكىتى توغرىسىدا

737ـ ئەنەس ﷺ دىن ئەبۇ بەكرى ﷺ ئۇنىڭغا بەھرەينگە ئەۋەتكەندە مۇشۇ خەتنى يازدى .

بسم الله الرحمن الرحيم. مۇشۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان ۋە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرنى ئۇنىڭغا بۇيرۇغان زاكاتنىڭ پەرزدۇر. مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئۇ زاكاتنى ئۆز

يولـدا سـوئال قىلىنسـا ئۇنـى بەرسـۇن . ۋە بىـر كىشـى بۇنىڭدىـن يۇقـرى سـوئال قىلىنسـا بەرمىسۇن . ھەر يىگىرمە تۆت تۆگىدىن ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەندە قويىدىن ھەر بەش تۆگىدە بىر قوي كېلىدۇ. تۆگە يىگىرمە بەشكە يەتسە ئوتتۇز بەشكىچە ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە زاكات كېلىدۇ. ۋاقتىكى تۆگە ئوتتۇز ئالتىگە يەتسە قىرىق بەشكىچە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگە كېلىدۇ. ۋاقتىكى تۆگە قىرىق ئالتىگە يەتسە ئاتمىشكىچە بىر ھىققە يەنى تۆت ياشلىق چىشى تۆگە كېلىدۇ. ۋاقتىكى تۆگە ئاتمىش بىرگە يەتسە يەتمىش بەشكىچە بىر جىزئە ( بەش ياشلىق تۆگە كېلىدۇ) ۋاقتىكى تۆگە يەتمىش ئالتىگە يەتسە توقسانغىچە ئۈچ ياشلىق ئىككى تۆگە كېلىدۇ . ۋاقتىكى تۆگە توقسان بىرگە يەتسە بىر يۈز يىگىرمىگىچە ئۇنىڭدىن ئىككى ھىققە (تۆت ياشلىق ئىككى تۆگە) كېلىدۇ. ۋاقتىكى تۆگە بىر يۈز يىگىرمىدىن زىيادە بولسا ھەر قىرىق تۆگىدە بىر ئۈچ ياشلىق تۆگە كېلىدۇ. ۋە ھەر ئەللىك تۆگىدە تۆت ياشلىق بىر تۆگە كېلىدۇ. ۋە بىر كىشىنىڭ تۆتتىن ئوشۇق تۆگىسى بولمىسا ئۇنىڭغا زاكات يوق لېكىن ئىگىسى بېرىشنى خالىسا (بەرسە بولىدۇ) ۋاقتىكى تۆگە بەشكە يەتسە ئۇنىڭغا بىر قوي كېلىدۇ. يايلۇ قويلارنىڭ زاكىتىدا قىرىق بولسا بىر يۈز يىگىرمىگىچە بىر قوي ۋاقتىكى قوي بىر يۈز يىگىرمىگە زىيادە بولسا ئىككى يۈزگىچە ئىككى قوي ۋاقتىكى قوي ئىككى يۈزگە زىيادە بولسا ئۈچ يۈزگىچە ئۇنىڭدا ئۈچ قوي ۋاقتىكى قوي ئۈچ يۈزگە زىيادە بولسا ھەر يۈز قويدا بىر قوي . ۋاقتىكى بىر ئادەمنىڭ يايلۇ قويى قىرىقتىن بىرسى كام بولسا ئۇنىڭدا زاكات يوق لېكىن ئىگىسى خالىسا (بەرسە بولىدۇ). ۋە كۈمۈشتىن ئۇندىن بىرنىڭ تۆتتىن بىرى. يەنى ھەر ئىككى يۈز تەڭگىدە بەش تەڭگە . ۋاقتىكى كۈمۈش تەڭگە بىر يۈز توقسان بولسا ئۇنىڭدا زاكات يوق لېكىن ئىگىسى خالىسا .(ئىگىسى خالىسا بەرسە بولىدۇ)

## زاكاتتا ئەيىبدىن سالامەتنى ئېلىش توغرىسىدا

738ـ ئەنەس ﷺدىن : تەھقىق ئەبۇ بەكرى ﷺ ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان زاكاتنى يازدى. ۋە زاكاتتا قېرىنى ۋە ئەيىبى بارنى ۋە تېكىنى چىقىرىلمايدۇ. لېكىن ئالغۇچى ئېلىشنى خالىسا بولىدۇ.

## زاكاتتا خالايىقنىڭ مالىنىڭ كاتتىسىنى ئالماسلىق توغرىسىدا

739ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ھەدىسى يۇقىرىدا ئۆتتى. ۋە مۇشۇ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ئېيتتى: سەن ئەھلى كىتاب قەۋملەرگە قەدەم كەلتۈرسەن . ۋە ھەدىسنىڭ قالغىنىنى زىكىر قىلدى. ئاندىن ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئېيتتى : خالايىقنىڭ ماللىرىنىڭ كاتتىلىرى ئېلىشتىن ساقلانغىن.(يەنى زاكاتتا)

## تۇغقانلىرىغا زاكات بېرىش توغرىسىدا

740ـ ئەنەس ﷛ دىن ئېيتتى: ئەبۇ تەلھە مەدىنىدە ئەنسارىلەرنىڭ خورما مالى كۆپراق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ دوستراق مالى بەيرۇھا بېغى ئىدى. ۋە ئۇ باغ مەسجىدنىڭ ئالدىدا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ باغقا كىرىپ ئۇنىڭ تاتلىق سۈيىدىن ئىچەر ئىدى. ئېيتتى ئەنەس : مۇشۇ ئايەت ‹‹ لَن تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ ›› چۈشۈپ ئىدى. ‹‹يەنى ئەڭ دوست تۇتقان نەرسەڭلاردىن نەپىقە قىلمىغۇچە ياخشىلىققا ھەرگىز يەتمەيسىلەر›› ئەبۇ تەلھە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قوپۇپ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ئەڭ دوست تۇتقان نەرسەڭلاردىن سەدىقە قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا يېتەلمەيسىلەر. ۋە تەھقىق ماڭا مېلىمنىڭ دوستراغى بەيرۇھادۇر. ۋە تەھقىق ئۇ باغ ئاللاھ ئۈچۈن سەدىقىدۇر. ئۇنىڭ ساۋابىنى ۋە ئاخىرەتلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنى سىلەرگە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يەردە قويسىلا. ئېيتتى ئەنەس: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : بەس بەس ئۇ پايدىلىق مالدۇر. ئۇ پايدىلىق مالدۇر. ۋە سىنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم. ئۇ مالنى تۇغقانلىرىڭ ئىچىدە قىلىشىڭنى مۇۋاپىق كۆرۈمەن . ئەبۇ تەلھە ئېيتتى: شۇنداق قىلىمەن يا رەسۇلۇللاھ . ئەبۇ تەلھە ئۇ باغنى تۇغقانلىرى ۋە تاغىسىنىڭ باللىرى ئىچىدە تەقسىم قىلىپ بەردى.

741ـئەبۇ سەئىدى خۇدرى ﷛ دىن : ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نامازگاھقا چىقىشى توغرىسىدىكى ھەدىسى يوقاردا ئۆتتى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مەنزىلىگە ئۇرۇلۇپ ئىدى ئىبنى مەسئۇدنىڭ خوتۇنى زەينەپ كىلىپ ئىزنى سورايدۇ. دېيىلدى ماۋۇ زەينەپدۇر. ئېيتتى: قايسى زەينەب ؟ دېيىلدى : ئىبنى مەسئۇدنىڭ خوتۇنى زەينەب. ئېيتتى: ئىزنى بېرىڭلار ئۇنىڭغا. ئاندىن ئۇنىڭغا ئىزنى بېرىلدى . ئاندىن ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ئۆزلىرى بۈگۈن سەدىقە بېرىشكە بۇيرىدىلا ۋە مېنىڭدە زىننەت بۇيۇمىم بار ئىدى. ئۇنى سەدىقە قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىدىم. ئىبنى مەسئۇد ئېيتتى: ئىبنى مەسئۇد ئۆزى ۋە بالىسى مەن ئۇلارگە سەدىقە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەقلىقراقىدۇرمەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئېرىڭ ۋە بالاڭ ئۇلارغا سەدىقە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەقلىقراغىدۇر.

## مۇسۇلمانىنىڭ مىنىدىغان ئېتىدا زاكات يوقلىغى توغرىسىدا

742ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷛ دىن ئېيتتى : ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : مۇسۇلمانىنىڭ ئېتىدا ۋە قۇلىدا زاكات يوق.

## يېتىملەرگە زاكات بېرىش توغرىسىدا

743ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷛ دىن: پەيغەمبەر ﷺ بىر كۈنى مۇنبەردە ئولتۇردى. ۋە بىز ئەتراپىدا ئولتۇردۇق . ئاندىن ئېيتتى: مەن سىلەرگە مەندىن كېيىن دۇنيانىڭ چېچەكلىرىدىن ۋە زىننەتلىرىدىن ئېچىلىپ كېتىشىدىن ئەڭ بەك قورقىمەن. بىر كىشى ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ

ئايا ياخشىلىق يامانلىقنى كەلتۈرەمدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ سۈكۈت قىلدى. ئۇنىڭغا دېيىلدى . نېمە ئىشىڭ؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سۆز قىلىسەن ساڭا سۆز قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا ۋەھى چۈشىدۇ دەپ قارىدۇق. ئېيتتى: ئەبۇ سەئىد: رەسۇلۇللاھ ئۆزىدىن تەرلىرىنى سىلاپ ئېرىتىپ ئاندىن ئېيتتى: سوئال قىلغۇچى قەيەردە ؟ ۋە گويىاكى ئۇنى ماختىدى. ئاندىن ئېيتتى: ياخشىلىق يامانلىقنى كەلتۈرمەيدۇ. ۋە باھار پەسلى ئېرىق ياقىسىدا ئۇندۇرگەن ئوت – چۆپ ئىچىدە يىگۈچىنى ئۆلتۈرىدىغان ياكى ئۆلتۈرۈشكە يېقىن قىلىدىغان ئوت ياشالار بار. لېكىن يېشىل ئوتنى يەپ ئىككى بىقىنى كېرىلىپ تويغاندا كۈنگە ئۆزنى قاقلاپ تېزەكلەپ ۋە سىيىپ قورساقنى يېرىم قىلىپ يەنە ئوتلىغان ھايۋان ئۆلمەيدۇ. (دېمەك يەپ چىقىرىپ سىڭدۈرۈپ سەدىقە بېرىپ تۇرغان كىشى ھالاك بولمايدۇ.) ۋە مۇشۇ مال تاتلىق يېشىلدۇر. نېمىدېگەن ياخشى مۇسۇلماننىڭ ھەمراسى مادامىكى مىسكىن ۋە يېتىم ۋە مۇساپىرلارغا ئاتا قىلىپ تۇرسا ياكى رەسۇلۇللاھ دېگەندەك . ۋە ئۇ مالنى ھەققىنى ئادا قىلماي ئالغان كىشى يەپ تويمايدىغان كىشىلەردۇر . ۋە ئۇ مال قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ زەرەرىگە گۇۋاھچى بولىدۇ.

## ئېرىگە ۋە تەربىيىسىدىكى يېتىملەرگە زاكات بېرىش توغرىسىدا

744ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ خوتۇنى زەينەپ دىن : ئۇنىڭ يېقىندا ئۆتكەن ھەدىسى رىۋايەت قىلىندى( 741ـ ھەدىس) ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا باردىم ئىشىگىدە ئەنسارىلەردىن بىر خوتۇننى تاپتىمكى ئۇنىڭ ھاجىتىمۇ مېنىڭ ھاجىتىمگە ئوخشاشىدۇر. بىزلەرگە بىلال ئۆتتى. ئېيتتۇق : پەيغەمبەر ﷺ دىن سورىغىن : ئېرىمگە ۋە قۇچۇغۇمىدىكى يېتىم بالىلىرىمگە نەپىقە قىلسام مەندىن كۇپايە قىلامدۇ؟ بىلال رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ھەئە ئۇ زەينەپكە ئىككى ئەجىر باردۇر. تۇغقانلىق ئەجرىسى ۋە سەدىقىنىڭ ئەجرىسى.

745ـ ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: ئېيتتىم يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايا ماڭا ئەجىر (ساۋاب) بولامدۇ ئەبۇ سەلىمەنىڭ ئوغۇللىرىغا سەدىقە قىلسام؟ ئۇلارمۇ مېنىڭ بالىلىرىم. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۇلارغا نەپىقە قىل. ئۇلارغا نەپىقە قىلغاننىڭ ئەجرىسى ساڭا بولىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ ›› دېگەن قەۋلى نىڭ بايانىدا {سۈرە تەۋبە 70 ـ ئايەت }[34]

746ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ سەدىقە بېرىشكە ئەمر قىلدى. دېيىلدى : ئىبنى جەمئىيل ۋە خالىد بىننى ۋەلىد ۋە ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب سەدىقىنى مەنئى قىلدى. (بەرمىدى) ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئىبنى جەمئىيل سەدىقىنى يامان كۆرمەيدۇ.

---

34 سەدىقىنى قۇل ئازاد قىلىشتا ۋە قەرزدارلاردا ۋە مۇساپىرلاردا سەرىپ قىلىنىدۇ.

لېكىن ئۇ پېقىر ئىدى. ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ئۇنى باي غەنى قىلدى. (مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن) ۋە ئەمما خالىد ئىبنى ۋەلىد سىلەر ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىسىلەر ( ئۇنىڭدىن زاكات تەلەپ قىلىپ) چۈنكى ئۇ تۆمۈر چاپانلىرىنى ۋە ياراقلىرىنى فى سەبىلىللاھ ۋەقفى قىلدى . ئەمما ئاباباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاغىسىدۇر . ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلغان سەدىقە ئۇنىڭ گەدىنىگە لازىم بولغان بېرىشكە تېگىشلىك سەدىقە بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ بىر ھەسسە ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاباباس رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاغىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق ئىبادەتلەردە ئالدىنقى سەپتە تۇرۇشى لازىم.

747ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رضي الله عنه دىن : تەھقىق ئەنسارىلەردىن بىر مۇنچە كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوئال قىلدىلەر. ئاندىن ئۇلارغا بەردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوئال قىلدىلەر ئۇلارغا ئاتا قىلدى. ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن سوئال قىلدىلەر. ئۇلارغا ئاتا قىلدى ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدىكى نەرسە تۈگىدى. ئاندىن ئېيتتى: ھۇزۇرۇمدا بار ياخشىلىقنى ھەرگىز سىلەردىن ئايىمايمەن. ۋە كىشىكى ئىپپەت تەلەپ قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەففى قىلدۇ( سوئالدىن ۋە ھارامدىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلسا ئاللاھ ئۇنى سوئالدىن ۋە ھارامدىن ساقلايدۇ) ۋە كىشىكى بايلىق ئىزھار قىلسا ( ئۆزىنى بىھاجەت تۇتسا) ئاللاھ تائالا ئۇنى باي قىلدۇ . ۋە كىشىكى ئۆزلۈكىدىن سەبىردار بولۇپ قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بەرسە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا سەبرى ئاتا قىلدۇ. ھىچ بىركىمگە سەبىردىن ياخشىراق ۋە كەڭراق ياخشىلىق ئاتا قىلىنمىدى.

748ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: قەسەم زاتىغىكى نەپسىم ئۇل زاتنىڭ ئىلكىدە ئىدى. يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەم كى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئارغامچىسىنى ئېلىپ دۈمبىسىدە ئوتۇنچىلىق قىلغىنى ئۇنىڭغا بىر كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ سوئال قىلغىنىدىن ياخشىراقدۇر. ئۇ سوئال قىلىنغۇچى ئۇ كىشىگە بەرسۇن ياكى ئۇنىڭدىن مەنئي قىلسۇن.

749ـ زەبىرە رضي الله عنه دىن بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: بىر باغلام ئوتۇننى ئۈچىسىدا ئەكېلىپ ساتقىنى ئۇنىڭغا خالايىقدىن سوئال قىلغىنىدىن ياخشىراقدۇر. مەيلى خالايىق ئۇنىڭغا بەرسۇن ياكى مەنئي قىلسۇن.

750 – ھەكىم ئىبنى ھىزام رضي الله عنه دىن ئېيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوئال قىلدىم ماڭا ئاتا قىلدى. ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن سوئال قىلدىم ماڭا ئاتا قىلدى. ئاندىن يەنە سورىدىم ماڭا بەردى. ئاندىن ئېيتتى: ھەي ھەكىم تەھقىق مۇشۇ مال ياپ يېشىل تاتلىقدۇر. بىر كىشى ئۇ مالنى نەپسىنىڭ سېخىيلىقى بىلەن ئالسا ئۇنىڭغا ئۇ مالدا بەرىكەت بېرىلىدۇ . ۋە بىر كىشىكى ئۇ مالنى نەپسى تىكىلىپ ئالسا ئۇنىڭغا ئۇ مالدا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ . ۋە ئۇ يەپ تويمايدىغان كىشىدەك بولىدۇر. يۇقىرى قول تۆۋەنكى قولدىن ياخشىراقتۇر . ئېيتتى ھەكىم: ئاندىن ئېيتتىم يا رەسۇلۇللاھ ئۆزلىرىنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ھەتتا دۇنيادىن ئايرىلغىچە سىلىدىن كېيىن بىر كىمگە سوئال قىلىپ مالنى كېمەيتمەيمەن. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رضي الله عنه ھەكىمگە ئاتا قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىشقا باش تارتىدۇ. ئاندىن ئۆمەر رضي الله عنه ئۇنىڭغا ئاتا قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭدىن ئاتانى

قوبۇل قىلىشقا باش تارتتى. ئۆمەر ئېيتتى: مەن ھەي مۇسۇلمانلار جامائىتى سىلەرنى ھەكىمغە گۇۋاھ قىلىمەنكى مەن ئۇنىڭغا غەنىيمەتتىن ھەققىنى تولغرا قىلىمەن ئاندىن ئۇ ھەكىم ئېلىشتىن باش تارتتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن خالايىقدىن ھېچكىمگە سوئال قىلىپ كېمەيتمىدى. ھەتتاكى ۋاپات تاپتۇرۇلدى.

## سوئال قىلماستىن ۋە نەپسى تىكىلمەستىن ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە بىر نەرسە ئاتا قىلىش توغرىسىدا

751ـ ئۆمەر بىننى خەتتاب ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا ئاتانى بېرەتتى. ۋە مەن ئېيتىمەن: مەندىن پېقىرراق كىشىگە بەرسىلە. ئېيتتى : ئۇنى ئالغىل. ۋاقتىكى مۇشۇ مالدىن ساڭا بىر نەرسە كەلسە ۋەھالەنكى سەن ئۇنىڭغا تىكىلمىگۈچىدۇرسەن. ۋە سوئال قىلمىغۇچىدۇرسەن. شۇڭا ئۇنى ئالغىن ئۇنداق بولمىسا نەپسىڭنى ئۇ مالغا ئەگەشتۈرمىگىن.

## مالنى كۆپ قىلىش ئۈچۈن خالايىقدىن سوئال قىلغان كىشى توغرىسىدا

752ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : بىر ئادەم ھەمىشە خالايىقتىن سوئال قىلىدۇ. ھەتتا قىيامەت كۈنى يۈزىدە بىر پارچە گۆشت يوق كېلىدۇ. ۋە ئېيتتى: كۈن قىيامەت كۈنى يېقىن كېلىدۇ. ھەتتاكى تەر قۇلاقنىڭ يېرىمىغا يېتىدۇ . ئۇ خالايىقلار شۇ ھالدا ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاندىن موسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پەرياد تەلەپ قىلىدۇ.

## بايلىقنىڭ مىقدارى ئۆلچىمى توغرىسىدا

753 – ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: خالايىققا تاۋاپ قىلىپ بىر لوقما ۋە ئىككى لوقما ۋە بىر دانە ۋە ئىككى دانە خورما ياندۇرىدىغان كىشى مىسكىن ئەمەس ۋەلېكىن مىسكىن شۇدۇركى ئۆزىنى بىھاجەت قىلغۇدەك نەرسە تاپالمايدۇ. ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىنمايدۇ. ۋە ئۇ كىشى قوپۇپ خالايىقدىن سوئال قىلمايدۇ( يەنى مۇشۇ مىسكىن)دۇر.

## خورمىنى بوداش توغرىسىدا

754ـ ئەبۇ ھۇمەيدى سائىدى ﷺ دىن ئېيتتى؛ بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن تەبۇك غازىتىنى قىلدۇق. ۋادىل قۇرا دېگەن جايغا كەلگەندە بىناگاھ بىر خوتۇن كىشى ئۆزىنىڭ بېغىدە ئىكەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسھابلىرىگە ئېيتتى؛ بوداڭلار (مۆلچەرلەڭلار) ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئۇ خورمىنى ئون ۋەسەق[35] ( ئالتە يۈز سا) بودېدى. ئاندىن ئۇ خوتۇنغا ئېيتتى: ئۇ باغدىن چىقىدىغان خورمىنى ھېسابلاپ قويغىن. ئاندىن تەبۇككە كېلىپ ئىدۇق ئېيتتى: بۈگۈن كېچە

[35] بىر ۋەسەق ئاتمىش سا. بىر سا تۆت جىڭ. ئون ۋەسەق ئالتە يۈز سا 2400 جىڭ.

قاتتىق شامال چىقىدۇ. ھېچكىم ئۆرە قوپمىسۇن . تۆگىسى بار كىشىلەر تۆگىسىگە چۇشەك سېلىپ قويسۇن. ئاندىن تۆگىلىرىمىزنى چۇشەكلىۋىدۇق. ۋە قاتتىق شامال قوزغالدى. بىر ئادەم قوپۇۋىدى ئۇ ئادەمنى شامال ئۇچۇرۇپ تەي تېغىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ۋە ئىيلەنىڭ پادىشاھى پەيغەمبەر ﷺ گە بىر ئاق قېچىرنى سوغا قىلدى. ۋە تون كەيدۈردى. ۋەپەيغەمبەر ﷺ ئۇ پادىشاھقا ئۆز بەھرىنى(زېمىنىنى) ئۆزىگە توختىتىپ خەت يېزىپ بەردى. قايتىپ ۋادىل قۇراغا كەلگەندە ھېلىقى خوتۇنغا ئېيتتى؛ بېغىڭ قانچىلىك كەلدى. ئۇ خوتۇن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ بودىغاندەك ئون ۋەسەق كەلدى. (600 سا) . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مەن مەدىنىگە ئىتتىك بارغۇچىدۇرمەن. سىلەردىن مەن بىلەن ئالدىرايدىغانلار بولسا ئالدىرسۇن . مەدىنىگە تىكىلىپ ئىدى، مۇشۇ تابە دۇر- دېدى. ئۇھۇد تېغىنى كۆرۈپ ئىدى، مۇشۇ بىزنى دوست تۇتىدىغان ۋە بىز ئۇنى دوست تۇتىدىغان تاغدۇر- دېدى. ئايا ئەنسارلەرنىڭ دىيارىنىڭ ياخشىراق بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئېيتتىلەر ئارى خەۋەر بەرسىلە: ئېيتتى: بەنى نەججار دىيارى ، ئاندىن بەنى ئابدۇلئەشھەل دىيارى، ئاندىن بەنى سائىدە دىيارى، ئاندىن بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج دىيارى، ۋە ئەنسارلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىيارىدا خەير – ياخشىلىق بار.

## ئاسمان سۈيى ۋە ئېقىن سۇ بىلەن سۇغۇرۇلغان زىرائەتدە ئۆشرە (ئوندىن بىر ) زاكات كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا

755- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئاسمان سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغارغان نەرسىدە ياكى سارقىندى ئۆزلۈكىدىن كەلگەن سۇ بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىدە ئۆشرە (كېلىدۇ) ۋە سايمان بىلەن تارتىپ سۇغۇرۇلغان نەرسىدە نىسپى كېلىدۇ. (يۈزدە 5% كېلىدۇ.)

## خورمىنى ئۈزگەن ۋاقتىدا زاكىتىنى ئېلىش ۋە ئايا كىچىك بالا زاكات خورمىنى تۇتسا قويۇپ بېرىلەمدۇ ؟ توغرىسىدا

756- ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: خورمىنى ئۈزگەن ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خورما كۆتۈرۈلەتتى . بۇ ئۆز خورمىسىدىن ئۇ خورمىسىدىن ئېلىپ كېلەتتى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىدا بىر چەش (توپ) خورما يىغىلدى. ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئاشۇ خورمىنى ئوينۇشۇپ تۇرۇپ ئىككىسىنىڭ بىرى بىر دانە خورمىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا قارىدى دە ئۇ خورمىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ ئېيتتى: ئايا بىلمىدىڭمۇ مۇھەممەد ئائىلىسى سەدىقە يېمەيدۇ .

## ئايا سەدىقە قىلغان نەرسىنى ئۆزى سېتىۋالامدۇ ؟ ئەمما ئۇنى باشقا ئادەم سېتىۋالسا باك يوقلىغى توغرىسىدا

757ـ ئۆمەر ﷺ دىن ئېيتتى: فى سەبىلىللاھ بىر ئاتنى زاكات بەرگەن ئىدىم. ئۇ ئاتنى ئۇ ئادەم زايە قىلدى. ئۇنى سېتىۋېلىشنى ئىرادە قىلدىم. ۋە ئۇنى ئەرزان ساتىدۇ دەپ گۇمان قىلدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سورىدىم. ئېيتتى: ئۇنى سېتىۋالما ۋە سەدىقەڭدە يېنىۋالما ئەگەرچە ئۇنى بىر تەڭگىگە بەرسىمۇ . چۈنكى ئۆزىنىڭ سەدىقىسىدە يېنىۋالغۇچى ئۆزىنىڭ قۇسۇغىدا (سەپراسىدا ) يېنىۋالغۇچىغا ئوخشاش. ( يەنى قۇسۇقنى ياندۇرۇپ ئىچىۋالغۇچىغا ئوخشاش)

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خوتۇنلىرى ئازاد قىلغان كىشلەرگە سەدىقە بېرىش توغرىسىدا

758ـ ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئۆلگەن قوينى تاپىدىكى ئۇنى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئازاد قىلىنغۇچىغا زاكاتتىن بېرىلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئايا ئۇنىڭ تېرىسى بىلەن مەنپەئەت ئالمىدىڭلارمۇ؟ ئېيتتىلەر : ئۆزى ئۆلگەندۇر. ئېيتتى: ئۇنى يېيىش ھارام قىلىندى. ئ

## زاكات باشقا نامغا ئۆرۈلسە [36] ( ئۆزگەرسە) توغرىسىدا

759ـ ئەنەس ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ گە بەريرەگە سەدىقە قىلىنغان گۆش كەلتۈرۈلدى. ئېيتتى: ئۇ گۆش بەريرەگە سەدىقە ۋەبىزلەرگە ھەدىيەدۇر.

## زاكاتنى بايلاردىن ئېلىپ پېقىرلەرگە قەيەردىلا بولسا قايتۇرۇپ بېرىشى توغرىسىدا

760ـ مۇئاز نىڭ ھەدىسى ۋە ئۇنى يەمەنگە ئەۋەتىلگەنلىگى يۇقرىدا ئۆتتى. ۋە مۇشۇ رىۋايىتىدە مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ساقلانغىن . مەزلۇم بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا پەردە يوقدۇر. ( يەنى دۇئاسى شەكسىز ئىجابەتدۇر)

## سەدىقە ئىگىسىگە ئىمامنىڭ دۇئا قىلىشى توغرىسىدا

761ـ ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ گە قەۋملەر زاكاتنى ئېلىپ كەلسە ئېيتار ئىدى: ئاللاھۇممە سەللى ئەلا ئالى فۇلان( يەنى پالانىنىڭ ئائىلىسىگە مەغپىرەت قىلغىل ۋە رەھمەت قىلغىل ) ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئاتام سەدىقىسىنى

---

36 جاۋابى يەنى زاكات باشقا نامغا ئۆرۈلسە ھاشىمغا ۋە زاكات ئېلىش دۇرۇست بولمايدىغان كىشلەرگە ئۇنى ئىستىمال قىلىش دۇرۇست

كەلتۈردى. ئېيتتى: ئاللاھۇممە سەللى ئەلا ئالى ئەبى ئەۋفا ( يەنى ئەبى ئەۋفانىڭ ئائىلىسىگە مەغپىرەت قىلغىل. ۋە رەھمەت قىلغىل.

## دېڭىزدىن چىقىرىلىدىغان نەرسە توغرىسىدا

762ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن :رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن بەنى ئىسرائىلدىن بىر كىشى بەنى ئىسرائىلنىڭ بەزىسىدىن مىڭ تىللا قەرز سورىدى. ئۇ ئۇ كىشىگە قەرز بەردى. كېيىن قەرزنى قايتۇرغىلى دېڭىز قىرغىقىغا چىقتى. ئۇلاق ۋە كېمە تاپالمىدى. ئاندىن بىر ياغاچنى ئېلىپ ئۇنى كولاپ ئۇيۇپ ئۇنىڭغا مەزكۇر مىڭ تىللانى تىقىپ دېڭىزغا تاشلىدى. ئاندىن ھېلىقى مىڭ تىللا قەرز بەرگەن كىشى دېڭىز بويىغا چىقىپ ھېلىقى مىڭ تىللا تىقىلغان ياغاچقا ئۇچرىدى . ئۇ ياغاچنى ئەھلىگە قايتۇرۇپ ئوتۇن قىلماقچى بولۇپ ئالدى. ( راۋى ھەدىسنىڭ قالغىنىنى زىكرى قىلدى) ۋە ئۇ ئوتۇننى يېرىپ ھېلىقى مىڭ تىللانى تاپتى.

## رىكازدا (جاھىلىيەتتە كۆمۈلگەن مالدا) خۇمس( بەشتىن بىر) زاكات كېلىشى توغرىسىدا

763ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: تىلسىز ھايۋاننىڭ جاراھىتى بىكاردۇر (تۆلەنمەيدۇ)[37] ۋە قۇدۇق بىكاردۇر . ۋە كان بىكاردۇر . ۋە رىكازدا بەشتىن بىر زاكات كېلىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا ››[38] دېگەن قەۋلى توغرىسىدا ۋە زاكات ـ سەدىقە يىغقۇچىلەرنىڭ ئىمام بىلەن ھېساب قىلىشى توغرىسىدا

764ـ ئەبۇ ھۇمەيدى سائىد ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسەد قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى بەنى سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ سەدىقىسىگە ئامىل قىلدى. ئۇ ئادەمنى ئىبنى لۇتەيبە دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم سەدىقىنى يىغىپ كەلگەندە ئۇنىڭدىن ھېساب ئالدى.

## ئىمامنىڭ زاكات تۆگىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن داغلىشى توغرىسىدا

765ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ تەلھەنىڭ ئوغلىنى (ئۇكامنى) ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېغىزلاندۇرۇشى ئۈچۈن ئەتىگەندە ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردىم. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قولىدا داغمال بار زاكات تۆگىلىرىنى داغلاۋاتقان ھالدا تاپتىم.

---

[37] يەنى تىلسىز ھايۋان جاراھەت قۇدۇقتا چۈشۈپ ئۆلسە ياكى كان بېسىشىلىپ ئۆلسە بىكاردۇر. ئۇنىڭغا تۆلەم بېرىلمەيدۇ.
[38] مەنىسى : زاكات يىغقۇچىلارغا ، 8 مەسرەپتىن بىرى زاكات ئالغۇچىلاردۇ.

# پىتىر سەدىقىسىنىڭ كىتابى

## سەدىقە پىترىنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا

766ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ سەدىقە پىترىنى بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپىدىن مۇسۇلمانلاردىن قۇلغا ، ئازادقا ۋە ئەركەككە ۋە ئايالچە ۋە چوڭ – كىچىككە پەرز قىلدى. ئۇنى جامائەتلەر ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئادا قىلىشقا بۇيرۇدى .

## سەدىقە پىترىنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بېرىش توغرىسىدا

767ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىيى ﷺ دىن ئىيتتى: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانلىرىدا پىتىر كۈنى تائامدىن بىر سا چىقىراتتۇق. ۋە بىزلەرنىڭ تائامىمىز ئارپا ۋە ئۈزۈم، ۋە قۇرۇت(سۈزمە) ۋە خورما ئىدى.

## سەدىقە پىترىنىڭ ئازادقا ۋە قۇلغا ۋاجىپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

768ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ سەدىقە پىترىنى ئارپىدىن بىر سا ياكى خورمىدىن بىر سا كىچىككە ۋە چوڭغا ۋە ئازادقا ۋە قۇلغا پەرز قىلدى.[39]

# ھەجنىڭ كىتابى

## ھەجنىڭ پەرزلىكى ۋە ئۇنىڭ پەزلى توغرىسىدا

769ـ ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: پەزلى ئىبنى ئاbباس رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مىنگەشكۈچى ئىدى. خەتئەم قەبىلىسىدىن بىر خوتۇن كەلدى. پەزلى ئىبنى ئاbباس ئۇنىڭغا قارىغىلى تۇردى ۋە ئۇ خوتۇنمۇ پەزلىگە قارىغىلى تۇردى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ پەزلىنىڭ يۈزىنى باشقا تەرەپكە قايرىدى. ئاندىن ئۇ خوتۇن ئىيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ھەجدىكى پەرزى ئاتامنى قېرىغان ھالدا تاپتى. ئۇلاق ئۈستىدە ئولتۇرالمايدۇ. ئايا ئۇنىڭ جانىبىدىن ھەج قىلسام بولامدۇ؟ ئىيتتى: ھەئە بولىدۇ. ۋە بۇ ئىش ھەججەتۇل ۋىدا يىلى بولغان.

[39] ئىبنى ئۆمەر نىڭ ئەۋۋەلىق ھەدىسى سەدىقە پىترىنىڭ مۇسۇلمانغە ۋاجىبلىغى ۋە ئىككىنچى ھەدىستە كىمگە ۋە كىمدىن ۋاجىبلىغ توغىسىدا

**ئاللاھ تائالانىڭ** ‹‹ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِنْ كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ . لِيَشْهَدُوا مَنَافِعَ لَهُمْ ››[40] **{سۈرە ھەج 28 ـ ئايەت } قەۋلى توغرىسىدا**

770ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زۇلھۇلەيفىدە ئۇلاقىغا مىنىپ ھەتتا ئۇلاغى تىك ئۆرە تۇرغۇچىلىك ئېھرام باغلىغانلىقىنى كۆردۈم.

771ـ ئەنەس ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاق ئۈستىدە ھەج قىلدى. ۋە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈك ئارتىلغان ئۇلاغى ئىدى.

## ھەج مەبرۇر ( مەقبۇل) نىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

772ـ مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۇ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ جىھادنى ئەمەللەرنىڭ ئۇلۇغراقى كۆرۈمىز . ئايا جىھاد قىلمايمىزمۇ ؟ ئېيتتى: ياق . سىزلەرگە جىھادنىڭ ئەۋزەلراغى ھەج مەبرۇر( مەقبۇل بولغان) ھەجدۇر. (ئاياللارغا)

773ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ. بىر كىشى ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلسا ، جىمانىڭ سۆزىنى قىلمىسا ۋە پىسقى پاسات قىلمىسا ئۇ ئانىسى تۇغقان كۈندىكىگە ئوخشاش گۇناھدىن پاك قايتىدۇ.

## يەمەن ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلايدىغان جايى توغرىسىدا

774ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئەھلى مەدىنىگە زۇلھۇلەيفىنى ۋە ئەھلى شامغا جۇھفەنى ۋە ئەھلى نەجدىگە قەرنى مەنازىلنى ۋە ئەھلى يەمەنگە يەلەملەمنى مىيقات قىلىپ بەردى. ئۇ مىقاتلەر ئۇ مىيقات ئىگىلىرى ئۈچۈندۇر . ھەج ۋە ئۆمرەنى ئىرادە قىلغانلەرنىڭ ھەر قايسىلىرى ئۆز تەرەپلىرىدىن ئۇ مىيقاتقا كەلگەنلەرنىڭ مىيقاتىدۇر. ۋە بۇ مىيقاتنىڭ ئىچىدىكىلەر . تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايىدىن ھەتتا ئەھلى مەككىنىڭ ئېھرام باغلايدىغان جايى مەككىدىندۇر.

775ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ زۇلھۇلەيفىدىكى بەتھا دېگەن جايغا تۆگىسىنى چۆكلەپ چۈشتى. ۋە ئۇ يەردە ناماز ئوقۇدى . ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شۇنداق قىلاتتى.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شەجەرە يولىغا چىقىشى توغرىسىدا

776ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ شەجەرە يولىدىن چىقار ئىدى. ۋە مۇئەررەس يولىدىن كىرەر ئىدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككىگە چىقسا شەجەرە

---

[40] مەنىسى : ھەي ئىبراھىم خالايىقنى چاقىرغىل ئۇلار ساڭا (ئىجابەت ) قىلىپ پىيادە ماڭغان ھالدا ۋە ھەر ئىگىز ـ پەس ئوڭ چۇقۇر يوللەردىن كىلىدىغان ئورۇق تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدە ساڭا كىلىدۇ . تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەتلىرىگە ھازىر بولغايلار.

مەسجىددە ناماز ئوقۇيتتى . ۋاقتىكى يانسا بەتنىل ۋادىدىكى زۇلھۇلەيفەدە ناماز ئوقۇيتتى . ۋە تاڭ ئاتقۇچە قوناتتى.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ‹‹ئەقىق مۇبارەك ۋادىدۇر›› دېگەن سۆزى توغرىسىدا

777ـ ئۆمەر ﷺ دىن ئېيتتى: ۋادىل ئەقىقدە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتدۇ : بۈگۈن كېچە ماڭا پەرۋەردىگارىمدىن بىر كەلگۈچى كەلدى. ۋە ئېيتتى: مۇشۇ مۇبارەك ۋادىدا ناماز ئوقۇغىن. ۋە ئېيتقىل بۇ ھەجدىكى ئۆمرەدۇر. (ئۆمرە ھەج بىرگە قىراندۇر)

778ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: پەيغەمبەر ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ غا كۆرسىتىلدى . ۋە ئۇ زات بەتنى ۋادىدىكى زۇلھۇلەيفەدە كېچىنىڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ھالىتىدە ئۇنىڭغا دېيىلدى. سەن مۇبارەك بەتھادادۇرسەن.

## كىيىمدىن خۇشبۇينى يۇيۇش توغرىسىدا

779ـ يەئلا ئىبنى ئۇمەييە ﷺ دىن : ئۇ ئۆمەر ﷺ غە ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ غا ۋەھى ئىنىرىلگەن ۋاقتىدا ماڭا كۆرسەتكىل. ئېيتتى يەئلا : ئول ئارىدىكى پەيغەمبەر ﷺ جىئىررانە دە ئەسھابلىرىدىن بىر نەچچىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ غە بىر كىشى كېلىپ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ خۇشبۇينى ئۆزگە پۈركەپ سۈرتىۋىلىپ ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشى ھەققىدە قانداق قارايلا. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ بىر سائەت سۈكۈت قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ۋەھى كەلدى. ئۆمەر ماڭا ئىشارەت قىلدى. كەلدىم ۋەھال ئولكى رەسۇلۇللاھ ﷺ باشلىرىغا بىر كىم بىلەن سايە قىلىنىپتۇ . بېشىمنى كىرگۈزدۈم . بىناگاھ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزلىرى قىزىل خىتىلداپ تۇرىدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ دىن تەدرىجي ئېچىلدى. ئېيتتى: ئۆمرەدىن سورىغان كىشى قەيەردە؟ ھېلىقى كىشى كەلتۈرۈلدى . ئېيتتى: سەندىكى خۇشبۇينى ئۈچ مەررە يۇغىن . ۋە سەندىن كىيىمگىنى تارتىپ سېلىۋاتقىن. ۋە ھەجىڭدە قانداق ئىشنى قىلغان بولساڭ ئۆمرەڭدىمۇ شۇنداق ئىشنى قىلغىل.

## ئېھرام باغلىغاندا خۇشبۇي سۈرۈش ۋە ئېھرام باغلاشنى ئىرادە قىلغاندا كىيىدىغان كىيىم توغرىسىدا

780ـپەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن ئېيتتى: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئېھرام باغلايدىغان ۋاقتىدا ئېھرام باغلىشى ئۈچۈن ۋە ئېھرامدىن چىقىشى ئۈچۈن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشى ئۈچۈن خۇشبۇي قىلىپ قوياتتىم.

## چاچنى قاتۇرغان ھالىتىدە ئېھرام باغلىغان كىشى توغرىسىدا

781ـئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ چاچنى قاتۇرۇپ ئېھرام باغلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

## زۇلھۇلەيفە مەسجىدىدە ئېھرام باغلاش توغرىسىدا

782ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ پەقەت زۇلھۇلەيفە مەسجىدىنلا ئېھرام باغلىدى.

## ھەجدە ئۇلاق مىنىش ۋە مىنگىشىش توغرىسىدا

783ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئۇسامە ئەرەپاتتىن مۇزدەلىفىگىچە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مىنگەشكۈچى بولدى. ئاندىن پەزلى ئىبنى ئابباسنى مۇزدەلىفەدىن مىناغىچە مىنگەشتۇردى. ھەر ئىككىسىلا ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەممىشە بولدى تەلبىيە ئېيتىدۇ. ھەتتا جەمرە ئەقەبە (تاشنى ) ئاتتى.

## ئېھرام باغلىغۇچىنىڭ كىيىمدىن ۋە رىدادىن ۋە ئىزاردىن (ئىشتاندىن) كىيىدىغان نەرسىسى توغرىسىدا

784ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بېشىنى تاراپ ۋە ياغلىنىپ ۋە ئىزار ۋە رىدالىرىنى كىيىپ مەدىنىدىن ئۆزى ۋە ئەسھابلىرى يۈردى (مەككىگە). ۋە كىيىلىدىغان ئىزار ۋە رىدادىن ھېچ نەرسىنى نەھى قىلمىدى . لېكىن زەپىرەڭ بەدەنگە چاپلىشىپ سۈگۈلۈپ تۇرىدىغان كىيىمدىن نەھى قىلدى. ئاندىن زۇلھۇلەيفىدە تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇلۇقىنى مىنىپ ھەتتا بەيدا دېگەن جايدا باراۋەر رۇس تۇرۇپ ئۆزى ۋە ئەسھابلىرى ئېھرام باغلىدى. ۋە تۆگىسىگە قەلادە ئاستى. ۋە بۇ ئىش زۇلقەئدىدىن بەش كۈن قالغاندا بولدى. (يەنى زۇلقەدىنىڭ 25ـ كۈنى ) ئاندىن زۇلھەجدىن تۆت كېچە ئۆتكەندە مەككىگە كەلدى. ئاندىن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. ۋە ساپا مەرۋە نىڭ ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلدى. ۋە ئېھرامدىن چىقمىدى، تۆگىسىگە قەلادە [41] ئېسىپ بەيتۇللاھقا ھايدىغان سەۋەبتىن . ئاندىن مەككىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ھەجۇن دېگەن جايغا چۈشتى . ۋە ھال ئولكى پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىغۇچىدۇر. كەئبنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يېقىن كەلمىدى . ھەتتا ئەرەپاتتىن قايتتى. [42] ئەسھابلىرىنى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا ۋە سەفا- مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىشقا ئاندىن باشلىرىنى قەسىر قىلىشقا(قىسقارتىشقا) ئاندىن ئېھرامدىن چىقىشقا ئەمرى قىلدى. ۋە بۇ ئىش قەلادە ئاسقان تۆگىسى يوق كىشى ئۈچۈندۇر. ۋە كىشىكى ئۇنىڭ خوتۇنى بىللە بولسا ئۇ خوتۇنى ئۇنىڭغا ھالالدۇر ۋە خۇشبۇي ۋە كىيىم ھالالدۇر.

---

[41] قىلادە ــ ھەدىيە تۆگىسىگە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلماسلىقى ئۈچۈن ئاسىدىغان بەلگە.

[42] پەيغەمبەر ھەدىيە تۆگە ھايدىغانلىقى ئۈچۈن ئېھرامدىن چىقمىدى. ھەتتاكى ئەرەپاتتىن قايتىپ كەلگىچە ئەمما ھەدىيە ھايدىمىغان ئەسھابلىرىنى ئۆمرەنىڭ ئېھرامىدىن چىقىپ بېشىنى قىسقارتىشقا تاۋاپ ۋە سەئيىدىن كېيىن بۇيرىدى.

## تەلبىيە ئېيتىش توغرىسىدا

785ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەلبىيەسى : لَبَّيْكَ اَللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ . لَبَّيْكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ لَبَّيْكَ اِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكُ لاَ شَرِيكَ لَكَ دۇر.

## ئۇلاغقا مىنگەندە ئېھرام باغلاشتىن ئىلگىرى ھەمد ئېيتىش ۋە تەسبىھ ئېيتىش ۋە تەكبىر ئېيتىشى توغرىسىدا

786ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھالدا پېشىن نامىزىنى تۆت رەكەت ئوقۇدى . ۋە ئەسىرنى زۇلھۇلەيفىدە ئىككى رەكەت ئوقۇدى . ئاندىن زۇلھۇلەيفىدە قوندى. ھەتتا تاڭ ئاتتۇردى. ئاندىن ئۇلاغقا مىندى. ھەتتا ئۇلۇقى ئۇنى بەيدا دېگەن جايغا باراۋەر رۇست قىلىپ ئىدى. ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتتى ۋە تەسبىھ ئېيتتى ۋە تەكبىر ئېيتتى ، ئاندىن ھەجگە ۋە ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى. ۋە خالايىقلارمۇ ھەجگە ۋە ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى. (مەككىگە ) قەدەم كەلتۈرۈپ ئىدۇق خالايىقلارنى ئەمرى قىلدى ئېھرامدىن چىقتىلەر. ھەتتاكى تەرۋىيە (زۇلھەججىنىڭ 8ـ ) كۈنى بولۇپ ئىدى، ھەجگە ئېھرام باغلىدىلەر. ئەنەس ﷺ ئېيتتى: ۋە پەيغەمبەر ﷺ تۆگىلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۆرە تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىدى ( كۆكسىدىن ) ۋە مەدىنىدە ئىككى دانە ئالا سىمىز ئەركەكنى زەبھى قىلدى.

## قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئېھرام باغلاش توغرىسىدا

787ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق ئىدى. زۇلھۇلەيفىدە ناماز بامدادنى ئوقۇسا ئۇلۇقىغا بۇيرۇر ئىدى. ئۇلىقى توقۇلار ئىدى. ئۇنى مىنىپ ئۇلاغىنى رۇست قىلىپ قىبلىگە قاراپ ئۆرە تۇرار ئىدى. ئاندىن تەلبىيە ئېيتار ئىدى. ھەتتا ھەرەمگە يەتكۈچىلىك . ئاندىن توختايتتى . ۋاقتىكى زىتۇۋاغا كەلسە ئۇ يەردە قونار ئىدى. ۋاقتىكى بامداتنى ئوقۇسا غۇسلى قىلار ئىدى ۋە ئېيتار ئىدىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇنداق قىلاتتى.

## ۋادىغا چۈشكەندە تەلبىيە ئېيتىش توغرىسىدا

788ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى؛ ئېيتتى رەسۇلۇللاھ : ئەمما موسا ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام گويا كى مەن ئۇنىڭغا قارايمەن ۋاقتىكى چۈشسە ۋادىغا تەلبىيە ئېيتىدۇ.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىسىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئېھرامىغا ئوخشاش ئېھرام باغلىغان كىشى توغرىسىدا

789ـ ئەبۇ موسا ﷛ دىن ئېيتتى: مېنى پەيغەمبەر ﷺ يەمەندىكى قەۋمىمگە ئەۋەتتى. ئاندىن يېنىپ كەلدىم. ۋەھال ئولكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بەتھا دېگەن جايدا ئىكەن . نىمگە ئېھرام باغلىدىڭ؟ دېدى. ئېيتتىم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېھرامىدەك ئېھرام باغلىدىم. ئېيتتى: ئايا سەن بىلەن ھەديە بار؟ ئېيتتىم : ياق. ماڭا ئەمرى قىلدى ئاندىن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدىم. ۋە سەفا – مەرۋە نى سەئيى قىلدىم. ئاندىن ماڭا ئەمر قىلدى. ئېھرامدىن چىقتىم. ئاندىن قەۋمىمدىن بىر خوتۇنغا كەلدىم بېشىمنى تاراپ قويدى. ياكى بېشىمنى يۇيۇپ قويدى. ئۆمەر﷛ قەدەم كەلتۈردى ۋە ئېيتتى: ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىنى تۇتساق ئۇ كىتاب بىزنى تامام قىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ‹‹ھەجنى ۋە ئۆمرەنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن تامام قىلىڭلار›› ﴿سۈرە بەقەرە 196ـ ئايەت﴾ ۋە ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىنى تۇتساق رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېھرامدىن چىقمىدى ھەتتاكى ھەديەنى زەبھى قىلدى.[43]

## ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ ›› دېگەن قەۋلى توغرىسىدا

790ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇنىڭ ھەج ھەققىدىكى ھەدىسى ئۆتتى. بۇ رىۋايىتىدە ئۇ ئېيتتى: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ھەج ئايلىرى ۋە ھەج كېچىلىرى ۋە ھەج زامانلىرىدا چىقتۇق. ئاندىن سەرىپ دېگەن جايغا چۈشتۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسھابلىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ ئېيتتى: سىلەردىن بىر كىشى ھەديىسى بولمىسا ئۇ ھەجنى ئۆمرە قىلىشنى دوست تۇتسا شۇنداق قىلسۇن. ۋە ھەديەسى بار كىشى ئۇنداق قىلمىسۇن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ئەسھابلىرىدىن بۇ سۆزنى تۇتقۇچىلارمۇ ۋە تەرك قىلغۇچىلارمۇ بولدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ئەمما رەسۇلۇللاھ ۋە ئەسھابلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇلار كۈچلۈك بولۇپ ئۇلار بىلەن ھەديە بار ئىدى. ئۇلار ئۆمرىگە قادىر بولالمىدى. ۋە ھەدىسنىڭ قالغىنىنى زىكىر قىلدى.

## ھەج تەمەتتۇئ[44] ۋە ھەج ئىفراد نىڭ بايانى ۋە ھەدىيسى يوق كىشىنىڭ ھەجنى بۇزۇۋېتىشى توغرىسىدا

791ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن چىقتۇق ۋە ھەجدىن باشقىنى كۆزلىمەيمىز. مەككىگە قەدەم كەلتۈرۈپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ھەديە ھەيدىمىگەن كىشىلەرنى ئېھرامدىن چىقىشقا ئەمرى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەديە ھەيدىمىگەنلەر ئېھرامدىن چىقتى. رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ خوتۇنلىرى ھەديە ھەيدىمىگەن

---

[43] ئاللاھ تائالا ھەجنى ۋە ئۆمرىنى ئايرىم ئايرىم ۋە باشقا باشقا ئايلەردە قىلىڭلار دىدى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ ھەجنى ۋە ئۆمرىنى بىر ۋاقتىدا بىرلا قىلدى. دىمەكتۇر.

[44] ھەج تەممەتتۇئ دەپ ھەج ئايلىرىدا ئۆمرىگە ئىھرام باغلاپ تاۋاپ قىلىپ بولۇپ ئاندىن كىيىن شۇ يىلى ھەج ئايلىرىدا پەرز ھەجگە ئىھرام باغلاپ ھەج قىلغاننى دىيىلىدۇ.

ئىكەن ئۇلارمۇ ئېھرامدىن چىقتى. سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: مەن ئۆزۈمنى ھاجىلارنى توختىتىپ قويغۇچى كۆرىمەن ( يەنى ھەيز كۆرۈپ قالدىم) رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەي ئەقرا ھەلقا ( يەنى ئاللاھ جاراھەت قىلسۇن چىچىڭنى چۈشۈرسۇن. بۇ شۇنداق ئەرەبلەر مەقسەتسىز دەيدىغان سۆز ) ئايا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلمىدىڭمۇ؟ ئېيتتى؛ ئېيتتىم ئارى تاۋاپ قىلدىم. ئېيتتى: باك يوق قوزغال ( ماڭ مەدىنىگە قايتىقىن)

792ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن يەنە بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: ھەججەتۇل ۋىدا يىلى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن چىقتۇق. بىزلەردىن ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغانلارمۇ بار ۋە بىزلەردىن ھەججىگە ۋە ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغانلارمۇ بار. ۋە بىزلەردىن ھەججىلا ئېھرام باغلىغانلارمۇ بار ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەججىگە ئېھرام باغلىدى. ئەمما ھەججىگە ئېھرام باغلىغان كىشى ياكى ھەج ۋە ئۆمرىنى جەمئىي قىلغان كىشىلەر ئېھرامدىن چىقمىدىلەر. ھەتتا نەھرى كۈنى بولدى. (زۇلھەججىنىڭ 10 – كۈنى )

793ـ ئوسمان ﷺ دىن : ئۇ ھەج تەمەتتۇئ قىلىشتىن نەھى قىلدى. ۋە ھەم ئىككى ھەجنىڭ ئوتتۇرىسىنى جەمئىي قىلىشتىن نەھى قىلدى. ۋە ئەلى ﷺ بۇنى كۆرۈپ ئىككى ھەججىگە بىراقلا لَبَّيْكَ بِعُمْرَةٍ وَحَجَّةٍ دەپ ئېھرام باغلىدى. ئېيتتى: بىراۋنىڭ سۆزى جەھىتىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىنى تەرك ئەتكۈچى بولمىدىم.

794ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى: ئەھلى جاھىلىيەت ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىش زېمىندا فۇجۇر( پىسقى فۇجۇر) نىڭ فاجىرراغى دەپ قارايتىلەر. ۋە مۇھەررەم ئاينى سەپەر قىلار ئىدىلەر. ۋە ئېيتار ئىدىلەر: تۆگىنىڭ يېغىرى ساقايسا ۋە ئىزلىرى ئۆچسە ۋە سەپەر ئېيى چىقسا ئۆمرە قىلماقچى بولغان كىشىگە ئۆمرە ھالال بولىدۇ . پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئەسھابلىرى زۇلھەججەنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھەججىگە ئېھرام باغلىغان ھاللىرىدە قەدەم كەلتۈردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى ئۇ ھەجلىرىنى ئۆمرە قىلىشقا بۇيرىدى . بۇ ئىش نەزدىدە ناھايىتى چوڭ ئېغىر كەلدى. ئۇلار يا رەسۇلۇللاھ قايسى ئېھرامدىن چىقىش بۇ ؟ دېدىلەر. ئېيتتى: ئېھرامنىڭ ھەممىسىدىن چىقىشدۇر.

795ـ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جۈپتى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇ زات ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ خالايىقنىڭ ھالى نېمىدۇركى ئۇلار ئۆمرە بىلەن ئېھرامدىن چىقتى. ۋە ئۆزلىرى ئۆمرە ئېھرامدىن ھالال بولمىدىلا؟ ( چىقمىدىلا؟ ) ئېيتتى: مەن چېچىمنى قاتۇردۇم ۋە ھەدىيەمگە قىلادە ئاستىم. شۇڭا ئۇنى بوغۇزلىمىغۇچىلىك ھالال بولمايمەن. ( ئېھرامدىن چىقمايمەن)

796ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : ئۇنىڭغا بىر كىشى ھەج تەمەتتۇئ دىن سوئال قىلدى. ۋە خالايىقلار مېنى ئۇنىڭدىن توستى- دېدى. ئىبنى ئابباس ئۇ كىشىنى تەمەتتۇئ غە بۇيرۇدى . ئۇ كىشى ئېيتتى: چۈشۈمدە ماڭا بىر ئادەم ھەج مەبرۇر ۋە ئۆمرەتۇ مۇتەقەببەلە( قوبۇل قىلىنغان ھەج ۋە قوبۇل قىلىنغان ئۆمرەدۇر) دەيدۇ. ئاندىن ئىبنى ئابباسقا خەۋەر قىلدىم. ئىبنى ئابباس ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىدۇر.

797ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : ئۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ھەج قىلدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۆزى بىلەن بىللە ھەدىيە ھەيدىگەن كۈنى ۋە ئۇلار تەنھا ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئىدىلەر. ئاندىن ئۇلارغا ئېيتتى: بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ ۋە سەفا ـ مەرۋە ئارىلىقىدا سەئيى قىلىپ ئېھرامىڭلاردىن ھالال بۇلۇڭلار . ( چىقىڭلار) ۋە چېچىڭلارنى قىسقارتىڭلار . ئاندىن ھالال ھالىتىدە ( ئېھرامسىز ) تۇرۇڭلار ھەتتاكى تەرۋىيە كۈنى(8ـ كۈنى ) بولسا ھەجگە ئېھرام باغلاڭلار. ۋە سىزلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قەدەم كەلتۈرگەن نەرسىنى (ھەجىڭلارنى ) مۇتئە ) قىلىڭلار. ئاندىن ئۇلار ئېيتتىلەر: قانداق ھەج تەمەتتۇئ قىلىمىز ۋە ھال ئۇلكى ئۇنى ھەج ئاتىغان تۇرساق؟ پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مەن سىلەرنى بۇيرۇغان نەرسىنى قىلىڭلار. ئەگەر مەن ھەدىيە ھەيدىمىگەن بولسام سىلەرنى بۇيرۇغان نەرسىنى قىلاتتىم . ۋە لېكىن مەندىن ئېھرام ھالال بولمايدۇ. ھەتتاكى ھەدىيە ئۆز ئورنىغا يەتكەي. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار شۇنداق قىلدىلەر.

## تەمەتتۇئ ھەجنىڭ بايانى

798ـ ئىمران ﷺ دىن ئېيتتى: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانلىرىدا تەمەتتۇئ ھەججى قىلدۇق. ۋەھالەنكى قۇرئان چۈشۈپ تۇراتتى. بىر كىشى[45] ئۆز رەيىچە خالىغان سۆزنى قىلدى.

## مەككىگە قايسى تەرەپتىن كىرىش توغرىسىدا

799ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككىگە بەتھا دىكى يوقارقى جىلغا بىلەن كەدا دىگەن جايدىن كىردى. ۋە تۆۋەنكى جىلغىدىن چىقتى.

## مەككىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىناسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

800ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن تامدىن(ھەتىم) بەيتۇللاھدىنمۇ ئۇ ؟ دەپ سورىدىم. ئېيتتى: ھەئە. ئېيتتىم: نىمە ئۈچۈن ئۇلار ( قۇرەيشلەر) ئۇ ھەتىمنى بەيتۇللاھنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمىدى. ئېيتتى: سىزنىڭ قەۋمىڭىز (قۇرەيشلەر ) نىڭ ئىقتىسادى قىسقا كېلىپ قالدى. (يەتمىدى) ئېيتتىم : نىمە ئۈچۈن بەيتۇللاھنىڭ ئىشىكى ئېگىز (يۇقىرى ئورنىتىلغان) ؟ ئېيتتى: بۇنى سىزنىڭ قەۋمىڭىز خالىغان كىشىنى بەيتۇللاھقا كىرگۈزۈش ۋە خالىغا كىشىنى بەيتۇللاھدىن مەنئى قىلىش ئۈچۈن قىلغاندۇر. ئەگەر قەۋمىڭىزنىڭ جاھىلىيەتكە زامانى يېقىن بولمىغان بولسا ( بەيتۇللاھقا كىرگۈزەتتىم) . ھەتىمنى بەيتۇللاھقا كىرگۈزۈشۈمگە ۋە ئۇنىڭ ئىشىكىنى يەرگە چاپلاپ پەس قىلىپ قويۇشۇمغا ئۇلارنىڭ دىلى ئىنكار قىلىشتىن قورقىمەن.

---

[45] ئۆمەرياكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى دىمەكچى. تەمەتتۇئدىن نەھى قىلىش مەسئىلىسىدە ئىككىسىنىڭ بىرى نەھى قىلغان ئىكەن.

## مەككىنىڭ دىيارلىرىنى مىراس قالدۇرۇش ۋە ئۇنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش توغرىسىدا ۋە خالايىقلەر مەسجىد ھارامدا بابباراۋەرلىگى توغرىسىدا

801ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئەگەر سىزنىڭ قەۋمىڭىزنىڭ جاھىلىيەت زامانى يېقىن بولمىغان بولسا بەيتۇللاھنى بۇزۇشقا بۇيرۇپ ئۇنى بۇزۇلۇپ ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلگەن يەرنى ئىچىگە كىرگۈزەتتىم . ۋە ئۇ ئىشىكنى يەرگە چاپلايتىم. (پەس ئورنىتاتتىم) ۋە ئۇنىڭغا شەرقى ۋە غەربى ئىككى ئىشىك قىلىپ ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام نىڭ ئەسلى ئۇلىغا يەتكۈزەتتىم.[46]

802ـ ئۇسامە بىننى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۇ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ قەيەرگە چۈشىسىلا؟ مەككىدىكى ئۆيلىرىگىمۇ؟ ئېيتتى: ئايا ئەقىل مەھەللە ۋە ئۆيلەردىن قالدۇردىمۇ؟ (يوق) ئەقىل ۋە تالىپ ئەبۇ تالىپدىن مىراس ئالغان ۋە جەئفەر ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھېچ نەرسە مىراس ئالمىغان. چۈنكى بۇ ئىككىسى (جەئفەر ۋە ئەلى) مۇسۇلمان ئىدى. ۋە ئەقىل ۋە تالىب كاپىر ئىدى. (ئىمام بۇخارى ئېيتتى؛ مەككىدىكى ئۆيلەر مىراس قىلىنىدۇ ۋە سېتىلىدۇ، ۋە سېتىپ ئېلىنىدۇ. )

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەككىگە ئۆتۈشى توغرىسىدا

803ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككىگە قەدەم كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلغانلىرىدە : چۈشكۈنىمىز ئەتە ئىنشائاللاھ بەنى كىنانە خەيفىدۇر. ئۇ بىر جايكى قۇرەيشلەر كۇفرىگە قەسەم قىلىشدىلەر. يەنى مۇھەسسەب گە (چۈشىمىز) ۋە بۇ شۇدۇركى قۇرەيش ۋە كىنانە قەبىلىسى بەنۇ ھاشىم ۋە بەنۇ مۇتەللىب بۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرمىگىچىلىك بۇلار بىلەن نىكاھلاشماسلىق ۋە سودا ـسېتىق قىلماسلىققا قەسەم قىلىشقان جايدۇر.

## كەئبىنى بۇزۇش توغرىسىدا

804ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دى :پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ھەبەشىستاندىن ئىككى ئۇرۇق ئىنچىكە پاچاق ئىگىسى كەئبىنى خاراب قىلىدۇ.

---

[46] بۇنداق قىلىسا قۇرەيشنىڭ ئەھدى جاھلىيەتكە يېقىن يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلىغىدىن ئىنكار قىلامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ ئۇنىڭغا چېقىلماي ئۆز پېتى قويغان.

## ئاللاھ تائالانىڭ «جَعَلَ اللّٰهُ الْكَعْبَةَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ قِيَامًا لِلنَّاسِ وَالشَّهْرَ الْحَرَامَ»[47] قەۋلى توغرىسىدا

805ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رامىزان روزىسى پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئاشۇرا كۈنى (مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنى) روزا تۇتار ئىدىلەر. ۋە ئۇ كۈنى كەئبىگە يوپۇق يېپىلاتتى. ئاللاھ تائالا رامىزان روزىسىنى پەرز قىلغۇدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: كىشىكى ئۇ كۈنى روزا تۇتۇشنى خالىسا ئۇنىڭ روزىسىنى تۇتسۇن ۋە ئۇ كۈننىڭ روزىسىنى تەرك قىلىشنى خالىسا تەرك قىلسۇن.

806ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رضي الله عنه دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: يەجۇجى ۋە مەجۇجى چىققاندىن كېيىنمۇ بەيتۇللاھنى ھەج قىلىنىدۇ. ۋە ئۆمرە قىلىنىدۇ.

## كەئبىنى بۇزۇش توغرىسىدا

807ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: گويياكى مەن ئۇ قارا ئىككى پاچەك ئارىسى يىراق بىر ئادەمنى كۆرۈپ تۇرىمەنكى كەئبىنىڭ تىشىنى بىر تاش- بىر تاش قومۇرۇدۇ.

## ھەجەر ئەسۋەد ھەققىدە زىكرى قىلىنغان ھەدىس توغرىسىدا

808ـ ئۆمەر رضي الله عنه دىن: ئۇ زات ھەجەر ئەسۋەدگە كېلىپ ئۇنى سۆيىدى ۋە ئېيتتى: مەن سىنىڭ زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە مەنپەئەت قىلالمايدىغان تاش ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن . ۋە ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سىنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام سىنى سۆيمەيتتىم .

## كەئبىگە كىرمىگەن كىشى توغرىسىدا

809ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رضي الله عنه دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئۆمرە قىلىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. ۋە مەقامى ئىبراھىم ئارقىسىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئۇنى كىشىلەردىن يېپىپ تۇرىدىغان كىشى بار . ئۇنىڭغا بىر ئادەم ، ئايا رەسۇلۇللاھ ﷺ كەئبىگە كىردىمۇ؟ دېدى. ئۇ كىشى ئېيتتى: ياق.

## كەئبىنىڭ ئەتراپىدا تەكبىر ئېيتقان كىشى توغرىسىدا

810ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ قەدەم كەلتۈرۈپ ئىدى، بەيتۇللاھقا كىرىشتىن باش تارتتى. ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە بۇتلار بار ئىدى. ئاندىن ئۇنى

[47] مەنىسى ئاللاھ تائالا بەيتۇل ھارام بولغان كەئبەنى ھەج ئايىنى ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۇتقۇسى قىلدى.

چىقىرىلدى. ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالاملارنىڭ قوللىرىدا تۇل تاشلاش ئوقلىرى بار سۈرەتلەرنى چىقارىدىلەر. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئاللاھ تائالا ئۇلارنى لەنەت قىلسۇن. ئاگاھ بولۇڭلاركى ئاللاھ بىلەن قەسەم ئۇلار بىلىدۇكى ئۇ ئىككىسى ھەرگىز ئۇ تۇل تاشلىرى بىلەن قەسەم قىلمىغان دەپ بەيتۇللاھقا كىردى. ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا تەكبىر ئېيتتى. ۋە ئۇ يەردە ناماز ئوقۇمىدى.

## رەمەل (غول تاسقاپ مېڭىش) نىڭ باشلىنىشى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا

811- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەسھابلىرى مەككىگە قەدەم كەلتۈرگەندە مۇشرىكلار ئېيتتى: ئۇلار قەدەم كەلتۈرۈۋاتىدۇ ۋەھالەنكى ئۇلارنى مەدىنىنىڭ قىزىتمىسى ئاجىزلاشتۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى ئۈچ شەۋت (ئايلىنىش) دە غول تاسقاپ باتۇرانە مېڭىشقا ۋە ئىككى رۇكنى ئوتتۇرىسىدا مېڭىشقا ئەمر قىلدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا شەپقەت قىلغانلىقتىن ھەممە شەۋت ( ئايلىنىشىدا ) دە غول تاسقاپ مېڭىشقا بۇيرۇمىدى.

## مەككىگە قەدەم كەلتۈرگەندە تۇنجى تاۋاپتا ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈش ۋە ئۈچ شەۋت (تاۋاپ ) دا غول تاسقاپ مېڭىش توغرىسىدا

812- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەككىگە قەدەم كەلتۈرگەن ۋاقتىدا ئاۋۋالقى تاۋاپتا ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيگەندە ئاۋۋالقى تاۋاپتا يەتتە تاۋاپتىن ئۈچ تاۋاپنى غول تاسقاپ ئىتتىك قىلغانلىقنى كۆردۈم.

## ھەج ۋە ئۆمرەدە رەمل (غول تاسقاپ مېڭىش ) توغرىسىدا

813- ئۆمەر ﷺدىن ئۇ زات ئېيتتى: رەمەل بىلەن بىزگە نېمە مۇناسىۋەت بار؟ پەقەت ئۇ رەمەل بىلەن مۇشرىكلەرگە كۈچ كۆرسەتتۇق. ۋە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلدى. ئاندىن ئېيتتى: ئۇ رەمەلنى رەسۇلۇللاھ ﷺ قىلغان ئىشىدۇر . ئۇنى تەرك ئېتىشنى دوست تۇتمايمىز.

814- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاشۇ ئىككى رۇكنىنى سۆيگەنلىكىنى كۆرگەندىن بىرى نى قىيىنچىلىق قاتتىقچىلىقدا ۋە نى كەڭچىلىكدە ئاشۇ ئىككى رۇكنىنى سۆيۈشنى تەرك قىلمىدىم.

## ئەگرى ھاسا بىلەن رۇكنىنى سۆيۈش توغرىسىدا

815- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەججەتۇل ۋىدا دا تۆگىسى ئۈستىدە ھاسىسى بىلەن ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى.

## ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈش توغرىسىدا

816ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئۇنىڭدىن بىر كىشى ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈشتىن سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىغانلىقىنى ۋە ئۇنى سۆيگەنلىكىنى كۆردۈم. ئاندىن ھېلىقى ئادەم ئېيتتى: خەۋەر بەرگىنچۇ ئەگەر قىستىلىپ قالسام ياكى مەغلۇپ بولسام ( ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيەلمەي قالسام ياكى ئالقىنىم بىلەن سىلىيالمىسام )چۇ؟ ئېيتتى: رەيى قىلغىل خەۋەر بەرگىن دېگەن سۆزىڭنى يەمەندە قىل. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنى قولى بىلەن سىلىغانلىقىنى ۋە ئۇنى سۆيگەنلىكىنى كۆردۈم( يەنى رەيى دېگەن گەپنى قىلماي رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىگە تابى بولۇش (ئەگىشىش ) لازىم دېمەكتۇر . ت)

## مەككە مۇكەررەمگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا ئۆيىگە (ياتاققا ) قايتىشتىن ئىلگىرى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش توغرىسىدا

817ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن رىۋايەت قىلىنىدى.: پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ۋاقتىدا ئەڭ ئاۋۋال باشلىغان نەرسە شۇكى تاھارەت ئالدى ئاندىن تاۋاپ قىلدى. ئاندىن ئۆمرە ھاسىل بولمىدى( ھەجنى ئۆمرە ھەجگە ئۆزگەرتىش ھەققىدە سورالغاندا شۇنداق دېگەن ) (ھەجنى ئۆمرە قىلمىدى) ئاندىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئاشۇنداق ھەج قىلدى.

818ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاۋاپ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىس يېقىندا ئۆتتى. (817ـ ھەدىس بولسا كېرەك). بۇ رىۋايەتتە زىيادە قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى ئاندىن سەفا۔ مەرۋەنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋاپ (سەئيى) قىلاتتى.

## بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندا گەپ ـسۆز قىلىش توغرىسىدا

819ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدىكى ؛ پەيغەمبەر ﷺ كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقانلىرىدە سەير(تاسما) ياكى يىپ ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن قولىنى يەنە بىر ئىنسانغا باغلىۋالغان بىر ئىنسانغا ئۆتتى. ئاندىن ئۇنى مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئۈزۈۋەتتى . ئاندىن ئېيتتى: ئۇنى قولۇڭ بىلەن يېتىلىگىن.

## بەيتۇللاھنى يالىڭاچ ئادەمنىڭ تاۋاپ قىلماسلىقى ۋە مۇشرىكنىڭ ھەج قىلماسلىقى توغرىسىدا

820ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : ئەبۇ بەكرى ﷺ نى رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەججەتۇل ۋىدادىن ئىلگىرىكى ھەجگە ئەمىر قىلغان ئىدى. ئۇ ئەبۇ بەكرى ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ نى نەھرى كۈنى(

زۇلھەجنىڭ 10ـ كۈنى ) مىنادا بىر جامائەت ئىچىدە ‹بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىك ھەج قىلمايدۇ ۋە يالىڭاچ كىشى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلمايدۇ› دەپ ئېلان قىلىشقا ئەۋەتتى.

## ئاۋۋالقى تاۋاپتىن كېيىن ئەرەپاتقا چىقىپ ئۇ يەردىن يېنىپ كەلمىگۈچە كەئبىگە يېقىن كەلمىگەن ۋە تاۋاپ قىلمىغان كىشى توغرىسىدا

82ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئاندىن تاۋاپ قىلدى. ۋە سەفا ـ مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيي قىلدى. ۋە كەئبىنى ئەۋۋەل تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يېقىن كەلمىدى ھەتتا ئەرەپاتتىن قايتتى.

## ھاجىنى زەمزەم بىلە سۇغۇرۇش توغرىسىدا

822ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئۇ ھاجىلەرنى (زەمزەم بىلەن) سوغۇرىدىغانلىغى ئۈچۈن مىنادا قونۇش كېچىلەردە مەككىدە قونۇشقا ئىزنى سورىدى ۋە ئۇنىڭغا (مەككىدە قونۇشقا) ئىزنى بېرىلدى .

823ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ سىقايە ( ھاجىنى سۇغىرىلىدىغان جاي) غە كەلدى ۋە سۇغۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن ئابباس ﷺ ئېيتتى: ھەي پەزلى ئىبنى ئابباس ئاناڭنىڭ قېشىغا بېرىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ غە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن شاراب كەلتۈرگىن ۋە جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى سۇغارغىن دېدى. ئابباس ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ھاجىلار بۇ سۇغا قوللىرىنى چىلاپ قويدىلەر. ئېيتتى: سۇغارغىل. ئاندىن ئۇ سۇدىن ئىچتى. ئاندىن زەمزەم قۇدۇقى قېشىغا كەلدى ۋە ھال ئولكى ئۇلار ئۇ زەمزەم قۇدۇقىدا سۇ تارتىپ ئىشلەپ تۇرۇدىلەر. ئاندىن ئېيتتى: ئىشلەڭلار چۈنكى سىلەر ياخشى ئەمەل ئۈستىدەدۇرسىزلەر. ئاندىن ئېيتتى: ئەگەر مەغلۇپ بولمىساڭلار ئىدى، ئەلۋەتتە مەن قۇدۇقتا چۈشۈپ ئاغامچىنى مۇشۇنىڭغا يەنى گەردىنىگە قويياتتىم دەپ مۇبارەك مۈرىلىرىنى ئىشارەت قىلدىلەر. (ئىزاھ : يەنى مەن چۈشۈپ ئارغامچا بىلەن سۇ تارتسام كىشىلەر ماڭا تابى بولۇپ سۇ تاتارلەر ۋە سىلەرگە بۇ ئەمەلى سالىھ قالماي مەغلۇپ بۇلۇرسىزلەر)

824ـ ئۇ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نى زەمزەم بىلەن سۇغاردىم . ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ئىچتى. ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن يەنە بىر رىۋايىتىدە : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كۈندە تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىدى.

## سەفا ـ مەرۋە ( ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىشنىڭ ) ۋاجىپلىقى توغرىسىدا

825ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندىكى ئۇنىڭدىن ھەمشىرىسى (ئەسما ) نىڭ ئوغلى ئورۋە ئىبنى زۇبەير ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ اللّهِ فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ أَوِ اعْتَمَرَ

فَلَاجُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ يَطَّوَّفَ بِهِمَا ›› تەرجىمىسى : سەفا- مەرۋە ئاللاھ تائالانىڭ شۇئارلىرىدىندۇر.
ۋە كىشىكى ھەج قىلسا ياكى ئۆمرە قىلسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ شۇكى ئول ئىككىسىنى تاۋاپ قىلغاي دەپ سوراپ ئېيتتىكى : ۋە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ ئىككىسىنى تاۋاپ قىلمىغان كىشىگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ئى ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى ئېيتقىنىڭ يامان سۆز . ئەگەر ئۇ ئايەت سەن تەۋىل قىلغاندەك ‹ئۇ ئىككىسىنى تاۋاپ قىلمىسىمۇ گۇناھ يوق › بولىدىغان بولسا ( بۇ يامان سۆزدۇر) ۋە لېكىن بۇ ئايەت ئەنسارىلار ھەققىدە چۈشكەندۇر . ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى مۇشەللەلدىكى ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان (ئىبادەت قىلىدىغان) مەنات تاغىيە (بۇت) ئۈچۈن ئېھرام باغلار ئىدىلەر. ئاندىن ئېھرام باغلىغان كىشى سەفا – مەرۋەنى تاۋاپ قىلىشنى گۇناھ دەپ قارايتتى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن بۇ مەسىلىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سورايدىلەر ئېيتتىلەر – يا رەسۇلۇللاھ بىز سەفا – مەرۋە ئوتتۇرىسىدا تاۋاپ قىلىشنى گۇناھ دەپ قارايتتۇق. ئاندىن ئاللاھ تائالا ‹‹ إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَائِرِ اللَّهِ ›› ئايىتىنى نازىل قىلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋاپ قىلىشنى سۈننەت قىلدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋاپ قىلىشنى تەرك قىلىش ھېچكىم ئۈچۈن راۋا بولمايدۇ .

## سەفا - مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىس توغرىسىدا

826- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ سەفا- مەرۋە نىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋاپ قىلغاندا ئەۋۋەلقى ئۈچ تاۋاپىدا غول تاسقاپ (باتۇرانە) ماڭار ئىدى. ۋە تۆت تاۋابىدە ( ئادەتتىكىدەك ) ماڭاتتى. بەتنىل مەسىلدا (قىيان يىغىلغان جاي ئىسمى ) ئىتتىك يۈگۈرەر ئىدى.

## ھەيزدار خوتۇن ( تاۋاپ زىيارەت ) بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا ھەج پائالىيەت ( ئىبادەت ) لەرنى ئادا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەھەم سەفا – مەرۋە ئوتتۇرىسىدا بىتاھارەت ھالدا سەئيى قىلىش ( قانداق بولىدىغانلىقى ) توغرىسىدا

827- جابىر ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئەسھابلىرى ھەجگە ئېھرام باغلىدىلەر. ۋە پەيغەمبەر ﷺ ۋە تەلھە دىن باشقا ساھابىلەردىن بىر كىم بىلەن ھەدىيە[48] يوق ئىدى. ۋە ئەلى رضي الله عنه يەمەندىن ھەدىيە ھەيدەپ كەلدى. ۋە ئېيتتى: مەن

[48] ھەدىيە دەپ مەككە مۆكەررەمەدە زەبھى قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلاردىن ھەيدەپ كەلگەن قوي كالا تۆگىلەرنى دىيىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېھرام باغلىغان نەرسە بىلەن ئېھرام باغلىدىم . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئەسھابلىرىنى ھەدىيە ھەيدىگەنلىردىن باشقا ھەممىسى ئۇ ھەجلەرنى ئۆمرە ھەج قىلغايلەر ۋە تاۋاپ قىلغايلەر ئاندىن چاچلىرى قىسىر (قىسقارتقايلەر) ۋە ئېھرامدىن چىققايلەر دەپ ئەمىر قىلدى. ئاندىن ساھابىلەر بىزلەردىن بىرىلىرىمىزنىڭ جىنسى ئەزاسىدىن مەنىي ( جىنسى سۈيۈقلۇق ئىسپېرما ) تامغان ھالىتىدە مىناغا يۈرۈش قىلىمىزمۇ ؟ دېيىشتى . ئاندىن بۇ سۆز رەسۇلۇللاھ ﷺ غا يەتتى. ۋە ئېيتتى: ( ئۆمرە قىلىشنىڭ دۇرۇستلىقىدىن ئىبارەت) بۇ ئىشنى كېيىن تونۇپ يېتىشىمدىن ئەۋۋەل تونۇپ يەتكەن بولسام ھەدىيە ھەيدىمەس ئىدىم. ۋە ئەگەر مەن بىلەن ھەدىيە بولمىغان بولسا ئەلۋەتتە ئېھرامدىن چىقار ئىدىم.

## تەرۋىيە (زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى) پېشىن نامىزىنى قەيەردە ئوقۇيدىغانلىقى توغرىسىدا

828ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدى : ئۇنىڭدىن بىر كىشى مۇنداق دەپ سورىدى. تەرۋىيە كۈنى ( 8ـ كۈنى ) رەسۇلۇللاھ ﷺ پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىنى قەيەردە ئوقۇۋدى بۇنى ئۇنىڭدىن بىلىۋالغان نەرسەڭدىن خەۋەر بەرگىن . ئاندىن ئەنەس ﷺ ئېيتتى: مىنادا ئوقۇۋدى . ئۇ كىشى : مىنادىن قايتقاندىن كېيىن ئەسىر نامىزىنى قەيەردە ئوقۇۋدى ؟ دېدى. ئېيتتى: ئەنەس ﷺ : ئەبتەھ (جاي ئىسمى) دە . ئاندىن ئەنەس ئېيتتى: سىنىڭ ئەمىرلىرىڭ قىلغاندەك قىل.

## ئەرەپات كۈنى روزا تۇتۇش توغرىسىدا

829ـ ئۇممۇل پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: خالايىقلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەرەپات كۈنى روزا تۇتۇشى ھەققىدە شەك قىلدىلەر. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە شاراب ئەۋەتسەم ئۇ ئۇنى ئىچتى.

## ئەرەپە كۈنى (ئەرپاتقا) كۈن قيىلغاندا بالدۇر بېرىش توغرىسىدا

830 – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندىكى : ئۇ ئەرەپە كۈنى كۈن قيىلغاندا كەلدى. ھەججاجنىڭ چېدىرى قېشىدا ئاۋاز قىلدى. ئاندىن چىقتى. ۋە ھال ئۇلكى ئۇنىڭ ئۈستىدە سېرىق تون بار ۋە ئېيتتى؛ نېمە بولدى ساڭا ھەي ئابا ئابدۇرەھمان؟ (ئىبنى ئۆمەرنىڭ كۇنىيتى) ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتتى: ئەرەپاتقا يۈرگىن ئەگەر سۈننەتنى ئىرادە قىلساڭ . ئېيتتى: مۇشۇ سائەتتىما؟ ئېيتتى: ھەئە ( مۇشۇ سائەتتە) ھەججاج ئېيتتى: ماڭا ۋاقىت بەرگىن بېشىمغا سۇ قۇيۇپ (غۇسلى قىلىپ) ئاندىن چىقاي . ئاندىن ئىبنى ئۆمەر (ئۇلۇلۇقدىن چۈشۈپ ساقلاپ تۇردى ) ھەتتا ھەججاج چىقتى. ئاندىن (ئەرەپاتقا ) يۈردى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئوغلى سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئېيتتى: ئۇ ئاتىسى بىلەن بىللە ئىدى. ئەگەر سۈننەتنى ئىرادە قىلساڭ خۇتبىنى قىسقا ئوقۇغىن ۋە ۋۇقۇپغە (ئەراپاتتا تۇرۇشقا ) ئالدىرغىن . ئاندىن ھەججاج ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە قارىدى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بۇنى كۆرۈپ

ئېيتتى: سالىم راست ئېيتتى: ۋە خەلىپە ئابدۇلمەلىك ھەججاجغە ھەج پائالىيتىدە ئىبنى ئۆمەرگە خىلاپ قىلماسلىق ھەققىدە خەت يېزىپ ئەۋەتكەن ئىدى.

## مەۋقەف ( ئەرەپاتدا تۇرىدىغان جاي) غا ئالدىراپ بېرىش توغرىسىدا

831- جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ﷛ دىن ئېيتتى: تۆگەمنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ ئۇنى ئەرەپات كۈنى تەلەپ قىلىشقا شۇرۇ قىلدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نى ئەرەپەدە ۋۇقۇف قىلغۇچى (تۇرغۇچى) كۆردۈم ئاندىن ئېيتتىم: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ قۇرەيشلەردىندۇر. بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ. (قۇرەيش ( باتۇرلار ) دەپ ئاتىلار ئىدى. ئۇلا بىز ھەرەم ئەھلى دەپ ئەرەپاتقا چىقماي مۇزدەلفدە ۋۇقۇف قىلاتتى. شۇڭا ئۇ سۆزنى قىلغىنىدۇر.

## ئەرەپاتدىن چۈشكەندە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا

832- ئۇسامە بىننى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەججەتۇل ۋىدادا ئەرپاتدىن چۈشكەن ۋاقتىدا يۈرۈش ۋە مېڭىشلىرىدىن سورالدى. ئېيتتى: ئوتتۇرھال ماڭاتتى. ۋاقتىكى بوشلۇق كەڭلىكنى تاپسا ئىتتىك ماڭاتتى.

## (ئەرەپاتتىن ) چۈشدىغاندا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئارامچە مېڭىشقا ئەمر قىلىپ ئۇلارغا قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلغانلىقى توغرىسىدا

833- ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ ئەرەپات كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە چۈشتى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئارقىلىرىدە تۆگىنى قاتتىق دەپىشنىپ ئۇرغانلىق ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئاندىن ئۇلارغا قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئېيتتى: ئى خالايىقلار سىلەر ئارامچە مېڭىشنى لازىم تۇتۇڭلار. چۈنكى ياخشىلىق ئىتتىك مېڭىش بىلەن ھاسىل بولمايدۇ.

## ئۆز ئەھلىنىڭ ئاجىزلىرىنى كېچىدە ئىلگىرى ماڭدۇرغان كىشى توغرىسىدا ئاندىن ئۇ ئاجىزلەر مۇزدەلفدە ۋۇقۇف قىلىدۇ ۋە دۇئا قىلىدۇ. ۋە ئۇلارنى ئاي ئولتۇرغاندا ئىلگىرى ماڭدۇرۋاتىدۇ.

834- ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇ مۇزدەلىفە كېچىسى شۇ يەرگە چۈشتى ۋە ناماز ئوقۇغىلى قوپتى. ئاندىن بىر سائەت ناماز ئوقۇدى . ئاندىن ئېيتتى: ھەي ئوغۇلچۇغۇم ئايا ئاي غايىب بولدىمۇ ؟ ئېيتتى: ھەئە . ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: قوزغۇلۇڭلار(يولغان يۈرۈڭلار) ئېيتتى ئوغلى : بىز قوزغالدۇق ۋە يۈردۇق. ھەتتا ئۇ ئەسما تاش(شەيتانغا ) تاش ئاتتى. ئاندىن قايتتى. ئاندىن ئۆزى چۈشكەن جايدا سۇبھىنى ئوقۇدى . ئېيتتى ئوغلى : ئۇنىڭغا ھەي ئانا بىزلەر كېچىدە بۇ يەرگە چۈشۈپ قالدۇق دەپ گۇمان

قىلمەن. ئېيتتى ئەسما : ئى ئوغلۇم رەسۇلۇللاھ ﷺ كاجۇدىكى ئاياللارگە ( ئىلگىرى بېرىشقا ) ئىزنى بەردى. ( يەنى مۇزدەلىفەدىن مىناغا ئىلگىرى بېرىشنى دېمەكچى )
835-ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دى ئېيتتى: سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىزنى سورىدىكى خالايىق قىستىلىپ كېتىشىدىن ئىلگىرى ( مىنادا ) (مۇزدەلىفەدىن) يۈرۈپ كەتكەي. ۋە ئۇ ئالدىرماس ئېغىر خوتۇن ئىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئىزنى بەردى. ئاندىن ئۇ خالايىق دىۋەپ قىستىلىپ كېتىشىدىن ئىلگىرى يۈرۈپ كەتتى. ۋە بىز تۇرۇپ قالدۇق. ھەتتا مۇزدەلىفەدە تاڭ ئاتتۇردۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قوزغۇلۇشى بىلەن (مۇزدەلىفەدىن قوزغالدۇق) ئەلۋەتتە سەۋدە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئىزنى سورىغاندەك ئىزنى سورىشىم ماڭا ھەر قانداق خۇشاللىقدىن ياخشىراقتۇر ( يەنى بالدۇر بېرىپ خالايىق قىسىلىشىدىن ئىلگىرى تاش ئاتقان بولسام ياخشى بولۇر ئىكەن)

## مۇزدەلىفەدە بامدات نامىزنى ئوقۇيدىغان كىشى توغرىسىدا

836- ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن : ئۇ مۇزدەلىفەگە كېلىپ ئىككى ۋاقىت (شام ۋە خۇپتەن) نامىزنى ئەزان ۋە تەكبىر بىلەن ئوقۇدى . ۋە كەچلىك تائام ئىككى ناماز ئارىسىدا بولغان ھالدا ئاندىن تاڭ يورۇغاندا بامدات نامىزنى ئوقۇدى . بىرى تاڭ يۇرىدى دېسە يەنە بىرى تاڭ يورىمىدى دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: مۇشۇ ئىككى شام خۇپتەن نامىزى ئۆز ۋاقتلىرىدىن ئۆزگەرتىلدى. مۇشۇ جايدىلا خالايىق كەچ قىلمىغۇچىلىك مۇزدەلىفەگە قەدەم باسمايدۇ. ۋە بامدات مۇشۇ سائەتتىدۇر. ئاندىن توختىدى ھەتتاكى تاڭ ئاقاردى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئېيتتى: ئەگەر ئەمىرىل مۆمىنىن( ئوسمان ﷺ ) مۇشۇ سائەتتە مۇزدەلىفەدىن چۇشكەن بولسا سۈننەتنى تاپار ئىدى. ئاندىن ( راۋى ئابدۇرەھمان ئېيتتى: بىلمەيمەنكى ئابدۇللاھنىڭ سۆزى ئېيتتىنكراقمۇ ياكى ئوسمان ﷺ نىڭ مۇزدەلىفەدىن قايتىپ چۈشۈشى ئىلگىرىراقمۇ ؟ (يەنى دەرھال چۈشتى) ھەمىشە تەكبىر ئېيتتى ھەتتاكى نەھر كۈنى (10- كۈنى ) جەمرەتۇ ئەقەبەگە تاش ئاتتى.

## مۇزدەلىفەدىن قاچان قايتىدىغانلىقى توغرىسىدا

837- ئۆمەر ﷺ دىن :ئۇ مۇزدەلىفەدە بامدات نامىزنى ئوقۇدى . ئاندىن توختىدى ۋە ئېيتتى: مۇشرىكلەر ئاپتاپ (كۈن ) چىقمىغۇچىلىك قايتمايدىلەر ۋە ئېيتىدۇ: ‹‹اَشْرِقْ ثَبِيْرَ›› ھەي سەبىر تېغى يورىغىل ( يەنى كۈن چىققاي دەپ) ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا خىلاپ قىلىپ كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مۇزدەلىفەدىن قايتتى .

## مەككە مۇكەررەمەگە زەبھى ئۈچۈن ھەيدىگەن ) تۆگىلەرگە مىنىش توغرىسىدا

838ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷛ دىن رەسۇلۇللاھ (مەككە مۇكەررەمگە گە) تۆگەھەيدەپ ماڭغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنى مىنىۋالغىن دېدى. ئۇ ئادەم بۇ ( مەككىگە ھەيدىگەن ) تۆگىدۇر دېدى. ئۇنى مىنگىن دېدى. ئۇ ئادەم ئېيتتى: بۇ (بەيتۇللاھ ئۈچۈن قەلادە ئېسىلغان) تۆگىدۇر. ئېيتتى: ئۇنى مىنگىل . ۋاي ساڭا! 3ـ قېتىمدىمۇ ياكى 2ـ قېتىمدىمۇ شۇنداق دېدى.

## ئۆزى بىلەن بىللە تۆگە ھەيدىگەن كىشى توغرىسىدا

839ـئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ھەججەتۇل ۋىدا يىلى ئۆمرە بىلەن ھەجگە تەمەتتۇئ ( تەمەتتۇئ ھەج بىلەن ئۆمرىگە ئارقىمۇـ ئارقا بىراقلا ئېھرام باغلاشدۇر) ھەدىيە ئىبەردى. ۋە ھەدىينى ئۆزى بىلەن بىللە زۇلھۇلەيفە (مىيقاتتىن) ھەيدېدى. ۋە ھەج پائالىيىتىنى باشلاپ ئەۋۋەل ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى ئاندىن ھەجگە ئېھرام باغلىدى. ئاندىن خالايىق پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ئۆمرە بىلەن ھەجگە تەمەتتۇئ قىلدى. ( يەنى ئىككى ھەجگە ئارقا – ئارقىدىن ئېھرام باغلىدى) ۋە ئۇلاردىن ھەدىيە ھەيدىگەنلارمۇ ھەيدىمىگەنلەرمۇ بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندىن كېيىن ئېيتتى: سىلەردىن ھەدىيەسى بار كىشىگە ھەجنى ئادا قىلمىغۇچىلىك ھارام بولغان نەرسىنىڭ ھېچقايىسىسى ھالال بولمايدۇ. ۋە سىلەردىن ھەدىيە ھەيدىمىگەن كىشى بولسا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلسۇن ۋە سەفاـ مەرۋەنى تاۋاپ قىلسۇن ۋە چاچنى قىسقارتسۇن. ۋە ئېھرامدىن چىقسۇن. ئاندىن ھەجگە ئېھرام باغلىسۇن . ئاندىن ھەدىيەنى تاپالمىغان كىشى بولسا ھەج ئىچىدە ئۈچ كۈن ۋە ئەھلىگە قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن ( جەمئىي 10كۈن)

## زۇلھۇلەيفىدە ئىشئار[49] قىلغان ۋە قەلادە ئاسقان ئاندىن ئېھرام باغلىغان كىشى توغرىسىدا

840 – مىشۋەر بىننى مەخرەمە ۋە مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتىلەر: پەيغەمبەر ﷺ ھۇدەيبىيە زامانىدا ئەسھابلىرىدىن مىڭ نەچچە يۈز ساھابىلەر بىلەن مەدىنىدىن چىقتى . ھەتتاكى زۇلھۇلەيفە دە بولۇپ ئىدىلەر پەيغەمبەر ﷺ ھەدىيەگە قەلادە ئاستى. ۋە ئۇنى ئىشئار قىلدى ۋە ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى.

## قىلادىلەرنى ئۆز قولى بىلەن باغلىغان ۋە ئاسقان كىشى توغرىسىدا

841ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن : ئۇنىڭغا ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەنلىكى يەتتىكى ئىبنى ئاباس ئېيتىدۇ: ھەدىيە ئىبەرگەن كىشىگە ھەدىيسىنى نەھر ( 10ـ كۈنى بوغۇزلىمىغۇچىلىك ) ھاجىگە ھارام بولغان نەرسە ھارام بولىدۇ. ئاندىن ئائىشە ئېيتتى:

---

[49] ئىشئار تۆگىنىڭ ھەدىيەگە ئالامەت ئۈچۈن بىر ئەزاسىنى يېرىپ قان ئاققۇزۇش ۋە قىلادە دىگەن تۆگىنىڭ ھەدىيە ئىكەنلىگە ئالامەت بولسۇن ئۈچۈن گەردىنگە بىر نەرسە باغلاش ۋە ئىسىپ قويۇش

ئـۇ ئىبـنى ئاببـاس دىگـەندەك ئەمـەس . مـەن رەسـۇلۇللاھ ﷺ ھەدىيسـىنىڭ قىلادىللـىرىنى ئېسىشىپ بەردىم ئاندىن ئىشلىگەن نەرسىنى (ئارغامچا يىپنى ) ئۆز قولى بىلەن بـاغلاپ ئاستى. ئاندىن ئۇ تۆگىنى ئاتام (ئەبۇ بەكرى) بىلـەن (مەككىگە ) ئـەۋەتتى. ئـاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گـە ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىدىن ھىچ نەرسىنى ھارام بولمىدى. ھەتتا ھەدىيە نـەھرى قىلىندى. (كۆكرىكىدىن بوغۇزلاندى) ( ھەتتا ئېھرام بـاغلىغۇچىلىك ۋە ئېھرامنى داۋاملاشتۇردى. ھەتتا نەھرى قىلغۇچىلىك)

## قويغا قەلادە ئېسىش توغرىسىدا

842ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بىر رىۋايىتىدە : پەيغەمبەر ﷺ قوينى ھەدىيە ئىبەردى. ۋە ئۇنىڭدىن بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ﷺ قويغا قەلادە ئاستى. ۋە ئۆيىدە ھالال بولغان ھالدا (ئېھرامسىز ) ئىقامەت قىلدى(تۇردى)

## يۇڭدىن ئىشلەنگەن قىلادىلەر توغرىسىدا

843ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: ھەدىيەلەرنىڭ قىلادىللىرىنى ھۆزۈرۈمدىكى يۇڭدىن ئېشىپ بەردىم .

## تۆگىلەرنىڭ توقۇملىرى ۋە ئۇنى سەدىقە قىلىش توغرىسىدا

844ـ ئەلى ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ نەھرى زەبھى قىلىنغان تۆگىلەرنىڭ توقۇملىرىنى ۋە تېرىلىرىنى سەدىقە قىلىشىمغا ئەمرى قىلدى.

## ئەر كىشىنىڭ خوتۇنى ھەققىدە ئۇنىڭ ئەمرىسىز كالا زەبھى ( بوغۇزلىشى) توغرىسىدا

845ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى:؛ زۇلقەدەدىن باقى قالغان بەشى (25ـ كۈنى ) رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن چىقتۇق. بۇ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئازراق زىيادىلىك بار. بىزلەرگە (زۇلھەججىنىڭ 10ـ كۈنى) كالا گۆشى كىرگۈزۈلدى . ئېيتتىم: نىمە بۇ ؟ راۋى ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ئۆز خوتۇنلىرى جانىبىدىن كالا زەبھى قىلدى.

## مىنادا پەيغەمبەر ﷺ زەبھى قىلغان جايدا زەبھى قىلىش توغرىسىدا

846ـ ئابدۇللاھ بىننى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ مەنھەر يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نەھرى قىلغان (تۆگىسىنىڭ كۆكسىدىن بوغۇزلىغان) جايدا نەھرى قىلدى. (بوغۇزلىدى )

## تۆگىنى (سول پۇتى) چىتىلغان ھالدا زەبھى قىلىش توغرىسىدا

847- ئابدۇللاھ ئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئۇ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ بوغۇزلاۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: ئۇنى ئۆرە پۇت چىتىلغان ھالدا قوزغىغىن (بوغداق قىلىش ) مۇھەممەد ﷺ سۈننىتىدۇر.

## قاسساپقا ھەدىيەدىن بىر نەرسە بەرمەسلىك توغرىسىدا

848- ئەلى ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ مېنى ھەدىيە تۆگىلىرىنى كۆزىتىشكە[50] ۋە ئۇنىڭ قاسساپچىلىغىدا ( قاسساپقا) ئۇ ھەدىيىدىن بىر نەرسە بەرمەسلىككە ئەمىر قىلدى.

## (ھەدىيە) تۆگىدىن يېيىلىدىغان ۋە سەدىقە قىلىنىدىغان نەرسە توغرىسىدا

849- جابىر بىنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: بىز مىنادا ھەدىيە تۆگىلىرىمىزنىڭ گۆشىدىن ئۈچ كۈندىن يۇقىرى(كىيىن ) يېمەيدىغان ئىدۇق. ( ئۈچ كۈنگىچە يەپ بولالىتتۇق) ئاندىن بىزلەرگە رۇخسەت قىلدى. ۋە ئېيتتى: يەڭلار ۋە ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىڭلار . ئاندىن يېدۇق ۋە ئوزۇقلۇق ئالدۇق.

## ئېھرامدىن چىققاندا بېشىنى چۈشۈرۈش ۋە قىسقارتىش توغرىسىدا

850 – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ھەجلىرىدە باشىنى چۈشۈرتتى. (چاچ ئالدۇردى).

851- ئۇ زاتدىن ﷺ : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ھەي ئاللاھ چاچنى ئالدۇرغۇچىلارغا رەھمەت قىلغىن . ئېيتتىلەر : ۋە چاچنى قىسقارتقۇچىلارغا يا رەسۇلۇللاھ ! ئېيتتى: ھەي ئاللاھ چاچنى ئالدۇرغۇچىلارغا رەھمەت قىلغىن . ئېيتتىلەر : ۋە چاچنى قىسقارتقۇچىلارغىمۇ يا رەسۇلۇللاھ ! ئېيتتى: ۋە قىسقارتقۇچىلارغىمۇ رەھمەت قىلغىل .

852- ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : مۇشۇنىڭ ئوخشىشى رىۋايەت قىلىندى. لېكىن ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايىتىدە ئېيتتى:اِغْفِرْ مەغپىرەت قىلغىل اِرْحَمْ يەنى رەھمەت قىلغىل دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا ئېيتتى: ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچ مەررە ئېيتتى. ۋە قىسقارتقۇچىلارغا.

853-مۇئاۋىيە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چاچلىرىنى بىسلىق ئوق بىلەن قىسقارتىپ قويدۇم.

## شەيتانغا تاش ئېتىش توغرىسىدا

854- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: بىر كىشى ئۇنىڭدىن شەيتانغا تاشلارنى قاچان ئاتارمەن دەپ سورىدى. ئېيتتى: ۋاقتىكى ئىمامىڭ ئاتقاندا سەنمۇ تاش ئاتقىن .

[50] يەنى تۆگىگە بوغۇزلىغاندا قاراپ نازارەت قىلىشقا بۇيرىدى. دىمەكتۇر

ئاندىن ئۇ كىشى مەسلىنى ئۇنىڭغا قايتا دېدى. ئېيتتى: ۋاقتىنى كۆتۈپ تۇراتتۇق . ۋاقتىكى كۈن قىيىلسا تاش ئاتار ئىدۇق.

## بەتنىل ۋادىدىن تاشلەردىن ئېتىش توغرىسىدا

855ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﷺ دىن : ئۇ بەتنى ۋادىدىن تاش ئاتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىلدى. خالايىقلار ئۇ بەتنى ۋادى ئۈستىدىن ئاتارلەر. ئىبنى مەسئۇد ئېيتتى: بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ قەسەم قىلىمەنكى مۇشۇ بەتنى ۋادى سۈرە بەقەرە چۈشكەن جايدۇر.

## شەيتانلەرنى 7 دانە تاش بىلەن ئېتىش توغرىسىدا

856ـ ئۇ ﷺ دىن ئۇ جەمرە كۇبرا (ئەڭ ئاخىرقى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان جايغا ) يەتتى. ئاندىن بەيتۇللاھنى سول تەرىپىدە ۋە مىنانى ئوڭ تەرىپىدە قىلىپ 7 دانە تاش ئاتتى. ۋە سۈرە بەقەرە ئۇنىڭغا چۈشكەن زاتمۇ (پەيغەمبەر ﷺ ) مۇ مۇشۇنداق تاش ئاتتى دېدى.

## ئىككى جەمرە ( جەمرە كۇبرا ۋە جەمرە ۋۇستى) تېشىنى ئېتىپ بولۇپ قىبلىگە يۈزلىنىپ پەس تەرەپكە مېڭىش توغرىسىدا

857ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئۇ زات جەمرە دۇنيا ( دەسلەپكى شەيتانغا ) 7 دانە تاش ئاتار ئىدى. ھەر بىر تاشنىڭ ئارقىسىدا تەكبىر ئېيتتىدۇ. ئاندىن ئىلگىرىلەيدۇ . ھەتتا پەسكە ماڭىدۇ. ئاندىن قىبلىگە يۈزلەنگەن ھالدا ئۇزۇن تۇرىدۇ. ۋە دۇئا قىلىدۇ. ۋە ئىككى قولىنى كۆتۈرىدۇ . ئاندىن جەمرە ۋۇستا (ئوتتۇرانچى تاشنى ) ئاتىدۇ. ئاندىن شىمال تەرىپىگە شۇرۇ قىلىپ پەس تەرەپكە ماڭىدۇ. ۋە قىبلىگە قاراپ ئۇزۇن تۇرىدۇ. ئاندىن دۇئا قىلىدۇ. ۋە ئىككى قولىنى كۆتۈرىدۇ . ئاندىن بەتنى ۋادى دېگەن جايدىن جەمرە زاتى ئەقەبە ( ئەڭ ئاخىرقى تاشنى) ئاتىدۇ. ۋە ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمايدۇ. ئاندىن قايتىدۇ. ۋە ئېيتتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم.

## (بەيتۇللاھ بىلەن ) خوشلىشىش تاۋاپى توغرىسىدا

858ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ھەيزدار خوتۇندىن (خوشلۇشۇش) تاۋاپى يەڭگىل قىلىنغاندىن سىرت ھاجىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەھدى بەيتۇللاھ بولۇشقا ئەمر قىلىندى.

859ـ ئەنەس ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ پېشىن بىلەن ئەسرنى ۋە شام بىلەن خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇدى ئاندىن مۇھەسسەب دېگەن جايدا بىر ئاز ئۇخلىدى. ئاندىن بەيتۇللاھقا ئۇلاقلىق بىرىپ ئۇنى تاۋاپ قىلدى.

## تاۋاپى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەيزدار بولغان خوتۇن كىشى توغرىسىدا

860ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ھەيزدار خوتۇنغا تاۋاپ زىيارەتتىن كېيىن قوزغۇلۇشقا (قايتىش ) قا رۇخسەت قىلىندى.

## مۇھەسسەب توغرىسىدا

861ـ ئۇ زات ﷺ دىن ئېيتتى: مۇھەسسەب ھېچ نەرسە ئەمەستۇر. پەقەت ئۇ پەيغەمبەر ﷺ چۈشكەنلا بىر جايدۇر.

## مەككىگە كىرىشتىن ئىلگىرى زىتۇۋاغە چۈشۈش مەككىدىن قايتقاندا زۇلھۇلەيفەگە چۈشۈش توغرىسىدا

862ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ (مەككىگە ) كەلسە زىتۇۋادا قوناتتى. ھەتتا ۋاقتىكى تاڭ ئاتقۇزسا (مەككىگە ) كىرەتتى. ۋە ۋاقتىكى قايتسا زىتۇۋاغا ئۆتەر ئىدى. ۋە تاڭ ئاتقۇچىلىق ئۇ يەردە قوناتتى ۋە پەيغەمبەر ﷺ شۇنداق قىلار ئىدى دەپ زىكرى قىلاتتى.

# ئۆمرە ھەجنىڭ كىتابى

## ئۆمرە ھەجنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

863ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئۆمرە ھەج يەنە بىر ئۆمرە ھەجگىچە ئۇ ئىككى ئۆمرىنىڭ ئارىلىقىدىكى گۇناھقا كاپارەت بولىدۇ. ۋە قوبۇل قىلىنغان ھەجنىڭ جەننەتتىن باشقا جازا ـ مۇپاكاتى يوقتۇر.

## پەرز ھەجدىن ئىلگىرى ئۆمرە ھەج قىلغان كىشى توغرىسىدا

864ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن: ئۇنىڭدىن ھەجدىن ئىلگىرى ئۆمرە قىلىشتىن سورالدى. باك (چاتاق) يوقتۇر. ۋە پەيغەمبەر ﷺ ھەج قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆمرە قىلدى ـ دېدى.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قانچە قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغانلىقى توغرىسىدا

865ـئۇ زات دىن ﷺ غا دېيىلدى : پەيغەمبەر ﷺ قانچە قېتىم ئۆمرە ھەج قىلدى ؟ تۆت قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان دېدى، ئۇنىڭ بىرى رەجەب ئېيىدا ، سوئال قىلغۇچى ئېيتتى :ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا غا ئېيتتىم :ھەيا ئانا ئەبۇ ئابدىراھمان ئېيتقان سۆزنى ئاڭلىمامسىز ؟

ئېيتتى ئۇ نېمە دەيدۇ ؟ ئېيتتى : ئۇ ئېيتدۇ رەسۇلۇللاھ ھ ﷺ تۆت قېتىم ئۆمرە ھەج قىلدى ، ئۇنىڭ بىرى رەجەب ئېيىدا ، ئېيتتى :ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاـ ئاللاھ تالا ئەبۇ ئابدۇراھمانغا رەھمەت قىلسۇن۔ پەيغەمبەر ﷺ ئۆمرە ھەج قىلسىلا، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ھازىردۇر ۋە رەجەب ئېيىدا ھەرگىز ئۆمرە ھەج قىلمىدى .

866ـئەنەس ﷺ دىن : ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ قانچە قېتىم ئۆمرە ھەج قىلدى ؟ دەپ سورالدى . ئېيتتى ؛ تۆت قېتىم ، يەنى مۇشرىكلەر پەيغەمبەر ﷺ نى (مەككە)دىن توسقان ۋاقتىدىكى زۇلقەئدىدە قىلغان ھۇدەيبىيە ئۆمرەسى ،كېلەر يىلى مۇشرىكلەر بىلەن كېلىشىم قىلغان زۇلقەئدىدە ئېيىدا قىلغان ئۆمرەسى ۋە ھۇنەيىننىڭ غەنىيمىتىنى تەقسىم قىلغان ۋاقتىدىكى جىئىررانە ئۆمرەسى دەپ گۇمان قىلىمەن . ئېيتتىم ؛ قانچە قېتىم پەرز ھەج قىلدى ؟ ئېيتتى : بىر قېتىم .

867ـ ۋە بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى ئۇ : مۇشرىكلەر پەيغەمبەر ﷺ نى (مەككىدىن ) قايتۇرغاندا (كىرگۈزمەي) ئۆمرە ھەج قىلدى ، كېلەر يىلى قىلغان ھۇدەيبىيە ئۆمرەسى ، زۇلقەئدىدە ئېيىدىكى ئۆمرەسى ۋە پەرز ھەجى بىلەن بىرگە قىلغان ئۆمرەسى .

868ـبەرا؛ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ پەرز ھەج قىلىشتىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان .

## تەنئىمنىڭ ئۆمرەسى توغرىسىدا

869ـئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ،ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى مىندۇرۇپ تەنئىمدىن ئۆمرە قىلدۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى ۋە سۇراقەتە ئىبنى مالىك ئىبنى جۇئشەم پەيغەمبەر ﷺ گە ئەقبە (چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدىغان جاي ) دە ئۇچراشتى، رەسۇلۇللاھ ھ ﷺ ئەقبە تېشىنى ئېتىۋاتاتتى . مالىك ئىبنى جۇئشەم ئېيتتى : يا رەسۇلَ الله ، بۇ خىسلەت سىزلەرگە خاسمۇ ؟ ئېيتتى رەسۇلَ الله ﷺ : ياق ،بەلكى مەڭگۇ مۇشۇنداق .

## ھەدىيەسىز ھەجدىن كېيىن ئۆمرە ھەج قىلىش توغرىسىدا

870ـئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەجى ھەققىدىكى ھەدىسى كۆپ تەكرارلىنىپ تاماملى بىلەن يوقىرىدا ئۆتتى

871ـئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن : بىر رىۋايىتىدە: ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ ئۆمرە ھەج ھەققىدە ئېيتتى : ۋە لېكىن ئۇ ئەجرى ـساۋاب،نەپىقەڭنىڭ ياكى تارتقان جاپاـمۇشەققىتىڭنىڭ مىقدارى بىلەندۇر .

## ئۆمرە ھەج قىلغۇچىنىڭ قاچان ئېھرامدىن چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا

872ـئەسما بىنتى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : ئۇ قاچانلا ھەجۇن دىگەن جايغا ئۆتسىلا ، سەللەللاھۇ ئەلا مۇھەممەد ، دەيتتى . ئەلۋەتتە ، بىز ئۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بۇ جايغا چۈشكەندۇق ۋە ئۇ كۈنلەردە بىز يەڭگىل، ئۇلاقلىرىمىز ئاز ،ئوزۇق ـ تۈلۈگىمىزمۇ ئاز ئىدى. مەن، ھەمشىرەم ئائىشە ،زۇبەير ۋە پالانى ـپالانى ئۆمرە ھەج قىلدۇق ، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ ئېھرامدىن چىقتۇق ئاندىن كەچتە پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىدۇق .

## پەرز ھەج ياكى ئۆمرە ھەج ياكى غازاتتىن يانغاندا نىمە دەيدىغانلىقى توغرىسىدا

873ـئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : رەسۇل الله ﷺ غازاتتىن ياكى پەرز ھەجدىن ياكى ئۆمرە ھەجدىن قايتسا ،زېمىندىن ھەر بىر دۆڭگە چىققاندا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتاتتى ،ئاندىن ئېيتىدۇر يَقُولُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ سَاجِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ صَدَقَ اللَّهُ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهُ.

## قەدەم كەلتۈرگەن ھاجىلەر ئالدىغا چىقىش ۋە ئۈچ كىشىنىڭ بىر ئۇلاق بىلەن ھاجىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىشى توغرىسىدا

874ـئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن :ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا ئابدۇل مۇتەللىپ ئوغولىنىڭ غۇلاملىرى(ئوغۇلچۇقلىرى، ئۇنىڭ كېلىۋاتقان تەرىپىگە چىقتىلەر ،پەيغەمبەر ﷺ بىرىنى ئالدىغا يەنە بىرىنى ئارقىغا مىندۈردى .

## كەچتە كىرىش توغرىسىدا

875ـئەنەس ﵁ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئەھلىگە كېچىدە كىرمەيتتى ، پەقەتلا ئەتىگەندە ياكى كەچتە كىرەتتى .

876ـجابىر ﵁ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ ئەھلىگە كېچىدە كىرىشتىن نەھى قىلدى (چەكلىدى).

## مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يەتكەندە تۆگىسىنى ئىلدام ماڭدۇرغان كىشى توغرىسىدا

877ـئەنەس ﵁ دىن :ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ سەپەردىن قەدەم تەشرىپ قىلىپ مەدىنىنىڭ ئېگىز دۆڭ يەرلىرىنى كۆرگەندە تۆگىسىنى ئىتتىك ماڭدۇراتتى ۋە ئۇ ئەگەر ئۇلاق بولسا دەپشىنەتتى ، ۋە زىيادە قىلدى ، بىر رىۋايىتىدە ئۇ مەدىنىنى دوست تۇتقانلىقىدىن .

## سەپەر ئازابىدىن بىر پارچە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

878ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷛ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : سەپەر ئازابىدىن بىر پارچىدۇر ، ئۇ سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا تائامنى ،شارابنى ۋە ئۇيقۇسىنى مەنئى قىلىدۇ . ھاجىتىنى راۋا قىلىسىلا ئەھلىگە ئىتتىك قايتىشقا ئالدىرسۇن .

# ( مەككىدىن ) توسۇلغۇچىنىڭ ۋە ئۇنىڭ جازاسىنىڭ كىتابى

## ئۆمرە ھەج قىلغۇچىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى توغرىسىدا

879ـئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى :پەيغەمبەر ﷺ (مەككىگە كىرىشىدىن توسۇلغاندا چاچلىرىنى ئالدۇردى ، خوتۇنلىرىنى جىما قىلدى ۋە ھەدىيەلەرنى زەبھى قىلدى ،ھەتتا كېلەر يىلى ئۆمرە ھەج قىلدى .

## ھەجدە توسۇلۇش توغرىسىدا

880ـئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئۇ ئېيتار ئىدى : سىلەرنىڭ كىپايەڭلەر رەسۇل الله ﷺ نىڭ سۈننەتلىرى ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر بىرىڭلار ھەجدىن توختىتىلسا بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىدۇ ، ساپا ۋە مەرۋەنى سەئى قىلىدۇ ، ئاندىن ھەممە نەرسە ھالال بولىدۇ (ئېھرامدىن چىقىدۇ ) ،ھەتتا كېلەر يىلى ھەج قىلىدۇ . ھەديە ھايدايدۇ ياكى ئەگەر ھەديە تاپالمىسا روزا تۇتىدۇ .

## ھەجدىن توسۇلغاندا چاچ ئالدۇرۇشتىن ئىلگىرى زەبھى قىلىش توغرىسىدا

881ـمىشۋەر ﷛ دىن رەسۇل الله ﷺ چاچ ئالدۇرۇشتىن ئىلگىرى زەبھى قىلدى ۋە ساھابىلەرنى شۇنىڭغا بۇيرۇدى .

## ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ أَوْ صَدَقَةٌ ﴾ دېگەن سۆزى توغرىسىدا ۋە ئۇ ئالتە مىسكىنگە تائام بېرىشىدۇر

882ـكەئبە ئىبنى ئۇجرە ﷛ دىن ئېيتتى : بېشىمدىن پىتلەر تۆكۈلۈۋاتقان ھالدا رەسۇل الله ﷺ ماڭا توختاپ ئېيتتى :ساڭا پىت ـ قۇشلىرىڭ ئازار بېرىۋاتامدۇ ؟ ھەئە دېدىم ،ئۇ چېچىڭنى ئالدۇرغىن ـدېدى. كەئبە ئېيتتى : مېنىڭ ھەققىمدە مۇشۇ ئايەت نازىل بولدى ﴿ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوْ بِهِۦٓ أَذًى مِّن رَّأْسِهِۦ﴾. {سۈرە بەقەر 196ـ ئايەت} پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن

ياكى ئالتە مسكىنگە بىر فەرەق (ئۈچ سا ، يەنى ، ئۈچ كىلو يېمەكلىك )نى سەدىقە قىلغىن . ياكى ئاسان بولغان نەرسە زەبھى قىلغىن.

## فىديە دە يېرىم سا تائام بېرىش توغرىسىدا

883ـئۇ كەئىب ﷺ دىن : بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى : ئۇ ئايەت خاس مېنىڭ ھەققىمدە چۈشتى ۋە ئۇ ئايەت سىلەرگە ئامدۇر . ھەر بىر مسكىنگە يېرىم سا تائام بەرگىن .

# شىكارنىڭ جازاسى ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىنىڭ كىتابى

## ھالال(ئېھرامسىز )كىشى ئۇ ،ئوۋلاپ ،ئۇنى ئېھرام باغلىغۇچىغا سوۋغات قىلسا ئۇنى مۇھرىم (ئېھرام باغلىغۇچى) يېسە دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

884ـئەبۇ قەتادە ﷺ دىن ئېيتتى : بىز ھۇدەيبىيە يىلى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە يۈردۇق ، ساھابىلەر ئېھرام باغلىدى ۋە مەن ئېھرام باغلىمىدىم ، غەيقە دېگەن جايىدا دۈشمەن بارلىقى بىلەن خەۋەر قىلىنىپ ،شۇلار تەرەپكە يۈزلەندۇق ، ساھابىلەر ھىمار ۋەھشىي – قۇلاننى كۆرۈپ ،بىر –بىرگە قاراپ كۈلۈشتى ، مەنمۇ قاراپ ئۇنى كۆردۈم ،ئاندىن ئۇنىڭغا ئات چاپتىم ئۇنى سانجىپ توختاتتىم ، ئۇلاردىن ياردەم سورىدىم ئۇلار ماڭا ياردەم قىلىشتىن باش تارتتىلەر ،ئاندىن ئۇنىڭدىن يېدۇق ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يېتىشىۋالدىم ۋە سەپەردە ئۈزۈلۈپ قېلىشىمىزدىن قورقىدۇق ، ئېتىمنى بىر قېتىم ئۆرلىتىمەن ۋە بىر قېتىم پەسەيتىمەن(يەنى بىر قېتىم چاپىمەن ۋە بىر قېتىم ھالىدا ماڭدۇرىمەن) ، تۈن كېچىدە بەنى غىفاردىن بىر كىشىگە يولۇقتۇم ، ئۇنىڭغا ئېيتتىم : رەسۇلۇللاھ ﷺ نى نەدە قالدۇردۇڭ ؟ ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تەئھىنە دېگەن جايىدا قالدۇردۇم – دېدى ، ۋە ئۇ سۇقيا دېگەن جايىدا قەيلۇلە قىلماقچىدۇر (چۈشلۈك ئۇيقۇنى ئۇخلىماقچى ) ،رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يېتىشىپ كېلىپ ئېيتتىم : يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرى سالام ۋە رەھمەت ئوقۇيدۇ ئۆزلىرىگە ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن دۈشمەنلەر ئارىنى ئۈزۈپ قويۇشىدىن قورقىدۇ ،ئۇلارغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرسىلا ، ئۇ شۇنداق قىلدى ، ئاندىن ئېيتتىم : يا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىز ھىمار ۋەھشىي ـ قۇلاننى ئوۋلىدۇق ۋە بىزدە ئۇنىڭدىن ئاشقان گۆش بار ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرگە يەڭلار – دېدى ،ۋە ھالەنكى ئۇلار مۇھرىمۇن(ئېھرام باغلىغۇچى) ئىدى

## شىكارنى ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈشتە ئېھرام باغلىغۇچى كىشى ئېھرامسىز ـ ھالال كىشىگە ياردەم قىلماسلىقى توغرىسىدا

885ـ ئەبۇ قەتادە ﷛ دىن بىر رىۋايەتتە ئېيتتى : بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن قائە دېگەن جايدا ئۈچ چۈشكۈنلۈك يەردە بىرگە بولدۇق ، ۋەبىزلەردىن ئېھرام باغلىغۇچىمۇ بار ۋە بىزلەردىن ئېھرامسىزلەرمۇ بار . دەپ ھەدىسنىڭ قالغىنىنى زىكرى قىلدى .

## ھالال ـ ئېھرامسىز كىشىنىڭ شىكار قىلىشى ئۈچۈن ئېھراملىق كىشىنىڭ شىكارغا ئىشارەت قىلماسلىقى توغرىسىدا

886ـ ئۇ ئەبۇ قەتادە ﷛ دىن بىر رىۋايىتىدە : ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە سىلەردىن بىرەرسى ئۇنى ئېلىشقا بۇيرىدىمۇ ياكى ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدىمۇ ؟ ــ دېدى. ئۇلار ياق ــ دېدىلەر ، ئانداق بولسا ئۇنىڭ گۆشىدىن قالغىنىنى يەڭلار ــ دېدى .

## ئېھراملىق كىشىگە ھىمار ۋەھشى ــ قۇلاننى ھەدىيە قىلسا ، تىرىك قوبۇل قىلماسلىقى توغرىسىدا

887ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : سەئبۇ ئىبنى جۇسامە لەيسى﷛ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇ ئەبۋا ياكى ۋەددان دېگەن جايدىكى ۋاقتىدا بىر قۇلاننى ھەدىيە قىلدى ،ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى رەت قىلدى ۋە ئۇنى ساڭا رەت ـقايتۇرۇپ بەرمىدۇق مەگەركى بىز ئېھراملىق دۇرمىز .

## ھەرەمدە ئېھراملىق كىشى ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

888ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : بەش تۈرلۈك ھايۋاننىڭ ھەممىسى پاسىقدۇر ، ئۇنى ھەرەمدە ئۆلتۈرۈلىدۇ ؛ قاغا ، سار ، چايان ، چاشقان ۋە غالجىر ئىت .

889ـ ئابدۇللا ﷛ دىن ئېيتتى : ئۇ ئوتتۇرىدىكى بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مىنادىكى غاردا ئىدۇق ، ئۇنىڭغا (والمرسلات) سۈرىسى نازىل بولدى ۋە ئۇ ئۇنى تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ ، ۋە مەن ئۇ سۈرىنى ئۇ جاناپنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن ئېلىۋاتىمەن ، ئۇنىڭ ئاغزى ئۇ سۈرە بىلەن ھۆل نەم ئىدى ،شۇئاندا بىزگە بىر يىلان ئېتىلدى ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار ــ دېدى .بىز ئۇنىڭغا يۈگۈردۇق ، ئۇ قېچىپ كەتتى ، ئۇ جاناب ئېيتتى : سىلەر ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغىنىڭلاردەك ئۇمۇ سىلەرنىڭ يامانلىقىڭلار دىن ساقلاندى .

890ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالىدىن دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ پاتمانچۇققا ، ئۇ كىچىك فاسىق دۇر ــ دېدى ۋە بىزنى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم .

## مەككىدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھالال ئەمەسلىكى توغرىسىدا

891ـئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ مەككىنى فەتھى قىلغان كۈنى، ھىجرەت يوق ۋە لېكىن جىھاد ۋە نىيەت باردۇر ، ۋاقتىكى جەڭگە چاقىرىلساڭلار جەڭگە چىقىڭلار .

## ئېھرام باغلىغۇچىغا ھىجامەت (لوڭقا قويۇش ) نىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

892ـئىبنى بۇھەينە ﷺ دىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېھراملىق ھالىتىدە لەھيى جەمەل دېگەن جايدا بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا لوڭقا قويدۇردى

## ئېھراملىق ھالىتىدە ئۆيلىنىش توغرىسىدا

893ـئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن پەيغەمبەر ﷺ مەيمۇنەگە مۆھرىمۇن (ئېھراملىق ھالىتىدە) ئۆيلەندى .

## ئېھرام باغلىغۇچىنىڭ غۇسلى قىلىشى توغرىسىدا

894ـئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ﷺ دىن ،ئۇنىڭدىن سورالدى : پەيغەمبەر ﷺ ئېھراملىق ھالەتلىرىدە بېشىنى قانداق يۇيتى ؟. ئەبۇ ئەييۇب ﷺ قۇلىنى كىيىمگە قۇيۇپ ئۇنى پەس قىلدى ھەتتاكى ماڭا بېشى ئاشكارا بولدى ،ئاندىن سۇنى قۇيىدىغان بىر ئىنسانغا ئېيتتى: سۇنى قۇيغىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنسان سۇ قويدى ، ئاندىن ئىككى قۇلى بىلەن بېشىنى ھەرىكەتلەندۈردى ،ئۇ ئىككى قۇلى بىلەن ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا قىلدى ،ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم ـدېدى .

## ھەرەمگە ۋە مەككىگە ئېھرامسىز كىرىش توغرىسىدا

895ـئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ پەتھى كۈنى باشلىرى ئۈستىدە تومۇر ـ قالقان بولغان ھالەتلىرىدە (مەككىگە) كىردى ئۇ قالقانىنى سالغاندى ،بىر كىشى كېلىپ ئېيتتى : ئىبنى خەتەل مەككىنىڭ يوپۇقلىرىغا ئېسىلۋېلىپتۇر . ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار ـدېدى .

## مېيىت جانىبىدىن ھەج ۋە نەزىر قىلىش ۋە ئەر كىشى ئايال كىشى جانىبىدىن ھەج قىلىش توغرىسىدا

896ـئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر ئايال ،پەيغەمبەر ﷺ ھوزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى : ئانام ھەج قىلىشنى نەزىر قىلىپ ھەج قىلالماي ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ

جانىبدىن ھەج قىلمەنمۇ ؟ ئېيتتى ﷺ : ھەئە، ئۇنىڭ جانىبدىن ھەج قىلغىن ،خەۋەر بەرگىنكى ، ئەگەر ئاناڭنىڭ ئۈستىدە قەرزى بولسا ئادا قىلامتىڭ ؟ ئاللاھ تائالا نىڭ قەرزىنى ئادا قىلىڭلار ، ئاللاھ تالا ۋاپا قىلىشقا ھەقلىقراقتۇر .

## نارەسىدە (ئۇششاق بالىلار )نىڭ ھەجى توغرىسىدا

897ـسائىب ئىبنى يەزىد ﷺ دىن ئېيتتى : يەتتە ياش ۋاقتىمدا مېنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ھەج قىلدۇرۇلدى .

## ئاياللارنىڭ ھەجى توغرىسىدا

898ـئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى :پەيغەمبەر ﷺ ھەجلەردىن يانغاندا ئۇممى سىنان ئەنسارىيەگە ئېيتتى :ھەج قىلىشىدىن سىنى نىمە توستى ؟ ئۇ ئۇممە سىنان ئېيتتى : ئەبۇ پالانى ئېرىنى خالايدۇكى شۇ توستى ، ئۇنىڭ ئىككى سۇ تارتىدىغان تۆگىسى بار ئىدى ، ئىككى تۆگىسىنىڭ بىرى ئۈستىدە ھەج قىلدى ،ۋە يەنە بىرى بىزنىڭ يىرىمىزنى سۇغىرىدۇ . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : رامىزان ئىچىدە ئۆمرە ھەج قىلىش ،مەن بىلەن بىللە بىر پەرز ھەجنى ئادا قىلغاندەك بولىدۇ .

899ـئەبۇ سەئىدﷺ دىن ـ ئۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن 12 غازاتنى بىللە قىلغاندى ـ ئېيتتى :تۆتنى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىم ، ئۇ تۆتى مېنى ھەيران قالدۇردى ،شۇدۇركى :ئايال كىشى ئىككى كۈنلۈك سەپەرنى ئېرىسىز ياكى مەھرەمسىز يۈرمەيدۇ ، ۋە ئىككى كۈن ،روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنى روزا تۇتمايدۇ ، ئەسىر نامىزىدىن كۈن ئولتۇرغۇچە ۋە بامدات نامىزىدىن كۈن چىققۇچە ناماز يوق . ۋە ئۈچ مەسجىدتىن يەنى مەسجىدى ھەرەم ، مېنىڭ مەسجىدىم ۋە مەسجىدى ئەقسا دىن باشقا مەسجىدكە ئالاھىدە جابدۇق قىلىنمايدۇ .

## كەبىگە مېڭىپ بېرىشنى نەزىر قىلغان كىشى توغرىسىدا

900ـ ئەنەس ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ بىر قېرى كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى ئوتتۇرىسىدا يۆلىنىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ بۇنىڭ ئەھۋالى نىمە ؟ـدېدى ، ئېيتتىلەر : مېڭىشقا نەزىر قىلغان كىشىدۇر . ئېيتتى ﷺ : ئاللاھ تالا بۇنىڭ ئۆزىنى ئازاب قىلىشىدىن بىھاجەتدۇر – دەپ ئۇنى ئۇلاغ مىنىشكە ئەمرى قىلدى .

901ـئۇقبەتە ئىبنى ئامىر ﷺ دىن ئېيتتى :مېنىڭ ھەمشىرەم بەيتۇللاغا مېڭىپ بېرىشنى نەزىر قىلغاندى ،مېنى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۇنىڭغا پەتىۋا سوراشنى بۇيرۇغاندى ،ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ دىن پەتىۋا سورىدىم ، ئېيتتى ﷺ : ماڭسۇن ۋە ئۇلاق مىنسۇن .

# مەدىنىنىڭ پەزىلەتلىرىنىڭ كىتابى

## مەدىنىنىڭ ھەرەمى توغرىسىدا

902ـئەنەس ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى :مەدىنە ھارامدۇر ، پالانى يەردىن پالانى يەرگىچە ، ئۇنىڭ دەرىخى كېسىلمەيدۇ ،ئۇ يەردە بىدئەت پەيدا قىلىنمايدۇ ، ئۇ يەردە بىدئەت پەيدا قىلغان كىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتى ياغىدۇ .

903ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷺدىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى :مېنىڭ تىلىم بويىچە مەدىنىنىڭ ئىككى ساي ئېقىنىنىڭ ئارىسى ھەرەم دۇر ، پەيغەمبەر ﷺ بەنى ھارىسەگە كېلىپ ئېيتتى :ئەي بەنى ھارىسە سىلەر ھەرەمدىن چىقىپ كەتتىڭلار دەپ ئويلايمەن ، ئاندىن ئىلتىپات قىلىپ ، بەلكى سىلەر ھەرەم ئىچىدە دۇرسىلەر – دېدى .

904ـئەلى ﷺ دىن ئېيتتى : بىزدە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن باشقا نەرسە يوق ۋە پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇشۇ سەھىپە باردۇر –مەدىنە ئائىر تېغىدىن مۇشۇنىڭغىچە ھەرەمدۇر . ھەر كىشى ئۇ يەردە بىدئەت پەيدا قىلسا ياكى بىدئەتچىگە ئورۇن بەرسە ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ۋە خالايىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتى بولسۇن ، ئۇنىڭدىن نى تەۋبە ۋە نى پىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ ، ۋە ئېيتتى : مۇسۇلمانلارنىڭ زىممەسى بىردۇر ، كىشىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدىسىنى بۇزسا ئۇنىڭغا ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر ۋە خالايىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتى بولسۇن ، ئۇنىڭدىن نى تۆبە ۋە نى پىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ . ۋە كىشىكى ئۆزىنىڭ خوجىلىرىنىڭ ئىزنىسىز بىر قەۋمنى خوجا تۇتۇۋالسا ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە خالايىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتى بولسۇن ،ئۇنىڭدىن نى تۆبە ۋە نى پىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ .

## مەدىنىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ خالايىقنىڭ يامانلارنى چىقىرىۋېتىشى توغرىسىدا

905ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئەمىر قىلىندىم ھەممە قەريەلەرنى يەيدىغان قەريەگە ، ئۇلار ئۇنى يەسرىب دەيدۇ ۋە ئۇ مەدىنە دۇر ، يامان ئادەملەرنى چىقىرىۋېتىدۇ قانداقكى كۆرۈك ساندۇقى تومۇرنىڭ پوقىنى چىقارغاندەك .

## مەدىنىنىڭ تابە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

906ـئەبى ھۇمەيد سائىدى ﷺ دىن ئېيتتى : بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تەبۇك دىن كەلدۇق ھەتتا مەدىنىگە تىكىلدۇق ،ئېيتتى ﷺ : مۇشۇ تابەدۇر .

## مەدىنىدىن يۇز ئۆرىگەن كىشى توغرىسىدا

907ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېتىدۇ : مەدىنە ئۇلەرگە ئەڭ ياخشى بولغان ھالدا ئۇنى تاشلايدىلەر. ئۇنى يىرتقۇچلار ئۇچارقۇشلارنىڭ ئوزۇق تەلەپ قىلىپ كەلگۈچىلەردىن باشقىلار ئۇۋۇلمايدۇلەر ئۇ يەردە تۇرمايدۇلەر. ئۇ يەردە جەمئىي كېلىدىغان كىشىنىڭ ئاخىرى ئىككى قويچىدۇر ، مۇزىينە قەبىلىسىدىن مەدىننى ئىرادە قىلىپ قويلارنى تووۇلاپ بارسا ،ئۇ مەدىننى ۋەھشىي ھايۋانلار قاپلىغان تاپىدۇر ، ھەتتا ، ئۇ ئىككى قويچى سەنىييەتۇل ۋىدائىقا يەتكەندە يۈزىچە يىقىلىدۇ .

908ـسۇفيانەئىبنى ئەبى زۇھەرى ﷺ دىن ئىيتتى :رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ ﷺ :يەمەن پەتھى قىلىنىدۇ ،ئۇ يەرگە بىرمۇنچە قەۋملەر ئوزۇق تەلەپ قىلىپ ئۆز بالا جاقەلەرنى ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدىغانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ لەر ، ئەگەر ئۇلار بىلگەن بولسا ئۇلارگە مەدىنە ياخشى ئىدى ۋە شام پەتھى قىلىنىدۇ (ئېچىلىدۇ) بىر مۇنچە قەۋملەر ئوزۇق تەلەپ قىلىپ ئۆز بالا جاقلەرنى ۋە ئۇلەرگە ئىتائەت قىلىدىغانلارنى ئېلىپ ئۇ يەرگە كېلىدۇلەر ،ئۇلار بىلگەن بولسا ئۇلارغا مەدىنە ياخشى ئىدى . ۋە ئىراق پەتھى قىلىنىدۇ (ئېچىلىدۇ) بىر مۇنچە قەۋملەر ئۇزۇق تەلەپ قىلىپ ئۆز بالا جاقلەرنى ۋە ئۇلەرگە ئىتائەت قىلىدىغانلارنى ئېلىپ ئۇ يەرگە كېلىدۇلەر ،ئۇلار بىلگەن بولسا ئۇلارغا مەدىنە ياخشى ئىدى.

## ئىماننىڭ مەدىنىگە يىغىلىپ كىرىپ كېتىشى توغرىسىدا

909ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ئىمان مەدىنىگە يىغىلىپ كىرىپ كېتىدۇ ، قانداقكى يىلان ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتكەندەك .

## مەدىنە ئەھلىگە ھىيلە ـ مىكرى قىلغان كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

910ـسەئىد ﷺ ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ ﷺ : مەدىنە ئەھلىگە ھىيلە ـ مىكرى قىلغان كىشى تۇز سۇدا ئېرىگەندەك ئېرىپ كېتىدۇ .

## مەدىنىنىڭ قورغانلىرى توغرىسىدا

911ـئۇسامە ﷺ دىن ئىيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىنىڭ قورغانلىرىدىن بىر قورغانغا تىكىلىپ قاراپ ئېيتتى : مەن كۆرگەن نەرسىنى سىلەر كۆرۈۋاتامسىلەر ، مەن پىتنىلەرنىڭ جايلىرىنى ئۆيۈڭلار ئەتراپىدا يامغۇر چۈشكەن جايلاردەك كۆرۈۋاتىمەن .

## مەدىنىگە دەججالنىڭ كىرەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

912ـئەبى بەكرى ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى : مەدىنىگە مەسىيھۇد دەججالنىڭ قورقۇنچىسى كىرمەيدۇ ، ئۇ كۈنلەردە مەدىنىدە يەتتە ئىشىك بار ھەر ئىشىكتە ئىككى پەرىشتە بار .

913ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷵ دىن ئىيتتى مەدىنىنىڭ كىرىش ئىغىزلىرىدە پەرىشتىلەر باركى ئۇ يەرگە تائۇن ۋە نە دەججال كىرەلمەيدۇ .

914ـ ئەنەس ﷵ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى :مەككىدىن باشقا ھەممە شەھەرلەرنى پات يېقىندا دەججال دەسسەيدۇ ۋە مەدىنىنىڭ ھەر بىر كىرىش ئىغىزلىرىدە پەرىشتىلەر سەپ بولغان ھالدا ساقلايدۇلەر ، ئاندىن مەدىنە ئۈچ قېتىم تەۋرەيدۇ ، ئۇنىڭدىن ھەممە كاپىر ۋە مۇناپىقلار چىقىدۇ .

915ـئەبۇ سەئىد خۇدىرى ﷵ دىن ئىيتتى : بىزلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ دەججال ھەققىدە ئۇزۇن ھەدىس قىلدى ، بىزلەرگە قىلغان ھەدىسىدە شۇنداق دىدى : دەججال كېلىدۇ ۋە ھالبۇكى ئۇنىڭغا مەدىنىنىڭ ئىغىزلىرىدىن كىرىش ھارامدۇر . مەدىنىدىكى بەزى شورلۇقتا توشىدۇ ،ئاندىن ئۇنىڭغا مەدىنىدىكى خەلقنىڭ ياخشىراقى چىقىدۇ ،ئاندىن ئىيتىدۇ :گۇۋاھلىق بېرىمەنكى سەن بىزگە رەسۇلۇللاھ ﷺ سۆزلەپ بەرگەن دەججالدۇرسەن، دەججال ئىيتىدۇ : خەۋەر بەرگىن ،ئەگەر مۇنۇنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرسەم بۇ ئىشتا شەك قىلامسىزلەر ، ئۇلار ئىيتىدۇ : ياق ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ ، تىرىلدۇرگەندە ئۇ ياخشىراق ئادەم ئىيتىدۇ : ۋەللاھى مەن (دەججالنى) چۈشىنىش جەھەتتە بۈگۈنكىدىن قاتتىقراق بولمىدىم[51] . دەججال ئىيتىدۇ : ئۇنى ئۆلتۈرىمەن ، ئەمما ئۆلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ .

## مەدىنىنىڭ ناچار ئادەملەرنى چىقىرىۋېتىشى توغرىسىدا

916ـجابىر ﷵ دىن ئىيتتى : بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ﷺ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئىسلامغا بەيئەت قىلدى . ئاندىن ئەتىسى قىزىتما بولۇپ قېلىپ كېلىپ ئىيتتى : بەيئىتىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن ، ئۇنىمىدى ﷺ ئۈچ قېتىم ،ئىيتتى :مەدىنە كۆرۈك ساندۇققا ئوخشاش ،ئۆزىنىڭ پوقىنى چىقىرىۋېتىپ ياخشىسىنى ئايرىپ قالىدۇ .

917ـ ئەنەس ﷵ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى : ئەي ئاللاھ مەككىگە بەرگەن بەرىكەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى مەدىنىگە قىلغىن .

918ـئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئىيتتى :پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلگەندە ئەبۇ بەكرى ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قىزىتما بولۇپ قالدى ،ئەبۇ بەكرىنى قىزىتما تۇتسا مۇنداق دەيتتى : ھەر كىشى ئۆز ئەھلىدە تاڭ ئاتقۇزغۇچىدۇر

ئۆلۈم ئۇنىڭغا كەشىنىڭ يىپىدىنمۇ يېقىنراقتۇر

ۋە بىلالدىن قىزىتما كۆتۈرۈلسە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەيتتى :

ئايا ياتارمەنمۇ بىر كېچە

يېنىمدا دۇر زەخىرجىلىل

بىر سۇغا كېلەر مەنمۇ

---

[51] ئۇنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى ۋە چوقۇم دەججال ئىكەنلىكىنى بۈگۈن تېخىمۇ بەك چۈشەندىم.

كۆرەر مەنمۇ شامە تەفىل

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ئەي ئاللاھ شەيبەتۇبنۇ رەبىئە ۋە ئۇتبەتۇبنۇ رەبىئە نى ۋە ئۇمەييەتە بنۇ خەلەفنى لەنەت قىلغىن ، ئۇلار بىزنى زېمىنىمىزدىن ۋابا زېمىنىغا چىقىرىۋەتتى ، ئاندىن ئېيتتى : ئەي ئاللاھ بىزلەرگە مەدىنىنى دوست قىلغىن ، بىز مەككىنى دوست تۇتقاندەك ياكى ئۇنىڭدىن چىڭراق ، ئەي ئاللاھ بىزلەرگە كۈرۈمىزدە ۋە جىڭمىزدە بەرىكەت بەرگىن ۋە ئۇ مەدىنىنى بىزلەرگە سەھىھ قىلغىن ۋە ئۇنىڭ قىزىتما كېسىلىنى جۇھفەگە يۆتكىگىن . ئېيتتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا : بىز مەدىنىگە كەلدۇق ۋەھالەنكى ،ئۇ ئاللانىڭ زېمىنىنىڭ ۋابالىقى ئىكەن ۋە سايلىق ، ئاچچىق سۇ ئاقىدىكەن. يەنى مەدىنىنىڭ بۇتھان ۋادىلىرىدا ئاچچىق سۇ ئاقىدىكەن

# روزىنىڭ كىتابى

## روزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

919ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : روزا (دوزاختىن ) پەردىدۇر . پاھىشە گەپ قىلمىسۇن ،جاھىلىيەت ئىشىنى قىلمىسۇن ، ئەگەر بىر ئادەم ئۇرۇشسا يا دەشنەم قىلسا ، مەن روزىدار دېسۇن ئىككى قېتىم ، ۋە قەسەم زاتىغىكى نەپسىم ئۇل زات ئىلكىدە ئىدى ، ئەلۋەتتە ، روزىدارنىڭ ئاغزىنىڭ بەد-بۇيلىقى خۇشپۇراقتۇر ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپارنىڭ بۇيىدىن . تائامىنى ، شارابىنى ۋە شەھۋىتىنى مەن ئۈچۈن تەرىك ئېتىدۇ . روزا مەن ئۈچۈن ۋە روزىنىڭ ساۋابىنى مەن بىرەرمەن ، ۋە بىر ھەسىنە – ساۋابلىق ئون باراۋىرى بىلەندۇر .

## رەييانىنىڭ روزىدارغا خاسلىقى توغرىسىدا

920ـ سەھلە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : جەننەتتە رەييان دېيىلىدىغان بىر ئىشىك بار ئۇ ئىشىكتىن قىيامەت كۈنى روزىدارلەر كىرىدۇ ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ . روزىدارلار قەيەردە ؟ دېيىلىدۇ . ئۇلار قوپىدۇ ،ئۇ ئىشىكتىن ئۇلارنىڭ غەيرى كىرەلمەيدۇ ، ئۇلار كىرسە ئىشىك تاقىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن ھېچكىم كىرەلمەيدۇ .

921ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : بىركىشى خۇدا يولىدا بىر جۈپ نەرسە نەپىقە قىلسا ئۇ كىشىنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلىدۇ ،يەنى ئاللانىڭ بەندىسى بۇ ياخشىدۇر دەپ .ناماز ئەھلىدىن بولغان كىشىنى ناماز بابىدىن چاقىرىلىدۇ ، روزا ئەھلىدىن بولغان كىشىنى رەييان ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ ۋە سەدىقە ئەھلىدىن بولغان كىشىنى سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى ﷺ ئېيتتى : ئاتام ئانام ئۆزلىرىگە پىدا بولسۇن يا رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇشۇ ئىشىكلەردىن چاقىرىلغان كىشىگە زەرۇرەت يوق ، ئايا بىراۋنى مۇشۇ

ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلامدۇ ؟ ئېيتتى ﷺ : ھەئە ، سىنىڭ ئۇلەردىن بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن .

922ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاقتىكى رامىزان كەلسە جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ .

923ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاقتىكى رامىزان كىرسە ، ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ۋە دوزاخ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ ۋە شەيتانلارغا زەنجىر سېلىنىدۇ .

## رامىزان ياكى رامىزان ئېيى دېيىلىشى ۋە بۇنىڭ ھەممىسىنى راۋا كۆرگەن كىشى توغرىسىدا

924ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ : ۋاقتىكى ئۇنى كۆرسەڭلار ، روزا تۇتۇڭلار ۋە ۋاقتىكى ئۇنى كۆرسەڭلار ئېپتار قىلىڭلار ، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولسا ئۇنى ئۆلچەڭلار رامىزان ئايىنى خالايدۇ .

## رامىزاندا يالغان گەپنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تەرك قىلمىغان كىشى توغرىسىدا

925ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىكى يالغان گەپنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تەرك قىلمىسا ، ئۇنىڭ تائامنى ۋە شارابىنى تەرك قىلغىنىدا ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق ھاجەت يوق(روزىسى قوبۇل بولمايدۇ) .

## (دەشنەم بېسە مەن روزىدار دېسە بولامدۇ ؟ )نىڭ توغرىسىدا

926ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن يوقاردا ئۆتكەن ھەدىس ئادەمىزادنىڭ قىلغان ئەمىلى ئۆزى ئۈچۈندۇر روزىدىن باشقىسى ، ئۇ روزا مەن ئۈچۈندۇر ، ئۇنىڭ ساۋابىنى مەن بېرىمەن ۋە ئېيتتى ئۇ ، ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا :روزىدارغا ئىككى خۇشاللىق باردۇر ، ئۇ ئىككى خۇشاللىقتا خوش بولىدۇ . ۋاقتىكى ئېپتار قىلسا خوش بولىدۇ ، ۋاقتىكى پەرۋەردىگارىغا يولۇقسا (كۆرۈشسە) روزىسىگە خوش بولىدۇ .يەنى ئاللاھ تائالا شۇنداق دەيدۇ.

## ئۆز نەپسىگە توللۇقگە (ئەھلىسىز )قە قورقان كىشىگە روزا تۇتۇش لازىملىقى توغرىسىدا

927ـ ئابدۇللا ﷺ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە بولدۇق. تويلۇق چىقىمغا قادىر بولغان كىشى ئۆيلەنسۇن ، چۈنكى ئۇ كۆزنى پەست قىلغۇچىراقدۇر، ۋە ئەۋرەتنى ساقلىغۇچىراقدۇر . تويلۇق چىقىمغا قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن ، چۈنكى ئۇ روزا شەھۋەتنى قومارغۇچىدۇر .

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاقتىكى ئاينى كۆرسەڭلار روزا تۇتۇڭلار ،ۋاقتىكى ئۇ ئاينى كۆرسەڭلار ئېپتار قىلىڭلار (ئېغىز ئېچىڭلار ) دېگەن سۆزى توغرىسىدا

928ـئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى :ئاي29 كېچىدۇر ،ھەتتاكى ئۇنى سىلەر كۆرمىگىچە روزا تۇتماڭلار ، ئەگەر سىلەرگە ئاي مەخپى بولسا شەئبان سانىنى 30 قىلىڭلار .

929ـ ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن تەھقىق پەيغەمبەر ﷺ ئاياللاردىن بىر ئاي ( ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرمەسلىككە ) ئىيلائ (قەسەم قىلدى ) 29 كۈن ئۆتۈپ ئىدى ، ئەتىگەندىمۇ يا كەچتىمۇ كىردى ، ئاندىن ئۆزلىرى بىر ئاي كىرمەسلىككە قەسەم قىلدىڭلە ــدېيىلدى ؟ ئاي 29 كۈنمۇ بولىدۇ-دېدى .

## ھېيتنىڭ ئىككى ئېيى كەم بولماسلىقى توغرىسىدا

930ـئەبۇ بەكرى ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : ئىككى ئاي كامىلمايدۇ ، ھېيتنىڭ ئىككى ئېيى ؛ رامىزان ۋە زۇلھەججە .

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «بىز يازمايمىز ۋە ھېساب قىلمايمىز » دېگەن سۆزى توغرىسىدا

931ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن تەھقىق ئۇ ئېيتتى : بىز ساۋاتسىز ئۇممەتدۇرمىز ، يازمايمىز ۋە ھېساب قىلمايمىز ، ئاي مۇشۇنداق مۇشۇنداقدۇر يەنى بىر قېتىم 29 كۈن ۋە بىر قېتىم 30 كۈن بولىدۇ .

## بىر ۋە ئىككى كۈن روزا بىلەن رامىزانغا ئىلگىرىلىمەسلىك توغرىسىدا

932ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن تەھقىق ئۇ ئېيتتى : بىرىڭلار رامىزانغا بىر ۋە ئىككى كۈن روزا بىلەن ئىلگىرىلىمىسۇن ، مەگەر بىر كىشى روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا شۇ روزىسىنى تۇتسۇن .

## ئاللاھ تاالانىڭ ﴿ سىلەرگە روزا كېچىسى ئاياللىرىڭلار بىلەن جىما قىلىش ھالال قىلىندى ، ئۇ سىلەرگە يېپىنچىدۇر ۋە سىلەر ئۇلارغا يېپىنچىدۇرسىلەر ﴾ دېگەن سۆزى توغرىسىدا

933ـ بەرائە ﷺ دىن ئېيتتى : پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ بىرى روزىدار بولسا ،ئېپتار ھازىر بولسا ئېپتار قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇخلاپ قالسا شۇ كېچە ۋە كۈندۈزى ھەتتا كەچ قىلغۇچە بىر نەرسە يېمەيتتى ۋە قەيسۇبنۇ سىرمەتۇ ئەنسارى ﷺ روزىدار ئىدى ،

ئىپتار بولغاندا ئاياللىنىڭ قېشىغا كېلىپ ، قېشىڭدا تائام بارمۇ ؟ ـ دېدى . ئۇ يوق ۋە لېكىن تائام تېپىپ كېلەي – دېدى ۋە ئۇ قەيس كۈندۈزى ئىشلىگەن ئىدى ، ئىككى كۆزى غالىپ بولۇپ ئۇخلاپ قالدى ، ۋە ئايالى قايتىپ كېلىپ ،ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ ، ساڭا زىيانلىق – دېدى . كۈن چۈش بولغاندا ھوشىدىن كەتتى . بۇنى پەيغەمبەر ﷺگە زىكرى قىلىندى . بۇ ئايەت چۈشتى ﴿ سىلەرگە روزا كېچىسى ئاياللىرىڭلار بىلەن جىما قىلىش ھالال قىلىندى ﴾ [بەقەرە 187ـ ئايەت] ساھابىلەر بۇنىڭغا بەك خۇشال بولدى ۋە ئايەتمۇ چۈشتى ﴿يەڭلار ۋە ئىچىڭلار ھەتتاكى سىلەرگە ئاق يىپ قارا يىپتىن زاھىر بولغۇچە﴾ بەقەرە 187ـ ئايەت (تاڭ سۈزۈلگىچە) .

## ئاللاھ تائالانىڭ ﴿يەڭلار ۋە ئىچىڭلار ھەتتاكى سىلەرگە ئاق يىپ قارا يىپتىن زاھىر بولغۇچە ﴾ دېگەن سۆزى توغرىسىدا

934ـ ئەدى ئىبنى ھاتەم ﷺ دىن ئىبيتتى :﴿ ھەتتاكى زاھىر بولغاي سىلەرگە ئاق يىپ قارا يىپتىن﴾ دېگەن ئايەت چۈشكەندە قارا يىپ ۋە ئاق يىپقا قەسىد قىلىپ ئۇنى ياستۇغۇم ئاستىدا قىلدىم ، كېچىسى قارايمەن ، ماڭا زاھىر بولمايدۇ . ئەتىگەنلىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ دېدىم ، ئىيتتى : ئۇ كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ قارىلىقىدۇر .

## سوھۇرلۇق بىلەن بامدات نامىزىنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك ۋاقىت بۇلىشى توغرىسىدا

935ـ زەيدۇبنۇ سابىت ﷺدىن ئىيتتى : پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە سوھۇرلۇق يېدۇق ، ئاندىن نامازغا تۇردى . ئەزان بىلەن سوھۇرلۇق ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ۋاقىت بولدى ؟ – دەپ سورالدى . ئىيتتى : ئەللىك ئايەت ئوقۇلغان مىقدارى .

## ۋاجىپسىز سوھۇرلۇقنىڭ بەركىتى توغرىسىدا

936ـ ئەنەس ئىبنۇ مالىك ﷺ دىن ئىيتتى : ئىيتتى پەيغەمبەر ﷺ سوھۇرلۇق يەڭلار چۈنكى سوھۇرلۇقدا بەرىكەت باردۇر .

## كۈندۈزى روزىنى نىيەت قىلىش توغرىسىدا

937ـسەلەمەتەبنى لئەكۋەئ ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئاشۇرا كۈنى بىر كىشىنى خالايىققا نىدا قىلىشقا ئەۋەتتى ، بىر كىشى يېگەن بولسا تامام قىلسۇن ياكى روزا تۇتسۇن ۋە كىشى يېمىگەن بولسا ، يېمىسۇن .

## روزىدارنىڭ جۇنۇپ ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇشى توغرىسىدا

938ـ ئائىشە ۋە ئۇممۇسەلەمەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ئەھلىدىن جۇنۇپ بولغان ھالىتىدە بامداتنى تاپاتتى ئاندىن غۇسلى قىلىپ روزا تۇتار ئىدى ،

## روزىدارغا مۇباشىرەت قىلىش (بەدەننى بەدەنگە تەككۈزۈش) توغرىسىدا

939ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىيتتى : پەيغەمبەر ﷺ سۆيەتتى ۋە بەدەننى بەدەنگە تەككۈزەتتى روزىدار ھالىتىدە ، سىلەرنىڭ مالىكراغى( ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇچىراغى) ئىدى ئۆز ھاجىتىگە .

## روزىدار ئۇنتۇلۇپ قىلىپ يەپ – ئىچسە توغرىسىدا

940ـئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى : ۋاقتىكى ئۇنتۇلۇپ قىلىپ يەپ – ئىچسە روزىسىنى تامام قىلسۇن ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تائام بەردى سۇ بەردى .

## رامىزاندا جىما قىلسا ۋە كاپپارەت بېرىشكە بىر نەرسىسى بولمىسا ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىلسە شۇ سەدىقە نى كاپپارەت بەرسە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

941ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن : بىز رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرغىنىمىزدا ئۇنىڭغا بىر كىشى كېلىپ ، يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ، ھالاك بولدۇم – دېدى . ئېيتتى ﷺ : نېمە بولدۇڭ ؟ . ئۇ كىشى ئېيتتى : مەن روزىدار ھالدا ، رامىزاندا ئايالىمنى جىما قىلىپ قويدۇم . ئېيتتى ﷺ : ئايا ئازاد قىلغۇدەك بىرەر قۇل تاپالامسەن ؟ ئېيتتى : ياق . ئېيتتى ﷺ : ئايا ئىككى ئاي ئارقىمۇ – ئارقا روزا تۇتالامسەن ؟ ئېيتتى : ياق . ئېيتتى ﷺ : ئاتمىش مىسكىنگە تائام بېرىدىغان نەرسە تاپالامسەن ؟ ئېيتتى : ياق . ئۇ پەيغەمبەر ﷺ ھۇزۇرىدا تۇردى ، بىزمۇ شۇ ئارىلىقتا تۇراتتۇق پەيغەمبەر ﷺ گە بىر سېۋەت خورما كەلتۈرۈلدى . ئېيتتى ﷺ : ھېلىقى سائىل قەيەردە ؟ ئۇ ، مانا مەن –دېدى . بۇ خورمىنى ئېلىپ ئۇنى سەدىقە بەرگىن –دېدى .ھېلىقى ئادەم مەندىنمۇ پېقىرراقىمۇ يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ؟ ۋە للاھى ، ئۇ مەدىنىنىڭ ئىككى ساي ئېقىن ئارىلىقىدا مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن پېقىرراق . ئەھلى بەيت يوق –دېدى . پەيغەمبەر ﷺ كۈلدى ھەتتا ئۇتتۇر چىشى زاھىر بولدى ، ئاندىن ئېيتتى ﷺ :ئۇنى ئۆز ئەھلىڭگە تائام قىلىپ بەرگىن .

## روزىدارنىڭ ھىجامەت(لوڭقا ) قويدۇرشى ۋە قۇسۇشى توغرىسىدا

942ـ ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن پەيغەمبەر ﷺ ھىجامەت قويدۇردى ئېھراملىق ھالىتىدە ۋە روزىدار ھالىتىدىمۇ ھىجامەت قويدۇردى .

## سەپەردە روزا تۇتۇش ۋە ئىپتار قىلىش توغرىسىدا

943ـئابدۇللا ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئىيتتى :بىز رەسۇلۇللاھ ﷺبىلەن بىللە ئىدۇق ، بىرئادەمگە ، ئۇلاقتىن چۈش ، ماڭا تالقان چال –دېدى . ئۇ ئادەم ئېيتتى : يا رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈن بار . ئېيتتى ﷺ : چۈش ، ماڭا تالقان چال –دېدى . ئۇ ئادەم ئېيتتى : يا رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈن بار . ئېيتتى ﷺ : چۈش ، ماڭا تالقان چال –دېدى . چۈشتى ئاندىن تالقان چالدى ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىچتى ئاندىن قولى بىلەن ئۇياق – بۇياققا ئىشارەت قىلىپ ، ئېيتتى ﷺ : ۋاقتىكى كېچىنىڭ بۇياقدىن كەلگەننى كۆرسەڭلار ، روزىدار ئىپتار قىلدى .

944ـ ئائىشە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما : ھەمزەتۇبنۇ ئەمرىل ئەسلەمى ﷺ پەيغەمبەر ﷺگە ئېيتتى : سەپەردە روزا تۇتىمەنمۇ ؟ ـ ئۇ كۆپ روزا تۇتار ئىدى ـ . ئەگەر خالىيساڭ روزا تۇت ۋە ئەگەر خالىيساڭ ئىپتار قىل – دېدى .

## رامىزاندىن بىر نەچچە كۈن روزا تۇتۇپ ئاندىن سەپەر قىلسا (ئىپتار قىلىش) جائىزمۇ يوق ـ توغرىسىدا

945ـ ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ رامىزان ئېيى ئىچىدە مەككىگە چىقتى ، روزا تۇتتى ھەتتا كەدىد دېگەن جايغا يەتتى ئىپتار قىلدى ، خالايىقمۇ ئىپتار قىلدى (يەنى روزا تۇتمىدى) .

946ـئەبۇددەردائى ﷺ دىن ئېيتتى : تازا ھاۋا قىزىق كۈندە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بەزى سەپەرلەردە بىللە چىقتۇق ، ھەتتا ئادەملەر بەك ئىسسىق ـ قىزىقلىقىدىن قولنى بېشىغا قويىدۇ ۋە بىزنىڭ ئىچىمىزدە پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەدىن باشقا روزىدار يوق.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشىلىقنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەستۇر» دېگەن سۆزى توغرىسىدا

947ـ جابىربىنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپەردە بولۇپ قىستاڭچىلىقنى ۋە بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە سايىۋەن قىلىنغانلىقنى كۆرۈپ نېمە ئىش بۇ ؟ ـ دېدى . ئېيتتى ئۇلەر : روزىدار . ئېيتتى ﷺ : سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشىلىقنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەستۇر .

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئىپتار قىلىش ۋە روزا تۇتۇش توغرىسىدا بەزىسى بەزىسىنى ئەيىپ قىلمىغانلىقى توغرىسىدا(سەپەردە)

948ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى : بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە سەپەر قىلغانىدۇق . روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلغۇچىغا ۋە ئىپتار قىلغۇچى روزا تۇتقۇچىغا ئەيىپ قىلمىدى .

## گەردىنىدە قازا روزا بار ھالىتىدە ئۆلگەن كىشى توغرىسىدا

949ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : گەردىنىدە قازا روزا بار ھالىتىدە ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋەلىسى (ئىگىسى) روزا تۇتۇدۇ .

950ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى : بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا كېلىپ يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئانام ئۆلۈپ قالدى ۋەھالەنكى ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئايلىق قازا روزىسى بار ئىدى ، ئانامىنىڭ قازا روزىسىنى تۇتارمەنمۇ ؟. ئېيتتى ﷺ : ھەئە ، تۇتارسەن ، ئالاھنىڭ قەرزىسىنى ئادا قىلىش ئەڭ ھەقلىقتۇر .

## روزىدارغا قاچان ئىپتار قىلىش ھالال بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

951ـ ئەبى ئەۋفانىڭ ھەدىسى ۋە پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئۇنىڭغا «چۈشكىن بىزلەرگە تالقان چالغىن» دېگەن سۆزى يېقىندا ئۆتتى (943ـھەدىسىدە) ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئېيتتى : ۋاقتىكى كېچىنىڭ ئاۋۇ ياقتىن كەلگەنىنى كۆرسەڭلار ، روزىدار ئىپتار قىلدى- دەپ بارماقلىرى بىلەن مەشرىق تەرەپكە ئىشارەت قىلدى .

## ئىپتارنى ئالدىراپ قىلىش توغرىسىدا

952ـسەھلىبنى سەئدە ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺئېيتتى : خالايىق ھەمىشەياخشىلىق بىلەن بولىدۇ ، مادامىكى ئىپتارنى ئالدىراپ قىلسا ئۇلەر .

## (كەچتە) رامىزاندا ئىپتار قىلسا ئاندىن كۈن چىقىپ قالسا قانداق قىلىش توغرىسىدا (مەشھۇر ئۆلىمالەر قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ دېدى)

953ـ ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ زامانىسىدا ھاۋا تۇتۇق كۈنى ئىپتار قىلدۇق ، ئاندىن كۈن چىقىپ قالدى .

## نارسىدە (ئۆسمۈرلەر) نىڭ روزا تۇتۇشى توغرىسىدا

954ـ رۇبەييئ بىنتى مۇئەۋۋىز رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ ئاشۇرا كۈنى ئەتىگەندە ئەنسارىلار مەھەللىلەرگە ئادەم ئەۋەتتى . بۈگۈن ئىپتار قىلغان (روزاتۇتمىغان) كىشى بولسا ، كۈننى كەچكىچە يېمەي تامام قىلسۇن ۋە روزا تۇتۇپ تاڭ ئاتقۇزغان كىشى بولسا

روزا تۇتسۇن . رۇبەيئ ئېيتتى : ئاشۇرا كۈننىڭ روزىسىنى تۇتىدىغان بولدۇق ، بۇندىن كېيىن ئۆسمۈر باللىرىمىزنىمۇ روزا تۇتتۇرىمىز ۋە ئۇلارغا يۇڭدىن قوچاق قىلىپ بېرىمىز . ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى يېغلىسا تائام دەپ ، ئۇ قوچاقنى ئۇنىڭغا بېرىمىز ، ھەتتا ئىپتاردە بىرگە بولۇش ئۈچۈن .

## ۋىسال ـ بىر ـ ئىككى كۈن كېچە – كۈندۈز يېمەي ئۇلاپ روزا تۇتۇش توغرىسىدا

955ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷺ دىن ئۇ پەيغەمبەر ﷺدىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇ ﷺ : ۋىسال قىلماڭلار ، قايسىڭلار ۋىسال قىلماقچى بولسا ، سەھەر ۋاقتىغىچە ۋىسال قىلسۇن(يەنى كېچە – كۈندۈز يېمەي ئۇلاپ روزا تۇتمىسۇن ئەگەر ئۇلاشنى ئىرادەقىلسا سەھەرگىچە يېمەي ئۇلىسۇن)

## كۆپ ۋىسال قىلغان كىشىنى جازالاش توغرىسىدا

956ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ روزىنى ۋىسال قىلىشتىن توستى (سوھورلۇق يېمەي ۋە ئىپتار قىلماي ئۇلاپ روزاتۇتۇشتىن نەھى قىلدى) ئاندىن مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئۇنىڭغا ، يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزلىرى ۋىسال ـ ئۇلاپ روزا تۇتىدىكەنلا ـ دېدى . ئېيتتى ﷺ: قايسىڭلار ماڭا ئوخشايسىلەر ، ماڭا پەرۋەردىگارىم تائام بېرىدىغان ۋە مېنى سۇغۇرىدىغان ھالەتتە يېتىپ قويىمەن ، ئاندىن ئۇلار ۋىسال قىلىشتىن يانمىغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىر كۈن ، ئاندىن يەنە بىركۈن ۋىسال قىلدى . ئاندىن ئۇلار ئاينى كۆردى . ئېيتتى ﷺ: ئەگەر ئاي تەخىر قىلغان بولسا ، سىلەرگە ۋىسال قىلىشتا تېخىمۇ زىيادە قىلار ئىدىم . ئۇلار ۋىسال قىلىشتىن يانمىغان ۋاقتىدا ئۇلارنى جازالىغاندەك قىلىپ (شۇنداق دېگەن).

ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن يەنە بىر رىۋايەتتە : پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا ئېيتتى : ئەمەلدىن قۇدرەتىڭلار يەتكەن ئىشنىڭ مۇشەققىتىنى ئۈستىڭلارغا ئېلىڭلار .

## نەپلە روزىدا بۇرادىرىگە ئىپتار قىلسۇن دەپ قەسەم قىلغان كىشى توغرىسىدا

957ـ ئەبۇ جۇھەيفە ﷺ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ سەلمان بىلەن ئەبۇ دەردانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى بۇرادەر قىلغان ئىدى. ئاندىن سەلمان ئەبۇ دەردانى زىيارەت قىلىپ كەلدى . ئۇممۇ دەردانى (ئەبۇ دەردانىڭ ئايالى) زىينەتسىز كۆردى ، ئۇنىڭغا ، ھالىڭ نېمە ؟ـ دېدى ئۇممۇدەردائى ئېيتتى : بۇرادىرىڭنىڭ دۇنياغا ھاجىتى يوقدۇر . ئەبۇ دەردائى كېلىپ سەلمانغا تاماق ئەتىپ يېگىن ، مەن روزىدار – دېدى . سەلمان ئېيتتى : ھەتتا سەن يېگىچىلىك مەن يېگۈچى ئەمەسمەن. ئەبۇ دەردائى يېدى ،ئاندىن كېچە بولۇپ قالغاندى ، ئەبۇ دەردائى بىدار بولغىلى باشلىدى . سەلمان ئۇنىڭغا ئۇخلىغىن – دېدى ،ئەبۇدەردائى ئۇخلىدى ، ئاندىن كېچىدىن ئاخىرى بولغاندا سەلمان ئەمدى قوپىغىن –دېدى ، ئىككىسى ناماز ئوقۇدى ،ئاندىن

سەلمان ئۇنىڭغا ئېيتتى : پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنىڭدە ھەققى بار ، ۋە نەپسىڭنىڭ سېنىڭدەھەققى بار ، ۋە ئەھلىڭنىڭ سەندە ھەققى بار. ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى ئاتا قىلغىن ، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئەبۇ دەردائى بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا زىكرى قىلدى . پەيغەمبەر ﷺ سەلمان راست ئېيتتى –دېدى .

## شەئبان ئېيىنىڭ روزىسى توغرىسىدا

958- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ روزا تۇتار ئىدى ، ھەتتا ئېيتار قىلمايدۇ دەيتۇق . ۋە ئېپتار قىلار ئىدى ، ھەتتا روزا تۇتمايدۇ دەيتۇق . رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رامىزادىن باشقا بىر ئاي تولۇق روزا تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىم ۋە شەئباندا تۇتقان روزىسىدىن كۆپىراق روزا تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىم (يەنى شەئباندا باشقا ئايدىكىدىن كۆپىراق روزا تۇتار ئىدى)

959- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن بىر رىۋايىتىدە زىيادە باركى – ئېيتار ئىدى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئەمەلدىن تاقەت تۇتىدىغانىڭلارنى قىلىڭلار ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مالال بولمايدۇ ھەتتاكى سىلەر مالال بولغايسىزلەر ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە نامازنىڭ دوستىراقى ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭغا داۋاملاشتۇرۇلغاندۇر. (سۈننىتى راتىبە مۇراددۇر.) ۋە پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇسا ئۇنى داۋاملاشتۇراتتى .

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ روزىلىرىدىن ۋە ئېپتارلىرىدىن زىكرى قىلىنغان نەرسىلەر توغرىسىدا

960- ئەنەس ﷺ دىن ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ روزىلىرىدىن سورالدى ، ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئايدىن روزا تۇتقان ھالدا كۆرۈشنى دوست تۇتمىدىم ، مەگەر روزا تۇتقۇچى كۆردۈم ۋە نە ئېپتار قىلغۇچى كۆرۈشنى دوست تۇتمىدىم ، مەگەر ئېپتار قىلغۇچى كۆردۈم ، ۋە نە كېچىدىن بىدار بولغۇچى كۆرۈشنى دوست تۇتمىدىم ، مەگەر بىدار بولغۇچى كۆردۈم ، ۋە نە ئۇخلىغۇچى كۆرۈشنى دوست تۇتمىدىم ، مەگەر ئۇخلىغۇچى كۆردۈم ، ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئالقانلىرىدىن يۇمشىغىراق ئەۋرىشىم ۋە يىپەكنى تۇتمىدىم ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ خۇشبۇيىدىن خۇشبۇيىراق ئىپار ۋە ئەنبەر بۇيىنى بۇرىمىدىم .

961- ئابدۇللائىبنى ئەمرى بىننى ئاس ﷺ نىڭ ھەدىسى يوقاردا ئۆتتى (596ھەدىس) .

962- ۋە ئېيتتى بۇ رىۋايىتىدە : ئابدۇللا ياشانغاندىن كېيىن ئېيتار ئىدى. كاشكى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ رۇخسىتىنى قوبۇل قىلغان بولسام.

## روزىدە ئەھلىنىڭ ھەققى توغرىسىدا

963- ئابدۇللا دىن بىر رىۋايىتىدە : پەيغەمبەر ﷺ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىنى زىكرى قىلدى ۋە ئېيتتى : داۋۇد دۈشمەنگە يولۇقسا قاچمايتى (كۈچلۈك ئىدى) ئېيتتى ئابدۇللا : كىم ماڭا مۇشۇ خىسلەتكە كېپىل يا نەبىيەللاھ؟ ئېيتتى ئابدۇللا : پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: داۋاملىق

..... روزا تۇتقان كىشى روزا تۇتمىدى . (يەنى نەپلە روزىدا ئائىلە بالا – جاقىلىرىنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ روزا تۇتۇشى لازىم ) .

## قەۋمنى زىيارەت قىلىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئىپتار قىلمىغان كىشى توغرىسىدا

964ـ ئەنەس ﷺ دىن ئىيتتى : پەيغەمبەر ﷺ ئەنەسنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېشىغا كىردى . ئۇ ئايال پەيغەمبەر ﷺ گە خورما ۋە ياغ كەلتۈردى . پەيغەمبەر ﷺ ئىيتتى : يىغىڭلارنى تۇلۇمغا ۋە خورماڭلەرنى خالتىسىغا قايتۇرۇڭلار ، مەن روزىدار . ئاندىن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا قوپۇپ ، پەرزنىڭ غەيرى ناماز ئوقۇدى . ئاندىن ئۇممۇ سۇلەيمگە ۋە ئۇنىڭ ئەھلى بەيتىگە دۇئا قىلدى . ئۇممۇ سۇلەيم يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا خاس چۇگۇم[52] بار- دېدى . ئىيتتى ﷺ : نىمە ئۇ ؟ . ئىيتتى ئۇممۇ سۇلەيم خىزمەتكارلىرى ئەنەس . رەسۇلۇللاھ ﷺ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى قالدۇرماي ماڭا دۇئا قىلدى ؛ « اللهم ارزقه مالا و ولدا و بارك له » (دەپ) يەنى ئۇ ئەنەسكە مال ۋە بالا رىزقى بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا بەرىكەت بەرگىن .

مەن ئەنسارىلارنىڭ مالى ئەڭ كۆپىراقىنىڭ جۈملىسىدىندۇرمەن ۋە ماڭا قىزىم ئۇمەينە ھەددىس قىلدىكى ھەججاج بەسرەگە كەلگەن ۋاقىتتا مىنىڭ پۇشتۇمدىن بىر يۈزيىگىرمە نەچچە بالام دەپنە قىلىندى (يەنى نەسلى بالامدىن بىقىپ ئالغان ياكى نەۋرە ئەمەس)

## ئاينىڭ ئاخىرىدا روزا تۇتۇش توغرىسىدا

965ـ ئىمرانئۇبنۇ ھۇسەينى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئىيتتى : پەيغەمبەر ﷺ بىر كىشىگە سوئال قىلىپ ، ئەي ئابا پالانى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا روزا تۇتۇڭمۇ ؟ . ئۇ كىشى ، ياق يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ـدېدى . پەيغەمبەر ﷺ ۋاقتىكى ئىپتار قىلساڭ ئىككى كۈن روزا تۇت – دېدى . ۋە ئىمرانئۇبنۇ ھۇسەيىندىن يەنە بىر رىۋايىتتە شەئبان ئاخىرىدىن – دېدى.

## جۈمە كۈنى روزا تۇتۇش توغرىسىدا

966ـ جابىر ﷺ دىن ئۇنىڭغا دېيىلدى : ئايا رەسۇلۇللاھ ﷺ جۈمە كۈنى روزا تۇتۇشتىن نەھى قىلدىمۇ ؟ . ئىيتتى : ھەئە (نەھى قىلدى)

967ـجۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ قېشىغا كىردى ، ۋە ئۇ جۇۋەيرىيە روزىدار ئىدى . پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا تۈنۈگۈن روزا تۇتتۇڭمۇ ؟ ـ دېدى . ئىيتتى ياق . ئەتە روزا تۇتۇشنى ئىرادە قىلامسەن ؟ـ دېدى ، ئۇ جۇۋەيرىيە ياق – دېدى . ئىپتار قىل( روزا تۇتمىغىن) – دېدى .

---

52 خاس خىزمەتكار

## ئايا كۈنلەردىن بىر نەرسىنى خاس قىلسا بولامدۇ ؟ توغرىسىدا

968ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ، ئۇنىڭدىن سورالدى ئايا رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈنلەردىن بىر نەرسىنى خاس قىلار ئىدىمۇ ؟ . ئېيتتى : ياق ، ئەمەلى داۋاملىق ئىدى ۋە قايسىڭلار رەسۇلۇللاھ ﷺ تاقەت قىلغان ئىشقا تاقەت قىلالايسىلەر .

## تەشرىق كۈنلەرنىڭ[53] روزىسى توغرىسىدا

969ـ ئائىشە ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملەردىن ئېيتتىلەر : تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنمىدى ، لېكىن ھەديە تاپالمىغان كىشىگە رۇخسەت قىلىندى .

## ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسى توغرىسىدا

970ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى : ئاشۇرا كۈنى قۇرەيشلەر جاھىلىيەتتە روزا تۇتار ئىدى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ ئۇ كۈنىنىڭ روزىسىنى تۇتار ئىدى ، مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ كۈنى روزا تۇتتى ۋە ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسىنى تۇتۇشقا بۇيرىدى ، ئاندىن رامىزان روزىسى پەرز قىلىنغاندىن كېيىن ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسىنى تەرك قىلدى . كىشىكى ئۇ كۈنىنىڭ روزىسىنى تۇتۇشنى خالىسا ، روزىنى تۇتىدۇ ۋە كىشىكى خالىسا ، ئۇ روزىنى تەرك قىلىدۇ .

971ـ ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى . يەھۇدىيلارنىڭ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ ، نېمە ئىش بۇ ؟ ـدېدى . ئېيتتىلەر : بۇ ياخشى كۈندۇر ، بۇ ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا دۈشمەنلىرىدىن نىجات بەرگەن ، ئاندىن موسا ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقان كۈندۇر . پەيغەمبەر ﷺ مەن سىلەردىن موساغا ھەقلىقراقدۇرمەن دەپ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتتى ۋە ئۇ كۈنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى .

# تەراۋىھ نامىزىنىڭ كىتابى

## رامىزاندا بىدار بولغان كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

972ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كېچىدە تۈن نىسپىدە چىقىپ مەسچىتتە ناماز ئوقۇدى ۋە نۇرغۇن كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ نامىزىنى ئوقۇدى . بۇ ھەدىس كِتَابِ الصلوة دا ئۆتتى ، ۋە بۇ ئىككى ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىسىدا لەۋزىدە ئوخشىماسلىق بار . ۋە بۇ رىۋايىتىدە : پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات تاپتۇرۇلدى ۋە ھال ئۇلكى ئىش شۇنىڭ ئۈستىگەدۇر (يەنى تارقاق ئوقۇدىلەر )

[53] زۇلھەججەنىڭ 11 ـ 12 ـ 13 ـ كۈنلىرى

## رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىدە شىبقەدىرنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

973ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرمۇنچە كىشىلەرگە چۈشىدە شىبقەدىرنى ئاخىرقى يەتتىدە كۆرسىتىلدى . پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : سىلەرنىڭ چۈشىۈڭلار ئاخىرقى يەتتىدە مۇۋاپىق كەلگەنلىكىنى كۆرىمەن . كىشىكى ئۇشبۇ قەدىرنى تەلەپ قىلغۇچى بولسا ئۇ شىبى قەدىرنى ئاخىرقى يەتتىدە تەلەپ قىلسۇن .

974ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷺدىن ئېيتتى:بىز پەيغەمبەرﷺ بىلەن رامىزاندىن ئوتتۇردىكى ئۇندا ئېتىكاپ قىلدۇق ، يىگىرمىنچى كۈنى تاڭ سۈبھىدە چىقىپ بىزلەرگەخۇتبە ئوقۇدى ئېيتتى: مەن شىبى قەدىرنى كۆرسىتىلدۇم ، ئاندىن ئونتۇدۇرۇلدىم ئۇنى،ياكى ئۇنى ئۇنتۇپ قالدىم.ئۇ شىبى قەدىرنى ئاخىرقى ئونىدىن تاغدا تەلەپ قىلىڭلار ۋە مەن ئۆزەمنى سۇ ۋە لايدا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆردۇم . كىشىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئېتىكاپ قىلغان بولسا قايتسۇن . قايتتۇق ۋە ھالبۇكى كۇرۇنمەيدۇ ئاسماندا بۇلۇت ، ئاندىن بىر پارچە بۇلۇت كېلىپ ، يامغۇر ياغدى ، ھەتتاكى مەسجىد ئۆگزىسىدىن يامغۇر ئاقتى ۋە ئۇ ئۆگزە خورما شاخلىرىدىن ئىدى . ۋە نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ نامازغا تۇرۇلدى ، پەيغەمبەر ﷺ نى سۇ ۋە لاي ئىچىدە سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۇم ، ھەتتا لايىنىڭ ئەسىرىنى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ پېشانىسىدە كۆردۇم .

## رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدىن تاغ كېچىلىرىدە شىبى قەدىرنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا بۇ ھەقتە ئۇببادە ﷺ دىن رىۋايەت بار

975ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : شىبى قەدىرنى رامىزاندىن ئاخىرقى كۈندە قەدىر كېچىسىنى باقى قالغان 9ـكېچىسى، باقى قالغان 7ـكېچىسى، باقى قالغان 5ـكېچىسى تەلەپ قىلىڭلار .

976ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : شىبى قەدىرنى ئۆتىدىغان توققۇزىنچىسىدا ياكى باقى قالغان يەتتىنچى كېچىسىدە (يەنى 29ـياكى 23كېچىسىدە) .

## رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا قىلىدىغان ئەمەل توغرىسىدا

977ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە ، تامبال بېغىنى چىڭ چىگەتتى ۋە كېچىسى بىدار بولاتتى ۋە ئەھلىنى ئويغۇتاتتى .

## ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلىش ۋە ھەممە مەسجىدلەردە ئېتىكاپ قىلىش توغرىسىدا

978ـ ئائىشە زەۋجۇننەبىيى ﷺ رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن پەيغەمبەر ﷺ رامىزاندىن ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلاتتى ، ھەتتاكى ئاللاھ تائالا ئۇ زاتنى ۋاپات تاپتۇردى . ئاندىن جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺدىن كېيىن ئاياللىرى ئېتىكاپ قىلدىلەر .

## ئېتىكاپ قىلغۇچى ھاجەتتىن باشقا نەرسە ئۈچۈن ئۆيگە كىرمەسلىكى توغرىسىدا (چوڭ ـ كىچىك تاھارەتتىن باشقا)

979ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدتە ئېتىكاپتا تۇرۇپ ماڭا بېشىنى چىقىراتتى ، ئۇنى تاراپ قويىمەن . ئېتىكاپ قىلغاندا ھاجەتتىن (تاھارەت سۇندۇرۇشتىن) باشقا نەرسە ئۈچۈن ئۆيگە كىرمەيتى .

## كېچىدە ئېتىكاپ قىلىش توغرىسىدا

980ـ ئۆمەر ﵁ دىن پەيغەمبەر ﷺدىن مۇنداق دەپ سورىدى : مەن جاھىلىيەت زامانىدا مەسجىدى ھەرەمدە بىر كېچە ئېتىكاپ قىلىمەن دەپ نەزىر قىلغان ئىدىم ؟ ئېيتتى ﷺ نەزىرىڭگە ۋاپا قىل .

## مەسجىدىكى چېدىرلەر توغرىسىدا

981ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېتىكاپ قىلىشنى ئىرادە قىلدى . ئۇل ۋاقىتتىكى ئېتىكاپ قىلماقچى بولغان ماكانغا قايتىپ بېرىپ ئىدى بىناگاھ نۇرغۇن چېدىرلەر تىكىلگەندۇر { ئائىشەنىڭ ۋە ھەپسەنىڭ ۋە زەينەپنىڭ چېدىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇننە ، ئېيتتى : ئۇلارغا ياخشى تائەت دەپ گۇمان قىلامسىزلەر ؟ ، ئاندىن قايتتى ، ئېتىكاپ قىلمىدى ، ھەتتا شەۋۋالدىن 10 كۈن ئېتىكاپ قىلدى .

## ئايا ئېتىكاپ قىلغۇچى ھاجەتلەرى ئۈچۈن مەسجىدنىڭ ئىشىكىگە چىقسا بولامدۇ ؟ بۇ توغرىسىدا

982ـــسەفىيە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئۇ زات رەسۇلۇللاھ ﷺ نى رامىزاندىن ئاخىرقى ئونىدە مەسجىتتە ئېتىكاپ قىلغانلىرىدە زىيارەت قىلىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا بىر سائەت سوزلەشتى ، ئاندىن يۆتكېلىپ چىقىشقا قوپتى ۋە پەيغەمبەر ﷺ مۇ سەفىيە بىلەن بىللە ئۇنى ئۇزاتقىلى قوپتى ، ھەتتاسەفىيە ئۇممۇسەلىمەنىڭ ئىشىكىدىكى مەسجىد ئىشىكىگە يەتكەندى ، ئەنسارىلاردىن ئىككى ئادەم ئۇتۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺگە سالام قىلدى ، ئۇ ئىككىسىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ توختاڭلار ، ئالدىرىماڭلار ، بۇ ھۇيەينىڭ قىزى سەفىيەدۇر ـدېدى ۋە ئىككىسى سۇبھانەللاھ يا رەسۇلۇللاھ ـ دېدى. بۇ سوزلەر ئۇلارغا ئېغىر كەلدى ، ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : شەيتان ئىنسانىڭ قېنىنىڭ ئورنىدا ماڭىدۇر . ۋە مەن قوروقتۇمكى ئۇ شەيتان دىلىڭلارغا بىرەر نەرسىنى تاشلىغاي .

## رامىزانىڭ ئوتتوردىكى 10دا ئېتىكاپ قىلىش توغرىسىدا

983ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن : پەيغەمبەر ﷺ ھەر رامىزاندا ئون كۈن ئېتىكاپ قىلاتتى ، ۋاپات بولغان يىلى 20 كۈن ئېتىكاپ قىلدى

# بەيئىلەر ( سودا ـ سېتىق )نىڭ كىتابى

## ئاللاھ تائالا نىڭ ﴿ فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴾ دېگەن سۆزى توغرىسىدا

مەنىسى : ۋاقىتكى ناماز ئادا قىلىنسا (ئوقۇلۇپ بولغاندىن كىيىن) زېمىندا (سودا-سېتىق-تىجارەت كەسىپ ئۈچۈن) تارقىلىڭلار ۋە ئاللانىڭ فەزلىدىن(رىزقىدىن) تەلەپ قىلىڭلار ۋە مەقسەتكە يىتىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىڭلار .

984- ئابدىراھمان ئىبنى ئەۋۇفﷺ دىن ئېيتتى : ئۇل ۋاقىتكى بىز مەدىنىگە قەدەم كەلتۈرگەندۇق ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەن بىلەن سەئدۇبنۇ رەبىئەنىڭ ئوتتۇرىمىزنى بۇرادەر قىلدى ، سەئدۇبنۇ رەبىئە ئېيتتى : مەن ئەنسارىلارنىڭ مالى كۆپىراقىدۇرمەن ، ساڭا مېلىمىنىڭ يېرىمىنى تەقسىم قىلىپ بېرەي . ۋە قارار قىل ، ئىككى ئايالىمىنىڭ قايسىنى دوست تۇتساڭ سەن ئۈچۈن ، ئۇ ئايالدىن تۇشۇپ بېرىمەن(قويۇپ بېرىمەن) ، ئۇ ھالال بولغاندىن كىيىن(ئىددىتى توشقاندىن كىيىن)، ئۇنى ئەمرىڭگە ئالىسەن . ئۇنىڭغا ، ئابدىراھمان ئېيتتى : بۇنىڭغا مېنىڭ ھاجىتىم يوق ، ئايا سودا- سېتىق بازىرى بارمۇ ؟ . سەئىد ئىبنى رەبىئ: قەينۇقائ بازىرى بار – دېدى . ئاندىن كىيىن ئابدىراھمان ئەتىگەندە ئۇ بازارغا باردى ، قۇرت- سۇزمە ، ياغ ئېلىپ كەلدى ، ئاندىن ئەتىسىمۇ ئۈزۈلدۈرمەي ئارقا-ئارقىدىن بازارغا بېرىپ سودا قىلدى ، ئاندىن ئۇزۇن تۇرمايلا ئابدىراھمان ئۆزىگە سېرىق بۇي(ئۆيلەنگەن يىگىت سۇرىدىغان سېرىق بۇي) سۇرۇۋالغان ھالدا كەلدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆيلەندىڭمۇ ؟ - دېدى . ئېيتتى : ھەئە ! ئېيتتى ﷺ كىمنى ئالدىڭ ؟ . ئېيتتى : ئەنسارىلاردىن بىر ئايالنى . ئېيتتى جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺ : قانچىلىك مەھرى بەردىڭ ؟ ، ئېيتتى : ئۈرۈقچە مىقدارى ئالتۇندىن ياكى ئۈرۈقچا ئالتۇندىن ، پەيغەمبەرﷺ ئۇنىڭغا بىر قوي بىلەن بولسىمۇ توي تائامى قىلىپ بەرگىن –دېدى .

## ھالالنىڭ ئېنىق – ئاشكارا ۋە ھارامىنىڭمۇ ئېنىق – ئاشكارلىقى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇبھەلەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا

985- نوئمانۇبنۇ بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى : ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : ھالال ۋە ھارام ئاشكارىدۇر ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇبھە باردۇر ، كىشىكى گۇناھدىن ئۆزىگە شۈبھىلىك نەرسىنى تەرىك قىلسا ، ھاراملىقى زاھىر بولغان نەرسىنى تەرىك قىلغۇچىراق بولىدۇ . ۋە كىشىكى ئۇنىڭدا گۇناھدىن شەك بار نەرسىگە جۇرئەت قىلسا ( ھاراملىقى ) زاھىر بولغان نەرسىگە چۈشۈپ كىتىشى يېقىندۇر ، گۇنالەر ئاللاھ تائالانىڭ چېگرىسىدۇر . چېگرا ئەتراپىدا چۈگىلەپ يۈرگەن ئادەم يېقىن بولىدۇكى چېگرا ئىچىگە كىرىپ كەتكەي .

## شۇبھىلىك نەرسىلەرنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا

986ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى : ئۇتبەتۇبنۇ ئەبى ۋەققاس بۇرادىرى سەئدۇبنۇ ئەبى ۋەققاس ﷺ غا ئېيتتىكى « زەمئە» نىڭ كېنىزىكىنىڭ ئوغلى مەندىن ( مېنىڭ بالام ) ئۇ بالىنى تاپشۇرۇپ ئالغىن (دەپ) ۋەسىيەت قىلغان ئىدى . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى : مەككە پەتھى بولغانىدى ، ئۇ بالىنى سەئدۇبنۇ ئەبى ۋەققاس ﷺ ئالدى ۋە ئۇ بالامىنىڭ بىر تۇققان قېرىندىشىمىنىڭ ئوغلى ، ئۇ بالىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىم ھەققىدە ماڭا ۋەسىيەت قىلغان ـدېدى ، ۋە ئەبدۇبنۇ زەمئە قوپۇپ ئۇ بالا مېنىڭ قېرىندىشىم ۋە ئاتامنىڭ كېنىزىكىنىڭ ئوغلى ، ئاتامنىڭ كۆرپىسىدە تۇغۇلدى ـ دېدى ، ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا ماجىرالىشىپ بېرىشتى ، سەئد ئېيتتى : يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ بالا مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى ئۇ بۇ ھەققىدە ماڭا ۋەسىيەت قىلغانىدى . ئەبدۇبنۇ زەمئە ئېيتتى : مېنىڭ قېرىندىشىم ۋە ئاتامنىڭ كېنىزىكىنىڭ ئوغلى ، ئاتامنىڭ كۆرپىسىدە تۇغۇلدى، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : ئەي ئەبدۇبنۇ زەمئە ئۇ بالا ساڭادۇر . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ : بالا كۆرپەڭنىڭدۇر ، ۋە زىنا قىلغۇچىغا تاشدۇر – دېدى ، ئاندىن سەۋدە بىنتى زەمئەگە (ئايالىغا) ئۇ بالىدىن ھىجابدا بول ئەي سەۋدە ـدېدى ، ئۇ بالىنىڭ ئۇتبەگە ئوخشىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇ بالا ئاچىسى سەۋدەنى كۆرمىدى ھەتتا ئۇ بالا ئاللاھ تائالانىڭ دىدارىغا يۈلاقتى .

## ۋەسۋەسىلەرنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى شۇبھەلىك نەرسىلەر دەپ رەئيى (ئېتىقاد) قىلمىغان كىشى توغرىسىدا

987ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى : قەۋملەر ئېيتتىلەر : يا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر مۇنچە قەۋملەر بىزلەرگە گۆش كەلتۈرىدۇ . بىلمەيمىزكى ئايا ئۇلار ئۇ گۆشكە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلدىمۇ ياكى قىلمىدىمۇ (بوغۇزلىغاندا) . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : سىلەر ئۇنىڭغا بىسمىللا دەپ ئۇنى يەڭلار .

## مالنى قەيەردىن كەسىپ قىلدى بۇنى باك تۇتمىغان (كارى بولمىغان) كىشى توغرىسىدا

988ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى : خالايىق ئۇستىگە بىر زامان كېلىدۇكى كىشىلەر مالنى ھالالدىن ئالدىمۇ ياكى ھارامدىن ئالدىمۇ باك تۇتمايدۇ (كارى بولمايدۇ مال تاپسىلا بولدى ھالالمۇ ، ھارامۇ ئىلغىمايدىغان زامان كېلىدۇ ) .

## رەخت ۋە باشقا نەرسىدە تىجارەت قىلىش توغرىسىدا

989ـ زەيدۇبنۇ ئەرقەم ۋە بەرائۇبنۇئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتىلەر : رەسۇلۇللاھ ﷺزامانلىرىدا سودا – تىجارەت قىلغۇچى ئىدۇق . رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئالتۇن ۋە كۈمۈش

سودىسىدىن سورىدۇق . ئېيتتى ﷺ : ئەگەر قولمۇ – قول بولسا باك يوق(كېرەك يوق) ۋە ئەگەر نسى بولسا دۇرۇس بولمايدۇ .

## تىجارەت ئۈچۈن چىقىش توغرىسىدا

990ـ ئەبۇ موسا ﷺ دىن ئېيتتى : ئۆمەر ﷺ ھۇزۇرىغا كىرىشكە ئىزنى سورىدىم . ماڭا ئىزنى بىرىلمىدى ۋە گويىاكى ئۇ بىر ئىشقا مەشغۇل بولسا كېرەك ، قايتتىم  ئاندىن ئۆمەر ئىشىدىن پارىغ بولۇپ ، ئابدۇللا ئىبنۇ قەيسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىمغۇ ، ئۇنىڭغا ئىزنى بىرىڭلار – دىدى . ئۇ قايتىپ كەتتى – دىيىلدى . چاقىردى ، ئېيتتىم : مۇشۇنىڭغا (ئىزنى بىرىلمىسە قايتىشقا) ئەمرى قىلىناتتۇق . ئۆمەر ئېيتتى:  مۇشۇنىڭغا ھۆججەت- دەلىل كەلتۈرسەن ، ئاندىن مەن ئەنسار مەجلىسىگە باردىم. بۇ ھەقتە ئۇلارغا سوئال قىلدىم ، ئۇلار بۇنىڭغا سەن ئۈچۈن بىزنىڭ ئەڭ كىچىكىمىز ئەبۇ سەئىد خۇدىرى گۇۋا بولىدۇ – دىدى ،ئاندىن ئەبۇ سەئىد خۇدىرىنى (ئۆمەر ﷺنىڭ ھۇزۇرىغا) ئېلىپ باردىم . ئۆمەر ئېيتتى : ئايا ماڭا پەيغەمبەر ﷺ ئىشىدىن مۇشۇ ئىش مەخپى بولدىمۇ ؟ ، مېنى بازارلاردا سودا قىلىش مەشغۇل قىلدى (يەنى تىجارەتكە چىقىش) .

## رىزقىدا كەڭرى بولۇشنى دوست تۇتقان كىشى توغرىسىدا

991ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى : رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ، ئېيتىدۇ ﷺ : بىر كىشىنى رىزقىدە كەڭ بولۇشى (بەرىكەتلىك بۇلىشى) ياكى ئۆمرىدە تەخىر قىلىنىشى خۇرسەن قىلسا ئۆز رەھمىسىنى ئۇلىسۇن (ئۇرۇق – تۇققانلىرىنى يوقلىسۇن) .

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نىسىيگە نەرسە سېتىۋېلىشى توغرىسىدا

992ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن  ئۇ پەيغەمبەر ﷺ ھۇزۇرىغا ئارپا نىنى ۋە كونا ، بۇراپ قالغان ياغنى ئېلىپ كەلدى ئېيتتى ئەنەس  : پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىدە ئۆزىنىڭ تۆمۈر چاپىنىنى يەھۇدىغا گۆرۈگە قويۇپ ، ئۇنىڭدىن ئۆز ئەھلىگە ئارپا سېتىۋالدى . ۋە ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ﷺدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ : مۇھەممەد ﷺ ئەھلىدە بىر سا بۇغداي ۋە نە بىر سا دانلىق قونمىدى ۋە ھال ئۇلكى  ئۇ جاناپىنىڭ ھۇزۇرىدا ئەلۋەتتە توققۇز ئايال بار .

## كىشىنىڭ كەسىپ قىلىشى ۋە ئۆز قولى بىلەن ئىشلىشى توغرىسىدا

993ـ مىقدام ﷺ دىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ھېچ بىر كىم ئۆز قولى ئىشلىگەن نەرسىدىن يىگەندىن ياخشىراق تائامنى ھەرگىز يېمىدى ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبەر داۋۇد ئەلەيىسسالام ئۆز قولى ئىشلىگەن نەرسىدىن يەيتتى .

## ئېلىش ـ سېتىش ـ سودىدا كەڭ قوللۇق ۋە ئوڭايلىق قىلىش توغرىسىدا

994ـ جابىرىۋىنۇ ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : كەڭ قوللۇق بىلەن ساتقان ۋە سېتىۋالغان ۋە قەرز سۈيلىگەن ئادەمگە ئالللاھ تائالا رەھمە قىلسۇن .

## بى ھاجەت(باي) كىشىگە(قەرزىدە) مۆھلەت بەرگەن كىشى توغرىسىدا

995ـ ھۇزەيفە ﷺ دىن: پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن بىر كىشىنىڭ روھىغا پەرىشتىلەر ئۇچۇرشۇپ ياخشىلىقدىن بىر نەرسىنى ئەمەل قىلدىڭمۇ ؟ـ دېدىلەر . ئۇ كىشى : مەن خىزمەتكارلىرىمنى قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە(قەرز سۈيلەشتە) مۆھلەت ـ ۋاقىت بېرىشكە ۋە قۇلىدا بار كىشىلەردىن ئۆتۈپ كېتىشكە[54] (كەڭ قول بولۇشقا) ئەمرى قىلاتتىم ، ئالللاھ تائالا ئۇ كىشىدىن(گۇناھىدىن) ئۆتۈپ كەتتى (مەغپىرەت قىلدى)

## ساتقۇچى ۋە ئالغۇچى بايان قىلىشى ۋە ئەيىپىنى يۇشۇرماسلىقى ۋەخەيرە خالىق قىلىشى توغرىسىدا

996ـ ھەكىيم ئىبنى ھىزام ﷺ دىن: پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى : ساتقۇچى ۋە ئالغۇچى ئايرىلىپ تارقاپلا كەتمىسە ياكى ھەتتا تارقىغىچە ئىختىيار بىلەندۇر . ئەگەر ھەر ئىككىسى راسچىل بولسا ۋە ئەيىبىنى بايان قىلسا ئۇ ئىككىسىگە سودىسىدا بەرىكەت بېرىلىدۇ ۋە ئەگەر ئەيىپىنى يۇشۇرسىلار ۋە يالغان ئېيتىسىلەر ئۇلارنىڭ سودىسىنىڭ بەركىتى قىرىلىپ كېتىدۇ .

## ئارلاش خورمىنى سېتىش توغرىسىدا (ياخشى ـ يامىنىنى ئارلاشتۇرۇپ)

997ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى ﷺ دىن ئېيتتى : بىز خورمىدىن ئارلاش جەمى قىلىنغان خورمىنى رىزقى بېرىلەتتۇق ( ئاتا قىلىناتتۇق) ۋە ئىككى سانى بىر ساغا ساتار ئىدۇق . پەيغەمبەر ﷺ ئىككى سانى بىر ساغا ۋە ئىككى تەڭگىنى بىر تەڭگىگە ساتماڭلار ـ دېدى .

## جازانە يىگۈزگۈچى توغرىسىدا

998ـ ئەبى جۇھەيفە ﷺدىن ئۇ ھىجامەت(لوڭقا)قويغۇچى قۇلنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ لوڭقىسىنى چېقىشقا بۇيرۇپ چېقتۇرىتىلدى . ۋە ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ ئىتنىڭ پۇلىدىن ، قاننىڭ پۇلىدىن(ھىجامەت ھەققى)، خال قويغۇچى ۋە خال قويۇلغۇچى ئايالدىن ، جازانە يىگۈچىدىن ۋە جازانە يىگۈزگۈچىدىن نەھى قىلدى ، ۋە سۈرەت تاتقۇچىنى لەنەت قىلدى .

---

[54] ئۆتۈپ كېتىش ـ ئىنچىكە ھىساپلاپ قاتتىق تۇرماي، كەڭ قوللۇق بىلەن ئېلىش. شەرھىدە شۇنداق دېيىلگەن

## تۆمۈرچىنىڭ زىكرى توغرىسىدا

1000ـ خەبباب ﷺ دىن ئېيتتى : مەن جاھىلىيەت زامانىدا تۆمۈرچى ئىدىم ۋە مېنىڭ ئاس ئىبنى ۋائىل ئۈستىدە قەرزىم بار ئىدى ، ئۇنىڭغا قەرزىمنى سوّيلەپ كەلدىم .ئېيتتى ئۇ : ساڭا قەرزىڭنى بەرمەيمەن ھەتتا مۇھەممەدكە كاپىر بولغايسەن . ئېيتتىم : مۇھەممەدكە كاپىر بولمايمەن ، ھەتتاسېنى ئاللاھ تائالا ئۆلتۆرگەي ، ئاندىن تىرگۈزۈلگەيسەن. ئېيتتى : قويغىن مېنى (قەرز تەلەپ قىلما)ھەتتائۆلگەيمەن ۋە تىرگۈزۈلگەيمەن . پات يېقىندا(ئاخىرەتتە ) مال ۋە بالا كەلتۈرلىمەن ، ئاندىن قەرزىڭنى ئادا قىلىمەن . ئاندىن ﴿11 أَفَرَأَيْتَ الَّذِي كَفَرَ بِآيَاتِنَا وَقَالَ لَأُوتَيَنَّ مَالًا وَوَلَدًا . أَطَّلَعَ الْغَيْبَ أَمِ اتَّخَذَ عِنْدَ الرَّحْمَنِ عَهْدًا كَلَّا .﴾ مەنىسى : ئايا ، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىنكار قىلغان ۋە ماڭا (ئاخىرەتتە) مال ۋە بالا بىرىلىمەن دىگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ ؟ ئۇ غەيىپنى بىلگەنمۇ ياكى راھمان تالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنمۇ ؟ . ياق ، ئۇنداق ئەمەس . ئايەت نازىل بولدى. {سۇرە مەريەم 77ـ 78 – ئايەت}

## تىكىمچىنىڭ زىكرى توغرىسىدا

1001ـ ئەنەسىبنۇ مالىك ﷺ دىن بىر تىكىمچى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۆزى تاماق ئىتىپ چاقىردى ، ئېيتتى ئەنەس:رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن شۇ تائامغا باردىم ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نان ۋە قاپاق ۋە قاق گۆش بار شورپىنى يېقىن قىلدى ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قاچا ئەتراپىدىن قاپاقنى ئاقتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇ كۈندىن باشلاپ ھەمىشە قاپاقنى دوست تۇتىدىغان بولدۇم

## ئۇلاقلارنى ۋە ئېشەكنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا

1002ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر غازاتتا بىللە ئىدىم ، مېنىڭ تۆگەم مېنى كېيىن قالدۇردى ۋە ھېرىپ قالدى ، ماڭا پەيغەمبەر ﷺ كېلىپ جابىرمۇ سەن ؟ ـ دېدى . مەن ، ھەئە – دېدىم . ئېيتتى ﷺ : نېمە بولدۇڭ ؟ . مېنى تۆگەم كېيىن قالدۇردى ۋە ھېرىپ قالدى ، كېيىن قالدىم – دېدىم . ئاندىن ئۇلىقىدىن چۈشتى ، ئۇ تۆگەمنى بېشى ئەگرى ھاساسى بىلەن سانجىيدۇ، ئاندىن ئېيتتى ﷺ : مىنگىن ، مىندىم ، ئۇ تۆگەمنى كۆردۈمكى رەسۇلۇللاھ ﷺدىن تۇسۇپ ماڭىمەن ، ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : ئۆيلەندىڭمۇ ؟ـ دېدى . ھەئە – دېدىم . قىزمۇ يا جۇۋانمۇ ؟ـ دېدى . بەلكى جۇۋان –دېدىم . سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىدىغان ۋە ئۇ سەن بىلەن ئوينىشىدىغان قىزغا ئۆيلەنمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى . ئېيتتىم : مېنىڭ ھەمشىرە – سىڭلىملەر بار ئۇلارنى يىغىپ بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، باشلىرىنى تاراپ قويىدىغان ، ئۇلارغا( بەرپا) بولۇپ باشقۇرىدىغان ئايالغا ئۆيلىنىشنى ياخشى كۆردۈم . ئېيتتى ﷺ : قەدەم كەلتۈرگۈچىدۇرسەن ، ۋاقتىكى قەدەم كەلتۈرسەڭ ياخشى تەدبىر ئەقىللىق ، ياخشى خىسلەتنى لازىم تۇت ، زىرەكنى تەلەپ قىل، يەنى بالا تەلەپ قىل ) .

ئاندىن كىيىن ، تۆگەڭنى ساتامسەن؟ ـ دېدى . ھەئە ـ دېدىم ، ئاندىن ئۇ تۆگىنى بىر ئۇقىيەگە سېتىۋالدى ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن ئىلگىرى قەدەم كەلتۈردى ۋە مەن قەدەم كەلتۈردۈم ، ئاندىن مەسجىدكە كەلدۇق . رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مەسجىدنىڭ ئىشىگىدە تاپتىم . ھۇزۇر كەلدىڭمۇ ؟ ـ دېدى . ئېيتتىم : ھەئە . ئېيتتى ﷺ : تۆگەڭنى قويۇپ ، مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن ، مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇدۇم ، ئاندىن بىلالنى ماڭا بىر ئۇقىيە (40 تەڭگىنى جىڭلاپ بىرىشكە بۇيرىدى . ماڭا بىلال ئۇنى تارازىلاپ بەردى ، تارازىدا تولۇق ، ئېغىر جىڭلاپ بەردى ، يۈردۈم ھەتتا ئارقىغا قايتتىم . ماڭا جابىرنى چاقىرغىن دېدى ، دېدىمكى ماڭا تۆگىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ ۋە ماڭا ئۇ تۆگىدىن يامان دۈشمەنراق نەرسە يوق ئىدى ، ئېيتتى ﷺ : تۆگەڭنى ئال ۋە پۇلىمۇ سىنىڭدۇر .

## ئۇسۇزلۇقتا گىرىپتار بولغان تۆگىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا

1003ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن ئۇ بىر كىشىدىن ئۇسۇزلۇقتا گىرىپتار بولغان بىر تۆگىنى سېتىۋالدى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ تۆگىدە شېرىكى بار ئىدى ، شېرىكى ئابدۇللاھ ئىبنۇ ئۆمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتى : مېنىڭ شېرىكىم ساڭا ئۇسسۇز تۆگىنى سېتىپتۇ ۋە ساڭا تونۇتماپدۇ . ئىبنۇ ئۆمەر ئېيتتى : ئۇ تۆگىنى ھەيدەپ باققىن . ئۇ كىشى ئۇ تۆگىنى ھەيدەپ باققانىدى .ئىبنۇ ئۆمەر قويغىن ئۇنى ، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۇقۇش ـيوقۇملۇنۇش يوق دېگەن ھۆكۈمگەرازى بولدۇق – دېدى .

## ھىجامەت قويغۇچىنىڭ زىكرى توغرىسىدا

1004ـ ئەنەس ئىبنۇ مالىك ﷺ دىن ئېيتتى : ئەبۇتەيىبە رەسۇلۇللاھ ﷺگە ھىجامەت (لوڭقا) قويدى . ئاندىن ئۇنىڭغا بىر سا خورما بۇيرۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى(خوجىلىرى) ئۇنىڭدىن (كۈندىلىك تاپشۇرىدىغان)ئىقتىسادى خىراجنى [55] يەڭگىل قىلىشقا بۇيرىدى) .

1005ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ ھىجامەت قويدۇردى ۋە ھىجامەت قويغان كىشىگە ئاتا قىلدى ، ۋە ئەگەر ئەجىر ئېلىش ھارام بولسا ئۇنىڭغا بەرمەيتتى .

## كەسپىنى قىلىش مەكرۇھ بولغان نەرسىدە تىجارەت قىلىش توغرىسىدا

1006ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن : ئۇ سۈرەتلىرى بار بىر ياستۇق سېتىۋالدى ، ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ كۆرۈپ ، ئىشىكتە تۇردى ۋە ئۆيگە كىرمىدى ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ يۈزىدە ناخۇشلىقنى كۆرۈپ ، ئېيتتى : يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاللاغا ۋە رەسۇلىغا تۆبە قىلىمەن ، نىمە گۇناھ قىلدىم ؟ ، رەسۇلۇللاھ ﷺئېيتتى : نىمە ياستۇق بۇ ؟ . ئېيتتىم : ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدا ئولتۇرغاي ۋە ئۇنى ياستۇق قىلغاي دەپ سېتىۋالدىم . ئېيتتى ﷺ : مۇشۇ سۈرەت ئىگىلىرى (سۈرەت تارتقۇچىلار) قىيامەت كۈنى ئازاپ قىلىنىدۇ ، ئۇلەرگە بۇ

---

55 خراج : قەۋلىنىڭ خاجىسىگە كۈندۈلۈك تاپشۇرىدىغان ۋەزىپىسى

ئىجاد قىلغان نەرسەڭلەرگە جان كىرگۈزۈڭلار دېيىلىدۇ ، ۋە سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ — دېدى .

## بىر نەرسىنى سېتىۋېلىپ ، ئىككىلىسى (ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى) ئايرىلماي تۇرۇپلا ، شۇ سائىتىدىلا ھىبە (سوغا) قىلىۋاتسا توغرىسىدا

1007ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى : بىز پەيغەمبەرﷺ بىلەن سەپەردە بىللە ئىدۇق ، مەن ئاتام ئۆمەرنىڭ تۇسۇن تايلاق تۆگىسى ئۈستىدە ئىدىم ، بۇ تۆگە ماڭا غالىپ كېلىپ قەۋمىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى ، ئۆمەر ئۇنى تۇسۇپ ياندۇرۇپ تۇردۇ ، ئاندىن يەنە ئىلگىرلەيدۇ ، يەنە ئۆمەر ئۇنى تۇسۇپ ياندۇرۇپ تۇردۇ ،ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەرگە ئۇ تۆگىنى ماڭا ساتقىن — دېدى . ئۆمەر ، تۆگە ئۆزلىرىگە خاس، يا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھىبەـ دېدى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا ساتقىن — دېدى . ئۆمەر ، ئۇنى جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺ غا سېتىپ بەردى . رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى : ئۇ تۆگە ساڭا ھىبەدۇر ئەي ئابدۇللائىبنى ئۆمەر ، ئۇ تۆگىگە خالىغىنىڭنى قىل .

## بەيئىدا (سودا ـ سېتىقدا)ئالداشنىڭ مەكروھ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

1008ـ ئابدۇللائىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: بىر ئادەم سوداـسېتىقتا ئالدىنىپ قالىدىغانلىقنى پەيغەمبەرﷺ گە زىكرى قىلدى ، پەيغەمبەرﷺ ئۇنىڭغا ۋاقتىكى سوداـسېتىق قىلساڭ ئالداش — ئالدىنىش يوق دېگىن — دېدى .

## بازارلار ھەققىدە زىكرى قىلىنغان نەرسە توغرىسىدا

1009ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى : ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئەسكەرلەر بەيتۇللانى (خاراب قىلىش ئۈچۈن) غازات قىلىدۇ ، ۋاقتىكى ئۇلار بەيدائە دېگەن جايدا بولسىلار ، ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى ھەممىسى يەرگە يۇتقۇزۇلىدۇ . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتىكى : ئېيتتىم : يا رەسۇلۇللاھ ﷺ قانداق ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى ھەممىسى يەرگە يۇتقۇزۇلىدۇ ۋە ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بازار ئەھلى تۇرسا ۋە ئەسكەرلەردىن باشقا ئۇلاردىن ئەمەس كىشىلەر تۇرسا. ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى يەرگە يۇتقۇزۇلىدۇ ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۇ نىيەتلىرىگە قارىتا تىرگۈزۈلىدۇ . ( ياخشى —يامان بويىچە تىرگۈزۈلۈپ جازا بىرىلىدۇ )

1010ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ بازاردا ئىدى ، بىر ئادەم ، يا ئابا قاسىم — دېدى : ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق قارىدى . ئاندىن ئۇ ئادەم: مەن بۇ ئادەمنى چاقىردىم — دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇڭلار.مېنىڭ كۇنيىتىم بىلەن كۇنيەت قويماڭلار

1011ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ كۆندۈزدىن بىر تائىپىدە چىقتى . ماڭمۇ گەپ قىلمايدۇ ۋە مەنمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلمايمەن. ھەتتا بەنى قەينۇقا بازىرىغا كەلدى. ئاندىن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىنىڭ سەھنىسىدە ئولتۇردى. ۋە ئېيتتى: ئايا بۇ يەردە ئوغۇل بارمۇ ( نەۋرىسى ھەسەن ياكى ھۈسەينى دىمەكچى) ئايا بۇ يەردە كىچىك ئوغۇل بارمۇ؟ ئۇنى پاتىمە ( تالاغا چىقارماي ) ئازراق توختىتىپ قالغان ئىدى. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ بالىغا خوشبۇي گالىستۇك مارجان تاقايدىغان ياكى يۇيۇۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدىم. (ئۇزۇن توختىتىپ قويغىنىغا قاراپ) . ئاندىن قاتتىق يۈگۈرۈپ كەلدى ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى. ۋاي ئاللاھ ئۇنى دوست تۇتقىل ۋە ئۇنى دوست تۇتقان كىشىنى دوست تۇتقىل دېدى.

1012ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھ ئەنھۇمادىن : ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانىدا كارۋانلاردىن ئاشلىق سېتىۋالاتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا تائامنى سېتىۋالغان جايىدىن يۆتكىمەي سېتىۋالغان جايىدىلا باشقىلارغا ساتىدىغان كىشىلەرنى توسىدىغان (چارلايدىغان) كىشىلەرنى ئىبەرەر ئىدى. (يۆتكىمەي تۇرۇپ ساتماسلىق لازىم) ۋە ئىبنى ئۆمەر ﵁ ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ تائامنى سېتىۋالغان ۋاقتىدا ئۇنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغىچىلىك سېتىلىشتىن نەھى قىلدى.

## بازاردا تووۋلاشنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا

1013ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھ ئەنھۇمادىن : ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىدىن سورالدى. ئۇ ئېيتتى: ھە راست. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ پەيغەمبەر ﷺ تەۋراتتىمۇ قۇرئان كەرىمدىكى سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر. ‹‹يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ شَاهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا ›› مەنىسى : ھەي پەيغەمبەر بىز ھەقىقەتەن سىنى گۇۋاھچى ۋە بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئىبەردۇق. تەۋراتتا ئۇممىلەرگە مۇھاپىزەتچى قىلدۇق، سەن مېنىڭ بەندەم ۋە پەيغەمبىرىمدۇرسەن . سەنى تەۋەككۇل قىلغۇچى دەپ ئاتىدىم. ئەخلاقسىز ، قوپال، يىرىك ئەمەس. ۋە بازاردا ئاۋاز كۆتەرگۈچى ئەمەس . يامانلىقنى يامانلىق بىلەن دەپئى قىلمايدۇ. ۋە لېكىن ئەپۇ قىلىدۇ، ۋە كەچۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ پەيغەمبىرى ئارقىلىق كاژ ئەرەپ مىللىتىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى راسا تۈزۈمگىچىلىك شۇ تەرىقە بىلەنكى لا اله الا الله دىگەيلەر ۋە ئۇ كەلىمە بىلەن قارىغۇ كۆزلەرنى ۋە گاس قۇلاقلارنى ۋە قۇلۇپلاقلىق دىللارنى ئاچمىغۇچىلىك ھەرگىز ئۇ پەيغەمبەرنىڭ روھىنى قەبزى قىلمايدۇ.

# ساتقۇچىغا ۋە بىرىلگۈچىگە كەمچەتلەپ (كەملەپ ) بېرىش توغرىسىدا

1014ـ جابىر ﷛ دىن ئىيتتى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ھىزام (ئۇ جابىرنىڭ دادىسى ) ئۇستىدە قەرزى بار ھالدا ۋاپات قىلىندى. ئاندىن ئۇ ئابدۇللاھنىڭ قەرزدارلىرىنىڭ ئۇنىڭ قەرزدىن قالدۇرۇۋىتىشىغا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ياردەم سورىدۇم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا ( قەرزنى قويۇۋىتىشنى ) تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. ئاندىن ماڭا ئىيتتى: بارغىل خورماڭنى خىلغا ئايرىغىل. ئەجۋە ياخشىنى ئالاھىدە ئايرىم ۋە ئىزقى زەيد(بىر تۈرلى خورما) نى ئايرىم ئاندىن ماڭا ئادەم ئەۋەتكىن. مەن شۇنداق قىلدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئادەم ئەۋەتتىم. ئاندىن ئىيتتى: ئۆلچەپ كەملەپ بەرگىل. ئۇلارغا كەملەپ بەردىم ھەتتا ئۇلارگە ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق بەردىم، ۋە مېنىڭ خورمام گويا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە كاملىمىغاندەك قېپقالدى.

# كەملەشدىن مۇستەھەپ بولغان نەرسە توغرىسىدا

1015ـ مىقدام ئىبنى دىكرب ﷛ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى: تائامىڭلارنى كەملەڭلار سىلەرگە بەرىكەت بىرىلىدۇ.

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سالىرىنىڭ ۋە جىڭلىرىنىڭ بەركىتى توغرىسىدا

1016ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ﷛ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى: ئىبراھىم مەككىنى ھارام قىلدى. ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ۋە مەن مەدىننى ئىبراھىم مەككىنى ھارام قىلغاندەك ھارام[56] قىلدىم. ۋە ئۇ مەدىننىڭ جىڭى ۋە سائىدا ئىبراھىم مەككىگە دۇئا قىلغاندەك دۇئا قىلدىم.

# ئاشلىقنى سېتىش ۋە بىسىمدارلىق قىلىش ھەققىدە كەلگەن نەرسە توغرىسىدا

1017ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانلىرىدا تائامنى بوداپ سېتىۋلىپ ئۇنى مەنزىلىگە يۆتكىمەي جايىدىلا سېتىشلەرنى كەرىھ كۆرۈپ ئۇلارنى تەزىر ئۇرۇلغانلىغىنى كۆردۇم.

1018ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ بىر كىشنى تائامنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغىچىلىك سېتىشتىن نەھى قىلدى. ئىبنى ئاباسدىن بۇ قانداق؟ دەپ سورالدى. ئىيتتى: بۇ تەڭگەنى تەڭگىگە سېتىشدۇر. ۋە ھالبۇكى ئاشلىق نىسى نەق ئەمەس . ( يەنى

[56] ھەرەم قىلدى. قوغلدىغان ھۆرمەت قىلىندىغان تەزىم قىلىندىغان جاي قىلدىم

ئاشلىقنى نىسى ئېلىپ تاپشۇرۇپ ئالمايلا سېتىشنىڭ ئۆزى بىر پۇلنى ئىككى پۇلغا ساتقاندەك جازاندۇر)

1019ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن خەۋەر قىلىدۇركى ئېيتتى: ئالتۇننى ئالتۇنغا سېتىش تېگىشىش جازاندۇر. لېكىن باپباراۋەر بولسا دورۇست. ۋە بۇغداينى بۇغدايغا سېتىش تېگىشىش جازاندۇر. لېكىن نەقمۇ نەق باپباراۋەر بولسا دۇرۇس.ۋە خورمىنى خورمىغا سېتىش تېگىشىش جازاندۇر. لېكىن نەقمۇ نەق باپباراۋەر بولسا دورۇست . ۋە ئارپىنى ئارپىغا تېگىشىش جازاندۇر. لېكىن نەقمۇ نەق باپباراۋەر ئوخشاش بولسا دۇرۇس.

## بۇرادىرى ئىزنى بەرگۈچىلىك ياكى تەرك قىلىغۇچىلىك بۇرادىرىنىڭ بەيئى (سودىسى) ئۈستىگە بەيئى قىلماسلىق ۋە بۇرادىرىنىڭ خېرىدارلىقىنىڭ ئۈستىگە خېرىدارلىق بولماسلىق توغرىسىدا

1020ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ شەھەرلىكنىڭ يېزىلىق ئۈچۈن ( ئۇنىڭ مېلىنى باھا ئۆرلىگەندە سېتىپ قويىاي دەپ ) ساتمايدۇ. ۋە يالغان خېرىدار بولماڭلار. ۋە بۇرادىرىنىڭ بەيئىسى ئۈستىگە بەيئى قىلمىسۇن. ۋە بۇرادىرى قاتنىغان (كىشى قويغان ) خوتۇنغا قاتنىمىسۇن. ۋە خوتۇن كىشى ھەمشىرىسىنىڭ قاچىسىدىكى نەرسىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تالاقىنى تەلەپ قىلمىسۇن. (خوتۇنىڭنى قويۇپ بەرسەڭ ساڭا تېگىمەن دېمىسۇن)

## زىيادىلەشتۇرۇپ سېتىش توغرىسىدا

1021ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : بىر ئادەم بىر قۇلنى ئۆزى ئۆلگەندىن كىيىن ئازاد قىلدى. ئاندىن كىيىن ئۇ خوجا مۇھتاج بولۇپ قالدى. ئۇ قۇلنى پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كېلىپ كىم بۇ قۇلنى (زىيادە پۇلغا) ئالىدۇ دېدى. ئۇ قۇلنى نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنچە مۇنچىلىك پۇلغا سېتىپ ئالدى. ئۇ قۇلنى ئۇنىڭغا بەردى.

## گۆللەپ سېتىش ۋە تۆگىنى قورسىقىدىكى بوتىلاقنى تۇققىچىلىك ياكى بوتىلاقنىڭ بوتىلاقى تۇققىچىلىك (مۇددەت بىلەن ) سېتىش توغرىسىدا

1022ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ بوغاز تۆگىنىڭ بوتىلاقىنىڭ بوتىلاقىنى سېتىشتىن نەھى قىلدى. ۋە جاھىلىيەت ئەھلى بۇ سودىنى قىلىشاتتى. تۆگىنى ساتار ئىدىكى ئۇ تۆگە تۇققاي ئاندىن ئۇ بوتىلاق قورسىقىدىكىنى توققىچىلىك. ( ئانىسىنى مۇددەتلىك سېتىشتىن نەھى قىلدى)

## ساتقۇچىنى تۆگە ۋە كالا ۋە قوينى ( بىر نەچچە كۈن ساغماي ئەمچەكنى كۆپۈرۈپ) سۈتنى جەم قىلىشتىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

1023ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كىشى ئەمچىكى كۆپۈرۈلگەن قوينى سېتىۋېلىپ ئۇنى ساغسا ئاندىن ئۇنىڭغا رازى بولسا ئۇ قوينى ئېلىپ تۇتۇپ قالىدۇ. ۋە ئەگەر ئۇنىڭغا خاپا بولسا (رازى بولماي) ساغقان سۈتكە قارىتا بىر سا خورما بېرىپ ئۇ قوينى ياندۇرۋاتىدۇ.

## پاھىشە قۇلنى سېتىۋېتىش توغرىسىدا

1023ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇ: ۋاقتىكى دىدەك ( قۇل خوتۇن) زىنا قىلسا ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئاشكارا بولسا ئۇنى خوجىسى تەزىر ئۇرسۇن. ۋە ئەيىبلىمىسۇن ئاندىن يەنە زىنا قىلسا، ئۇنى تەزىر ئۇرسۇن ۋە مالامەت قىلمىسۇن. ئاندىن كېيىن يەنە زىنا قىلسا ئۇنى بىر تال ئارغامچىغا بولسىمۇ سېتىۋاتسۇن.

## شەھەرلىك يېزىلىققا ئۇنىڭ مېلىنى ئەجىرسىز سېتىپ بېرەمدۇ؟ ئۇنىڭغا ياردەم ۋە خەيرىخاھلىق قىلامدۇ؟ توغرىسىدا

1025ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ كارۋانلارنىڭ ئالدىغا چىقماڭلار. ( ئۇلاردىن ئەرزان سېتىۋېلىش ئۈچۈن) ۋە شەھەرلىك يېزىلىق ئۈچۈن ساتمايدۇ. ئىبنى ئابباس غە دېيىلدى: شەھەرلىك يېزىلىققا ساتمايدۇ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نىمدۇر؟ ئېيتتى: ئۇنىڭغا بىدىك بولمايدۇ.

## كارۋانلارنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

1026ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ بەيئىسىنىڭ ئۈستىگە بەيئى قىلمايدۇ. ۋە تىجارەت مېلىنى بازارغا چۈشۈرگىچىلىك ئۇ مالنىڭ ئالدىغا چىقماڭلار.

## قۇرۇق ئۈزۈمنى ھۆل ئۈزۈمگە سېتىش ( تېگىشىش) ۋە تائامنى تائامغە سېتىش (تېگىشىش ) توغرىسىدا

1027ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ مۇزابەنەت دىن نەھى قىلدى. مۇزابەنەت دېگەن ھۆل خورمىنى كەملەپ قۇرۇق خورمىغا ۋە قۇرۇق ئۈزۈمنى ھۆل ئۈزۈمگە كەملەپ سېتىشتۇر. (تېگىشىشدۇر)

# ئارپىنى ئارپىغا سېتىش توغرىسىدا

1028ـ مالىك ئىبنى ئەۋس ﷺ دىن : ئۇ ئالتۇننى كۈمۈشكە (تېگىشىشنى ) تەلەپ قىلدى. ئېيتتى: مېنى تەلهە ئىبنى ئابدۇللاھ چاقىردى. ئاندىن ( ئالتۇن كۈمۈشنى ئالماشتۇرۇش ھەققىدىكى كام زىيادىلىك دە) سۆزلەشتۇق. ھەتتا ئۇ مەندىن كۈمۈشنى ئالتۇنغا تېگىشمەكچى بولدى. ئاندىن مەندىن ئالتۇننى ئېلىپ قولىدا ئۆرۈپ ـچۆرۈپ تۇرۇپ ئېيتتى: ھەتتا مېنىڭ ئامبارچىم غابە دىگەن يەردىن كەلگەي ( شۇ ۋاقىتدا كۈمۈشنى بېرەي) ۋە ھالبۇكى ئۆمەر ﷺ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئېيتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇنىڭدىن كۈمۈشنى ئالغۇچە ئايرىلما. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئالتۇننى ئالتۇنغا سېتىش جازاندۇر. لېكىن ئال ـ بەر ھەر ئىككىلىسى نەقمۇ نەق بولسا بولىدۇ. ۋە ھەدىسنىڭ قالغىنى يوقىرىدا 1019ـ ھەدىستە ئۆتتى. ئۇنىڭدا ئارپىنى ئارپىغا سېتىش جازانەدۇر. لېكىن نەقمۇ ـ نەق بولسا دۇرۇس دىگەن ھەدىس بار.

# ئالتۇننى ئالتۇنغا سېتىش توغرىسىدا

1029ـ ئەبۇ بەكرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھﷺ : ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتماڭلار. لېكىن بابباراۋەر بولغان ھالىتىدە (سېتىڭلار) ۋە كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار. لېكىن بابباراۋەر بولغان ھالىتىدە. (سېتىڭلار) ۋە ئالتۇننى كۈمۈشكە ۋە كۈمۈشنى ئالتۇنغا قانداق خالىساڭلار شۇنداق سېتىڭلار.

# كۈمۈشنى كۈمۈشكە سېتىش توغرىسىدا

1030ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىيى ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتماڭلار. لېكىن ئوخشاشمۇ ئوخشاش بولغان ھالىتىدە.(سېتىڭلار) ۋە ئۇنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئارتۇق قىلماڭلار. ۋە كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار. لېكىن ئوخشاشمۇ ـ ئوخشاش بولغان ھالىتىدە (سېتىڭلار) ۋە ئۇنىڭ بەزىسىگە كام ۋە زىيادە قىلماڭلار. ۋە ئۇنىڭدىن غائىبنى ھازىرغا ساتماڭلار. (يەنى يوق نەرسىنى بار نەرسىگە ساتماڭلار)

# تىللانى تىللاغا نىسى سېتىش توغرىسىدا

1031ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ﷺ دىن ئېيتتى: تىللانى تىللاغا ۋە تەڭگىنى تەڭگىگە سېتىش جازاندۇر. ئۇنىڭغا دىيىلدى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباباس ئۇنىڭغا قايىل بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئەبۇ سەئىد ئېيتتى: بۇنى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىدىڭمۇ ياكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تاپتىڭمۇ؟ ئىبنى ئاباباس ئېيتتى: بۇنىڭ ھەممىسنى دىمەيمەن. ۋە سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ غە مەندىن ئالىمراق. ( چۈنكى مەن كىچىك) ۋە لېكىن ماڭا ئۇسامە خەۋەر قىلدىكى پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: يوق جازانە مەگەر نىسىدە ( يەنى ئىككىسىنىڭ بىرى نىسى بولسا جازانە )

## كۆمۈشنى ئالتۇنغا نسى سېتىش توغرىسىدا

1032ـ بەرا ئىبنى ئازىب ۋە زەيد ئىبنى ئەرقەم ﷺ دىن: ئۇ ئىككىسىدىن سەرىپ دىن ( ئالتۇننى ۋە كۆمۈشنى سېتىشتىن) سورالدى. ئاندىن ھەر بىرى ئۇ ئىككىسىدىن ئۇ مەندىن ياخشىراقدۇر دەيدۇ. ۋە ئىككىسىلا ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئالتۇننى كۆمۈشكە نسى سېتىشتىن نەھى قىلدى.

## مۇزابەنەت[57] بەيئى(سودا) توغرىسىدا

1033ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: مېۋىنى سالاھىيتى[58] زاھىر بولغۇچىلىك ساتماڭلار. ۋە ھۆل مېۋىنى (خورما) قۇرۇق خورمىغا ساتماڭلار. ۋە ئېيتتى: ئىبنى ئۆمەر : ماڭا زەيد ئىبنى سابىت خەۋەر قىلدىكى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇندىن كېيىن ئەرىيە ( مېۋىسىنى يەۋالدىغانغا مېۋىسى يوق كىشىگە بېرىلگەن مېۋە دەرىخى) دە ئۇنى ھۆل خورمىغا ياكى قۇرۇق خورمىغا سېتىشقا رۇخسەت قىلدى. ۋە ئۇنىڭ غەيرىدە رۇخسەت قىلمىدى.

1034ـ جابىر ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ مېۋىنى خوشبۇي بولۇپ تەمى كىرگۈچىلىك سېتىشتىن نەھى قىلدى. ئۇ مېۋىدىن ھېچنەرسىنى سېتىلمايدۇ. مەگەر تىللا تەڭگىلا سېتىلىدۇ. لېكىن ئەرىيە سېتىلىدۇ. ( يوقارقى ھەدىستىن ئەرىيەنىڭ ئىزاھىنى كۆرۈۋېلىڭ)

## شاخ ئۈستىدىكى مېۋىلەرنى ئالتۇن كۆمۈشكە سېتىش توغرىسىدا

1035ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ بەش ۋەسەق[59] ياكى بەش ۋەسەقتىن ئازراق ئەرىيە خورمىسىنى سېتىشقا رۇخسەت قىلدى. ( يەنى ئالتۇن كۆمۈشكە سېتىشقا رۇخسەت قىلدى.

## مېۋىلەرنىڭ سالاھىيتى زاھىر بولۇشتىن بۇرۇن سېتىش توغرىسىدا

1036ـ زەيد بىننى سابىت ﷺ دىن ئېيتتى: كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانلىرىدا مېۋەلەرنى سېتىۋالاتتى. كىشىلەرنىڭ مېۋە ئۈزۈش ۋاقتى كەلسە ۋە ئۇلارنىڭ پۇلنى تەلەپ قىلىش ۋاقتى ھازىر بولسا سېتىۋالغۇچى ئېيتىدۇ: مېۋىگە ئاپەت يەتتى. مېۋىگە كېسەل چۈشتى دەپ ھۆججەت كەلتۈرۈۋالىدۇلەر. بۇ ھەقدە خۇسۇمەت دەۋا كۆپ بولغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىدا ئېيتتىكى : ئەگەر مۇنداق بەيئىنى تەرك قىلمىساڭلار مېۋىنىڭ سالاھىيتى زاھىر بولمىغىچىلىك سېتىۋالماڭلار. ئۇلارغا مەسلىھەت بەرگەندەك قىلىپ ئىشارەت قىلدۇ. ئۇلارنىڭ خۇسۇمىتى كۆپ بولغانلىقتىن.

---

[57] قۇرۇق خورمىنى ھۆل خورمىغا ۋە قۇرۇق ئۈزۈمنى ھۆل ئۈزۈمگە سېتىشدۇر.
[58] سالاھىيتى زاھىر بولۇش ساغىيش ياكى تاتقى كىرىش ، ئاپەتتىن كېيىن خاتىرجەم بولۇش قاتارلىقلار.
[59] بىر ۋەسەق 60 سا. بەش ۋەسەق 300 سا

1037ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ مىۋىنى رەڭ تۇزىگىچلىك سېتىشتىن نەھى قىلدى. ۋە رەڭ تۇزەش نىمدۇر دەپ سورالدى. ئىيتتى: بەك قىزارغاي ۋە بەك ساغارغاي ۋە ئۇنىڭدىن يىيلگىدەك بولغاي.

## مېۋىلەرنىڭ سالاھىيتى ئاشكارا بولۇشتىن ئىلگىرى ساتسا ئاندىن مېۋىلەرگە ئاپەت يەتسە توغرىسىدا

1038ـ ئەنەس بىننى مالىك ﷺ دىن ئىيتتى: مېۋىلەرنى تولۇپ رەڭ تۇزۇگىچلىك سېتىشتىن نەھى قىلدى. ئۇنىڭغا تولۇپ رەڭ تۇزەش نىمە دىيلدى؟ ئىيتتى: ھەتتا قىزارغىچلىك. خەۋەر بەرگىلچۇ ئالاھ تائالا مەنئى قىلسا (بەرمىسە ) نىمگە بىرىڭلار بۇرادىرىنىڭ مىلىنى ئالدۇ؟

## بىر خورمىنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق خورمىغا سېتىشنى ئىرادە قىلسا توغرىسىدا

1039ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ بىر ئادەمنى خەيبەرگە ئامىل[60] قىلدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ﷺ گە ياخشى خورما ئىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئايا خەيبەرنىڭ ھەممە خورمىسى مۇشۇنداقمۇ ؟ دېدى. ئۇ ئادەم ياق ئاللاھ بىلەن قەسەمكى يا رەسۇلۇللاھ بىز خورمىدىن بىر سانى ئىككى ساغا ۋە ئىككى سانى ئۈچ ساغا ئالىمىز دېدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق قىلما ھەممىسنى تەڭگىگە (پۇلغا) سات . ئاندىن پۇلغا ياخشىنى سېتىۋال ـ دېدى.

## مۇخازەرەت بەيئى توغرىسىدا

1040ـ ئەنەس ﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇھاقەلە[61] ۋە مۇخازەرەت[62] ۋە مۇلامەسە[63] ۋە مۇنابەزە[64] ۋە مۇزابەنە[65] بەيئى لەردىن نەھى قىلدى.

---

[60] خەيبەرنىڭ جىزيە مالىيەسىنى جەمى قىلىدىغان كىشى

[61] مۇھاقەلە ـ ئاشلىقنى باشىغدا ئىيتىز تۇپىدە تۇرغۇزۇپ بۇغدايغا سېتىش ۋە يەردىن چىققان نەرسىنىنىڭ بەزىسىگە كىرا بىرىش دىيلدى.

[62] مۇخازەرەت ـ مىۋىلەر ۋە دانلەرنى سالاھىيتى زاھىر بولۇشتىن ئىلگىرى يېشىل ھالىتىدە ستىش

[63] مۇلامەسە ـ رەخت ۋە كىيىمنى يېيىپ كۆرمەي سىلاپ قويۇش ئەرەپنىڭ ئادىتى سىلاپ قويسا ساتقان ئالغان بەيئى بولاتتى.

[64] مۇنابەزە ـ كىيىم مالىنى تاشلاپ بىرىش بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ئۇ كىشى كۆرۈپ سىلاشتىن ئىلگىرى . بۇمۇ ئەرەپلەرنىڭ ئادىتى بۇيىچە ئالغان ساتقان بەيئى بولاتتى.

[65] مۇزابەنە ـ ئېنىق كەمجەت بىلەن ئارتۇق چىقسا ئۆزىمە كام چىقسا ئۈستىگە ئىلىپ تۆلەيدىغانغا سېتىش.

## سودا ـ تىجارەت ۋە ئىجارىگە بىرىش ۋە كۆرە ۋە جىڭلاردا شەھەرلەرنىڭ ئۆز ئارا ئادەتلىرىنى ئىجرا قىلغان كىشى توغرىسىدا

1044ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : مۇئاۋىيەنىڭ ئانىسى ھىندى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتتى: ئەبۇ سۇفيان بېخىل ئادەم ئۇنىڭ مېلىدىن مەخپى(كۆرسەتمەي) ئالسام ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ ساڭا كۇپايە قىلغۇدەكنى مۇۋاپىق ئالغىل.

## شېرىكنىڭ شرىكتىن سېتىۋېلىشى توغرىسىدا

1042ـ جابىر ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھﷺ ھەرقانداق تەقسىم قىلىنمىغان مالدا شۇفئەتنى قىلدى. ۋاقتىكى چېگرالەر ۋاقى بولسا(پەيدا بولسا) ۋە يوللەر چىقىرىلسا شۇفئەت يوق.

## ھەربىيدىن (كاپىردىن) قۇل سېتىۋېلىش ۋە ئۇنى ھىبە قىلىش ۋە ئۇنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا

1043ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ : ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارە بىلەن ھىجرەت قىلىپ پادىشاھلەردىن بىر پادىشاھ ياكى زالىملاردىن بىر زالىم بار قىشلاققا كىردى . ئۇنىڭغا دېيىلدى: خوتۇنلارنىڭ چىرايلىقراغىدىن بىر خوتۇن بىلەن ئىبراھىم بۇ يەرگە كىردى. ئىبراھىمغا ئەلچى ئەۋەتتى. ھەي ئىبراھىم سىنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن خوتۇن كىم؟ ئېيتتى: ئىبراھىم ھەمشىرەم. ئاندىن ئىبراھىم سارەنىڭ قېشىغا قايتىپ باردى ۋە ئېيتتى: مىنىڭ سۆزۈمنى يالغان قىلمىغىل. مەن ئۇلارغا سىنى ھەمشىرەم دىدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ زېمىن ئۈستىدە مەندىن ۋە سەندىن باشقا مۆمىن يوق . ئاندىن ئىبراھىم سارەنى پادىشاھ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ پادىشاھ سارەگە قوپتى(تۇتقىلى) ئاندىن سارەمۇ تاھارەت ئالغىلى ۋە ناماز ئوقۇغىلى تۇردى. ۋە ئېيتتى: ھەي ئاللاھ مەن ساڭا ۋە پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈرۈدۈم. ۋە ئىرىمىنىڭ غەيرىدىن ئەۋرىتىمنى ساقلىدىم. ماڭا بۇ كاپىرنى قادىر ۋە غالىب قىلمىغىل. ئاندىن ئۇ كاپىر خىرقىرىدى. ھەتتا پۇتى بىلەن تىپچەكلىدى. ئېيتتى ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتتى سارە: ھەي ئاللاھ بۇ كاپىر ئۆلسە سارە ئۆلتۈردى دىيىلىدۇ. ئاندىن ئۇ كاپىرنى بوغۇلۇشتىن قويۇپ بېرىلدى. ئاندىن ئۇ يەنە سارەگە قوپتى. سارە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ بۇ دۇئانى ئېيتقىلى تۇردى. ھەي ئاللاھ ئاللاھ مەن ساڭا ۋە پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈرۈدۈم. ۋە ئىرىمىنىڭ غەيرىدىن ئەۋرىتىمنى ساقلىدىم. ماڭا بۇ كاپىرنى قادىر ۋە غالىب قىلمىغىل. ئاندىن ئۇ كاپىر خىرقىرىدى. ھەتتا پۇتى بىلەن تىپچەكلىدى. ئېيتتى ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتتى سارە: ھەي ئاللاھ ئەگەر ئۇ كاپىر پادىشاھ ئۆلسە سارە ئۆلتۈردى دەيىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئىككىنچى يا ئۈچۈنچىدە خىرقىراشتىن قويۇپ بىرىلدى. ئاندىن ئۇ پادىشاھ ئېيتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ماڭا شەيتاندىن باشقىسىنى ئىبەرمەپسىلەر ئۇنى ئىبراھىمغا قايتۇرۇڭلار. ۋە ئۇ سارەگە ھاجەرنى بېرىڭلار. ئاندىن سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا

قايتىپ كەلدى ۋە ئېيتتى: ئايا خەۋەر تاپمىدىڭمۇ ئاللاھ تائالا كاپىرنى خار زار نائۇمىد قىلدى ۋە بىر كىنىزەكنى خىزمەتكار قىلدى.

## چوشقىنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا

1044ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ نەپسىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەلۋەتتە يېقىندۇر ئىيسا ئىبنى مەريەم ئادىل ھاكىم بولۇپ نازىل بولغاي. ئاندىن چىركاۋنى چاققاي ۋە چوشقىنى ئولتۈرگەي. ۋە جىزيەنى(كاپىرغا قويۇلىدىغان مالىيە سېلىق) نى قويغاي( ئەمەلدىن قالدۇرغاي) ۋە مال كۆپەيگەي. ھەتتا ئۇنى بىر كىم قوبۇل قىلمىغاي. ( بۇ ئىش يېقىن كەلگۈسىدە بولغۇسىدۇ)

## جانسىز سۆرەتلەرنى سىتىش ۋە ئۇنىڭدىن مەكروھ بولىدىغان نەرسە توغرىسىدا

1045ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئۇنىڭغا بىر كىشى كېلىپ ئېيتتى: ھەي ئىبنى ئاببباس مەن بىر ئىنساندۇرمەنكى تۇرمۇشۇم ئۆز قولامنىڭ كەسىبدىندۇر. ۋە مەن مۇشۇ سۆرەتلەرنى ياسايمەن. ئىبنى ئاباباس ئېيتتى: مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىغىنىمدىن باشقىنى ھەدىس قىلمايمەن. ئۇنىڭدىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ: كىشكى سۆرەتلەرنى سىزسا تارتسا ئاللاھ تائالا ئۇنى سۆرەتلەرگە جان كىرگۈزسۇن دەپ ئازاپ قىلىدۇ. ۋە ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ جان كىرگۈزەلمەيدۇ. ئاندىن ھىلقى كىشىنىڭ تىنىقى ئۆرلەپ كۆكسى سىقىلدى. ۋە يۈزى سارغايدى. ئاندىن ئىبنى ئاباباس ئېيتتى: ۋاي ساڭا ئۇنىڭدىن باشقىغا ئۇنىمساڭ مۇشۇ دەرەخلەرنىڭ سۆرتىنى جىنى يوق نەرسلەرنى لازىم تۇتقىل.

## ئازاد ئادەمنى سىتىش توغرىسىدا

1046ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى ئاللاھ تائالا : ئۈچ تۈرلى ئادەمنىڭ قىيامەت كۈنى دەۋاگىردۇرمەن. بىرى كىشكى مېنىڭ بىلەن ئاتا قىلدى( ۋەدە قەسەم قىلدى) ئاندىن ۋەدىسىنى بۇزدى ۋە ۋاپا قىلمىدى. ئىككىنچىسى ئازاد ئادەمنى سىتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم. ئۈچىنچىسى بىر ئىشلەمچىنى ئەجىرگە ئېلىپ تولۇق ئىشلىتىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەمدۇر.

## ئۆزى ئۆلگەن تاپنى ۋە بۇتلەرنى سىتىش توغرىسىدا

1047ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىكى ئېيتىدۇ پەتھى مەككە يىلى مەككىدە تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبىرى ھاراقنى ۋە ئۆلگەن تاپنى ۋە چوشقىنى ۋە بۇتلەرنى سىتىشنى ھارام قىلدى. سورالدى يارەسۇلۇللاھ تاپنىڭ يېغىدىن خەۋەر بەرسلە؟ ئۇنى كېمىلەرگە سۇرۇلىدۇ. ۋە ئۇنىڭ بىلەن ياغلىنىدۇ. ۋە ئۇنىڭ بىلەن خالايىق چىراق يۇرىتىدۇرلەر. ئېيتتى: ياق بولمايدۇ. ئۇ ھارامدۇر. ئاندىن شۇ ۋاقتىدا

ئېيتتى: ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن ئاللاھ تائالا تاپىنىڭ يېغىنى ھارام قىلىۋىدى ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئېرىتىپ ساتتىلەر ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىنى يېدىلەر.

## ئىتنىڭ پۇلى توغرىسىدا

1048ـ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىتنىڭ پۇلى ۋە پاھىشىۋاز خوتۇننىڭ زىنا ئەجرىسىدىن ۋە رەمبال كاھىننىڭ ئەجرىسىدىن نەھى قىلدى.

# سەلەم (مالغا ئالدىن پۇل ئېلىش) نىڭ كىتابى

## ئېنىق مەلۇم كۆرە دە سەلەم قىلىش توغرىسىدا

1049ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى:رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋەھال ئۇلكى خالايىقلار مېۋە ۋە خورمىگە بىر يىللىق ۋە ئىككى يىللىق سەلەم قىلدىلەر( ئالدىن پۇل ئالدۇلەر) ئېيتتى: كىشىكى مېۋەدە سەلەم قىلسا مەلۇم ئېنىق كۆرىدە ۋە مەلۇم جىڭدا سەلەم قىلسۇن. ۋە ئۇنىڭدىن بىر رىۋايىتىدە مەلۇم مۇددەتكە.

## ئۆزىدە ئەسلى نەرسە يوق كىشىگە سەلەم قىلىش توغرىسىدا

1050ـ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالەرنىڭ زامانلىرىدا بۇغدىيدا ۋە ئارپىدا ۋە ئۈزۈمدە ۋە خورمىدا سەلەم قىلاتتۇق.

1051ـ ئىبنى ئەبى ئەۋفا دىن بىر رىۋايىتىدە ئېيتتى: شام ئەھلىنىڭ دىھقانلىرىگە بۇغداي ۋە ئارپا ۋەئۈزۈمدە مەلۇم كۆرىدە مەلۇم مۇددەتكە سەلەم قىلاتتۇق. ئۇنىڭغا ئۆزىدە ئەسلى مال بار كىشىگىمۇ؟ ئېيتتى: ئۇلارگە ئۇنىڭدىن سوئال قىلمايتۇق. (ئەسلى مال بارمۇ يوقمۇ دەپ )

# شۇفئەتنىڭ[66] كىتابى

## شۇفئەتنى ئىگىسىگە توغرا قىلىش توغرىسىدا

1052ـ ئەبى رافى ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئازادكەردىسى ئىدى. ئۇ سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس قېشىغا كېلىپ ھۆيلاڭىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى مەندىن سېتىۋالغىن دېدى. سەئد ئېيتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى پارچە پارچە تۆت مىڭغا زىيادە قىلمايمەن. ئەبۇ رافى

[66] ساتقۇچىنىڭ زىمىنىغا يولىنىڭ ئوخشىشى بىلەن مەجبۇر ئىگە بولۇش

ئېيتتى: ئەلۋەتتە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە بەش مىڭ دىنار بىرىلگەن ئىدىم. رەسۇلۇللاھنىڭ خوشنا يېقىنلىق سەۋەبى بىلەن ھەقراق دىگەن ھەدىسنى ئاڭلىمىغان بولسام ئۇ ئۆيىنى ساڭا تۆت مىڭغە بەرمەيتتىم. ۋە ھالەنكى ماڭا بەش مىڭ تىللا بىرىلمەكچى ئىدى. دېدى. ئاندىن ئۆيىنى سەئىد بىنى ئەبى ۋەققاسقا بەردى.

## قايسى قوشنا يېقىنراقى توغرىسىدا

1053ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتى: يا رەسۇلۇللاھ مېنىڭ ئىككى خوشنام بار ئىككىسىنىڭ قايسىغا ھەدىيەنى (سوغاتنى) بىرىمەن. ئېيتتى: ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىكى يېقىنراقىغا.

# ئىجارەنىڭ كىتابى

## ئىجارىگە بىرىش توغرىسىدا

1054 ـئەبۇ موسا ئەشئەرى ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ھۇزۇرىگە باردىم ۋە ھال ئۇلكى مەن بىلەن ئەشئەرىيلەر قەبىلىسىدىن ئىككى ئادەم بار . ئېيتتىم: بىلدىمكى بۇ ئىككىسى ئەمەل تەلەب قىلدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئەملىمىزگە ئۇنى ئىرادە قىلغان كىشنى ئىشلەتمەيمىز.

## قىراتلەرگە قوي بېقىش توغرىسىدا (قىرات بىر تىللانىڭ 10 دىن بىرىنىڭ يېرىمى)

1055ـئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئاللاھ تائالا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتسىلا ئۇ پەيغەمبەر قوي باقتى. ئەسھابلىرى ئېيتتى: ۋە ئۆزلىرىمۇ ؟ ئېيتتى: ھەئە مەن مەككە ئەھلىنىڭ قويلىرىنى قىراتلەرگە باقار ئىدىم.

## ئەسىردىن كىيىن كېچىگىچە ئەجىر بىرىش توغرىسىدا

1056ـ ئەبۇ موسا ئەلئەشئەرى ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدى ناسارالارنىڭ مىسالى بىر كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشاشدۇركى ـ قەۋملەرنى بىر كۈن كېچىگىچە ئىشلەيدىغانغا(مەلۇم ئەجىرگە) ئەجىرگە ئالدى. ئاندىن ئۇ كىشىگە ئۇ قەۋملەر يېرىم كۈنگىچە ئىشلەپ ئېيتتىلەر: سىنىڭ بىزلەرگە شەرت قىلىپ توختام قىلغان ئەجرىڭگە ھاجىتىمىز يوق ۋە بىزنىڭ ئەتىگەندىن ئىشلىگىنىمىز باتىل( بىكارغا) . ئۇ كىشى ئۇلارغا ئېيتتى: ئۇنداق قىلماڭلار، قالغان ئىشىڭلارنى تولۇق قىلىڭلار ۋە ئىش ھەققىڭلارنى تولۇق ئېلىڭلار. ئۇلار باش تارتتىلەر ۋە تاشلاپ كەتتىلەر. ۋە ئۇ كىشى ئۇلاردىن كىيىن باشقىلارنى ئىجارىگە ئالدى. ۋە ئۇلارغا ئېيتتى: سىلەرنىڭ كۈنىڭلارنىڭ قالغىنىنى ئىشلەڭلار ۋە ئۇلارغا شەرت

قىلغان ئىش ھەققى سىلەرگىدۇر. ئاندىن ئۇلار ئىشلىدىلەر. ھەتتا ئەسىر ۋاقتى بولۇپ ئىدى، ئېيتتىلەر: ساڭا ئىشلىگىنىمىز بىكاردۇر. ۋە بىزگە توختام قىلغان ئىش ھەققى ساڭىدۇر. (ئالمايمىز) ئۇ كىشى ئۇلارغا ئېيتتى: ئىشىڭلارنىڭ قالغىنىنى تولۇق قىلىڭلار پەقەت كۈندۈزدىن ئازراق ۋاقىت قالدى. ئۇلار ئۇنىمىدىلەر. ئۇ كىشى باشقا قەۋملەرنى كۈننىڭ قالغىنىغا ئىشلەشكە ئىجارىگە ئالدى. ۋە ئۇلارغا كۈنلەرنىڭ قالغىنىنى ئىشلەپ بەردى ھەتتا كۈن ئولتۇردى. ۋە بۇلار ئالدىنقى ئىككى گۇرۇھ قەۋمىنىڭ ئەجرىسىنى كامىل ئالدىلەر. مۇشۇ ئۇلارنىڭ مىسالى ۋە ئۇلار قوبۇل قىلغان نۇرنىڭ مىسالىدۇر. ( ھەققە ھىدايەتكە قىلىنغان نۇردىن)

## ئىشلەمچىنى ئەجرىگە ئالسا ئۇ ئىشلەپ ئەجرىسىنى تاشلاپ كەتسە ئەجرىگە ئالغۇچى ئۇنىڭ ئەجرىسىنى ئىشلەپ كۆپەيتىپ قويغان كىشى توغرىسىدا

1057ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىدۇ: سىلەردىن ئىلگىركى كىشىلەردىن ئۈچ جامائەت يول يۈرۈپ ھەتتا ئۇلار بىر غاردا قونۇشقا يېتىپ ئۇ غارغا كىردىلەر. ئاندىن تاغدىن بىر تاش چۈشۈپ ئۇلارغا غارنى ئېتىۋالدى. ئاندىن ئۇلار ئېيتتىلەر. سىلەرنى بۇ تاشدىن ياخشى ئەمەل بىلەن ئاللاھ تائالا غا دۇئا قىلىشڭلاردىن باشقا نەرسە قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن بىرى ئېيتتى: ھەي ئاللاھ مېنىڭ ياشانغان ئاتاـ ئانام بار ئىدى. ۋە ئاتا – ئانامدىن ئىلگىرى خوتۇن بالاـ جاقا ۋە خىزمەتكارلەرنى سۈت بىلەن سۇغارمايتىم. بىر كۈن مېنى بىر نەرسىنىڭ تەلىۋى يىراققا كەتتۇردى. ئاندىن ئۇلارغا كەچتە قايتىپ كېلەلمىدىم. ھەتتا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئاندىن ئۇ ئىككىسىگە كەچلىك سۈتنى ساغدىم ئۇلارنى ئۇخلىغان تاپدىم. ئۇلاردىن ئىلگىرى بالا ـ جاقە خىزمەتكارلارغا سۈت بىرىشنى كەربھ (ناخۇش) كۆردۈم. تاڭ يۇرىغىچە تۇردۇم. ئاندىن ئۇلار ئويغۇنۇپ كەچلىك سۈتنى ئىچدىلەر. ھەي ئاللاھ مەن بۇ ئىشنى سىنىڭ زاتىڭنى ئۈمىد تەلەپ قىلغان جەھتىدىن قىلدىم. شۇڭا بىزلەردىن ئۇستىمىزدىكى تاشتىن كۇشادىلىق (يۇرۇقلۇق ) بەرگىل دەپ (دۇئا قىلدى) ئاندىن تاش ئازراق كۇشادە بولدى. لېكىن چىقىشقا قادىر بولالمىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ۋەيەنە بىرى ئېيتتى: ھەي ئاللاھ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى بولۇپ ئۇ ماڭا خالايقنىڭ دوستىراغى ئىدى . ئۇنىڭدىن ئۆز نەپسىنى ئىرادە قىلدىم . ئۇ مەندىن ئۆزنى مەنئى قىلدى. ھەتتا يىللاردىن بىر يىلى ئۇنىڭغا قەھەتچىلىك چۈشتى. ئاندىن ماڭا كەلدى. ئاندىن مەن ئۇنىڭغا مەن بىلەن ئۆز نەپسىنى خالىي قىلىش شەرتى بىلەن بىر يۈز يىگىرمە تىللا بەردىم. شۇنداق قىلدى. ھەتتا مەن ئۇنىڭغا قادىر بولۇشۇدىم ئۇ قىز ئېيتتى: مەن ساڭا ھالال بولمايمەن. ئۈزۈكنى تەشمىگەيسەن، لېكىن ھەققى بىلەن. ئاندىن ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاقى بولۇشتىن (جىما قىلىشتىن) چىقتىم. ئۇنىڭدىن قايتىم. ۋاھالەنكى ئۇ ماڭا خالايىقلارنىڭ دوستىراغى بولغان ھالىتدە. (ئۇنىڭدىن قايتتىم) ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن ئالتۇن ئۈزۈكىنىمۇ تەرك

قىلدىم. (ئالمىدىم)ھەي ئاللاھ مەن بۇ ئىشنى سىنىڭ زاتىڭنى تەلەپ قىلغان جەھەتتىن قىلدىم. بىزلەردىن بىز بار ئىشتىن كەڭچىلىك قىلغىل. ئاندىن تاش بىر ئاز ئېچىلدى. لېكىن ئۇلار چىقالمايدۇلەر. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ۋە ئۈچۈنچىسى ئېيتتى: ھەي ئاللاھ مەن بىر مۇنچە ئىشلەمچىلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇلاردىن بىرسى ئىش ھەققىنى ئالماي كەتكەندىن باشقا ھەممىسگە ئەجرىسىنى تولۇق بەردىم. ھەققىنى ئالمىغان ئۇ بىرىنىڭ ئەجرىسىنى مېۋىلەندۈردۇم. ھەتتا ئۇنىڭدىن ماللار كۆپەيدى. ئاندىن بىر زاماندىن كېيىن ماڭا كېلىپ ھەي ئاللاھنىڭ بەندىسى ماڭا ئىش ھەققىمنى ئادا قىلغىل دېدى. مەن ئۇنىڭغا دېدىم: سەن كۆرگەن تۆگە ۋە كالا ۋە قويلەر ۋە قۇللار سىنىڭ ئەجرىڭدىندۇر. ئاندىن ئۇ ئېيتتى: ھەي ئابدۇللاھ مېنى زاڭلىق قىلما. مەن ئېيتتىم: مەن سېنى زاڭلىق قىلمايمەن. ئاندىن ئۇ ماللىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ھېچ نەرسە قالدۇرماي ھايداپ كەتتى. ھەي ئاللاھ مەن بۇ ئىشنى سىنىڭ زاتىڭنى تەلەپ قىلىپ قىلدىم. بىزلەردىن بىز بار ئىشتىن كەڭچىلىك قىلغىل . ئاندىن تاش ئېچىلدى. ئۇلار چىقىپ كەتتىلەر.

## دۇئا (ئەپسۇن) ئوقۇشقا بىرىلىدىغان نەرسە توغرىسىدا

1058ـ ئەبۇ سەئىد ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسھابلىرىدىن بىر قانچە ساھابىلەر قىلغان سەپەرلىرىدە يۈرۈپ مېڭىپ ھەتتا ئەرەپ مەھەللىرىدىن بىر مەھەللىگە چۈشىدىلەر. ئاندىن ئۇلارگە ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشىنى تەلەپ قىلدىلەر. ئۇ مەھەللىدىكى ئەرەپلەر بۇ ساھابىلەرنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتىلەر. شۇ مەھەللەنىڭ باشلىغىنى ئېشەك (سېرىق ئېشەك) چېقىۋالدى. بۇ باشلىققا ھەر تۈرلى مەنپەئەت قىلمايدىغان سەۋەپلەرنى قىلدىلەر. بەزىلىرى ئېيتتى: ئەگەر ئاۋۇ تەرەپكە چۈشكەن جامائەتلەرگە بېرىپ باقساڭلار ئۇلارنىڭ بەزىسىدە دورا بولۇشى مۇمكىن. ئاندىن ئۇلار بۇ ساھابىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ھەي جامائەت بىزنىڭ باشلىغىمىزنى چايان چېقىۋالدى. ئۇنىڭغا ھەممە مەنپەئەت قىلمايدىغان سەۋەپلەرنى قىلدۇق. سىلەرنىڭ بىرىڭلاردا بىر نەرسە بارمۇ؟ ئاندىن ساھابىلەرنىڭ بەزىسى ئېيتتى: ھەئە بار . ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن دۇئا ( ئەپسۇن) ئوقۇيمەن. ۋەلېكىن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىزنى مېھمان قىلىشڭلارنى تەلەپ قىلدۇق. سىلەر بىزنى مېھمان قىلمىدىڭلار. ھەتتا بىزلەرگە ئەجرە بەرمىگىچىلىك سىلەرگە دۇئا ئوقۇمايمەن. ئاندىن ئۇلار ساھابىلەر بىلەن بىر پارچە قوي بېرىشكە كېلىشىم قىلدىلەر. ئۇ ساھابە «« اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ »» نى ئوقۇپ ئۇنىڭغا سۈپ دەپ ھۈرگىلى تۇردى. ئاندىن ئۇ باشلىق گويا تۇشاقتىن بىكار بولغاندەك ساقىيىپ ئۇنىڭدا كېسەل يوق ھالدا مېڭىپ كەتتى. ئۇلار ساھابىلەرگە توختاملاشقان قوينى تولۇق بەردىلەر. ئاندىن ساھابىلەرنىڭ بەزىسى تەقسىم قىلىڭلار دېدى. ئەپسۇن ئوقۇغان ساھابە دېدى: ئۇنداق قىلماڭلار ھەتتاكى پەيغەمبەر ﷺ گە بېرىپ بولغان ئىشنى زىكرى قىلايلى. بىزنى نىمىگە ئەمر قىلدۇ قارايلى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغە كېلىپ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا زىكرى قىلدىلەر. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ فاتىھەنىڭ ئەپسۇن ئىكەنلىكىنى ساڭا نېمە بىلدۈردى-

دېدى. توغرا راست قىلدىڭلار. ماڭىمۇ بىر نەسىبە(بىر ئۈلۈش) تەقسىم قىلىڭلار- دەپ كۈلۈپ قويدى.

## ئەركەك ھايۋاننىڭ چېشىسىنى چاپقاننىڭ ئەجرىسىنى ئېلىش توغرىسىدا

1059- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئەركەك ھايۋاننىڭ چىشى ھايۋانغا چاپقانغا ئەجرە ئېلىشتىن نەھى قىلدى.

# ھاۋالەلەرنىڭ كىتابى

1060-ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىيتتى: بايىنىڭ قەرزنى تەخىر قىلىشى زۇلۇمدۇر. ۋە بىرىڭلار[67] بايغا ھاۋالە قىلىنسا ھاۋالىنى قوبۇل قىلسۇن.[68]

## مېيىتنىڭ قەرزىنى بىر كىشىگە ھاۋالە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىغى توغرىسىدا

1061- سەلەمە بىننىل ئەكۋە ﷺ دىن ئىيتتى: بىز پەيغەمبەر ﷺ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتۇق بىناگاھ بىر جىنازە كەلتۈرۈلدى. ئۇلار بۇ جىنازىگە ناماز ئوقىسىلا- دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنىڭ ئۈستىدە قەرزى بارمۇ؟ دېدى. ياق دېدىلەر . ئىيتتى : بىر نەرسە قالدۇردىمۇ ؟ ئىيتتىلەر : ياق. ئۇنىڭغا ناماز ئوقىدى. ئاندىن يەنە بىر جىنازە كەلتۈرۈلدى. يا رەسۇلۇللاھ بۇنىڭغا ناماز ئوقىسىلا – دېدىلەر. بۇنىڭ قەرزى بارمۇ ؟ - دېدى. بار دېيىلدى. بىر نەرسە قالدۇردىمۇ ؟ ئۈچ تىللا قالدۇردى- دېدىلەر ئۇنىڭغا ناماز ئوقىدى، ئاندىن ئۈچۈنچى جىنازە كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭغا ناماز ئوقۇسىلا – دېدىلەر . ئايا بىر نەرسە قالدۇردىمۇ ؟ دېدى. ياق دېدىلەر. ئايا بۇنىڭ قەرزى بارمۇ ؟ ئۈچ تىللا قەرزى بار دېدىلەر. ھەمرايىڭلارغا ئۆزەڭلار ناماز ئوقۇڭلار- دېدى. ئەبۇ قەتادە ئۇنىڭغا ناماز ئوقىسىلا ئۇنىڭ قەرزى ماڭىدۇر- دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ناماز ئوقىدى.

[67] بىرىڭلار بايغا ھاۋالە قىلغان ھاۋالىنى قوبۇل قىلسۇن دېگەن. يەنە بىر مەنىسى ھاۋالە قىلغان ئادەمدىن تەلەپ قىلسۇن دېگەن ھاۋالە فۇقەھائەلەرنىڭ قارىشىدا : زىممىدىكى قەرزنى زىممىگە يۆتكەش دېمەكدۇر

[68] ئىمام بۇخارىنى بۇنىڭ مەنىسى – بىراۋنىڭ سەندە قەرزى بولسا ئنى بىرسىگە ھاۋالە قىلساڭ سەن ئاندىن مۇفلىس(نامرات) بولساڭ ئۇ ئادەم ھاۋالە ئېگىسىدىن تەلەپ قىلىپ شۇنىڭدىن ئالىدۇ دېدى.

## ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ وَالَّذِينَ عَقَدَتْ أَيْمَانُكُمْ فَآتُوهُمْ نَصِيبَهُمْ ›› [69] سۆزى توغرىسىدا{سۈرە نىسا 33 ـ ئايەت }

1062ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن : ئۇنىڭغا دېيىلدى: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىسلامدا جاھىلىيەتتە قىلىشقان ئەھدى پەيمان يوق دېگەن سۆزى ساڭا يەتمىدىمۇ؟ ئەنەس ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ قۇرەيش بىلەن ئەنسارىلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى بۇرادەر قىلدى.

## مىيت جانىبىدىن قەرزگە كېپىل بولغان كىشى ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىش يوقلىغى توغرىسىدا

1063ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ ئەگەر بەھرەيىنىڭ مالى كەلسە ساڭا مۇشۇنداق مۇشۇنداق بىرىمەن. ئاندىن بەھرەيىنىڭ مېلى كەلمىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولدى. ئاندىن بەھرەيىنىڭ مېلى كېلىپ ئىدى ئەبۇ بەكرى ئەمىر قىلىپ نىدا قىلدىكى بىر كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ دە ۋەدىسى ياكى قەرزى بولسا بىزگە كەلسۇن. ئاندىن ئۇنىڭغا كېلىپ ئېيتتىم: پەيغەمبەر ﷺ ماڭا مۇشۇنداق مۇشۇنداق بىرىشنى ئېيتقان. ئاندىن ئەبۇ بەكرى ماڭا ئوشلاپ بەردى. ۋە ئۇنى ساناپ ئالغىل دېدى. ساناپ باقسام بناگاھ ئۇ بەشيۈز دۇر. ۋە ئېيتتى: ئۇنىڭ ئىككى ئوخششىنى ئالغىل.

# ۋەكىللىك كىتابى

## شېرىكنىڭ ۋەكىل بولۇشى توغرىسىدا

1064ـ ئوقبەتە بىنى ئامىر ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ساھابىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان بىر پارچە قوينى بەردى. بىر دانە ئوغلاق قىلىپ قالدى. ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ غە زىكرى قىلدى. ئۇنى سەن قۇربانلىق قىل ـ دېدى( ئوقبە ساھابىلەرنىڭ شېرىكى ئىدى.ئۇ ۋەكىل بولدى)

## قويچى ياكى ۋەكىل ئۆلمەكچى بولغان قوينى كۆرۈپ بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ زەبھى قىلىش ياكى ئۇنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا

1065ـكەئىب بىننى مالىك ﷺ دىن ئۇنىڭ سەللەئ دېگەن جايدا ئۆتلايدىغان قويى بار ئىدى. بىزنىڭ بىر دېدىكىمىز قويلىرىمىزدىن بىر قوينىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بىر تاشنى چېقىپ

---

[69] مەنىسى : سىلەر بىلە ن ( ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا ئەھدى پەيمان قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىنى بېرىڭلار.

ئۇنىڭ بىلەن ئۇ قوينى بوغۇزلىدى. ئۇلارغا كەئب ئېيتتىكى : رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوراپ كەلگەيمەن ياكى ئۇنىڭدىن بۇنى سوراپ كېلىدىغان ئادەم ئەۋەتكەيمەن. (شۇنىڭغىچىلىك ) يېمەي تۇرۇڭلار. ۋە ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن بۇنى سورىدى ياكى ئادەم ئەۋەتتى ئاندىن ئۇ گۆشنى يېيىشكە بۇيرىدى.

## قەرزلەرنى ئادا قىلىشتا ۋەكىل بولۇش توغرىسىدا

1066- ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ گە قەرز سۈيلەپ كەلدى. قوپال قاتتىق تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭغا ساھابىلەر ئازار بىرىشكە قەست قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى تەرك قىلىڭلار ھەق ئىگىسىنىڭ سۆزى بار دىدى. ئاندىن ئېيتتى: ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تۆگىسىگە ئوخشاش ياشتىكىنى بىرىڭلار. ئېيتتىلەر : يا رەسۇلۇللاھ تاپالمايمىز. لېكىن ئۇنىڭ يېشىدىكىدىن كاتتاراقنى تاپالايمىز. ئاندىن ئېيتتى: ئۇنى بىرىڭلار چۈنكى ياخشىراقڭلار (چىرايلىقراق) ئادا قىلغىنىڭلاردۇر.

## قەۋمىنىڭ ۋەكىلىغا يا شاپائەت قىلغۇچىسىغا بىر نەرسە ھىبە قىلسا( سوغا قىلسا) دورۇست بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

1067- مىسۋەر بىنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەۋازىنىنىڭ ئەلچىللىرى مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەندە قوپتى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۇلارغا ماللىرىنى ۋە ئەسىرگە چۈشكەن بالا چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بىرىشنى سورىدىلەر. ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ماڭا گەپنىڭ دوستراغى راستراقىدۇر. ئىككى تائىپىنىڭ بىرىنى يەنى ئەسىرنى ياكى مالنى ئىختىيار قىلىڭلار. ۋە سىلەرنى كۈتكەن ئىدىم. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ تائىفدىن يانغاندا ئۇلارنى ئون نەچچە كۈن كۈتكەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارگە ئىككى تائىپەنىڭ بىرنى قايتۇرۇپ يەنە بىرىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقى ئاشكار بولغاندىن كيىن ئۇلار ئەسىرلىرىمىزنى ئىختيار قىلىمىز دىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانلار ئىچىدە تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتتى: ئاندىن ئېيتتى اما بعد: سىلەرنىڭ ئاۋۇ بۇرادىرىڭلار توبە قىلىپ كېلىپتۇ. مەن ئۇلارغا ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بىرىشنى توغرا كۆرىمەن. سىلەردىن بۇنى ھەقسىز قايتۇرۇشقا كۆڭلى قىيىپ دوست تۇتسا شۇنداق قىلسۇن. ۋە سىلەردىن بىرىڭلار ئاللاھ تائالا بىزگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىنىڭ ئەۋۋەلىدىن ئۇنىڭغا بىرىشىمىز شەرتى بىلەن ئۆز نەسىبىدە تۇرۇشنى دوست تۇتسا شۇنداق قىلسۇن- دىدى. خالايىقلار رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن ئۇلارغا بەدەلسىز قايتۇرۇپ بىرىشكە رازى بولدۇق دىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: سىلەردىن بۇ ھەقتە ئىزنى بەرگەن كىشىنى ئىزنى بەرمىگەن كىشىدىن ئايرىپ بىلمەيمىز. قايتىڭلار ھەتتاكى ۋەكىللىرىڭلار ئىشىڭلارنى ئىنىقلاپ ئەكەلسۇن. خەلقلەر تارقىدى. ئۇلارغا

ۋەكىللىرى (باشلىقلىرى) گەپ قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرغە قايتىپ كېلىپ خالايىقلارنىڭ بۇنىڭغا بەدەلسىز رازى بولغانلىقىنى ۋە ئىزنى بەرگەنلىگىنى خەۋەر قىلدىلەر.

## بىر كىشىنى ۋەكىل قىلسا ئۇ ۋەكىل بىر نەرسىنى تەرك قىلسا ئۇنىڭغا ۋەكىل قىلغۇچى ئىجازە بەرسە دۇرۇسلىغى توغرىسىدا

1068ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى رامىزاننىڭ زاكىتىنى ساقلاشقا ۋەكىل قىلدى. ئاندىن ماڭا كېچىدە بىر كەلگۈچى كېلىپ تائامدىن ئوشلاپ ئالغىلى تۇردى. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سېنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن دېدىم ئاندىن ئۇ مەن مۇھتاج مېنىڭ ئۇششاق بالىلىرىم بار. ۋە مېنىڭ قاتتىق ھاجىتىم بار دېدى. ئۇنى قويۇۋېتىپ بەردىم ئاندىن تاڭ ئاتتۇردۇم . رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەي ئابا ھۇرەيرە ئۆتكەن ئاخشام ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟ ـدېدى. يا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قاتتىق ھاجىتىنى ۋە ئۇششاق بالىلىرىنى شىكايەت قىلدى. ئۇنىڭغا رەھمە قىلىپ ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇۋېتىپ بەردىم- دېدىم. ئېيتتى ئاگاھ بولغىلكى ئۇ ساڭا يالغان ئېيتتى، ئۇ يەنە كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى قايتا كېلىدۇ دېگەنلىگى ئۈچۈن ئۇ قايتا كېلىدىكەن دەپ تونۇدۇم. ئۇنى مارىپ تۇردۇم ئۇ تائامنى ئوشلاپ ئۇسقىلى تۇرغاندا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سېنى رەسۇلۇللاھ ﷺ قېشىغا ئاپىرىمەن دېدىم. ئېيتتى : مېنى قويۇۋېتىپ بەرگىل مەن مۇھتاجدۇرمەن. ۋە ئۇششاق بالىلىرىم بار قايتا كەلمەيمەن. ئاندىن ئۇنىڭغا رەھمە قىلىپ ئۇنى يولىغا قويۇۋېتىپ بەردىم. ئاندىن تاڭ ئاتتۇردۇم . ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەي ئابا ھۇرەيرە ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟ ـ دېدى. ئېيتتىم يارەسۇلۇللاھ ئۇ قاتتىق قىيىنچىلىقىنى ۋە بالا جاقىسىنى شىكايەت قىلدى. ئۇنىڭغا رەھمە قىلىپ ئۆز يولىغا قويۇۋېتىپ بەردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاگاھ بولغۇنكى ئۇ ساڭا يالغان ئېيتتى. ئۇ قايتا كېلىدۇ- دېدى. ئاندىن ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم مارىپ تۇردۇم . ئۇ يەنە ئاشلىقنى ئوشلاپ ئۇسقىلى تۇردى. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سېنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن. ۋە بۇ ئۈچ مەررىنىڭ ئاخىردىكىسى. سەن قايتا كەلمەيمەن دەيسەن يەنە قايتا كېلىسەن – دېدىم . ئۇ ئېيتتى: مېنى قويۇپ بەرگىل ساڭا ئاللاھ مەنپەئەت بېرىدىغان كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قوياي. ئېيتتىم: نېمە كەلىمىلەر ئۇ؟ ئېيتتى: ۋاقتىكى ئورنىڭغا ياتقىلى ( ئارام ئالغىلى بارساڭ ، ئايەتى كۇرسىنى «« اللّٰهُ لَآ إِلٰهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ »» نى ئوقۇغىل {سۈرە بەقەرە 255ـ ئايەت} تاكى خەتمى قىلغايسەن (ئاخىرغىچە ئوقۇغىل ) ساڭا ئاللاھدىن ساقلىغۇچى ھەمىشە بىللە بولىدۇ. ۋە ساڭا تاڭ ئاتتۇرغىنىڭغىچە شەيتان يېقىن كەلمەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ يولىنى خالىي قىلدىم. ئاندىن تاڭ ئاتتۇردۇم . ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆتكەن ئاخشام ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟ دېدى. يارەسۇلۇللاھ ئۇ ماڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەت بېرىدىغان كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويىدىغانلىغىنى ئېيتتى. ئۇنى يولىغا قويۇۋەتتىم- دېدىم. نېمە كەلىمىلەر ئۇ ؟- دېدى. ئېيتتىم ئۇ ماڭا ئېيتتىكى ۋاقتىكى كۆرپەڭگە بارساڭ ئارام ئالساڭ ئايەتەل كۇرسىنى ئەۋۋەلىدىن تۈگىگىچە ئوقۇغىل«« اللّٰهُ لَآ إِلٰهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ »» ۋە ماڭا

ئېيتتى: ئاللاھدىن ساڭا بىر ساقلىغۇچى  ھەمىشە بىللە بولىدۇ. ۋە ساڭا تاڭ ئاتقۇچە شەيتان يېقىن كەلمەيدۇ. ۋە ئۇ ساھابىلەر خەيرىگە ئامراق ئىدىلەر. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئاگاھ بولغۇنكى  ئۇ راست ئېيتتى ۋەھالەنكى ئۇ بەك يالغانچىدۇر. ھەي ئەبۇ ھۇرەيرە ئۈچ كېچىدىن بىرى  كىمگە خىتاب ( گەپ ) قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن ؟ ئېيتتىم: ياق. ئېيتتى : ئۇ شەيتاندۇر.

## ۋەكىلنىڭ بەيئىنى پاست تەرىقىدە قىلغان بەيئىنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

1069- ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ﷺ دىن ئېيتتى: بىلال رەسۇلۇللاھ ﷺ غە بىر خىل بۇرەنى ( ياخشى ) خورما ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ قەيەردىن بۇ ؟- دېدى.  مېنىڭدە ناچار خورما بار  ئىدى. ئۆزلىرىگە تۆئمە (تاماق ) قىلسۇن دەپ ئۇنىڭدىن ئىككى سا خورمىنى بىر سا خورمىغا ساتتىم. شۇ ۋاقتىدا پەيغەمبەر ﷺ ئۆھ – ئۆھ . جازانىنىڭ ئەينىدۇر(ئۆزىدۇر). ئەينى جازاندۇر. بۇنداق قىلما. ۋەلېكىن سېتىپ ئالماقچى بولساڭ بۇ خورمىنى يەنە بىر خىل نەرسىگە سات . ئاندىن ئۇنىڭغا سېتىۋال- دېدى.

## شەرئى ھەد بەرپا قىلىشتا ۋەكىل بولۇش توغرىسىدا

1070- ئۇقبە بىننى ھارس ﷺ دىن ئېيتتى: نۇئماننى ياكى نۇئماننىڭ ئوغلىنى ھاراق ئىچكەن ھالدا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆيدە بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنى ئۇرۇشقا ئەمرى قىلدى. مەنمۇ ئۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. ئۇنى كەشلەر بىلەن ۋە شاخ بىلەن ئۇردۇق.

# يەر تېرىش ۋە چىقىدىغان ھوسۇلنىڭ بەزىسىگە يەرنى تېرىشقا بېرىشنىڭ كىتابى

## زىرائەت قىلىش ۋە كۆچەت تىكىشنىڭ پەزىلىتى

1071- ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر مۇسۇلمان كۆچەت تىكىدۇ ياكى زىرائەت قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇش  ياكى ئىنسان ياكى ھايۋان يېسىلا ئۇ يېگەن نەرسە مۇسۇلمانغا سەدىقە بولىدۇ.

## زىرائەت ئالتىگە(سايمىنىغا) مەشغۇل بولۇش ياكى ئەمىر قىلىنغان ھۇدۇددىن تاجاۋۇز قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ھەزەر قىلدۇرۇش توغرىسىدا

1072ـ ئەبۇ ئۇمامە باھىلى ﷺ دىن : ئۇ قوشماشىنى (بۇرۇنقى سوقىنى) ۋە دىھقانچىلىق سايمىدىن بىر نەرسىنى كۆرۈپ ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىدۇ: مۇشۇ نەرسە بىر قەۋمىنىڭ ئۆيىگە كىرمەيدۇ . لېكىن كىرسىلا ئاللاھ تائالا ئۇ ئۆيگە خارلىقنى كىرگۈزىدۇ.

## دىھقانچىلىق ئۈچۈن ئىت بېقىش توغرىسىدا

1073ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : دىھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىتىدىن باشقا ئىت ساقلىغان ئادەمىنىڭ ئەمىلىدىن كۈنگە بىر قىرات كەملەيدۇ.

1074ـ ئۇنىڭدىن ﷺ بىر رىۋايىتىدە : قوي ئىتى ياكى دىھقانچىلىق ياكى شىكار ئىتىدىن باشقا ئىت ساقلىسا.

1075ـ ئۇ ﷺ دىن يەنە بىر رىۋايىتىدە : شىكار (ئوۋ) ئىتى ياكى چارۋا ئىتىدىن باشقا (ئىت ساقلىسا)

## يەر ھەيدەش ئۈچۈن كالا ئىشلىتىش توغرىسىدا

1076ـ ئەبۇ ھۇرەيرەﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئول ئارىدىكى بىر كىشى كالىغا مىنىۋالغۇچىدۇر. كالا ئۇنىڭغا قاراپ مەن مىنىش ئۈچۈن يارىتىلمىدىم يەر ھەيدەش ئۈچۈن يارىتىلدىم – دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مەن بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۈم. ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ( ئىمان كەلتۈردى) ۋە بىر بۆرە بىر قوينى ئىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا قويچى ئەگەشتى. ئاندىن بۆرە ئېيتتى: ئۇ قويگە كىم مەسئول . يىرتقۇچ ھايۋان ئىگەللىگەن[70] مەندىن باشقا قوي باققۇچى يوق كۈنى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مەن بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۈم. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ( ئىمان كەلتۈردى) ئەبۇ ھۇرەيرە دىن رىۋايەت قىلغۇچى ئېيتتىكى ئۇ كۈندە جامائەت ئىچىدە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم يوق ئىدى.

## ماڭا خورمىنىڭ چىقىمىغا كۈپايە قىلغىل دېگەن كىشى توغرىسىدا

1077ـ ئۇ ﷺ دىن ئېيتتى: ئەنسارى ( مەدىنىلىك) ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتتىلەر: بىز بىلەن مۇھاجىرلار بۇرادەرلەرمىز. ئوتتۇرىسىدا خورمازارلىقنى تەقسىم قىلىپ بەرسىلە. پەيغەمبەر ﷺ ياق دېدى. ئۇلار ئېيتتىلەر: (مۇھاجىرلارغا) سىلەر چىقىمىغا كۈپايە قىلىڭلار ( باغنىڭ چىقىمىغا مەسئول بولۇڭلا) بىز سىلەرنى مېۋىسىگە شېرىك قىلايلى. ئېيتتىلەر بۇنى ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق.

1078ـ رافى ئىبنى خۇدەيج ﷺ دىن ئېيتتى: بىز مەدىنە ئەھلىنىڭ تېرىم يىرى ياكى تېرىقچىلىقى كۆپراقلاردىن ئىدۇق. يەردىن بىر تەرىپىنى كىراغە ( ئىجارىگە ) بېرەتتۇق. يەر ئىگىسىگە بىر بۆلۈكنى ئاتاپ – ئېيتتى: بەزىدە بۇنىڭغا ئاپەت يېتىپ زېمىن سالامەت قالاتتى.

[70] خالايىقلار پىتنىلەرگە مەشغۇل بولۇپ قوي ئىگىسىز قالغاندا بولىدۇ. ئاندىن بۆرە ۋە يولۋاس بۇلاپ كېتىدۇ.

ۋە بەزىدە زېمىنغا ئاپەت يېتىپ ۋە بۇ سالامەت قالاتتى. بۇنىڭدىن (بۇنداق ئىجارىنى) نەھى قىلىندۇق.[71] ۋە ئەمما ئالتۇن كۈمۈشلەر ئۇ كۈندە يوق ئىدى.

## مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىگە ئورتاقچىلىق قىلىش توغرىسىدا

1079- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ خەيبەر ئەھلى بىلەن زېمىندىن چىقىدىغان مېۋە ياكى زىرائەتتىن يېرىمىنى بېرىدىغانغا مۇئامىلە قىلدى. (توختام قىلىپ زېمىننى بەردى) ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىغا بىر يۈز سەكسەن ۋەسەق[72] مېۋە (خورما) ۋە يىگىرمە ۋەسەق ئارپا بېرەتتى.

1080- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما : پەيغەمبەر ﷺ زېمىننى كىراغە بېرىشتىن نەھى قىلمىدى ۋەلېكىن ئېيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بۇرادىرىگە (تېرىۋېلىشقا ھەقسىز ) بەرگىنى ئۇ زېمىنغا مەلۇم ئەجىر ئالغىنىدىن ياخشىراقدۇر.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەسھابلىرىنىڭ ۋەخپەلىرى ۋە خىراج زېمىنى ۋە ئۇلار بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىشى ۋە ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشى توغرىسىدا

1081- ئۆمەر ﷺ دىن ئۇ ئېيتتى: ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرى بولمىسا[73] پەتھى قىلىنغان زېمىننى ئۆز ئەھلى ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرەتتىم. پەيغەمبەر ﷺ خەيبەرنى تەقسىم قىلىپ بەرگەندەك.

## ئۆلۈك زېمىننى ( تۇسۇن يەرنى) ئېچىپ كۆكەرتكەن كىشى توغرىسىدا

1082- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: بىراۋنىڭ ھەققى بولمىغان يەرنى ئېچىپ كۆكەرتسە ئۇ زېمىنغا شۇ كىشى ھەقلىقراقدۇر.

1083- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېيتتى: ئۆمەر يەھۇدى ۋە ناسارالەرنى ھىجاز زېمىندىن سۈرگۈن قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەرگە غەلبە قىلىپ پەتھى قىلغاندا ئۇ يەردىن يەھۇدىيلارنى چىقىرۋىتىشنى ئىرادە قىلدى. ۋە زېمىنغا غەلبە قىلغان ۋاقتىدا ئۇ زېمىن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بولاتتى. ۋە يەھۇدىيلارنى ئۇ يەردىن چىقىرۋىتىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقتىدا يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۆزلىرىنى خەيبەردە بەرقارار قىلسا زېمىنغا ئۇلار ئىشلىسە ۋە ئۇلارغا مېۋىنىڭ يېرىمى بولسا دەپ سورىدى. ئاندىن ئۇلارغە پەيغەمبەر ﷺ

---

[71] رافى ئىبنى خۇدەيجنىڭ ھەدىسىنىڭ مەزمۇنى : يەرلەرنى بىر بۆلۈكنى يەر ئىگىسىگە قالدۇرۇپ ماۋۇ بىر پارچە ماڭا ۋە ماۋۇ بىر پارچە ساڭا دەپ كىراغە بېرەتتۇق. بەزىسىدە ئۇنىڭ يېرى ھۆسۇل بېرەتتى. بۇنىڭغا ئاپەت يېتەر ئىدى. ۋە بەزىدە ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئاپەت يېتىپ بۇنىڭ يېرى ھۆسۇل بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەھى قىلىندۇق. بۇخارىدا ئورتاقچىلىقتا مەكروھ شەرتلەر بابىدا رافىنىڭ ھەدىسى تەپسلى بايان قىلىنغاندۇر.

[72] بىر ۋەسەق 60 سا

[73] يەنى ئاخىرقى مۇسۇلمانلار ئۇلارغا بەلگۈلەنگەن خىراجدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئەندىشە قىلمىسام پەتھى قىلىنغان جايدىكى يەرنى تەقسىم قىلىپ بېرەتتىم كىيىنكى پەتھى قىلغانلەر مەنپەتسىز قالمىسۇن ئۈچۈن تەقسىم قىلمىدىم.

ئېيتتى: بىز سىلەرنى خالىغان مۇددەتكىچە ئۇ يەردە قارار ئالدۇرىمىز. ئاندىن ئۇلار خەيبەردە بەرقارار تۇردى. ھەتتا ئۇلارنى ئۆمەر ﵁ تەيما ياكى ئەرىھاغە سۈرگۈن قىلدى.

## تېرىقچىلىق ۋە مېۋە ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋە ئەسھابىلىرى بىر بىرىسىگە ياردەم قىلىشى توغرىسىدا

1084ـ رافى ئىبنى خۇدەيج ﵁ دىن ئېيتتى: تاغام زۇھەير بىننى رافى ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزلەرنى بىزگە مەنپەئەتلىك ئىشتىن نەھى قىلدى. ئېيتتىم: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزى ھەقدۇر. ئېيتتى رافى : مېنى رەسۇلۇللاھ ﷺ چاقىرىپ سىلەر زىرائەت ئېتىزلىقلارنى نېمە قىلىسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئېيتتىم: ئۇ يەرلەرنى ھوسۇلۇنىڭ تۆتتىن بىرىگە ۋە خورما ۋە ئارپا سالىرىگە (مۇنچا سا ئارپا ، خورما ) گە ئىجارىگە بېرىمىز. ئېيتتى:ئۇنداق قىلماڭلار ئۇنى ئۆزەڭلار تېرىڭلار ياكى ھەقسىز تېرىۋالغىلى بېرىڭلار ياكى ئۇنى بىكارغا (تېرىماي) تۇتۇپ قېلىڭلار. ئاڭلايمىز ۋە بويسۇنىمىز ـ دېدىم.

1085ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋە ئەبۇ بەكر ۋە ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملەرنىڭ ۋە مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىگىنىڭ دەسلەپكى زامانلىرىدا زىرائەت قىلىدىغان يەرلەرنى ئىجارىگە بېرەتتى. ئاندىن رافى ئىبنى خۇدەيجدىن ئۇنىڭغا ھەدىس قىلىندىكى پەيغەمبەر ﷺ زىرائەت يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىشتىن نەھى قىلدى. ئاندىن ئىبنى ئۆمەر رافىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تېرىم يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن نەھى قىلدى ـ دېدى. ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانىدا تېرىم يەرلىرىمىزنى ئېرىق ياقىسىدىكى يەرلەرنى تېرىۋىلىشقا ۋە سامانغا كىراغا بېرىدىغانلىقىمىزنى بىلەتتىڭ. ( شۇنداق فاسىد شەرتنى نەھى قىلغان)

1086ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۇ ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانىدە يەرنى ئىجارىگە بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەر ئىدىم. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقدە ئابدۇللاھ بىلمەيدىغان بىر ئىشنى پەيدا قىلغان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ زېمىننى ئىجارىگە بېرىشنى تەرك ئەتتى (تاشلىدى)

1087ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن : پەيغەمبەر ﷺ بىر كۈنى ھۇزۇرىدا بىر سەھرايى ئەرەب بار ئىدى. شۇنداق ھەدىس قىلدىكى : جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى پەرۋەردىگارىدىن دېھقانچىلىق قىلىش ھەققىدە ئىزنى سورىدى. پەۋەردىگارى ئۇنىڭغا سەن خالىغان نەرسىدە ئەمەسمۇ؟ (جەننەتتە) ئۇ كىشى ئېيتتى: ئارى شۇنداق لېكىن تېرىقچىلىق قىلىشنى دوست تۇتىمەن. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: (تېرىقچىلىققا ئىزنى بەردى) ئاندىن ئۇرۇق چاچتى. كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۈنۈپ رۇس ئۇسۇپ ئۆرلىشى كۆزنى ئالدىراتتى. ئاندىن تاغقا ئوخشاش بولدى. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ھەي ئادەم بالىسى بۇنى ئال. سېنى ھېچنەرسە تويغۇزالمايدۇ. ئاندىن سەھرايى ئەرەب ئېيتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ ئادەمنى قۇرەيشلىك ياكى ئەنسارى دەپ تاپىمىز. چۈنكى ئۇلار تېرىقچىلىق ئەھلى ۋە ئەمما بىز زىرائەت ئەھلى ئەمەس . ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ كۈلدى.

# مۇساقات يەنى باغ، دەل ـ دەرەخ ، مېۋىلەرنى مەلۇم ئەجىرگە سۇغۇرۇپ باشقۇرۇپ بېرىشكە بېرىش كىتابى

## سۇدىن نىسۋە توغرىسىدا

1088ـ سەھل ئىبنى سەئىد ﷺدىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ گەبىر قاچا سۇ كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن ئىچتى ۋە ئوڭ تەرىپىدە قەۋمىنىڭ كىچىكراقى بىر ئوغۇل ۋە سول تەرىپىدە پىشقەدەم شەيخلەر بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەي ئوغۇل بۇ سۇنى شەيخلەرگە بېرىشىمگە ئىزنى بېرەمسەن ؟ دېدى. ئوغۇل ئېيتتى: ئۆزلىرىدىن ئاشقان بەرىكەتلىك شارابىنى ھېچكىمگە ئۆتۈنمەيمەن يارەسۇلۇللاھ . ئاندىن سۇنى ئوغۇلغا بەردى.

1089ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئۇ زات ئېيتتى: مېنىڭ ھويلامدا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن بىر ئۆي قويى سېغىلدى. ۋە ئۇنىڭ سۈتى ھويلامدىكى قۇدۇق سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قاچىنى بېرىلدى. ئۇ زات ئۇنىڭدىن ئىچتى ھەتتا قاچىنى ئاغزىدىن تارتتى. ۋە سول تەرىپىدە ئەبۇ بەكرى ۋە ئوڭ تەرىپىدە بىر سەھرايى ئەرەپ بار ئىدى. دەرھال ئۆمەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەرابىغا قاچىنى بېرىپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ قاشلىرىدىكى ئەبۇ بەكرىگە بەرسىلە يا رەسۇلۇللاھ دېدى. ئۇ سۇنى ئوڭ تەرىپىدىكى ئەرابىغا بەردى. ئاندىن ئېيتتى؛ ئوڭ تەرەپتىكى ھەقلىقدۇر. ئوڭ تەرەپكە بەر.

## سۇ ئىگىسى قانغىچە ئىچىش سۇغۇرۇشقا ھەقلىقراق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1090ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئارتۇق سۇنى[74] ئۇنىڭ بىلەن يايلاقنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن مەنئى قىلىنمايدۇ.

1091ـ ئۇ ﷺ دىن يەنە بىر رىۋايىتىدە : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئۇشۇق ياي‌لاقنى مەنئى قىلىشقىلار ئۈچۈن ئۇشۇق سۇنى مەنئى قىلماڭلار.

## قۇدۇق ھەققىدە دەۋا قىلىش ۋە ئۇ ھەقدە ھۆكۈم قىلىش توغرىسىدا

1092ـ ئابدۇللاھ ﷺ پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ناھەق بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ئۆزۈپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەسەم قىلسا ئۇ قەسىمدە يالغانچىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالىتىدە ئۇنىڭ دەرگاھىغا يولۇقىدۇ. ئاللاھ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.‹‹ إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ

74 مەنىسى بىر كىشىنىڭ قۇدۇق ئەتراپىدا ياي‌لىقى بولۇ ئۇ قۇدۇقتىن باشقا سۇ يوق ئۇ سۇ بولمىسا ئۇ ياي‌لاقدا مال بېقىش مۇمكىن ئەمەس. قۇدۇق سۈيىدىن بىرىلمەسلىكىدىن ياي‌لاقنى مەنئى قىلىش لازىم كېلىدۇ. يەنى ياي‌لاقنى مەنى قىلىش ئۈچۈن سۈيىنىڭ ئارتۇقىنى مەنئى قىلماسلىق لازىم. جومھۇر ئۆلىمالارنىڭ ئېيتقان مەنىسى.

بِعَهْدِ اللَّهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلاً أُولَئِكَ لاَ خَلاَقَ لَهُمْ فِي الآخِرَةِ ››{سۈرە ئالى ئىمران 77ـ ئايەت} مەنىسى : ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملەرنى ئازغىنە بەدەلگە تېگىشىدىغانلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق نېسىۋە يوق . ئاندىن ئەشئەس كېلىپ ئېيتتى: ئەبۇ ئابدۇرەھمان نېمە ھەدىس قىلدۇ؟ بۇ ئايەت مېنىڭ ھەققىمدە نازىل بولدى. مېنىڭ تاغامنىڭ زېمىنىدە قۇدۇغۇم بار ئىدى. ماڭا گۇۋاھچىللىرىڭنى ھازىر قىل – دېدى. ئېيتتىم : گۇۋاھچىللىرىم يوق. ئېيتتى : ئۇنىڭ قەسىمىنى تەلەپ قىل. ئېيتتىم : يا رەسۇلۇللاھ ئۇ قەسەم قىلىۋېرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىسنى زىكرى قىلدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تەستىق قىلىپ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى .

## مۇساپىرنى سۇدىن مەنئى قىلغان كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

1093ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئۈچ تۈرلى كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. ۋە ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ. ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئاغرىتقۇچ ئازاپ بار. بىرىنچى: بىر كىشىنىڭ يولدا ئۇشۇق سۇيى بولۇپ ئۇنى مۇساپىردىن مەنئى قىلسا . ئىككىنچى بىر كىشى ئىمامغا بەيئەت قىلمايدۇ. لېكىن دۇنيا ئۈچۈنلا بەيئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا دۇنيادىن بەرسە رازى بولىدۇ. ۋە ئەگەر بەرمىسە غەزەپ قىلىدۇ. ئۈچۈنچى بىر كىشكى ئەسىردىن كېيىن مالىنى بەرپا قىلىپ ئېيتسكى : ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق بىر ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى : بۇ مالغا مۇنداق مۇنداق بىرىلدىم. ( بۇ مالنى مۇنداق مانچە پۇل ماڭا بىرىلدى. شۇنداق باھا قىلىندى) بۇنىڭ بۇ قەسىمگە يەنە بىر كىشى تەسدىق قىلىپ (شۇ باھاغا سېتىۋالدى) ئاندىن بۇ ئايەتنى قىرائەت قىلدى: .‹‹ إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلاً أُولَئِكَ لاَ خَلاَقَ لَهُمْ فِي الآخِرَةِ ››{سۈرە ئالى ئىمران 77ـ ئايەت}

1094ـ ئۇ زات ﷺ دىن : رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئول ئارىدىكى بىر كىشى مېڭىپ كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇساپ كەتتى. بىر قۇدۇققا چۈشۈپ ئۇنىڭدىن سۇ ئىچتى. ئاندىن چىقىۋىدى ھولۇسلاپ ئۇسسۇزلۇقتىن توپا يەپ بىر ئىت كەلدى. ئۇ كىشى ئېيتتى: ماڭا يەتكەن ئۇسسۇزلۇق بۇ ئىتقا يېتىپدۇر. ئۇ ئۆتۈكىگە سۇ توشقۇزۇپ ئۇنى ئاغزى بىلەن تۇتۇپ سىرتقا ئۆرلەپ چىقىپ ئىتنى سۇغاردى.. ئاللاھ تائالا بۇنىڭ ئەمىلىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى. ئېيتتىلەر: يا رەسۇلۇللاھ بىزلەرگە ھايۋانلاردىمۇ ئەجىر بارمۇ؟ ئېيتتى: ھەرقانداق ھۆل جىگەردە ئەجىر بار

## كۆل ياكى تۇلۇمنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆز سۈيىگە ھەقلىقراق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1095ـ ئۇ ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: نەپسىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ھەۋز كەۋسەرنىڭدىن بىر مۇنچە كىشىلەرنى ئېيتتىرىپ قوغلايمەن. قانداقكى غېرىپ تۆگىنى كۆلدىن هايداپ قوغلىغاندەك.

1096ـ ئۇ ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۈچ تۈرلى كىشى بار ئۇلارغا ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ( ئۇلارنى خوش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ. ۋە ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ.بىرىنچى كىشىدۇركى ساتىدىغان مالىغا ئەلۋەتتە بۇ بىرىلگەن باھادىن كۆپىراق باھا بىرىلدى( بۇنىڭدىنمۇ كۆپراق نەرخ باھا قىلىندى) دەپ قەسەم قىلىدى. ۋەھالەنكى ئۇ يالغانچىدۇر. (ئۇنداق كۆپ باھا قىلىنمىدى). ئىككىنچى مۇسۇلماننىڭ مىلىنى بىكار كىسىپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئەسىردىن كىيىن يالغان قەسەم قىلغان كىشىدۇر. ئۈچۈنچى ئۇشۇق ئارتۇق سۈنى بەرمەي مەنئى قىلغان كىشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: سىنىڭ ئىككى قولۇڭ ئەمەل قىلمىغان نەرسىنىڭ ئارتۇغىنى مەنئى قىلغىنىڭدەك ئارتۇق پەزلىمنى سەندىن مەنئى قىلىمەن.

## چىگرا بېكىتىش ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا خاس ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1097ـسەئىب بىن جەسسامە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيىتتى: چىگرا توساق بەلگۈلەش پەقەت ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈنلا بار.

## ئېرىق ئۆستەڭلەردىن خالايىقنىڭ سۇ ئىچىشى ۋە ئۇلاق ـ هايۋانلارنى سۇغۇرىشى توغرىسىدا

1098ـ ئەبۇ هۇرەيرە ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: ئات بىر ئادەمگە ئەجىردۇر. ۋە بىر ئادەمگە پەردە ۋە بىر ئادەمگە گۇناھدۇر. ئەمما ئات ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدىغان كىشى – بىر ئادەمدۇركى ئۇ ئاتنى خۇدا يولىدا باغلىدى ئۇنى يايلاق ياكى باغدا ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن باغلىدى. ئاندىن ئۇ ئات ئۇزۇن ئاراغامچىنى سۆرەپ يۈرۈپ يەتكەن نەرسە (يېگەن نەرسە) يايلاقدىن ياكى باغدىن ئۇ كىشىگە ساۋاپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاتنىڭ ئارغامچىسى ئۈزۈلۈپ بىر ئىككى دوڭگە ئورلىسە ئۇنىڭ ماڭغان ئىزلىرى ۋە تېزەكلىرى ئۇ كىشىگە ساۋاپ بولىدۇ. ۋە ئەگەر ئۇ ئات بىر ئېرىق – ئۆستەڭگە ئۆتۈپ ئۇنىڭدىن سۇ ئىچسە ۋەھالەنكى ئۇ ئادەم ئۇنى سۇغۇرۇشنى ئىرادە قىلمىغان ئىدى. شۇ ئۇ ئادەمگە ھەسەنات – ساۋاب ئەجىرلەر بولىدۇ. مانا بۇ ئات بۇ ئادەمگە ئەجىردۇر. ۋە بىر كىشىكى ئۇ ئاتنى بىھاجەت بولۇش ۋە تىلەكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باغلاپ باقتى.ئاندىن ئاتنىڭ ئۈچىسىدىكى ۋە گەردىنىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. (زاكاتنى ۋە ئارىيەتكە بىرىشنى) بۇ ئات بۇ ئادەمگە پەردە بولىدۇ. ۋە بىر كىشىكى مۇسۇلمانلارغا پەخرى قىلىپ ۋە رىيا قىلىپ ئۆچەكىشىپ باغلاپ باقتى. ئۇ ئات ئۇ ئادەمگە گۇناھ بولىدۇ . ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئېشەكلەردىن سوئال قىلىندى. ئېيتتى

ماڭا بۇ ھەقتە جامى  ئايەتتىن باشقا نەرسە چۈشمىدى. ‹‹ فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ . وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ ›› {سۈرە زەلزەلە 7ـ ئايەت} مەنىسى : كىمكى زەررىچىلىك  ياخشى ئىش قىلسا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. ۋە كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلسا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

## ئوتۇننى ۋە ئۆت ـچۆپنى سېتىش توغرىسىدا

1099ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رضي الله عنه دىن ئۇ ئېيتتى: بەدرى كۈنى  رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن غەنىيمەتتە يەنە بىر قىرى ياشلىق تۆگىگە يىتىشدىم. ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا بىر قىرى ياشلىق تۆگە ئاتا قىلدى. سېتىش ئۈچۈن ئۈچۈن ئۇ ئىككى تۆگىگە ئىزخىرنى ( مەككە چىغى) ئارتقىلى ئەنسارىدىن بىر كىشىنىڭ ئىشىكىدە ئۇ ئىككى تۆگىنى چۆكۈردۈم، ۋە مېنىڭ بىلەن بەنى قەينۇقا قەبىلىسىدىن بىر قويۇمچى بار. ئۇنىڭ بىلەن پاتىمەنىڭ تويىغا  ياردەم تەلەپ قىلماقچى ئىدىم. ۋە ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىب ئۆيدە نەغمىچى قىز بىلەن ھاراق ئىچىۋاتاتتى. ئۇ قىز ئېيتتى: ئايا ھەي ھەمزە قىرى ياشلىق سېمىز تۆگىلەرگە قوپۇپ  پىچاق سۇرمەمسەن ( دېگەن مەزمۇندىكى شېئىرنى ئوقۇدى) ئاندىن ھەمزە ئۇ ئىككى تۆگىگە قىلىچ بىلەن قوپۇپ ئۇنىڭ لوكىسىنى كەستى. ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ بىقىنىنى ياردى.  ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ جىگىرىدىن ئالدى. ئەلى ئېيتتى: ماڭا قاتتىق سەت ئېغىر كەلگەن مەنزىرىگە قارىدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ  قېشىغا كەلدىم. ۋە يېنىدا زەيد بىننى ھارىسە بار ئىكەن . بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدىم. زەيد بىلەن بىللە چىقتى.  رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە يۈردۈم . ئۇ ھەمزىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندى. ئاندىن ھەمزە كۆزىنى كۆتۈرۈپ ئېيتتى: سىلەر پەقەت ئاتىلىرىمنىڭ قۇللىرى دېدى. پەيغەمبەر ﷺ قايتىپ ئۇلاردىن ئارقىچە چىقىپ كەتتى. ۋە بۇ ھاراقنى ھارام قىلىشتىن ئىلگىرى ئىدى.

## قەتىيئەلەر( ئىمام ۋە ھاكىم تەرىپىدىن خەلقلەرگە كېسىپ بېرىلگەن) نەرسە توغرىسىدا

1100ـ ئەنەس رضي الله عنه دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ  بەھرەيندىن يەر كېسىپ بېرىشنى ئىرادە قىلدى. ئەنسارىلار ئېيتتى: بىزلەرگە كېسىپ بېرىدىغانلىرىڭنىڭ ئوخشىشىنى مۇھاجىر بۇرادەرلىرىمىزگىمۇ كېسىپ بەرگەيلا. ئېيتتى: مەندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا باشقىلارنى ئىختىيار قىلىشنى كۆرىسىزلەر. شۇڭا ماڭا ئاخىرەتتە يولۇققىچىلىك سەبرى قىلىڭلار.

## باغدا ئۆتىدىغان يولى ياكى خورمازارلىقتا سوغۇرۇلىدىغان سۇ نىسۋىسى بار كىشى توغرىسىدا

1101ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ: كىشىكى خورمىنى چاڭلاشتۇرغاندىن كىيىن ستىۋالسا ئۇنىڭ مېۋىسى ساتقۇچىنىڭ بولىدۇ. لېكىن سېتىۋلغۇچى شەرت قىلغان بولسا(مېۋىسىنى ) (ئۇنىڭ بولمايدۇ) ۋە كىشىكى بىر قۇلنى سېتىۋالسا ئۇ قۇلنىڭ مېلى بولسا ئۇ مال ساتقۇچىنىڭدۇر. لېكىن سېتىۋالغۇچى شەرت قىلغان بولسا (يەنى مالنى قوشۇپ ئېلىشنى) (ئۇنىڭ بولمايدۇ. )

## قەرز تەلەپ قىلىش ۋە قەرزلەرنى ئادا قىلىش ۋە سودا ـ مۇئامىلە قىلىشتىن مەنئى قىلىش ۋە ھاكىمىنىڭ قەرزدارنى پۇلسىز دەپ ئېلان قىلىشى توغرىسىدا

كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ئادا قىلىشنى ياكى ھالاك قىلىشنى (بەرمەسلىكنى) ئىرادە قىلىپ ئىلىۋالغان كىشى توغرىسىدا

1102ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: كىشىكى خالايىقنىڭ مېلىنى ئادا قىلىشنى ئىرادە قىلىپ (قەرز) ئالسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىدىن ئادا قىلىدى. ۋە كىشىكى ئۇنى ھالاك (بەرمەسلىكنى) ئىرادە قىلىپ (قەرز ) ئالسا ئالالاھ تائالا ئۇنى ھالاك قىلىدۇ.

## قەرزلەرنى ئادا قىلىش توغرىسىدا

1103ـ ئەبۇ زەرە ﷺ دىن ئېيتتى: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئىدىم. ئۇ بىراۋنى كۆرۈپ ئېيتتى: قەرز ئادا قىلىشتا ساقلاپ قويغان تىللادىن باشقا قىشىمدا بىر تىللا ئالتۇننىڭ ئۈچ كۈندىن يوقرى ئايلىنىپ يۈرۈشنى دوست تۇتمايمەن. ئاندىن ئېيتتى: مېلى كۆپلەر ساۋابى ئازراقلاردۇر. لېكىن مالنى ئالدى ۋە كەيىندىن ئۇياق ـ بۇياققا نەپىقە قىلغان كىشى ئۇنداق ئەمەس. ۋە ئۇلار بەك ئازدۇر. ۋە جايىڭدا تۇر ـ دەپ يېقىن بىر يەرگە ئىلگىرلەپ كەتتى. ئاندىن ئاۋازنى ئاڭلىدىم ۋە قېشىغا بىرىشنى ئىرادە قىلدىم. ئاندىن مەن ساڭا كەلگۈچە جايىڭدا تۇر دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئاندىن كەلگەندە ئېيتتىم: يا رەسۇلۇللاھ مەن ئاڭلىغان نەرسە يا ئېيتتى: ئاۋاز ئاڭلىدىم. ئېيتتى: ئاڭلىدىڭمۇ؟ ھەئە ئاڭلىدىم ـ دېدىم. ئېيتتى: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئېيتتى: ئۈممىتىڭدىن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ. ئېيتتىم: ئەگەر مۇنداق قىلسىمۇ؟ (زىنا ۋە ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ؟) ئېيتتى : ھەئە كىرىدۇ.

## قەرزنى چىرايلىق ئادا قىلىش توغرىسىدا

1104ـ جابىر بىننى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئىيتتى: چاش ۋاقتى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدتە تۇرغاندا ھۇزۇرىغا كەلدىم.ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغىل دىدى ۋە مىنىڭ ئۇنىڭدا قەرزىم بار ئىدى. ماڭا ئادا قىلدى. ۋە ماڭا زىيادە بەردى.

## قەرز قالدۇرۇپ(ئۆلگەن ) كىشىگە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

1105ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ ئىيتتى: مۆمىنلا بولىدىكەن مەن ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يېقىنراقدۇرمەن. ئەگەر خالىيساڭلار قىرائەت قىلىڭلار. ‹‹ النَّبِيُّ أَوْلَى بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنْفُسِهِمْ ›› {سۇرە ئەھزاب 6ـ ئايەت } مەنىسى : پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۆز جانلىرىدىنمۇ يېقىنراقدۇر. قايسى مۆمىنكى ئۆلسە ۋە مالنى تەرك قىلسا ئۇنىڭغا مىراس كېلىدىغان تۇققانلىرى ۋارىس بولسۇن كىملا بولسا ۋە كىشىكى قەرزنى ياكى زايە بولىدىغان (بالاغە ئوخشاش) نەرسىنى تەرك قىلسا ماڭا كەلسۇن مەن ئۇنىڭ مەۋلاسى (ۋەلى ، ئىگىسى )دۇرمەن.

## مالنى زايە قىلىشتىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

1106ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە ﷺ دىن ئىيتتى: ئىيتتى: پەيغەمبەر ﷺ : شەكسىز ئاللاھ تائالا ئانىلارنى نارازى قىلىشنى ۋە قىزلەرنى تىرىك كۆمۈشنى ۋە ئاتا قىلىشتىن مەنئى قىلىشنى كەلتۈر (دەپ كىشىنىڭ نەرسىنى ئېلىۋېلىشنى ) ھارام قىلدى. ۋە سىلەرگە دىيىلدى. دىدى(بىكار بىھۇدە گەپ قىلىشنى) ۋە كۆپ سوئال قىلىشنى ۋە مالنى زايە قىلىشنى كەرىھ (يامان ) كۆردى.

# خۇسۇمات ( دەۋالەر ) كىتابى

## شەخسلەردە ۋە مۇسۇلمان يەھۇدى ئوتتۇرىسىدا زىكىر قىلىنغان نەرسە توغرىسىدا

1107ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئود ﷺ دىن ئىيتتى: بىر ئادەمدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىغان قىرائەتنىڭ خىلاپىنى ئوقۇغانلىقنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېلىپ باردىم. ئىيتتى: ھەر ئىككىڭلار ياخشى قىلغۇچىدۇرسىلەر. ئىختىلاپ قىلىشماڭلار. سىلەردىن ئىلگىركى كىشىلەر ئىختىلاپ قىلىشىپ ھالاك بولدىلەر.

1108ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى: بىر مۇسۇلمان بىر يەھۇدى بىلەن تاكاللىشىپ قالدى. مۇسۇلمان مۇھەممەد ﷺ ئالەملەرگە تاللىغان ئاللاھقا قەسەم دىدى. ۋە يەھۇدى موسانى

ئالەملەرگە تاللىغان ئاللاھقا قەسەم دېدى. شۇندا مۇسۇلمان قولىنى كۆتۈرۈپ يەھۇدىنىڭ يۈزىگە كاچاتلىدى. ئاندىن يەھۇدى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئۆزى بىلەن مۇسۇلمان ئىشلىرىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلماننى چاقىرىپ كېلىپ بۇ ئىشتىن سورىدى. ئۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: مېنى موسانىڭ ئۈستىگە ئىختىيار قىلماڭلار( ئۇنىڭدىن ياخشى ) دېمەڭلار . خالايىقلار قىيامەت كۈنى ھەممىسى بىھۇش بولىدۇ. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىھۇش بولىمەن. ئاندىن ئەۋۋەل ھوشىغا كەلگەن كىشى مەن بولىمەن. موسا ئەرشىنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرغۇچىدۇر. (مەندىن ئىلگىرى) بىلمەيمەنكى ئۇ موسا بىھۇش بولغان كىشىنىڭ ئىچىدە بولۇپ مەندىن ئىلگىرى ھوشىغا كەلدىمۇ ياكى ئاللاھ تائالا بىھۇش قىلىشتىن ئايرىۋالغان كىشىلەردىن بولدىمۇ.[75]

1109ـ ئەنەس ﷺ دىن بىر يەھۇدى بىر قىزنىڭ بېشىنى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا ئېزىۋەتتى. دېيىلدى: كىم قىلدى بۇنى ساڭا ئايا پالانىمۇ ؟ ياكى پالانىمۇ ؟ ھەتتا يەھۇدى ئاتالدى(يەھۇدىمۇ دەپ) . ئۇ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى(ھەئە دەپ ) . يەھۇدى تۇتۇلدى ۋە ئۇ ئېتىراپ قىلدى. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ ئەمر قىلدى شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېشى ئىككى تاش ئارىسىدا ئېزىلدى.

## دەۋاگەرلەرنىڭ بەزىسىنىڭ بەزىسىگە دېگەن سۆزى توغرىسىدا

1110ـ ئەشئەسنىڭ ھەدىسى يېقىندا 1092ـ ھەدىستە ئۆتتى. ۋە ئۇ يەردە ھەزەر مەۋت دىن بىر ئادەم بىلەن خۇسۇمەت قىلىشقانلىقىنى زىكرى قىلدى. ۋە بۇ رىۋايىتىدە ئۇ ئۆزى ۋە بىر يەھۇدى دېدى.

# چۈشۈپ قالغان نەرسە ھەققىدىكى كىتاب

## چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئالامىتى بىلەن خەۋەر بەرسە ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

1111ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب ﷺ دىن ئېيتتى: يۈز دىنارلىق بىر خالتىنى تېپىۋالدىم. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كەلدىم. ، ئۇنى بىر يىل تونۇتقىل- دېدى. ئۇنى تونۇتتۇم . ئۇنى تونۇيدىغان كىشىنى تاپالمىدىم. ئاندىن ھۇزۇرىغا يەنە كەلدىم. ئېيتتى : يەنە بىر يىل تونۇتقىن ، ئاندىن بىر يىل تونۇتتۇم. ئۇنى تونۇيدىغان كىشىنى تاپالمىدىم. ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم ھۇزۇرىغا كەلدىم. ئېيتتى: ئۇنىڭ خالتىسىنى ۋە ئۇنىڭ سانىنى ۋە بوغقۇچىنى

---

[75] فَصَعِقَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَن شَاءَ اللَّهُ يەنى ئاللاھ خالىغان كىشىدىن باشقا ئاسمان زېمىندىكى ھەممە كىشىلەر بىھۇش بولىدۇ. دېگەن .

ساقلاپ قويغىن . ئەگەر ئىگىسى كەلسە قايتۇرغىل ۋە ئەگەر كەلمىسە ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەت ئالغىل.

## يولدىكى چۈشۈپ قالغان خورمىنى ئېلىش توغرىسىدا

1112ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: مەن ئەھلىمگە يۆتكىلىمەن. ئاندىن كۆرپەمدە چۈشۈپ قالغان خورمىنى تاپىمەن ئۇنى يەي دەپ كۆتۈرىمەن(ئالىمەن) ئاندىن ئۇنىڭ سەدىقە بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى تاشلىۋېتىمەن.

# زۇلۇملەرنىڭ كىتابى

## زۇلۇملەرنىڭ قىساسى توغرىسىدا

1113ـ ئەبۇ سەئىد خۇدري ﵁ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئېيتتى: ۋاقتىكى مۆمىنلەر دوزاختىن خالاس بولسا دوزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا بىر كۆۋرۈكدە توختۇتىلىدۇ. ئۇلار دۇنيادا ئۆز ـ ئارىلىرىدىكى زۇلۇملەردىن قىساس ئېلىشىدۇ. ھەتتا ئۇلار پاكىزلىنىسىلەر ۋە تازلىنىسىلەر. ئۇلارگە جەننەتكە كىرىشكە ئىزنى بىرىلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بىرى جەننەتتىكى تۇرالغۇ جايىنى دۇنيادىكى جايىدىن بەكراق بىلگۈچىراقدۇر . ( دالالەت قىلىنغۇچىراقتۇر).

## ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ أَلَا لَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى الظَّالِمِينَ ››[76] {سۈرە ھۇد 18 ـ ئايەت} قەۋلى توغرىسىدا

1114ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۆمىننى يېقىن قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆز پەردىسىنى قويۇپ ياپىدۇ. ئاندىن سەن مۇنداق گۇناھىڭنى مۇنداق گۇناھىڭنى تونۇمسەن ؟ ئۇ بەندە ھەئە يا رەب دەيدۇ. ئۇ مۆمىننى گۇناھلىرىغا ئىقرار قىلدۇرسا ۋە ئۇمۇ ئۆز نەپسىدە ھالاك بولدۇم ـ دەپ رەئيى قىلسا ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ئۇنى گۇناھنى ساڭا دۇنيادا ياپتىم. ۋە بۈگۈنمۇ ئۇ گۇناھىڭنى ساڭا مەغپىرەت قىلىمەن. ئاندىن ئۇنىڭ نامە ئەمەل دەپتىرى بىرىلىدۇ. ئەمما كاپىر ياكى مۇناپىق ‹‹ وَيَقُولُ الْأَشْهَادُ هَؤُلَاءِ الَّذِينَ كَذَبُوا عَلَى رَبِّهِمْ أَلَا لَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى الظَّالِمِينَ ›› مەنىسى : ۋە گۇۋاھچىلار ئېيتىدۇ: ئۇلار ئۆز نەپسىلىرىگە يالغان ئېيتقانلاردۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغادۇر.

---

[76] ئاگاھ بولۇڭلاركى ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى زالىملارغىدۇر

## مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلماسلىقى ۋە ئۇنى تاشلىۋەتمەسلىگى لازىم توغرىسىدا.

1115ـ ئىبنى ئۆمەر ﷺ دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ بۇرادىرىدۇر. ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ. ۋە ئۇنى ھالاكەتكە تاشلىۋەتمەيدۇ. كىشكى بۇرادىرىنىڭ ھاجىتىدە بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ. ۋە كىشىكى بىر مۇسۇلماندىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆشادە قىلسا ( كۆتىرىۋەتسە) ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتىرىۋىتىدۇ. ۋە كىمكى بىر مۇسۇلماننى (ئەيىبى ۋە بەدىنىنى) ياپسا ئاللاھ تائالا ئۇنى ياپىدۇ. (قىيامەت كۈنى)

## بۇرادىرىڭغا زالىم ياكى مەزلۇمغا بولغان ھالىتىدە ياردەم قىل دېگەن ھەدىس توغرىسىدا

1116ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇرادىرىڭگە زالىم بولغان ھالىتىدە ياكى مەزلۇم بولغان ھالىتىدە ياردەم قىلغىل. ئېيتتى ئەنەس: يا رەسۇلۇللاھ بۇ مەزلۇم بولغان ھالىتىدە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمىز. ئۇ زالىم بولغان ھالىتىدە ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلىمىز؟ ئېيتتى: ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىن تۇتۇۋالسەن (زۇلۇم قىلدۇرمايسەن)

## زۇلۇم قىيامەت كۈنىدە زۇلۇمات ( قاراڭغۇلۇقلەر) ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1117ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: زۇلۇم قىيامەت كۈنىدە زۇلۇمات (قاراڭغۇلۇقلار) دۇر.

## بىر كىشىنىڭ بىر كىشىدە زۇلۇمى بولسا ئۇنىڭدىن ھالاللىق (رازىلىق) تەلەپ قىلسا ئۇنىڭ زۇلمنى بايان قىلامدۇ؟ توغرىسىدا

1118ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە بۇرادىرىنىڭ زۇلمى بولسا ئابرويىدىن ياكى باشقا ھەققى بولسا تىللا ۋە تەڭگە يوق كۈندىن ئىلگىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭدىن رازىلىق تەلەپ قىلسۇن. ئەگەر ئۇ زۇلمى قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەلى بولسا قىلغان زۇلمى مىقدارى ئۇ ئەمەلدىن ئېلىنىدۇ. ۋە ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ھەسەناتى بولمىسا ئۇ مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ ئۇ زالىمغا ئارتىلىدۇ.

## زېمىندىن بىر نەرسىگە زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

1119ـ سەئىد بىننى زەيد ﷺ دىن ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتىدۇ: كىمكى زېمىندىن بىر نەرسىگە زۇلۇم قىلسا ئۇ زېمىننى يەتتە قات زېمىنغىچە ئۇ كىشىنىڭ گەردىنىگە كەيدۈرۈلىدۇ.

1120 ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىيتتى: ئېيتتى پەيغەمبەر ﷺ : كىمكى زېمىندىن بىر نەرسىنى ھەقسىز ئېلىۋالسا ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى يەتتە قات يېرىگىچە يۇتقۇزۇلىدۇ.

## بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنسانغا ئىزنى بەرسە دورۇست بولىدىغانلىغى توغرىسىدا

1121ـ ئۇ ﷺ دىن ؛ ئۇ زات خورما يەۋاتقان بىر قەۋمگە ئۆتۈپ ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ (ئىككى نەرسىنى جۈپلاپ) يىقىن قىلىشتىن نەھى قىلدى. لېكىن سىلەردىن بىرىسى بۇرادىرىگە ئىزنى سورىسا ئىزنى بەرسە جۈپلاپ يېسە دۇرۇس بولىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ ‹‹ وَهُوَأَلَدُّ الْخِصَام ›› {سۈرە بەقەرە 204 ـ ئايەت } قەۋلى توغرىسىدا

1122ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئاللاھ تائالاغا ئەرلەرنىڭ دۈشمەنراغى بەك چىرماش خۇسۇمەتچىدۇر.

## بىلىپ تۇرۇپ باتىلدا خۇسۇمەت قىلغان كىشىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

1123ـپەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ئۇ پەيغەمبەر ﷺ ھۆجرىسىنىڭ ئىشىگىدە بىر خۇسۇمەتنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭغا چىقىپ ئېيتتى: پەقەت مەنمۇ ئىنسان ۋە ماڭا دەۋاگەر كېلىدۇ. ۋە بەزىسى بەزىسىدىن مۇبالىغە قىلغۇچراق ئۇنى راست ئېيتتى دەپ گۇمان قىلىمەن. ۋە ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىمەن. بىر كىشىگە بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن بولسام ئۇ دوزاختىن بىر پارچىدۇر. ئۇنى ئالسۇن ياكى قالدۇرسۇن.

## زالىمنىڭ مېلىنى تاپقاندا مەزلۇمنىڭ قىساس ئېلىشى توغرىسىدا

1124ـ ئۇقبە بىننى ئامىر ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتتۇقكى : ئۆزلىرى بىزلەرنى بىر يەرگە ئەۋەتىلا. بىزنى مېھمان قىلمايدىغان قەۋمگە چۈشىمىز. قانداق قارايلا؟ بىزلەرگە ئېيتتى؛ ۋاقتىكى بىر قەۋمگە چۈشسەڭلار سىلەرنى مېھمانغا لايىق بىر نەرسىگە بۇيرۇلسا قوبۇل قىلىڭلار. ۋە ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىسا ئۇلاردىن مېھماننىڭ ھەققىنى ئېلىڭلار.

## خوشنا خوشنىنىڭ تىمىغا ياغاچ قاداشنى مەنئى قىلماسلىقى توغرىسىدا

1125ـ ئەبۇ ھۇرەيرە دىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: خوشنا خوشنىسى تىمىغا ياغاچ قاداشتىن مەنئى قىلمايدۇ. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتتى: نېمەدۇر ماڭا سىلەرنى يۈز ئۆرۈگۈچى كۆرىمەن. ۋەللاھى ئەلۋەتتە ئۇنى دولاڭلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتىمەن.

## ھويلىنىڭ پاناھلارى ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرۇش ۋە يوللاردا ئولتۇرۇش توغرىسىدا

1126ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: سىلەر يوللاردا ئولتۇرۇشتىن يىراق بولۇڭلار. ئېيتتىلەر: بىزلەرگە چارە يوق ئۇ يول ئولتۇرىدىغان جايىمىز ئۇ يەردە سۆزلىشىمىز.ئېيتتى: ئەگەر ئولتۇرۇشتىن باش تارتساڭلار، يولغا ھەققىنى بىرىڭلار. ئۇلار يولنىڭ ھەققى نېمە؟ دېدىلەر. ئېيتتى: كۆزنى پەس قىلىش ئازارنى يىغىش ۋە سالام قايتۇرۇش ۋە ئەمر- مەئرۇف قىلىش ۋە نەھى مۇنكەر قىلىشدۇر.

## چوڭ يولدا ئىختىلاپ قىلىشلىرى توغرىسىدا

1127ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: كەڭ يولدا تالاش – تارتىش قىلىشۇدىلەرپەيغەمبەر ﷺ يەتتە گەز قويۇشقا ھۆكۈم قىلدى.

## بۇلاڭچىلىق ۋە (بۇرۇن قۇلاقنى كىسىشكە ئوخشاش ) ئاشكار جازادىن نەھى قىلىش توغرىسىدا

1128ـ ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد ئەنسارى ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ بۇلاڭچىلىقتىن ۋە بەدەننى ئۆزگەرتىشتىن نەھى قىلدى.

## مېلى ئۈستىدە ئۆرۈش قىلغان كىشى توغرىسىدا

1129ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئېيتتىدۇ: كىمكى مالى ئۈستىدە ئۆلسە شەھىددۇر.

## قاچىنى ياكى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى چىقىپ قويسا قانداق قىلىش توغرىسىدا

1130ـ ئەنەس ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ بەزى خوتۇنلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ بىرى خادىم بىلەن بىر قاچا تائام ئەۋەتتى. ئۇنىڭ[77] قولىغا ئۇرۇپ ئۇنىڭ قاچىنى

[77] ئۆي ئىگىسىنىڭ خوتونى چېقىۋەتتى.

چىقمۇەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يەملەپ ئۇنىڭغا تائامنى قويۇپ يەڭلار- دېدى. ۋە ئەلچىنى ۋە قاچىنى ئۇلار تائامدىن پارىغ بولغىچە تۇتۇپ تۇردى. ۋە ساق قاچىنى بىرىپ سۇنۇق قاچىنى تۇتۇپ قالدى.

# شىركەتنىڭ كىتابى

## تائامدا ۋە سەپەردە تەڭ چىقىرىشدا ۋە ماتادا شېرىكچىلىك قىلىش توغرىسىدا

1131- سەلەمە بىننى ئەكۋە ﷺ دىن ئېيتتى: قەۋمىنىڭ ئۇزۇقلىرى يەڭگىللەپ مۇھتاج بولغىلى يېقىنلاپ ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرغا تۆگىلەرنى بوغۇزلاش ئۈچۈن كەلدى. ئۇلارغا ئىزنى بەردى. ئاندىن ئۇلار ئۆمەر ﷺ غە يوقۇلۇپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدىلەر. ئۆمەر ئېيتتى: تۆگەڭلاردىن كيىن باقى قىلىشڭلار نېمەدۇر؟ ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئېيتتى: يا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تۆگىسىدىن كيىن باقى تۇرۇشى نىمدۇر؟ ( ئۇلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋتىپ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؟) رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: خالايىققا ئېلان قىلغىل ئۇلار ئۇزۇقلىرىنىڭ ئارتۇغىنى كەلتۈرسۇن. بۇنىڭغا بىر داستىخان يېيىلدى. ئۇلار ئارتۇق ئۇزۇغىنى شۇ داستىخانغا قىلدىلەر. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ قوپۇپ ئۇنىڭغا بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى قاچىلىرى بىلەن چاقىردى. ئۇلار ئوشلاپ ئوشلاپ ئۇستىلەر. ھەتتا پارىغ بولدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەشھەدۇ ئەننە لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەننى رەسۇلۇللاھ . يەنى گۇۋاھلىق بىرىمەنكى بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقدۇر. ۋە مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن.

1132- ئەبۇ موسا ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئەشئەرىلەر غازاتتا ئۇزۇغى ئازلاپ قالسا ياكى مەدىنەدە بالا – جاقىللىرىنىڭ تائامى ئازلاپ قالسا ئۆزلىرىدىكى قالدۇق ئۇزۇقلارنى بىر قاچىغا جەمى قىلىپ ئۇنى ئۆز – ئارىلىرىدا بابباراۋەر بىر قاچا بىلەن تەقسىم قىلىدۇلەر. شۇڭا ئۇلار مەندىن ۋە مەن ئۇلاردىن.

## قوينى تەقسىم قىلىش توغرىسىدا

1133- رافى ئىبنى خۇدەيج ﷺ دىن ئېيتتى: زۇلھۇلەيفىدە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئىدۇق. خالايىققا ئاچلىق يەتتى. ئۇلار تۆگە ۋە قويغە يەتتى. (غەنىمەت ) ئالدى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ قەۋمىنىڭ ئاخىرىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇلار ئالدىراپ زەبھى قىلىپ قازانلارنى ئاستىلەر. ئاندىن قازانلار قىڭغايتىلدى. (تۆكۈلدى) ئاندىن تەقسىم قىلدى. ۋە ئون قوينى بىر تۆگىگە باراۋەر قىلدى. ۋە ئۇنىڭدىن بىر تۆگە قاچتى.. ئۇلار ئۇنى تەلەپ قىلىددىلەر. ئۇلار نى ئاجىز

قىلدى. قەۋمىنىڭ ئىچىدە ئات ئاز ئىدى. ئاندىن ئۇلاردىن بىر ئادەم ئۇنى ئوق بىلەن قەست قىلدى. ئۇنى ئاللاھ تائالا توختاتتى. ئاندىن ئېيتتى: بۇ چارۋىلارنىڭمۇ ۋەھشى قاچقۇنلەرگە ئوخشاش قاچقۇنلىرى بار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن غالىب بولغانغا مۇشۇنداق قىلىڭلار. ئاندىن مەن ئېيتتىم: ئەتە دۈشمەننى ئۇمىد قىلىمىز ۋە بىزلەر بىلەن پىچاق يوق. ئايا قومۇچ بىلەن زەبھى قىلىمىزمۇ؟ ئېيتتى: قان ئاقتۇرسا ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئىسمى زىكرى قىلىنسا يەڭلار. چىش ۋە تىرناق بولمايدۇ. ۋە سىلەرگە بۇنىڭدىن ھەدىس قىلىپ بىرىمەن. ئەمما چىش ئۇستىخاندۇر. ۋە ئەمما تىرناق ھەبەشلىكنىڭ پىچىقىدۇر.

## شېرىكلەر ئورتتۇرىسىدا ئادىل باھالىغۇچى بىلەن نەرسلەرنى باھاغا توختۇتۇش توغرىسىدا

1134ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن: پەيغەمبەر ﷺ دىن كىمكى قۇلدىن بىر‌ىمىنى ئازاد قىلسا ئۇ كىمگە ئۆز مېلىدا ئۇ قۇلنى خالاس قىلىش لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ كىمىنىڭ مېلى بولمىسا قۇلنى باھاغا توختۇتىلىدۇ. ئادىلنىڭ باھاسى تەرىقىدە. ئۇ قۇلنى مۇشەققەت قىلىنماي ئىشلىتىلىدۇ.

## تەقسىمدە چەك تاشلىنامدۇ؟ توغرىسىدا

1135ـ نۇئمان بىننى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئاللاھ نىڭ ھۇدۇدىدا بەرپا تۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشكۈچىنىڭ مىسالى كېمىگە چەك تاشلىغان قەۋملەرنىڭ مىسالىغا ئوخشاشدۇركى بەزىسى كېمىنىڭ يوقرىسىغا ۋە بەزىسى ئۇ كېمىنىڭ تۆۋەنىگە يەتتىلەر. تۆۋەندىكى قەۋەتتىكىلەر سۇ ئىچمەكچى بولسا ئۈستۈن قەۋەتتىكىلەرگە ئۆتىدۇ. تۆۋەندىكى قەۋەتتىكىلەر ئېيتتىلەركى بىز سۇ ئىچىدىغان نىسىۋىمىزنى تۆۋەندىن بىر تۆشۈك تەشسەك ئۈستۈمىزدىكىلەرگە ئازار بەرمىسەك. ئەگەر ئۇلارنى ئۆز ئىرادىسى بۇيىچە قويۇپ بىرىلسە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولىدۇ. (تېگى ۋە تۆپىدىكىلەر) ۋە ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئالسىلەر ئۇلارمۇ ۋە بۇلارمۇ ھەممىسى نىجات تاپىدۇلەر.

## تائام ۋە ئۇنىڭ غەيرىدىكى شىركەت توغرىسىدا

1136ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام ﷺ دىن: ۋە ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نى تاپقان ئىدى. ئۇنى ئانىسى زەينەپ بىنتى ھۇمەيد رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ بۇنى ئىسلامغا بەيئەت قىلسىلاـ دىدى. بۇ كىچىكدۇر دەپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ئۇ بازارغا چىقىپ تائام سېتىۋالاتتى. ۋە ئۇنىڭغا ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملەر يولۇقۇپ بىزنى شېرىك قىلغىل پەيغەمبەر ﷺ ساڭا بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى شېرىك قىلىۋالاتتى. ئاندىن تولىمۇ تۆگىگە يېتەر ئىدى( پايدا ئالاتتى) ئۇنى مەنزىلگە ئىبىرەر ئىدى.

# ھەزەردە (مۇقىم تۇرغاندا) گۆرۈگە قويۇش كىتابى

## رەھنىگە قويۇلغان نەرسىنىڭ مىنىلىدىغانلىقى ۋە سېغىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

1137ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : ئەگەر رەھنەگە قويۇلغان نەرسە ئۇلاق بولسا ئۆز نەپقىسى بىلەن مىنىلىدۇ. ئەگەر رەھنەگە قويۇلىدىغان نەرسە سېغىلغۇچى بولسا ئۆز نەپقىسى بىلەن سۈتى ئىچىلىدۇ. ۋە مىنگەن ۋە ئىچكەن ئادەمگە نەپقەسى لازىم كېلىدۇ. (يەنى رەھنە قويۇلغان نەرسىنى بېقىش)

## رەھنە قويغۇچى ۋە رەھنە ئالغۇچى ئىختىلاپ قىلىششى توغرىسىدا

1138ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ قەسەم دەۋا قىلغۇچىغا دەپ ھۆكۈم قىلدى.

## ئازاد قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1139ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : كىمكى بىر مۇسۇلماننى ئازاد قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسى باراۋىرىگە دوزاختىن ئۇنىڭ بىر ئەزاسىنى قۇتقۇزىدۇ.

## قايسى گەردەننى ئازاد قىلىش ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1140ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى : پەيغەمبەر ﷺ دىن سوئال قىلدىمكى قايسى ئەمەل ئەۋزەلدۇر. ئېيتتى: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش. ئېيتتىم : قايسى گەردەننى ئازاد قىلىش ئەۋزەلدۇر. ئېيتتى: پۇلى قىممەتراق ۋە ئۆز ئەھلىدە ئىسىلراقىدۇر. ئېيتتىم: ئەگەر قىلالمىسام ؟ ئېيتتى: ھۈنەرۋەنگە ياردەم قىلىسەن ياكى ئىش قىلالمايدىغانغا ئىش قىلىپ بېرىسەن . ئېيتتىم : ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىسامچۇ؟ ئېيتتى: خالايىققا يامانلىق قىلىشنى تاشلايسەن. چۈنكى بۇ ئۆز نەپسىڭگە قىلغان سەدىقەڭدۇر.

## ئىككى شېرىك ئوتتۇرىسىدىكى قۇلنى ياكى شېرىكلەر ئارىسىدىكى دېدەكنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا

1141ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتتى: كىمكى بىر قۇلدىكى ھەسسىلىكنى ئازاد قىلسا ۋە ئۇنىڭ قۇلنىڭ پۇلىغا يەتكۈدەك مالى بولسا قۇلنى ئۇ ئادەمگە ئادىل باھاسىدا باھالىنىدۇ. ۋە شېرىكلەرگە ئۇلارنىڭ ھەسسىلىگىنى بېرىدۇ. ۋە ئۇنىڭ

ئۇستىگە قۇل ئازاد بولىدۇ. ۋە ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇ قۇلدىن ئازاد بولغان قىسمى ئازاد بولىدۇ.

## ئازاد قىلىش ۋە تالاق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا خاتا قىلىش ۋە ئۇنتۇلۇپ قىلىش توغرىسىدا

1142ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئىيتتى: ئىيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاللاھ ئۇممىتىمنىڭ دىللىرىنى ۋەسۋە قىلغان نەرسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مادامىكى ئەمەل قىلمىسىلار ياكى سۆز قىلمىسىلا.

## قۇلغا ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن دەپ ئازاد قىلىشنى نىيەت قىلسا ۋە ئازاد قىلىشقا گۇۋاھ قىلسا بۇ توغرىسىدا

1143ـ ئۇ ﷺ دىن ئۇ غۇلامى بىلەن ئىسلامنى ئىرادە قىلىپ كەلدى. ھەر بىرى بىر بىرسىدىن ئىزىپ كەتتى. بۇندىن كېيىن ئۇ كەلدى. ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئولتۇرغۇچىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ئىيتتى: ھەي ئابا ھۇرەيرە مانا بۇ غۇلامىڭدۇر. ساڭا كەلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئىيتتى: ئۆزلىرىنى گۇۋاھ قىلىمەنكى بۇ ئازاد دۇر. بۇنى ئىيتتى. بۇ شېئىرنى ئىيتقان ۋاقتىدا

يَا لَيْلَةً مِنْ طُولِهَا وَعَنَائِهَا عَلَى أَنَّهَا مِنْ دَارَةِ الْكُفْرِ نَجَّتِ

مەنىسى: ۋادەرىخا ئۇزۇنلىقى- جاپاسىدىن بۇ كېچە،
رەھمەت ئاڭا كۇفرى دىيارىدىن نىجاتىغە بۇ دەمغىچە.

## مۇشرىكنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا

1144ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام ﷺ دىن : ئۇ جاھىلىيەتدە يۈز قۇل ئازاد قىلدى. ۋە يۈز دانە يۈكلۈك تۆگە بەردى. ئاندىن مۇسۇلمان بولۇپ يۈز دانە يۈكلۈك تۆگە بەردى. ۋە يۈز نەپەر قۇل ئازاد قىلدى. ئىيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سورىدۇم. ۋە زاكاتنىڭ بابىدا بۇ ھەدىسنىڭ قالغىنى ئۆتتى.

## ئەرەبدىن قۇلغا مالىك (ئىگە) بولغان كىشى توغرىسىدا

1145ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : پەيغەمبەر ﷺ بەنى مۇستەلىقغە ھۇجۇم قىلدى. ۋەھالەنكى ئۇلار بىخەۋەردۇر. ۋە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى سۇ ئۇستىدە سۇغۇرۇلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشچىلىرىنى ئۆلتۈردى. ۋە نارەسىدە بالا- چاقىلىرىنى ئەسىر ئالدى. ۋە شۇ كۈندە جۇۋەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغە يەتتى.

1146ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : بەنى تەمىمنى ئۈچ تۈرلى ئىشنىڭ جەھەتىدىن ئۇلارنى ھەمىشە دوست تۇتتۇم . رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىدىمكى ئۇلار ھەققىدە ئىيتتىدۇ. 1ـ ئۇلار

ئۆممىتىمىنىڭ دەججالغا قاتتىراغىدۇر. 2ـ ئۇلارنىڭ سەدىقلىرى كەلدى بۇ بىزنىڭ قەۋمىمىنىڭ سەدىقلىرى دېدى. 3ـ ئۇلاردىن ھەزرىتى ئائىشە ھۇزۇرىدا بىر ئەسىر دىدەك بار ئىدى. ئۇنى ئازاد قىلىڭ ( ھەي ئائىشە) ئۇ ئىسمائىل باللىرىدىندۇر دېدى.

## قۇلغا يوغانلىق قىلىشنىڭ مەكرۇھلىغى توغرىسىدا

1147ـ ئۇ ﷺ دىن ئىيتتى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار رەببىڭگە تائام بەرگىل. رەببىڭنى تاھارەت ئالدۇرغىل. رەببىڭنى سۇغارغىل دىمىسۇن. ۋە لېكىن خوجام ۋە مەۋلايىم دىسۇن. قۇلۇم، دېدىكىم دىمىسۇن ۋە لېكىن ئوغلۇم ۋە قىزىم ۋە غۇلامىم دىسۇن.

## بىرىڭلارنىڭ خادىمى تائامنى كەلتۈرسە (قانداق قىلىش توغرىسىدا

1148ـ ئۇ ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى: ۋاقتىكى بىرىڭلارغا خادىمى تائامنى كەلتۈرسە ، ئەگەر ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزالمىسا ئۇنىڭغا بىر ياكى ئىككى لوقما بىر چىشلەم ياكى ئىككى چىشلەم بەرسۇن. چۈنكى ئۇ تائامنى ھازىرلاش ئىلاجىغا يىقىن بولدى.

## قۇلنى ئۇرسا يۈزىدىن يىراق بولۇش (يۈزىگە ئۇرماسلىق) توغرىسىدا

1149ـ ئۇ ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىيتتى: ۋاقتىكى بىرىڭلار ئۇرۇشسا يۈزىدىن يىراق بولسۇن.

## مۇكاتەبنىڭ شەرتلىرىدىن دۇرۇس بولىدىغىنى توغرىسىدا

1150ـ ئائىشە ﷺ دىن : بەرىرە ئائىشە گە ئۇنىڭ كىتابىگە ياردەم سوراپ كەلدى. ۋە كىتابەتىدىن بىر نەرسىنى ئادا قىلالمىغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئائىشە ئىيتتى: ئەھلىڭگە بېرىپ دىگىن: ئۇلار كىتابىڭدىن ئادا قىلىشمنى دوست تۇتىسلەر سىنىڭ مىراسىڭ ماڭا بولغاي. بۇ سۆزنى بەرىرە ئەھلىگە دەپ ئىدى ئۇلار ئۇنىمىدى ۋە ئىيتتىلەر : ئەگەر خالىسا ئائىشەم شۇنداق قىلسۇن ۋە مىراس بىزلەرگە بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنى جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دېدى. ئۇنىڭغا جانابى رەسۇلۇللاھ دېدى: سېتىۋېلىپ ئۇنى ئازاد قىلغىل. مىراس دېگەن ئازاد قىلغان كىشىگە بولىدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قوپوپ ئىيتتى: خالايىقنىڭ خىيالى نىمدۇر؟ ئۇلار كىتابۇللاھدا يوق شەرتنى شەرت قىلىدۇلەر. ۋە كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدا يوق شەرتنى قىلىدىكەن ئەگەرچە يۈز شەرت بولسىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ. ئاللاھنىڭ شەرتى ھەقلىقراق ۋە پۇختاراقدۇر.

# ھىبە قىلىش( سوغا قىلىش ) ۋە ئۇنىڭ پەزلى ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىشنىڭ كىتابى

1151ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن : پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ھەي مۇسۇلمان خوتۇنلىرى خوشنا خوشنىسىگە ئەگەرچە قوينىڭ شاخشىغى بولسىمۇ ناخۇش كۆرمەي (ھىبە قىلسۇن)

1152ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇ ئۇرۇۋەگە ئېيتتى: ھەي ھەمشىرەمىنىڭ ئوغلى بىز ئەلۋەتتە ھىلال ئايغا قارايتۇق. ئاندىن كىيىن ئايغا قارايتۇق ئۈچ ھىلال ئاينى كۆرىمىز ئىككى ئاي ئىچىدە. ۋەھالەنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆيلىرىدە ئوت يېقىلمىدى. ئېيتتىم : ھەي كىچىك ئاپا : سىلەرنى نىمە مەئىشەت قىلدۇراتتى؟ ئېيتتى: ئىككى قارا نەرسە- خورما ۋە سۇ . لېكىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەنسارى خوشنىلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ سۈت تۆگىلىرى ۋە سۈت قويلىرى بار ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇنىڭ سۈتلىرىدىن بېرىپ بىزلەرنى سوغۇراتتى.

1153ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن پەيغەمبەر ﷺ دىن ئېيتتى: ئەگەر مەن دۇلغە ياكى پاچاقغا چاقىرىلسام ئەلۋەتتە ئىجابەت قىلىمەن، ۋە ئەگەر دۇلا ياكى پاچاق ھەدىيە قىلىنسا ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن.

## شىكار ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا

1154ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى: مەررەزەھران دىگەن يەردە بىر توشقاننى ئۈركۈتتۇق. قەۋملەر يۈگۈرۈشۈپ ھېرىپ قالدى. ئۇنى تېپىپ تۇتۇپ ئەبۇ تەلھە قېشىغا ئەكەلدىم. ئۇنى بوغۇزلىدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىككى ساغرىسىنى ئەۋەتتى. ئۇنى قوبۇل قىلدى. ۋە بىر رىۋايەتتە ئۇنى يېدى.

## ھەدىيەنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا

1155ـ ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئۇنىڭ كىچىك ئاپىسى ئۇممۇ ھەفىيد رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قۇرۇت ياغ ۋە كەلەيلەرنى ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ قۇرت ۋە ياغلەردىن يېدى ۋە كەلەينى سەسكىنىپ تەرك ئەتتى. ئىبنى ئاببا س ئېيتتى: ئۇنى (كەلەينى) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ داستىخاندا يېيىلدى. ۋە ئەگەر ئۇ ھارام بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ داستىخاندا يېيىلمەس ئىدى.

1156ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تائام كەلتۈرۈلسە ھەدىيە مۇ ياكى سەدىقىمۇ ؟ دەپ سورايتتى. ئەگەر سەدىقە دىيىلسە ئەسھابلىرىغا يەڭلار دەپ ئۆزى يىمەيتى. ۋە ئەگەر ھەدىيە دىيىلسە قولىنى مايىل قىلىپ ئۇلار بىلەن يەيتتى.

1157ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ گە گۆش كەلتۈرۈلدى. بۇنى بەرىرەگە سەدىقە قىلىنغان دىيىلدى. ئۇ گۆش ئۇنىڭغا سەدىقە بىزلەرگە ھەدىيەدۇر دىدى.

## ھەمراسىغا ھەدىيە ئەۋەتىلسە ۋە بەزى خوتۇنلىرىنى ئىختىيار قىلىش ۋە بەزىلىرىنى ئىختىيار قىلماسلىق توغرىسىدا

1158ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ ﷺ خوتۇنلىرى ئىككى گۇرۇھ ئىدى. بىر گۇرۇھدا ئائىشە ۋە ھەفسە ۋە سەفىيە ۋە سەۋدە بار ۋە بىر گۇرۇھدا ئۇممۇ سەلىمە ۋە قالغان خوتۇنلىرى بار ئىدى. ۋە مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىشەنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ بىرىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ھەدىيە قىلىدىغان ھەدىيەسى بولسا ئۇنى تەخىر قىلاتتى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشەنىڭ ئۆيىدە بولسا ھەدىيە ئىگىسى ھەدىيەسىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ غا ئائىشەنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا ئىبەرەتتى. ئاندىن ئۇممۇ سەلىمە گۇرۇھى گەپ قىلدى. ئۇلار ئۇممۇ سەلىمەگە ئېيتتى: رەسۇلۇللاھقا گەپ قىلىڭ خالايىققا گەپ قىلسۇن كىمكى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ھەدىيە ئىبەرمەكچى بولسا رەسۇلۇللاھ قايسى خوتۇنى يېنىدا بولسا ئىبەرسۇن . ئۇممۇ سەلىمە رەسۇلۇللاھقا ئاياللارنىڭ دېگەن سۆزىنى دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى. ئۇ خوتۇنلەر ئۇممۇ سەلىمەدىن سورىدىلەر. ئۇممۇ ماڭا رەسۇلۇللاھ ىچ نەرسە دىمىدى- دېدىم. ئۇلار يەنە رەسۇلۇللاھغا گەپ قىلىڭ دېدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ماڭا دەۋر قىلىپ كەلگەندە گەپ قىلدىم. ئۇ ماڭا ھېچ گەپ قىلمىدى. ئۇلار سورىدى. ماڭا ھېچ نەرسە دىمىدى- دېدى. ئۇلار ئۇنىڭغا گەپ قىلىڭ دېدىلەر. ئۇ ماڭا دەۋر قىلىپ كەلگەندە دېدىم. ئۇ ماڭا ئائىشە ھەققىدە ئازار بەرمەڭ . چۈنكى ماڭا ئائىشە دىن باشقا خوتۇن كۆرپىسىدە ۋەھى كەلمىدى- دېدى. ئېيتتى: ئېيتتىم: ئۆزلىرىگە ئازار بىرىشتىن ئاللاھقا تەۋبە قىلىمەن يا رەسۇلۇللاھ . ئاندىن ئۇلار قىزى پاتىمەنى چاقىرىپ رەسۇلۇللاھقا ئىبەردىلەركى ئۇ دىسۇن: خوتۇنلەرى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ھەققىدە ئادالەتنى تەلەپ قىلىدىكەن . پاتىمە بۇ ھەقدە گەپ قىلدى. ئېيتتى: ھەي قىزىم مەن دوست تۇتقاننى دوست تۇتمامسىز؟ ئېيتتى: ئارى دوست تۇتىمەن، ئاندىن ئۇلارغا قايتىپ بېرىپ خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا قايتا ئېيتىڭ دېدى. پاتىمە ئۇنىمدى. ئۇلار زەينەپ بىنتى جەھشنى ئىبەردىلەر. ئۇ رەسۇلۇللاھ غا قاتتىق گەپ قىلدى. ئېيتتى: خوتۇنلىرى ئىبنى ئەبى قۇھافەنىڭ قىزى ھەققىدە ئادالەت قىلىشلىرىنى ئاللاھ ھەققى تەلەپ قىلدۇلەر – دەپ ئاۋازىنى كۆتەردى. ھەتتا ئائىشەنى تىلغا ئالدى. ۋە ئائىشە ئولتۇراتتى. ھەتتا ئۇنى دەشنام قىلدى. ھەتتا ئائىشە گەپ قىلامدۇ دەپ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قارىدى. ئېيتتى: ئائىشە زەينەپكە قايتۇرۇپ گەپ قىلدى. ھەتتا زەينەپنى جىمىقتۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئائىشەگە قاراپ ئۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزىدۇر دېدى.

## ھىبەنى قايتۇرۇلمايدىغانلىغى توغرىسىدا

1159ـ ئەنەس ﷺ دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ياخشى خۇشبۇينى قايتۇرمايتى.

1160ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەدىيەنى قوبۇل قىلاتتى. ۋە ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرەتتى.

## ھىبدە گۇۋاھ قىلىش توغرىسىدا

1161ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ماڭا ئاتام ھىبە ئاتا قىلدى. ئاندىن ئەمرە بىنتى رەۋاھە ئېيتتى: ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى گۇۋاھ قىلغۇچىلىك رازى بولمايمەن . ئاتام رەسۇلۇللاھ ﷺ قېشىغا كېلىپ مەن بىنتى رەۋاھەدىن بولغان ئوغلۇمغا ھىبە قىلدىم. ئۇ خوتۇنۇم مېنى ئۆزىلىرىنى گۇۋاھ قىلىشىمغا بۇيرىدى ـ دېدى. جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺ قالغان ئوغۇللىرىڭغىمۇ مۇشۇنداق بەردىڭمۇ ؟ ئېيتتى:ياق. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئاللاھدىن قورقۇڭلار. بالىلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇڭلار. ئېيتتى نۇئمان: ئاتام قايتىپ كېلىپ ھىبىسىنى قايتۇرۋالدى.

## ئەر خوتۇنىغا ۋە خوتۇن ئېرىگە ھىبە قىلىش توغرىسىدا

1162ـ ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: ئېيتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ ھىبدە يېنىۋالغۇچى ئۆزى قۇسقان نەرسىسىدە يېنىۋالغان ئىتتقا ئوخشايدۇ.

## ئېرى بار خوتۇننىڭ ئېرىنىڭ غەيرىگە ھىبە قىلىشى ۋە ئۇ خوتۇننىڭ ئازاد قىلىشى توغرىسىدا

1163ـ مەيمۇنە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇ بىر كىنىزەكنى ئازاد قىلدى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىزنى سورىمىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئايلىنىدىغان كۈنى بولۇپ ئىدى ئېيتتى: ئايا خەۋەر تاپتىلىمۇ يا رەسۇلۇللاھ مەن كىنىزىكىمنى ئازاد قىلدىم. ئېيتتى: شۇنداق قىلدىڭمۇ ؟ ئېيتتى؛ ھەئە . ئېيتتى: ئانا بىر تۇققانلىرىڭگە بەرگەن بولساڭ ساۋابىڭ چوڭراق بولاتتى.

1164ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپەر قىلماقچى بولسا خوتۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا چەك تاشلايتى. قايسىسىنىڭ ئوقى چىقسا ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقاتتى. ۋە ھەربىرىگە ئۇلاردىن بىر كېچە – كۈندۈز نوۋىتىنى تەقسىم قىلاتتى. بىراق سەۋدە بىنتى زەمئەد بىر كېچە كۈندۈزلۈك نوۋىتىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشەگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رىزالىغىنى تەلەپ قىلىپ ھىبە قىلغان ئىدى.

## قۇلنى ۋە ماتانى قانداق قەبزى قىلىش توغرىسىدا

1165ـ مىشۋەر بىننى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن ئۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ كۆينەكلەرنى تەقسىم قىلدى. ۋە مەخرەمەگە ئۇنىڭدىن بەرمىدى. ئاندىن مەخرەمە ئېيتتى: ئى ئوغلۇم مېنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئاپارغىل. ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردىم. ئاندىن كىرىپ جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى چاقرىپ چىققىل دېدى. ئۇنى چاقىردىم. ئۇ ئۈستىدە بىر دانە كۆينەك

بىلەن چىقتى. بۇنى ساڭا ساقلاپ قويغان ئىدىم دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا مەخرەمە قاراپ خۇرسەن بولدى.

## كىيىش مەكرۇھ بولغان نەرسىنى ھىبە قىلىش توغرىسىدا

1166ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: پەيغەمبەر ﷺ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۆيىگە كىرمىدى. ۋە ئەلى كەلدى پاتىمە ئەلىغە دېدى. ئەلى رەسۇلۇللاھ ﷺ غا دېدى. ئېيتتى: ئۇنىڭ ئىشىگىدە يوللۇق پەردىنى كۆردۈم. ماڭا دۇنيا بىلەن نېمە ئىش ؟ پاتىمەگە ئەلى كېلىپ بۇنى دېدى. پاتىمە ئېيتتى: ئاتام خالىيغان نەرسىنى بۇ ھەقدە بۇيرىسۇن. ئېيتتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى پالانى ھاجىتى بار ئەھلى بەيتكە ئەۋەتىپ بەرگەيسىز .

1167ـ ئەلى ﷺ دىن ئېيتتى: ماڭا پەيغەمبەر ﷺ يوللۇق بىر تونىنى ھەدىيە قىلدى. ئۇنى كەيدىم رەسۇلۇللاھ ﷺ يۈزلىرىدە غەزەپنى كۆردۈم. ئۇنى خوتۇنلىرىم ئوتتۇرىسىدا پارچىلاپ بەردىم.

## مۇشرىكلەردىن ھەدىيەنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا

1168ـ ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتتى: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر يۈز ئوتتۇز كىشى ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ بىرىڭلاردا تائام بارمۇ ؟ دېدى. بىر ئادەم بىلەن بىر سا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش تائام بار ئىكەن. ئاندىن ئۇنى يۇغۇرۇلدى. ئاندىن ئېگىز باشلىرى چۇۋۇق بىر مۇشرىك بىر پارچە قوينى ھايداپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ساتامسەن ياكى ھىبە قىلامسەن؟ دېدى. ئۇ ئېيتتى: ياق ساتىمەن . ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر قوي سېتىۋالدى. ئۇنى زەبھى قىلىندى. پەيغەمبەر ﷺ ئىچ يۈرۈشىنى كاۋاپ قىلىشقا بۇيرىدى. ئالالاھ بىلەن قەسەمكى بىر يۈز ئوتتۇز كىشىنىڭ ھەممىسىگە ئىچ يۈرشىدىن بىر پارچىدىن كېسىپ بەردى. ئەگەر ھازىر بولسا ئۇنىڭغا ئۇنى بەردى . ئەگەر غائىب بولسا ئېلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن ئىككى قاچا قىلدى. ھەممەيلەن يېدۇق ۋە تويدۇق. ئىككى قاچا ئېشىپ قالدى. ئۇنى تۆگىگە ئارتتۇق ياكى دېگەندەك.

## مۇشرىكلەرگە ھەدىيە بېرىش توغرىسىدا

1169ـ ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئانام ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زامانلىرىدا مۇشرىك ھالىتىدە كەلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن پەتىۋا سورىدۇم ئېيتتىمكى : ئانام ماڭا رىغبەت قىلىپ كەپتۇ. ئانامغا سىلە- رەھىم قىلىمەنمۇ؟ ئېيتتى: ھەئە سىلە – رەھىم قىل.

1170ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن : ئۇ مەرۋان قىشىدا بەنى سۇھەيب ئۆچۈن گۇۋاھ بولدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سۇھەيبكە ئىككى ئۆي ۋە بىر ھۇجرە بەردى. ئاندىن مەرۋان ئىبنى ئۆمەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن سۇھەيب گە ھۆكۈم قىلىپ بەردى.

## ئۇمرا ۋە رۇقبا دا[78] دېيىلگەن نەرسە توغرىسىدا

1171ـ جابىر ﷺ دىن ئىبىتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئۇمرانى ھىبە قىلغان كىشىگە ھۆكۈم قىلىپ بەردى.

## تۆي كۆچۈرگەندە جۇۋانغا ئارىيەت ئېلىش توغرىسىدا

1172ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن : ئۇنىڭ قىشىغا ئەيمەن كىردى.ۋە ئەيمەننىڭ ئۈستىدە پاختىدىن كۆينەك بار پۇلى بەش تەڭگىلىك ئىدى. ئۇ ئىبىتتى: كۆزۈڭنى كۆتۈرۈپ كىنىزىكىمگە قارىغىل. ئۇ ئۇ كوينەكنى ئۆيدە كىيىشكە نومۇس قىلىدۇ. ۋە مېنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانلىرىدا بىر كۆينۈكۈم بار ئىدى. مەدىنىدە تويى كۆچۈرلىدىغان خوتۇن بولىسلا ئۇ كۆينەكىمنى ئارىيەت ئالغىلى كىشى ئەۋەتەر ئىدى.

## سىغىپ ئىچىشكە بېرىلىدىغان تۆگە ۋە قوينىڭ پەزىلتى توغرىسىدا

1173ـ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺ دىن ئىبىتتى: مۇھاجىرلار مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ قولىدا بىر نەرسە يوق ئىدى. ۋە ئەنسارلار زىمىن ئىگىسى ئىدى. ئۇلارغا ئەنسارلار مېۋىلەردىن بەرگەيلەر . ۋە مۇھاجىرلەر ئىشلەشكە ۋە چىقىمغا كىپايەت قىلغايلەر( دەپ توختام قىلىشتى) ۋە ئەنەسنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى تەلھەنىڭ ئانىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۆزىنىڭ بىر تۈپ خورمىسىنى بەرگەن ئىدى. ئۇنى پەيغەمبەر مەۋلاسى ئۇممۇ ئەيمەن ئۇسامە بىننى زەيدنىڭ ئانىسغا بەردى. ئەنەس ئىبىتتى: پەيغەمبەر ﷺ ئەھلى خەيبەر ئۇرۇشىدىن پارىغ بولۇپ مەدىنىگە قايتقاندا مۇھاجىرلار ئەنسارلارگە يەپ – ئىچىشكە بەرگەن مېۋىلەرنى قايتۇرۇپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ ئەنەسنىڭ ئانىسغا خورمىنى قايتۇرۇپ بەردى. ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئۇممۇ ئەيمەنگە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز بېغىدىن بەردى.

1174ـ ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىبىتتى: ئىبىتتى رەسۇلۇللاھ ﷺ : قىرىق خىسلەت بار ئۇنىڭ ئەڭ يوقىرىسى سۈتلۈك قوي- ئۆچكىنى سىغىپ ئىچىشكە بېرىشىدۇر. كىمكى ئۇ خىسلەتتىن بىر خىسلەتكە ئەمەل قىلسا ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ۋە ۋەدىسىگە تەسدىق قىلىپ ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

ئەۋۋەلقى جۇزئىسى تامام بولدى.

---

[78] ئۇمرا – بۇ ھۆيلا ئۆمۈرلۈك ساڭىدۇر. ۋە رۇقبا – بۇ ھويلا ھاياتلىغىمدا ساڭىدۇر دەپ بەرمەكنى دېيىلدۇ.